ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى



# كوھقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

# كۆھقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间故事. 5/《维吾尔民间文学大典》编委会编. — 乌鲁木齐: 新疆人民出版社, 2006.2(2007.3重印)
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978 - 7 - 228 - 09854-5

Ⅰ.维… Ⅱ.维…Ⅲ.维吾尔族 - 民间故事 - 作品集 - 中国 - 维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第010420号

策　　划: 阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑: 艾合买提.伊明
责任校对: 阿布勒孜.阿巴斯 等

维吾尔民间故事 — 5 (维吾尔文)

《维吾尔民间文学大典》编委会 编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路348号 邮编: 830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米 32开本 11.625印张 2插页
2006年 2月第1版 2007年3月第2次印刷
印数: 4,001-7,000

ISBN 978-7-228-09854-5 定价: 18.00元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى
## كۆھقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 32/1
باسما تاۋىقى: 11.625 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 4,001-7,000
ISBN 978-7-228-09854-5
باھاسى: 18.00 يۈەن

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى


پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن



ئۈرۈمچى

2006-يىلى



# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر
# 30 كىتاب نەشردىن چىقتى

| | |
|---|---|
| ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى: كۆك ياللىق بۆرە | 19.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى كۆك گۈمبەز | 19.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بۇلبۇلگويا | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يېرىل تېشىم، يېرىل | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى قىلىچ باتۇر | 18.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئەجدىھا يىگىت | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى كۈھىقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى | 18.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى مېھرى نىقاب | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ھۈۋەي باتۇر | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى دانىشمەن دىۋانە ۋە ئادىل پادىشاھ | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى مەلىكە بەرنا | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بۇقا موزايلاپتۇ | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئەمىرگۆر ئوغلى | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى نۇزۇگۇم | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى يۈسۈپ ـ زىلەيخا | 18.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى تاھىر ـ زۆھرە | 18.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى كاككۇك بىلەن زەينەپ | 19.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ① | 15.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ② | 12.50 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ③ | 16.50 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ④ | 16.50 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ⑤ | 15.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ① | 19.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ② | 20.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى | 8.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى | 21.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى | 4.50 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى: ھېسام چاقچاقلىرى | 15.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى | 13.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى | 5.00 يۈەن |

**(بۇ بىر يۈرۈش 30 كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى 480 يۈەن)**

# مۇندەرىجە


قىزىلگۈل ........................ 1

تايغان بىلەن بۈركۈت ........................ 53

كۆھىقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى ........................ 62

كەشمىر سۇلتانىنىڭ قىزى ........................ 87

شاھزادىنىڭ خۇلاسىسى ........................ 115

گۈلچى تازنىڭ مەلىكىگە ئۆيلىنىشى ........ 136

شاھزادە بىلەن مايمۇن مەلىكە ........................ 146

بىلمەس تاز ........................ 198

شاھزادە بەھرام ........................ 223

بەھرام ۋە ھەپتە مەنزەر ........................ 237

سىرلىق چىراغ ........................ 307

ئەزەمخان ۋە ئايتولۇن ........................ 338

ياۋۇز پادشاھ بىلەن دانا ۋەزىر ........................ 360

# قىزىلگۇل

بوۋىلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بۇنىڭدىن كۆپ بۇرۇنقى زاماندا، تەڭرىتېغىنىڭ تۆۋەن تامانى، تارىم دەرياسىنىڭ ۋادىسىدىكى بىر ئەلنىڭ گۈزەلشاھ ئىسىملىك بىر پادشاھى بولۇپ، ئەل - يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سورىغانىكەن. گۈزەلشاھ پۇقرالىرىنىڭ ھال - مۇڭىنى ئاڭلاپ، دادىغا يېتىپ تۇرۇشنى ئۆزىنىڭ دائىملىق ئادىتىگە ئايلاندۇرغانىكەن. خەلق ئۇنىڭ ئادىللىقىنىڭ سايىسىدە كۆڭلىرىنى خۇشال - خۇرام، خاتىرجەم ئۆتكۈزىدىكەن، شۇڭا يۇرت خەلقى ئۇنى ئادىل پادىشاھ، دەپ ئاتايدىكەن. خەلق ئۇنىڭدىن رازى ئىكەن، ئۇ خەلقىدىن پەخىرلىنىدىكەن. خەلق ئىچىدە گۈزەلشاھ توغرۇلۇق مۇنداق قوشاق تارالغانىكەن:

بىزنىڭ گۈزەل شاھىمىز،
يۇرتنى ئادىل سورايدۇ.
چىقىپ ئوردا - خانىدىن
دادىمىزنى ئاڭلايدۇ.
كۈلسەك بىللە كۈلىدۇ،
يىغىمىزغا يىغلايدۇ.
قىلنى قىرىق پارچىلاپ،

ئىش كۆرىدۇ مىزانلىق.
ئەل - يۇرتىغا كۆيۈمچان،
شېرىن، ئىسسىق زۇۋانلىق.
بەختىمىزگە تىلەيمىز
شاھىمىزغا ئامانلىق.

مانا بۇ ئادىل پادشاھ — گۈزەلشاھنىڭ گۈلجاھان ۋە گۈلزامان دەپ ئىككى ساھىبجامال قىزى بولغانىكەن، ئۇلار ھۆسن - چىرايدا، گۈزەللىكتە كۆرگەنلەرنى تاڭ قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ئوپئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن مىجەز، ھەۋەس ۋە ئەقىل - پاراسەتتە بىر - بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىكەن. گۈلجاھان كەم ئەقىل، تەرسا ھەم ياسانچۇق ئىكەن. گۈلزامان بولسا خۇش پېئىل، شېرىن زۇۋان، چىقىشقاق، ئەقىل - پاراسەتلىك ئىكەن، ئۇنىڭ ئوقۇمىغان كىتابلىرى يوق ئىكەن. شۇڭا، گۈلزامان بىلەن بەس - مۇنازىرەلەردە بولغانلار ئۇنىڭ پىكىر - مۇلاھىزىلىرىنىڭ تەكتىگە يېتىپ بولالماي خىجىل بولىدىكەن. كىشىلەر گۈلزاماننىڭ بىلىمىنىڭ كۆپلۈكى، مۇلاھىزىلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا قاراپ ئۇنى «دانىشمەن گۈلزامان» دەپ ئاتايدىكەن. گۈلزاماننىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇ ئوردا - قەسىرگە قارىغاندا دالىلاردا، كەڭ يېشىل ۋادىلاردا ئايلىنىشنى، گۈل - گىياھلارنى پۇراپ زوقلىنىشنى ياخشى كۆرىدىكەن، بۇ ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى كۆڭۈل ئېچىش ھېسابلىنىدىكەن.

گۈزەلشاھ پادشاھمۇ كىچىك قىزى گۈلزامانغا ئامراق ئىكەن. گۈلزاماننىڭ ئەدەپ - قائىدىلىكلىكىدىن، شېرىن سۆزلۈكلۈكىدىن، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەيدىغانلىقىدىن، چوڭقۇر پىكىرلىك، كەڭ بىلىملىكلىكىدىن سۆيۈنىدىكەن، پەخىرلىنىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن گۈلزامان-

نىڭ ھەرقانداق تەلەپ ـ ئارزۇسى بولسا بەجانىدىل ئادا قىلىپ بېرىدىكەن. لېكىن، گۈلزامان ھېچقاچان غەلىتە، ئورۇنسىز تەلەپلەرنى قويمايدىكەن، ئۇنىڭ تەلىپى پەقەت كەڭ دالىلارنى كۆرۈپ كېلىشلا ئىكەن. كۈنلەر شۇ بويىچە ئۆتۈپتۇ.

مەلىكە گۈلزامان بىر كۈنى چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئوڭىدا بولغاندەك ئاجايىپ ئىشنى كۆرۈپتۇ: ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە مۇز قاتقان، يېشىل ۋادا، باغ، دالىلارنى ئاپئاق قار يوپۇقى ياپقان قىش پەسلىدە مەلىكە گۈلزامان كېنىزەك ـ ھەمراھلىرى بىلەن ئۆزئارا قار چېچىشىپ ئويناپ كېتىۋېتىپ، تۈرلۈك مېۋىلەر پىشىپ مەي باغلىغان، رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ ئەتراپقا باھار پۇرىقى چېچىپ تۇرغان، باھار مەنزىرىلىك، جەننەت سۈپەتلىك بىر باغقا كىرىپ قاپتۇ. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا دائىرىگە ئېلىنغان بىر گۈلزارلىقنى كۆرۈپ شۇ تەرەپكە مېڭىشىغا، بىردىنلا شىۋىرغان چىقىپ دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلارنىڭ ياپراق ـ گۈللىرىنى ئۈششۈتۈپ تۆكۈپ تاشلاپتۇ ۋە يەنە لەپىلدەپ قار يېغىپ، بىردەمدىلا باغ-



نى بىر قەۋەت قېلىن قار قاپلاپ كېتىپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا يۈز بەرگەن ھادىسىگە ئەقلى يەتمەي ھەيرانلىقتا چۆككەن گۈلزامان ھېلىقى گۈلزارلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەرگى - يوپۇرماقلىرى ياپيېشىل، گۈل تاجى ساپ ئالتۇن رەڭگىدەك ساپسېرىق، يالقۇنجاۋاتقان چوغدەك قىپقىزىل پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرغان بىر گۈلنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قاپتۇ، قارلىق شىۋىرغاندىمۇ ئۇششۇمىگەن، بەلكى تېخىمۇ ياشناپ تۇرغان بۇ قىزىلگۈلگە زوق - ھەۋىسى كېلىپ، ئۇنى ئۈزۈش ئۈچۈن قولىنى ئۇزىتىشىغا قولى «چىم» قىپتۇ - دە، قارىسا بارماقلىرىنىڭ ئۇچىدىن قان ئۆرلەپ چىقىپتۇ. گۈلزامان شۇ چاغدىلا گۈلنىڭ شۇ قەدەر ئېسىل، جەزبىدار بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ قويۇق، ئۆتكۈر تىكەنلىك ئەكەنلىكىگە دىققەت قىپتۇ. تىكىنى ئۇنى يامان قوللاردىن ئاسرىغۇچىسى ئىكەن، دېگەننى ئويلاپ يەتكەن گۈلزامانىنىڭ بۇ قىزىلگۈلگە بولغان زوق - ئىشتىياقى تېخىمۇ ئېشىپتۇ - دە، گۈلنى ئۈزۈۋېلىپ ھەۋەس بىلەن قاراپتۇ، ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق خاسىيەتلىك گۈلنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. گۈلزامان قىزىلگۈلنى قولىغا ئېلىپ شۇنداق بىر پۇرىشىغا، گۈلنىڭ شېرىن پۇرىقىدىن كۆڭلى مەستخۇش بولۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. بىرھازادىن كېيىن ئويقۇسىدىن ئويغىنىپ ئەتراپىغا قارىسا، ئۆزىنى ئۆز ھۇجرىسىدا كۆرۈپتۇ. باياتىن كۆرگەنلىرى چۈشى ئىكەن. ئۇ چۈشىنى ئەسلەپتۇ، ئويلاپ ئەجەبلىنىپتۇ، ئويلىغانسېرى ئۆزىنىڭ ھېلىقى قىزىلگۈلگە ئاشىقى بىقارار بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىپتۇ، ئولتۇرسا - قوپسا پۈتۈن ئەس - يادى قىزىلگۈلدە بولۇپ قاپتۇ. گۈلزامان ئۆزىنىڭ قىزىلگۈلگە بولغان ئىنتىزارلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ مۇنداق نەزم پۈتۈپتۇ:

سەن قەيەردە قىزىلگۈلۈم ـ قىزىلگۈل،
گۈللەر گۈلى، شاھى ـ تاجى ئىپسىل گۈل.
مېنى مەپتۇن، مەستخۇش قىلدى پۇراقىڭ،
كېلىپ ئەمدى يۈرىكىمدە ئېچىل گۈل.

قىزىلگۈلۈم، سەندە قالدى خىيالىم،
دەردۇ غەم يەپ ئازلاپ قالدى ماجالىم.
بىلسەم ئىدىم ئۆسكەن ـ تۇرار جايىڭنى،
چۈشتە كۆرگەن ئىشقا يوقكەن ئامالىم.

قىزىلگۈل، دەپ ئۆمرۈم ئۆتۈپ كېتەرمۇ؟
ئۈن ـ ئاۋازىم سەن گۈلۈمگە يېتەرمۇ؟
چۈشۈم ئوڭۇم بولماي، كۆيگەن كۆيەكىم
يۈرىكىمنى كاۋاپ ـ زېدە ئېتەرمۇ؟

گۈلزامان ھەتتا قىزىلگۈلگە ئىېرىشىش غېمىدە گېلىدىن تاماق ئۆتمەس، ئالغان ـ قويغىنىنى بىلمەس بولۇپ قاپتۇ. تېنىدىن ئەت ـ گۆشى، چىرايىدىن رەڭ ـ قېنى قېچىپ، جۇدەشكە، سارغىيىشقا باشلاپتۇ. قىزىنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئانىسى بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىسا، گۈلزامان: «ھېچنېمە بولمىدىم» دەپلا جاۋاب بېرىپتۇ.

گۈلزامان چۈشىدە كۆرگەن قىزىلگۈلنىڭ خىيالىغا غەرق بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پادىشاھ گۈزەلشاھ يۇرت كېزىپ، جاھان سەيلىسى قىلماقچى بولۇپ قاپتۇ. ئۇ سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا قىزلىرىنىڭ نېمە تەلەپ ـ ئارزۇسى بارلىقىنى، سەپەردىن ئۇلارغا نېمە ئالغاچ كېلىدىغانلىقىنى سوراپتۇ.

— ماڭا ئاز تېپىلىدىغان ئىپسىل زىبۇزىنىنەت بۇيۇملىرى بىلەن ئالتۇن ئۆكچىلىك ئاياغ ئالغاچ كېلىڭ، — دەپتۇ چوڭ

قىزى گۈلجاھان.

— ساڭا نىمە ئالغاچ كېلىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ گۈزەلشاھ كىچىك قىزى گۈلزاماندىن.

گۈلزامان ئىلتىماسىنى بايان قىلىپ مۇنداق قوشاق ئو-قۇپتۇ:

مەن دەردىمنى ئېيتارمەن
قۇلاق سالغىن سۆزۈمگە.
قاراپ باققىن، جان ئاتا،
قانى قاچقان يۈزۈمگە.
بۇ ئالەمدە ھېچ نەرسە
كۆرۈنمەيدۇ كۆزۈمگە.

ئايان بولغان چۈشۈمدە
چوغدەك قىزىلگۈل كۆردۈم.
قارلىق جۇدۇن — قىشتىمۇ
سولماس ئېسىل گۈل كۆردۈم.
يامان قولغا نەشتەرلىك،
بەرگى يېشىل گۈل كۆردۈم.

كۆرمىدىم مەن ھېچ گۈلدە
ئۇنىڭدىكى پۇراقنى.
پۇراپ قويسا بىر بالا،
مەست قىلادۇر دىماغنى.
گۈپۈلدەپ بىر ئالىدۇ
بۇيى يېقىن - يىراقنى.

ئەقىل - ھوشۇم بەند بولدى،
كۆرگىنىمچە چۈشۈمدە.

ئۇنىڭ ئىسسىل سىياقى
ئورناپ قالدى كۆڭلۈمدە.
مېنىڭ كۆڭلۈم ئېچىلماس،
بىر كۆرمىسەم ئۆمرۈمدە.

جانىم ئاتا، جان ئاتا،
گۈللەرگە كۆز سالغاچ كەل.
ئۇچراپ قالسا قىزىلگۈل،
ماڭا ئاتاپ ئالغاچ كەل.
ۋەدە بەرگىن، جان ئاتا،
ئارمانلىرىم بولسۇن ھەل.

گۈلزامانىنىڭ ئىلتىجاسىنى ئاڭلىغان پادىشاھ، زىمىستان قىشتىمۇ باھار - يازدىكىدەك سولاشماي - سولماي ئېچىلىپ تۇرىدىغان گۈللەرنىڭ گۈلى قىزىلگۈلنى نەدىن تاپارمەن؟ دەپ ئويغا چۆكۈپتۇ. قىزىنىڭ شەرتى ئېغىر بولسىمۇ، گۈلزامانغا ئىنتايىن ئامراق بولغانلىقتىن، قىزىلگۈلنى چوقۇم تېپىپ كېلىشكە ۋەدە بېرىپ، ئىرادە كەمىرىنى باغلاپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

پادىشاھ گۈزەلشاھ شۇ ماڭغىنىچە ھەر - ھەر شەھەر - يۇرتلارنى كېزىپتۇ. چوڭ قىزىغا ئۇنىڭ ئۆزى ئېيتقىنىدىنمۇ ئېسىل سوۋغاتلارنى ئاپتۇ. لېكىن، كىچىك قىزى بۇيرۇغان قىزىلگۈلنى ھېچنەدىن تاپالماپتۇ. ئىزدىمىگەن شەھەر باغچىلىرى، ئوردا ھەرەمنىڭ چارباغلىرى، ئارىلىمىغان يېزا - قىشلاق، تاغ، يايلاق قالماپتۇ، قىزىلگۈلنى زادىلا تاپالماپتۇ، ھەتتا قىزىلگۈلنىڭ بار - يوقلۇقىنىڭ ئۇچۇرىنىمۇ ئالالماپتۇ. مەھەللە، شەھەردىن، ئوردا - قەسىردىن تاپالمىغاندىن

كېيىن، قىزىلگۈلنى چۆل - باياۋاندىن ئىزدىمەكچى بولۇپ، سەپەر يولىنى دەشت - چۆللەرگە توغرىلاپتۇ. مېڭىپتۇ، مې-ڭىپتۇ، ماڭغان يولىدا چەكسىز قۇم دەشتلىرىنى بېسىپتۇ، كۆرمىگەن داۋانلاردىن ئېشىپتۇ. ئاچ قاپتۇ، چاڭقاپتۇ، كۆپ يول يۈرگەنلىكتىن قاتتىق چارچاپتۇ، پۇتلىرى تىلىپتۇ، تاپانلىرى يېرىلىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، كۆز قارىقىدەك ئەتىۋارلىق قىزى گۈلزامانىنىڭ تەلپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن قىزىلگۈلنى ئىز-دەشنى توختاتماپتۇ.

پەسلى تومۇز، ۋاقتى قىيامى چۈش مەزگىلىدە پايانسىز دەشت - قۇم چۆللۈكىگە كىرىپ قاپتۇ. پۈتۈن قۇملۇق كۆز-نىڭ قىزىتىشى بىلەن تونۇر تەپتىگە كىرىپتۇ. گۈزەلشاھ ئوتتەك ئىسسىق دەستىدىن ۋە تەشنالىق ئازابىدىن ماغدۇر-سىزلىنىپ، كۆزى قاراڭغۇلاشقاندەك بوپتۇ - دە، ئەگەر ئۆزد-نى سەللا قويۇۋەتسە يىقىلىپ چۈشىدىغانلىقىنى ئويلاپ، بې-شىنى قاتتىق بىر سىلكىۋېتىپ كۆزىنى ئاچسا، ئالدى تەرد-پىدە ھەيۋەتلىك بىر ئېگىز تاغ، تاغ باغرىدا چوڭ بىر باغ كۆرۈنۈپتۇ. پادىشاھ بۇ ئالامەتلەرگە بىر ئېشىنىپ، بىر ئە-شەنمەي، غەيرىتىگە ئېلىپ باغقا قاراپ مېڭىپتۇ. بېرىپ قا-رىسا، باغ ئۇچۇقچىلىقتا بولۇپ، تامسىز ئىكەن. پادىشاھ باغقا كىرىپتۇ. كۆرۈپتۇكى، باغ ھەم چوڭ، ھەم چىرايلىق بولۇپ، ئۇ باغدا جاھاندا بارلىكى مېۋىلىك دەرەخ ۋە گۈل - گىياھلار بولغاندىن سىرت، پادىشاھ ھېچقاچان، ھېچ يەردە كۆرۈپ باق-مىغان مېۋىلەر، گۈللەر بار ئىكەن. مېۋىلەر مەي باغلىشىپ پىشىپ كەتكەن، گۈل - غۇنچىلار ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكە-نىكەن. تۈرلۈك - تۈمەن قۇشلار يېقىملىق ئاۋازدا سايرد-شىۋاتقان، بىر - بىرىگە خۇددى توردەك تۇتىشىپ كەتكەن ئېرىق - ئۆستەڭلەردە مەرۋايىتتەك سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ

ئېقىۋاتقانىكەن. پادىشاھ بۇ كۆرگەنلىرىگە قىزىقىپ ئىچكىرى-
لەپ مېڭىۋېرىپتۇ. مېڭىپ - مېڭىپ باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا
بېرىپ قاپتۇ. بۇرنىغا ئاش - تاماقنىڭ مەززىلىك پۇرىقى
پۇراپتۇ. قارىسا، يوغان بىر چىنارنىڭ ئاستىدا چوڭ بىر داش
قازاندا قانداقتۇر بىر خىل ئاش پورۇقلاپ قايناۋاتقان. پادىشاھ
ئەتراپقا قاراپتۇ، بىرەر ئادەمنىڭ قارىسى، ھەتتا شەپىسىمۇ
سېزىلمەپتۇ. گۈزەلشاھ، بۇ نەرسىلەرنى تىلسىم بولسا كې-
رەك، دەپ ئويلاپتۇ، لېكىن قورسىقىنىڭ ئېچىشى، چاڭقاپ
كېتىشى ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇشقا قويماپتۇ. ئالدى بىلەن ئېرىق-
تىكى سۇدىن ئوچۇملاپ ئىچىپتۇ، جېنى ياشارغاندەك بوپتۇ.
پورۇقلاپ قايناپ تۇرغان ئاشتىن بىر تاۋاق ئۇسۇپ تىلىنى
تەگكۈزسە كۆيمەپتۇ، بەلكى دوغاپتەك ھۆزۈر بېغىشلاپتۇ. ئە-
جەبلەنگىنىچە بىر تاۋاق ئاشنى بىر نەپەستىلا غورتۇلدىتىپ
ئىچىۋېتىپتۇ. تېنىگە تەن، جېنىغا جان، كۈچ - ماغدۇر قو-
شۇلۇپ، ئۆزىنى دىۋە سۈپەت كۈچلۈك ھېس قىپتۇ. پادىشاھ
ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ، قورسىقىنى تويغۇزۇپ، قانغۇدەك
ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە باغنى ئارىلاپ ئايلىنىشقا
باشلاپتۇ، جەننەتتەك گۈزەل مۇشۇنداق چوڭ باغدا بىرەر ئا-
دەمزاتنىڭ كۆرۈنمىگىنىگە ھەيران بولۇپ كېتىپ بارسا، ئالدى



تەرىپىدە ئالتۇن ۋادەكلىك دائىرە ئىچىدە ھۆپپىدە ئېچىلىپ تۇرغان گۈلزارلىقنى كۆرۈپتۇ، قىزىقىپ يېقىن بېرىپتۇ، رەڭگارەڭ گۈللەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوغدەك چاقناپ تۇرغان بىر تۇپ قىزىلگۈلنى كۆرۈپتۇ، سىنچىلاپ قارىسا، قىزى تەرىپىنى قىلغان گۈلنىڭ ئۆزى ئىكەن، بىرىپ غۇنچىسىدىن بىرنى ئۈزمەكچى بولۇپ يەنە توختاپ قاپتۇ، چۈنكى گۈللەر بەك قويۇق بولۇپ، بىر گۈلنى دەپ باشقا گۈللەرنى چەيلەپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىماپتۇ، لېكىن ئۈزمەي دېسە يەنە بولماپتۇ، قىزىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئالتۇن ۋادەكنى ئايلىنىپ، كىرىش ئىشىكىدىن كىرىپ قەدەم قويۇشقا، يەتتە ـ سەككىز تۇپ گۈل دەسسىلىپ كېتىپتۇ، شۇئان پۈتىنى تارتىشقا، باغدىقى گۈللەر بۇرۇنقى تىك ھالىتىگە قايتىپتۇ. گۈزەلشاھ بۇ تىلسىم گۈللەرنىڭ سولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، قىزىلگۈلنىڭ تولۇق ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان غۇنچىسىدىن بىرنى ئۈزمەكچى بولۇپ قولىنى سوزۇشىغا:

— قولۇڭنى تارت ! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

پادىشاھ ئاۋازغا ھەيران بولۇپ ئەتراپقا قاراپتۇ، ھېچبىر ئادەمزات كۆرۈنمەپتۇ، بىرھازا تۇرۇپ بېقىپتۇ، تاقىتى ـ تاق بوپتۇ، ئاخىر قىزىلگۈلگە يەنە قول ئۇزىتىپتۇ.

— ئەي ياخشى نىيەتلىك ئادەم، مېنىڭ جېنىم بىلەن ئوخشاش قەدىرلىك گۈلۈمنى نېمىشقا ئۈزمەكچىسەن ؟ — دېگەن ئاۋاز يەنە ئاڭلىنىپتۇ. پادىشاھ ئاۋازنىڭ ئۈستى تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، سەل نېرىدىكى بۈككىدە باغجانلىغان ئاسمان ـ پەلەك چىنارنىڭ ئۈستىدە يوغان بىر غول شاخقا مىنىپ ئولتۇرغان غەلىتە بىر مەخلۇقنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بىر قارىماققا ئادەمگە ئوخشايدىكەن، يەنە بىر قارىماققا ئادەمگىمۇ، ھېچقانداق ھايۋانغىمۇ



ئوخشىمايدىكەن. كۆزى سوزۇنچاق، ئاغزى ئۈچ بۇرجەك، بۇرنى خۇددى يوغان بىر چامغۇرنى يۈزىگە چاپلاپ قويغاندەك ئىكەن. قېشى ئاتنىڭ يالىدەك، قۇلىقى مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان دەرىجىدە سالپاڭ، بېشى تىكەندەك شاخلىق مۆڭگۈزلۈك، پۇت-قوللىرى يۇڭلۇق، قۇيرۇقلۇق، بەتبەشىرە سۈرلۈك مەخلۇق ئىكەن. پادىشاھ سۈر بېسىپ سەل قورقۇپتۇ، تەنلىرى قورۇنۇپتۇ، لېكىن يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇ بولسا بىر مەخلۇق، مەن بولسام ئادەم، قېنى ئاقىۋىتىگە قاراپ باقاي، دېگەن ئويغا كېلىپ مەخلۇققا قاراپتۇ.

— ئەي، ياخشى نىيەتلىك كىشى، قورقما، مەن ساڭا زىيانكەشلىك قىلمايمەن. بۇ بىر تىلسىملىق باغ، باغدىكى جېنى بارلىكى نەرسە، يەردىن چىققانلىكى دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھلارنىڭ ھەممىسى تىلسىملىق. ئابايا سەن سۇدىن ئىچكىنىڭدە قورسىقىڭ ئاغرىمىدى، قايناۋاتقان ئاشنى ئىچكىنىڭدە تىلىڭ كۆيمىدى، گۈللەر ئايىغىڭ ئاستىدا چەيلەنمىدى. دېمەك، سەن بۇ تەرەپكە ياخشى نىيەتتە كەلدىڭ. قېنى، پەقەت قىزىلگۈلۈمنىلا ئۈزمەكچى بولۇشۇڭنىڭ سەۋەبىنى سۆزلە، — دەپتۇ بەتبەشىرە مەخلۇق.

پادىشاھ مەخلۇقنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆڭلى سەل جايىغا

چۈشۈپ، قورقۇنچى تارقاپتۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، نې-مە ئۈچۈن بۇ تەرەپكە كېلىپ قالغانلىقىنى قىسقىچە بايان قىلىپ بېرىپتۇ.

— ئېيتقانلىرىڭ راست بولۇپ، قىزىڭ ھەقىقەتەن مېنىڭ قىزىلگۈلۈمگە ئاشىق بولۇپ قالغان بولسا، بوپتۇ، قىزىلگۈ-لۈمنىڭ تولۇق ئېچىلغىنىدىن بىرنى ئۈزۈپ قىزىڭغا ئالغاچ بار. شەرت شۇكى، قىزىلگۈلنى قىزىڭغا ئاپىرىپ بەرگەندىن كېيىنكى ئۈچىنچى كۈنى قىزىڭنى بۇ باغقا ماڭدۇرۇۋەت. ئە-گەر مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلمايدىغان بولساڭ، گۈل شاھلىق تەختىڭنى، بەختىڭنى گۇم قىلىمەن، خەلقىڭنى قۇل، ئوردا ـ قەسرىڭنى كۆل، شەھەر، قىشلاقلىرىڭنى دەشت ـ چۆل قىلى-مەن. ئەگەر مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلساڭ، ئۆزۈڭنىمۇ، قىزىڭنىمۇ ھەم مېنىمۇ بەختلىك قىلىسەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ قىزىلگۈلنىڭ توق ئېچىلغىنىدىن بىرنى ئۈزۈپ مېڭىشقا تەمشىلىپتىكەن، مەخلۇق:

— مانا بۇ خاسىيەتلىك ئۈزۈكنى قولۇڭغا سالساڭ، بىر-دەمدىلا ئۆزۈڭنى ئۆز ئۆيۈڭدە كۆرىسەن. ئۈزۈكنى قىزىڭ قولىغا سالسا، ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۆزىنى بۇ باغدا كۆرىدۇ. مە، قولۇڭغا سال! — دەپ پارقىراپ تۇرغان بىر ئۈزۈكنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۈزۈكنى قولىغا سالغانىكەن، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقاندەك بولۇپ، ھېچ نەرسىنى پەرق ئېتەلمەپ-تۇ، ئۆزىنى يېنىك شامال ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىپ-تۇ، بىر چاغدا كۆزىدىكى قاراڭغۇلۇق يوقاپ، ئەتراپ سۈزۈ-لۈپتۇ. قارىسا، ئۆزىنىڭ ئوردىسى ئالدىدا تۇرغۇدەك. پادىشاھ ھەيرانۇ ھەس بولۇپ، ئوردىسىغا كىرىپ، ئۆيىدىكىلەر بىلەن ئامان ـ ئېسەن كۆرۈشۈپتۇ، ئاندىن ئېلىپ كەلگەن سوۋغات-

لىرىنى قىزلىرىغا بېرىپتۇ. مەلىكە گۈلجاھان بىلەن مەلىكە گۈلزامان دادىسىنىڭ سوۋغىتىدىن ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. مەلىكە گۈلزامان قىزىلگۈلگە قارىسا، ئۆزى چۈشىدە كۆرگەن قىزىلگۈلنىڭ دەل ئۆزى ئىكەن. ئۇ خۇشاللىقىدىن دادىسىنىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپ قويۇپتۇ. شۇ چاغدىلا نېمە ئۈچۈندۇر دادىسىنىڭ تەشۋىشلىك ئولتۇرغىنىنى سېزىپتۇ.

— دادا، بىز بىلەن كۆرۈشكىنىڭىزگە خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا چىرايىڭىز سۇنۇق، ئۆزىڭىز غەمكىن كۆرۈنىسىز، بۇ-نىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ دادىسىدىن.

قىزى قايتا - قايتا سوراۋەرگەندىن كېيىن پادىشاھ ۋەقە-نى سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھتىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى غەم - ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ، لېكىن گۈلزامان-نىڭ كۆڭلى قانداقتۇر بىر ياخشىلىقنى تۇيغاندەك بوپتۇ - دە:

— دادا، خاسىيەتلىك ئۈزۈكنى كۆرۈپ باقاي، ئەكېلىڭا! — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

پادىشاھ قىزىغا بولغان ئامراقلىقىدىن ئۇنىڭ گېپىنى يېرالماي ئۈزۈكنى بېرىپتۇ. گۈلزامان ئۈزۈكنى ئېلىپلا قو-لىغا سالغانىكەن، ئوردا ئىچىدە ئۇنى يېنىك بىر شامال تەۋ-رەتكەندەك بولۇپ، يەردىن لىككىدە كۆتۈرۈلۈپ، ئۇچار گىلەم ياكى پەرىزاتلاردەك ئۇچۇپ، ئوردا ئۈستىدە لەيلەپ تۇرۇپتۇ. گۈلزاماننىڭ دادىسى، ئانىسى، ئاچىسى ۋە باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ھەم ئوردا خادىملىرى قاراپلا قاپتۇ. گۈلزامان ئوردا ئۈستىدە لەيلەپ تۇرۇپ:

— دادا، ئانا، مەندىن غەم قىلماڭلار، ماڭا ئامانلىق تى-لەپ، مېنى خۇداغا تاپشۇرۇڭلار، مەن تىلسىم باغنى بىر كۆ-رۈپ باقاي، خەير - خوش! — دەپتۇ - دە، ھاۋا بوشلۇقىدا تۇتۇنگە ئايلانغاندەك بولۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

گۈزەلشاھ، گۈلزامانىنىڭ ئانىسى ۋە باشقا تۇغقانلىرى ئاھ ئۇرۇپ، ياقىلىرىنى يىرتىپ يىغلاپ پۈتۈن ئوردىنى بېشىغا كىيىپتۇ.

مەلىكە گۈلزامان كۆزىنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ھېلىقى باغقا يېتىپ كەپتۇ، باغنى ئارىلاپ سەيلە - تاماشا قىپتۇ. بۇ باغ مەلىكە چۈشىدە كۆرگەن باغقا بەكمۇ ئوخشايدىكەن. گۈلزامان قايسى دەرەخنىڭ يېنىغا بارسا، شۇ دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى چاۋاك چالغاندەك شىلدىرلاپتۇ، قايسى گۈلنىڭ يېنىغا بارسا، ئېگىلىپتۇ ۋە تېخىمۇ شېرىن، خۇش پۇراق چېچىپتۇ، ھەر خىل قۇشلار باش ئۈستىدە ئەگىشىپتۇ. مەلىكە گۈلزامان باغنى، گۈللەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ قىزىلگۈلنىڭ يېنىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ، گۈلنىڭ ھۆسنى - رەڭگىنى تاماشا قىلىپ تۇرغىنىدا: «خۇش كەپسىز، مەلىكەم !» دەپ، غايىبتىن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بۇ ئاۋاز شۇنداق سىرلىق، لېكىن ئاجايىپلا يېقىملىق تۇيۇلۇپتۇ. مەلىكە گۈلزامان ئالاقزادە بولۇپ ئەتراپقا قارىغان بولسىمۇ، ھېچ نەرسە كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ تەشۋىشلىك خىياللار ئىچىدە بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ كۆل بويىغا كېلىپ، يوغان بىر چىنار دەرىخىنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپ، كۆلنىڭ كۈمۈشتەك سۈزۈك سۈيىدە يۈز - قوللىرىنى يۇيۇپ ماقچى بولۇپ ئېگىلىشكەنىكەن، سۇدا ئادەم دېسە ئادەم ئەمەس، ئاجايىپ سەت، بەتبەشىرە بىر غەلىتە مەخلۇقنىڭ سايىسى كۆرۈنۈپتۇ. مەلىكە گۈلزامان بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغانىكەن، چىنار ئۈستىدە ياتقان ياكى ئولتۇرغانلىقىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ئىنتايىن سەت بىر مەخلۇقنى كۆرۈپ تېنى شۈركۈنۈپ، ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ بېسىپتۇيۇ، لېكىن يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، مەخلۇقتىن ئەھۋال سوراپتۇ، ئەمما مەخلۇقتىن ئاۋاز چىقماپتۇ. تۇرۇپلا مەلىكە گۈلزاماننى مۇگدەك بې-

سىپ، كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىپ، بىرئاز ئۇخلاپتۇ. غايىبتىن بىر قول ئۇنى تۇرتۇپ ئويغاتقاندەك بوپتۇ، ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپىغا قارىسا، كۆل بويىدا ئاجايىپ ئېسىل، تاملىرى قاشتېشىدەك چاقناپ تۇرىدىغان بىر ئۆي تۇرغۇدەك. مەلىكە گۈلزامان ئۆي ئىچىگە كىرىپتۇ. ئۆي ئالتۇن جاھازلار بىلەن سەرەمجانلانغان، چىنە - قاچىلار گۆھەر، ياقۇتتىن ياسالغان، ئالتۇن كارىۋاتتا ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان ئەتلەس - شايى ۋە كىمخابتىن تىكىلگەن يوتقان - كۆرپىلەر يىغىقلىق تۇرغان، يەردە بولسا گىلەم - پاياندازا سېلىنغلىقمىش. مەلىكە گۈلزامان بۇ كارامەتلەرگە ھەيرانلىقتا قاراپ قالغانىكەن: «ھەيران قالماڭ، مەلىكەم، بۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىز، بۇ باغدا سىزنىڭ توققۇزىڭىز تەل، كۆتكىنىڭىز دەل بولۇپ تۇرىدۇ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بۇ ئاۋاز بايا كۆل بويىدا ئاڭلانغان ئاۋازغا بەك ئوخشايدىكەن. گۈلزامان دېرىزە پەردىسىنى قايرىپ چىناردىكى مەخلۇققا قارىسا، ئۇ مەلىكىگە قاراپ يېقىملىق كۈلۈمسىرەپتۇ. بۇ كۈلۈمسىرەش گۈلزامانغا ئاجايىپ تەسىر قىپتۇكى، ئۆيدىن چىقىپ ئىختىيارسىز چىنار يېنىغا بېرىپ، ھېلىقى مەخلۇققا قاراپ تەزىم - ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. مەخلۇق زۇۋانغا كېلىپ:

— ئەزىز مەلىكەم، مېنىڭدىن قاچماڭ، مەندىن قورقماڭ، مەندىن سىزگە ھېچقانداق خەۋپ - خەتەر يەتمەيدۇ، مېنى تاشلىماڭ. مېنىڭ دېگىنىمدەكلا قىلسىڭىز، ئاخىردا بەختلىك بولىسىز، — دەپتۇ.

مەلىكە گۈلزامان بۇ سىرلىق مەخلۇقتىن قورقمايدىغان، كۈندە كۆل بويىغا چىقىپ، چىنار سايىسىدە ئولتۇرۇپ مەخلۇق بىلەن سۆزلىشىدىغان بوپتۇ. نەچچە - نەچچە قېتىم ئۇنىڭدىن نېمىشقا چىناردا قىمىرلىماي، يەرگىمۇ چۈشمەي ئول-

تۇرۇشىنىڭ سەۋەبىنى سورىماقچى بوپتۇيۇ، ئېھتىيات قىلىپ سورىماپتۇ. مەخلۇق مەلىكىگە ھەر كۈنى قىزىق - قىزىق ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىدىكەن. مەخلۇق كۆرۈنۈشتە بەتبەشىرە بولغىنى بىلەن شېرىن سۆزلۈك ئىكەن. مەلىكە ئۇنىڭغا مەھلىيا بولۇپ قاپتۇ، باغقىمۇ كۆنۈپ قاپتۇ، كۈنلىرى خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆتۈۋېرىپتۇ.

بىر كۈنى گۈلزامانىنىڭ چۈشىگە ئۆز يۇرتى، ئاتا - ئانىسى، ئاچىسى، بىللە ئويناپ ئۆسكەن دوست - ئاغىنىلىرى ئايان بولۇپ: «سىنى سېغىندۇق» دېيىشىپتۇ. مەلىكە گۈلزامان ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ چۈشىنى ئەسلەپتۇ، ئەسلىگەنسېرى ئۆزىنىڭمۇ ئۇلارنى سېغىنغانلىقىنى ھېس قىلىپ، سېغىنىش ئوتىغا پايلىيالماي يىغلىۋېتىپتۇ. مەلىكىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىغان مەخلۇق:

— يىغلىماڭ، مەلىكەم، يۇرتىڭىزنى، ئاتا - ئانىڭىزنى سېغىنغان بولسىڭىز، مەن سىزگە بىر كۈنلۈك ۋاقىت بېرەي، بېرىپ يۇرتىڭىزنى، ئاتا - ئانىڭىزنى كۆرۈپ كېلىڭ، ۋەدىڭىزدە تۇرۇپ، ھەرگىز قونۇپ قالماڭ، ھەرقانچە كەچ قالسىڭىزمۇ چوقۇم قايتىپ كېلىڭ. ناۋادا ۋەدىڭىزدە تۇرماي، دېگەن قەرەلدە قايتىپ كەلمىسىڭىز، مېنى نابۇت قىلىسىز، سىزگىمۇ ياخشىلىق بولمايدۇ، ئاقىۋەت ئۆمۈر بويى ھەسرەت - نادامەت چېكىپ ئۆتىسىز، — دەپتۇ.

مەلىكە گۈلزامان چوقۇم ئۆز قەرەلىدە قايتىپ كېلىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىپتۇ ۋە مەخلۇقنىڭ دېگىنى بويىچە ئۈزۈكنى قولىغا سالغانىكەن، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا يۇرتىغا يېتىپ بېرىپتۇ، ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. گۈلزامانىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن بەك خۇرسەن بولۇپ، خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ.

— خۇدايىمنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ھاياتكەنسەن، كۆرۈشتۇق، ئەمدى بىزنى تاشلاپ ھېچ يەرگە كەتمە، — دەپتۇ ئانىسى.

— مېنىڭدىن ئەنسىرىمەڭلار، تىلسىملىق باغدا زىيان - زەخمەتسىز، ناھايىتى ياخشى تۇردۇم. سىلەرنى بەك سېغىنىپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن پەقەت بۈگۈن بىر كۈنلۈك قەرەل بىلەن كەلدىم، — دەپتۇ مەلىكە گۈلزامان.

— بىر يىلدىن بۇيان ئاران كېلىپ، يەنە بۈگۈنلا كېتىمەن دەمسەن؟ ھېچبولمىسا ئۈچ كۈن تۇر، — دەپ ئانىسى يىلىنىپتۇ. مەلىكە گۈلزامان بۈگۈن كېتىشتە چىڭ تۇرۇپتۇ.

مەلىكە يىراق - يېقىندىن كەلگەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ قېنىشماپتۇ، ۋاقىتنىڭ كەچ بولغىنىنىمۇ تۇيماپتۇ. بىر چاغدا ئىشىككە چىققۇدەك بولسا، كۈن پېتىپ، ئەتراپقا تۈن پەردىسى يېيىلىشقا باشلاپتۇ. مەلىكە كەتكىلى تەمشەلگەندە، ئانىسى ھېچبولمىسا بۈگۈن بىر ئاخشام قونۇشنى، بىر ئاخشام مۇڭدىشىپ قېنىشىۋېلىشنى ئېيتىپ تۇرۇۋاپتۇ. بۇيان قارىسا ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ئۇيان قارىسا ھېلىقى مەخلۇق. ئىككى تەرەپنىڭ سۆزى ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقاپ قاپتۇ. بەلكى، ئۇ مېنى كەلمەي قالارمىكىن دەپ، قورقۇتۇپ شۇنداق دېگەندۇ، بىر ئاخشام قونمامدىم، يەنە قاچان كېلىشىمنى كىم بىلىدۇ، دېگەنلەر كۆڭلىگە كېچىپ، قونۇشقا رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. لېكىن، ئۆزىنى قانداق تەقدىر كۈتىدىغانلىقىنى خىيال قىلىپ، غەم تۆشىكىدە زادىلا ئۇخلىيالماي، تۈننى ئاران تاڭغا ئۇلاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە تاماقىنىمۇ قارىماي، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن خوشلىشىپ باغقا راۋان بوپتۇ. باغقا كەلسە، باغدا قارا بوران دەھشەت بىلەن گۈركىرەۋاتقان، جۇت - شىۋىرغان مېۋىلەرنى، گۈل - گىياھلارنى، قۇش - جانىۋارلارنى ئۇششۇتۇۋەتكەن، قىزىلگۈلنىڭ

ياپراقلىرى چۈشۈپ، غۇنچە ـ پورەكلىرى توزۇپ، قاقشال ياغاچ-
قا ئوخشاپ قالغانىكەن. بىر كۈن ئىچىدىلا باغدىكى بۇنداق مۇد-
ھىش ئۆزگىرىشلەردىن يۈرىكى ئېچىشقان مەلىكە گۈلزامان كۆل
بويىغا كەلسە، شېرىن زۇۋاندار مەخلۇق يەردە سۇنايلىنىپ جان-
سىز ياتقۇدەك. قىشمۇ ياز ياشناپ ـ چېچەكلەپ، مېۋىلەپ تۇرى-
دىغان باغنىڭ نابۇت بولۇشىغا، سىرلىق مەخلۇقنىڭ ئۆلۈشىگە،
ئۆزى ئاشىق بولغان قىزىلگۈلنىڭ قاقشال ياغاچ بولۇپ قېلى-
شىغا ئۆزى سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئويلاپ، مەخلۇقنىڭ ئۈستىگە
ئۆزىنى تاشلاپ، جانسىز گەۋدىنى قۇچاقلاپ زار ـ زار يىغلاپتۇ.
ئۇنىڭ دەردلىك يۈرىكىدىن قايناپ چىققان ئاھۇزارى پەلەككە يې-
تىپتۇ، تاغ ـ تاشلار تىترەپتۇ. ھەممە سەۋەنلىك ئۆزىدىن ئۆت-
كەنلىكىنى، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي مۇشۇ ئاقىۋەتنى كەلتۈرگەن-
لىكىنى ئويلاپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپتۇ. يىغىسىنىڭ قاتتىقلى-
قىدىن ئىككى كۆزى
بۇلاققا ئايلىنىپتۇ، كۆز
يېشى مەخلۇقنىڭ جانسىز
تېنىنى يۇيۇپتۇ، جانسىز
گەۋدىنىڭ تەشنا يۈرىكى
مۇھەببەت جامىنىڭ شې-
رىن شارابىدا ياشارغاندەك
ئاستا ـ ئاستا مىدىرلاپ-
تۇ. مەلىكىنىڭ كۆز ياش-
لىرى ئۇنىڭ قۇرۇپ قال-
غان يۈزىنى، لەۋلىرىنى
سۇغىرىپتۇ. جانسىز تەن
پۈت ـ قوللىرىنى ھەرد-
كەتكە كەلتۈرۈپ، كۆزىنى



ئېچىپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا، ئۇنىڭ ئۇستىدىكى سەت كۆرۈنۈشلۈك نەرسىلەر — مۈڭگۈز، قۇيرۇقلار سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. كۆرۈمسىز، بەتبەشىرە تېرە ئىچىدىن ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك بىر يىگىت چىقىپتۇ. مەلىكە گۈلزامان بۇ ئەھۋالغا ھەيران بولۇپ قاراپ قاپتۇ. يىگىت مەلىكىگە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— مەلىكەم، ھەيران قالماڭ، مەن ئەسلىدە ئادەمزات ئىدىم، سىزگە ئوخشاش بىر پادىشاھنىڭ شاھزادىسى ئىدىم. ئۆزۈمنىڭ قانداق بولۇپ بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى سىزگە كېيىن سۆزلەپ بېرىمەن. كەچمىشىم قىزىق بىر ھېكايە. بىز ھازىر بەختلىك بولدۇق. مېنى بۇنداق بەختكە ئېرىشتۇرۇپ، ئادەملىك ئەسلىمگە كەلتۈرگەن سىزنىڭ پاك ۋە چىن ئەقىدىڭىز، مۇھەببىتىڭىز. سىز خالىسىڭىز، مەن سىزنىڭ قىيامەتلىك جۈپتىڭىز، شۇنداقلا ۋاپادار خىزمەتچىڭىز بولاي، — دەپ قولىنى كۆكسىگە ئاپتۇ.

چۈشتەك بولۇۋاتقان ئىشلاردىن ئېسىنى يىغىۋالغان مەلىكە گۈلزامان بۇ ئۇچرىشىشنىڭ تېگى - تەكتىنى چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىن، كۆزلىرىدىن شادلىق ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ يىگىتنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. شۇئانلا باغدىكى قۇرۇپ خازانغا ئايلانغان دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار ئاستا - ئاستا باش كۆتۈرۈپ - ياشىرىپ ئۆز ئەسلىگە كېلىشكە باشلاپتۇ. نىمجان ياتقان ئۇچار قۇشلار، جان - جانىۋارلار جانلىنىپ يايراشقا، سايراشقا باشلاپتۇ.

مۇراد - مەقسىتىگە يېتىشكەن ئىككى ئاشىق - مەشۇق باغ سەيلىسىنى قىلىپ تۇرسۇن، بىز يىگىتنىڭ بۇرۇنقى ئەھۋالىدىن گەپ ئاچايلى:

شۇ زاماندا، ھازىرقى تىلسىملىق باغدىن كۆپ يىراق —

كەڭ دەشتى قۇملۇقنىڭ نېرىسىدا بىر مەملىكەت بولۇپ، سۇلتان ھۈسەيىن دېگەن كىشى پادىشاھلىق قىلىدىكەن. سۇلتان ھۈسەيىن پادىشاھقا توققۇز ئۆلكە، ئوتتۇز شەھەر تەۋە ئىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ كۆز قارىچۇقىدەك يالغۇز بىرلا ئوغلى بولۇپ، ئىسمى ئىسكەندەر ئىكەن. ئىسكەندەر ئون بەش ياشقا تولغاندا، ھۆسن-جىرايىمۇ ئون تۆت كۈنلۈك ئايدەك تولۇپ كامالىغا يېتىپتۇ. سۇلتان ھۈسەيىن پادىشاھنىڭ كۆڭلى شىكار سەيلىسىنى تارتىپ، بىر كۈنى خاس نۆكەرلىرى بىلەن ئاتلىنىپتۇ. ئوغلىدىن بىردەممۇ ئايرىلغۇسى كەلمەيدىغان پادىشاھ بۇ قېتىممۇ ئىسكەندەرنى شىكارغا بىللە ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇلار چۈشكىچە ئوۋ ئوۋلاپتۇ، غەنىيمەتلەر ئاز بولماپتۇ. كېيىك، جەرەن گۆشلىرىنى كاۋاپ قىلىپ يەپتۇ. ئىچلىرى قىزىپ ئۇسساپتۇ. ئۇلار بۇلاقتىن يىراقراق يەرگە چۈشكەنىكەن، نۆكەرلەردىن بىرنەچچىسىنى سۇغا ئەۋەتىشكە توغرا كەپتۇ. ئىسكەندەرمۇ دادىسىنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي سۇغا بىللە بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. سۇلتان ھۈسەيىن ئىلاجسىز ئوغلىنى نۆكەرلەرگە قوشۇپ قويۇپتۇ. ئۇلار بۇلاققىمۇ يېتىپ بېرىپتۇ. ئىسكەندەر ئەتراپقا نەزەر سالغۇدەك بولسا، يېقىنلا يەردە بۈك ئورمانلىق كۆرۈنۈپتۇ. نۆكەرلەرگە: «سىلەر كۈپكە سۇ قاچىلاپ بولغۇچە كېلىمەن» دەپ، نۆكەرلەرنىڭ توسقىنىغىمۇ قارىماي ئورمانلىق تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كېتىپتۇ. ئورمانلىق ئىچكىرىلىگەنسېرى ھەم بۈك، ھەم گۈزەل ئىكەن، ھەر خىل ئۇچار قۇشلار، ھايۋانلار بەك كۆپ ئىكەن. ئىسكەندەر بۇلارغا قىزىققانسېرى ئىچكىرىلەپ كېتىۋېرىپتۇ. بىر چاغدا كۆزى بۈك بىر دەرەخ شېخىدا يالغۇز مۆگدەپ تۇرغان بىر قۇشقا چۈشۈپتۇ. قۇشنىڭ تۇمشۇقى قارا، بېشى ئاق، ئىككى قانىتى ئالا بالداق، قۇيرۇقى قىپقىزىل بولۇپ، ئىسكەندەرگە بەك چىرايلىق كۆرۈنۈپتۇ، ئۇنىڭغا زوقى كېلىپ،

ئاستا ماراپ بېرىپ تۇتۇۋاپتۇ. بۇ قۇش ئويغىنىپ، ئۆزىنى ئادەمزاتنىڭ تۇتۇۋالغانلىقىدىن قورقۇپ، قۇتۇلۇپ قاچماقچى بولۇپ بىر يۇلقۇنغانىكەن، پۈتىنىڭ بىر بارمىقى ئۈزۈلۈپ ئىسكەندەرنىڭ قولىدا قاپتۇ، قۇش ئۆزى قۇتۇلۇپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

بۇ قۇش مۇشۇ ئورمانلىقتىكى جىنلار پادىشاھلىقىنىڭ ئون ئىككى ياشلىق قىزى جەھەر ئىكەن. ئۇ ئويىنىغىلى چىقىپ ئورمانلىقنى ئايلىنىپ بىرئاز چارچىغانلىقتىن قۇش قىياپىتىگە كىرىپ شاخقا قونۇپ ئۇخلىغانىكەن. جەھەر بولغان ئەھۋالنى، بىر بارمىقىنىڭ ئادەمزات بالىسىنىڭ قولىدا قالغانلىقىنى دادىسىغا ئېيتىپتۇ. جەھەرنىڭ دادىسى دەرغەزەپكە كېلىپ، قىزىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئورمانلىققا كەپتۇ ۋە چوڭ بىر قۇشقا ئايلىنىپ، ئىسكەندەرنى گەجگىسىدىن قامال-لىغىنىچە ئاسمان قەرىگە كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئۇچا - ئۇچا، ئىسكەندەرنى ئەزىم تارىمنىڭ ئايغىدىكى بىر خارابە باغقا ئەكېلىپ تاشلاپتۇ. ئۇ ئىسكەندەرنى شۇ يەردە بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋې-تىش نىيىتىگە كەپتىكەن، لېكىن ئىسكەندەرنىڭ تولىمۇ چىرايلىقلىقىنى ھەم ياش بالا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ نىيىتىدىن يېنىپ، بىر ئەپسۇن بىلەن ئۇنى ئادەم دېسە ئادەم ئەمەس، ھايۋان دېسە ھايۋان ئەمەس، غەلىتە بىر مەخلۇققا ئايلاندۇ-رۇپ، تىلسىم زەنجىرىگە باغلاپ، چىنارغا بەند قىلىپ ئول-تۇرغۇزۇپ قويۇپ كېتىپتۇ. ئۇ كېتەر چېغىدا:

— ناۋادا سېنىڭ مۇشۇ سەت قىياپىتىڭدىن يىرگەنمەي، قايسىبىر ساھىبجامال ياكى پەرىزاتلار تەبىقىسىدىن بىر گۈ-زەل مەلىكە ساڭا كۆڭۈل بېرىپ چىن ئاشىق بولسا، شۇ چاغدىلا ئۆز ئەسلىڭگە كېلەلەيسەن، — دەپتىكەن.

نۆكەرلەر ئىسكەندەرنى كۆپ ساقلاپتۇ، ئورمانغا بېرىپ

ئۈزاق ئىزدەپتۇ، زادىلا تاپالماپتۇ. ئوغلىنىڭ يوقاپ كېتىشى سۇلتان ھۆسەيىننى قاتتىق قايغۇدا قويۇپتۇ. بارلىق نۆكەرلىرى بىلەن ئەتراپتىكى ئورمانلىقلارنى ئۈچ كۈنگىچە ئاختۇرۇپ، ئىسكەندەرنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىدىن خەۋەر ئالالماپتۇ. يىرتقۇچ ھايۋان يەپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ، تۆتىنچى كۈنى يىغا - زار ئىچىدە ئوردىغا قايتىپ كېتىپتۇ. توققۇز ئۆلكە، ئوتتۇز شەھەر خەلقىگە يەتتە كېچە - يەتتە كۈندۈز قازان ئېسىپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپتۇ. سۇلتان ھۆسەيىن بۇ جۇدالىق دەردىگە چىدىيالماي، ئوغلى ئىسكەندەرنىڭ ھەسرىتىدە تولا يىغلاپ ساراڭ بولاي دەپ قاپتۇ. ئۆلىما - دانىشمەنلەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئوردا ئىشلىرىنى سادىق ۋەزىرى ھەسەنگە ھاۋالە قىلىپ، جاھانكەزدىلىك قىلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەمدى ئەسلىي ھېكايىمىزگە كەلسەك، مەلىكە گۈلزامان ئىسكەندەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، ئىسكەندەردىن خاسىيەتلىك ئۈزۈك توغرۇلۇق سوراپتۇ. ئىسكەندەر خاسىيەتلىك ئۈزۈك توغرۇلۇق ھېكايە قىلىپ بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن مۇشۇ باغدىكى چىنارغا بەند قىلىنىپ زەنجىر بىلەن باغلىنىۋېتىلگەندىن كېيىن، بىرنەچچە كۈن بەختى - پېشانەمنىڭ تەتۈرلۈكىدىن زارلىنىپ يىغلىدىم، قاقشىدىم، كۆزۈمگە ئۇيقۇ ئىلىنمىدى. بەشىنچى كۈنى تاڭ مەزگىلىدە كۆزۈم ئۇيقۇغا ئىلىنغاندەك بولدى. چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە بىر ئاپئاق ساقاللىق بوۋاي: «ئوغلۇم، تولا يىغلاپ ئۆزۈڭنى نابۇت قىلىۋەتمە، ئىنسان بالىسىغا ئۆمرىدە خۇشاللىقمۇ، قايغۇمۇ ھەمراھ بولىدۇ. مۇشكۈللۈككە چىدىغان ئادەم ئاسانلىققا چىقىپ بەختلىك بولالايدۇ. سەن ئۆزۈڭدىن چوڭلارنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي، شاھزادىلىقىڭغا ئېلىپ باشباشتاقلىق قىلىپ، ئۆزۈڭگە مۇشۇ ئاقىۋەتلەرنى تېپىۋالدىڭ. ياخشى نىيەت-

لىك كىشىنىڭ تەقدىرى ئىككىلا ئالەمدە ياخشى بولىدۇ. ساڭا ماۋۇ ئۆزۈكنى بېرەي، بۇ خاسىيەتلىك ئۆزۈك. ئۆزۈككە قاراپ نېمىنى تەلەپ قىلساڭ، شۇ نەرسە ئالدىڭدا ھازىر بولىدۇ. قولۇڭغا سالساڭ ئالتە ئايلىق يولنى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بېسىپ، خالىغان جايىڭغا بارالايسەن. ئۆزۈكنى چىڭ ساقلا، ھەرگىز يوقىتىپ قويما. خەير، ساڭا بەخت تىلەيمەن» دەپلا غايىب بولدى. ئۆزۈم شۇ ھامان ئويغىنىپ كېتىپتىمەن. ئالقىنىمدىكى ئۆزۈككە قاراپ، ئەسلىدىكى چىرايلىق شاھزادىدىن قارىغان ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلىدىغان سەت بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ قالغىنىمغا ئىشەنگەن بولسام، يەنە شۇ سەت مەخلۇق قىياپىتىدىن ئەسلىدىكى ھالىتىمگە قايتىدىغانلىقىمغىمۇ ئىشەندىم. ئۆزۈكتىن خارابىنى مۇشۇنداق گۈزەل بىر باغقا ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىۋىدىم، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا بۇ باغ بىنا بولدى. شۇ كۈنى كېچىسى چۈشۈمدە ھېلىقى بوۋاي يەنە پەيدا بولۇپ: «يارايسەن، ئوغلۇم، سەن ئۆزۈكتىن باشقا نەرسە تەلەپ قىلماي، خارابىلىكنى باغقا ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدىڭ. بۇ جاي ئەسلىدە مۇشۇنداق گۈزەل ئىدى. سەن گۈزەللىكنى ئەسلىگە كەلتۈردۈڭ. خالىس نىيەت بولساڭ، كېيىنچە ئاۋاتلىقنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرىسەن!» دەپلا غايىب بولدى. ئويغانسام چۈشۈم. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۆزۈكتىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمىدىم. دادىڭىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىدىن كېيىنكى ئىشلار ئۆزىڭىزگە ئايان.

مەلىكە گۈلزامان شاھزادە ئىسكەندەرنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ غايىب بوۋايدىن، ئۆز تەقدىرىدىن سۆيۈنۈپتۇ، يىگىتكە باشقىدىن ئوتلۇق مېھرى بىلەن قاراپتۇ. بۇ ئىككىسى خۇشاللىققا چۆمۈلگەنسېرى، باغ تېخىمۇ گۈزەللىشىپتۇ، دەل ـ دەرەخلەر بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ياشىرىپتۇ، مېۋىلىرى بولۇق، مېغىزى

توق، تەمى تاتلىق بولۇپ، ۋايىغا يېتىپتۇ؛ ئۇچار قۇشلارنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ ساز، يېقىملىقلىشىپتۇ؛ گۈل - گىياھلار تې-خىمۇ رەڭ تۈزىشىپ، گۈل - غۇنچىلىرى كۆپىيىپتۇ، پۇراق-لىق - خۇشبۇيلىشىپتۇ، بولۇپمۇ قىزىلگۈلنىڭ گۈل بەرگى، گۈلتاجى تېخىمۇ نۇرلىنىپتۇ، رەڭگى چوغدىنمۇ بەك قىپقى-زىل بولۇپ جىلۋىلىنىپتۇ. بۇ گۈزەل باغدا ئۇلار تەلىپى ھەل، توققۇزى تەل بولۇپ، شاد - خۇرام ياشاپتۇ.

ئاردىن بىر مەھەل ئۆتۈپتۇ. مەلىكە گۈلزامان يۇرتىنى، ئاتا - ئانىسىنى سېغىنىپتۇ.

— ئاتا - ئانامنى، يۇرتۇمنى سېغىندىم. ئۇلار پات - پات چۈشۈمگە كىرىۋالىدىغان بولدى. ماقۇل كۆرسىڭىز بىللە بې-رىپ كەلسەك، — دەپ ئىسكەندەرگە تەلەپ قويۇپتۇ.

ئىسكەندەرمۇ ئاتا - ئانىسىنى سېغىنغانىكەن. ئۇلار ئاۋۋال ئىسكەندەرنىڭ يۇرتىغا بېرىپ، ئاندىن گۈلزاماننىڭ يۇرتىغا بې-رىشقا كېلىشىپ، ئۇزۇكتىن ئىككى ئات تەلەپ قىلغانىكەن، ئې-گەر - جابدۇقلىرى ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان بىر جۈپ تۇلپار ئاسماندىن ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ. سەپەر جابدۇقىنى سەرەم-



جانلاپ، ئىككىسى بىردىن تۇلپارغا مىنىپتۇ ۋە بىردەمدىلا ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ يۇرتىغا بېرىپ ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدىلا پەيدا بوپتۇ. ئۇلار ئوردىغا، ھۇسەيىن پادىشاھنى چۆل - جەزىرىلەرده ئۆلۈپ كېتىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ ئۇنىڭ روھىغا نەزىر ئۆتكۈزۈۋاتقاننىڭ ئۈستىگە كىرىپ كەپتۇ. ئىسكەندەرنىڭ ئانىسى تولا يىغلاپ ئەما بولۇپ قالغانىكەن. ئىسكەندەر خاسىيەتلىك ئۈزۈكنى ئانىسىنىڭ كۆزىگە بىرلا سۈركىگەنىكەن، ئانىسىنىڭ كۆزى ۋاللىدە ئېچىلىپتۇ. ئانا ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپتۇ، قايغۇ - مۇسىبەت ياشلىرى خۇشاللىق يامغۇرىغا ئايلىنىپتۇ. ئىسكەندەر سەپەر ھاردۇقى چىققاندىن كېيىن، ئۆيدىكىلەرگە كەچۈرمىشلىرىنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ، ئۇلارغا گۈلزامانىنى تونۇشتۇرۇپتۇ. ئىسكەندەرنىڭ ئانىسى ساھىبجامال كېلىنىگە قاراپ زوقلىنىپتۇ ۋە ئوغلىغا نىجاتلىق تېپىپ بەرگىنىگە چوڭ تەشەككۇر ئېيتىپتۇ. نەزىر - چىراغ ئۇچۇن ئېتىلگەن ئاش توي ئېشىغا ئايلىنىپتۇ. ئوردىدا يەتتە كېچە - كۈندۈز توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. سەككىزىنچى كۈنى ئىسكەندەر ئانىسىدىن گۈلزامانىنىڭ يۇرتىغا بېرىشقا ئىجازەت سوراپتۇ. ئىسكەندەرنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا قاراپ:

ئەزىز ئاتاڭ دەردىڭدە
چىقىپ كەتتى باش ئېلىپ.
جان قاراقىم قايدا دەپ،
كۆزلەرىگە ياش ئېلىپ.
مېنى باستى غېرىبلىق،
قامۇشتەك يالغۇز قېلىپ.

بالام، سەندىن ئايرىلىپ،
ئىچىمگە ھەسرەت تولغان.

تولا يىغلاپ دەردىڭدە،
كۆزلىرىم كۆرمەس بولغان.
سېنى كۆرۈپ، جان بالام،
جانىمغا جان قوشۇلغان.

يەنە كەتسەڭ قاراقىم،
ساڭا قانداق چىدارمەن.
ياش ئورنىغا قان تۆكۈپ،
سېنى ئەسلەپ يىغلارمەن.
كەتسەڭ نېمە ئامالىم،
خۇدايىمغا قويارمەن.

دەپ يىغلاپتۇ ۋە گۈلزامانغا قاراپ:

جىن قەستىنى بۇزۇپسەن،
كۆڭۈل بېرىپ ئوغلۇمغا.
خۇدا ئارا بولغاندۇ
پاك قەدەملىك يولۇڭغا.
يامان تىللار تەگمىسۇن
قىزىلگۈلدەك بويۇڭغا.

كەتمە دېسەم ئوغلۇمنى،
تىلىم كۆيەر، گۈل قىزىم.
بارما دېسەم سېنىمۇ،
دىلىم كۆيەر، گۈل قىزىم.
كۆرۈپ ئاتا ـ ئاناڭنى،
سەنمۇ خۇشال كۈل، قىزىم.

دەپ قوشاق ئېيتىپتۇ ۋە ئوغلى بىلەن كېلىنىگە نۇرغۇن قىممەت باھالىق سوۋغاتلارنى بېرىپتۇ.

ئۇلار مېڭىش ئالدىدا دادىسىنىڭ ئورنىدا يۇرت سوراۋاتقان ۋەزىر ئىسكەندەرگە گۈلزامانىنىڭ يۇرتىدىن قايتىپ كېلىپ دادىسىنىڭ شاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇشنى ئېيتقانىكەن، ئىسكەندەر: «مېنىڭ پادىشاھ بولۇشقا رايىم يوق، مېنى ئۆز بېغىمدا تىنچ، خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزۈشكە قويۇڭلار!» دەپ، پادىشاھ بولۇشنى رەت قىپتۇ.

ئىسكەندەر بىلەن گۈلزامان تۇلپارلىرىغا مىنىپ نەچچە ئايلىق يولنى يېرىم كۈندىلا بېسىپ، مەلىكىنىڭ يۇرتىغا كەپتۇ. مەلىكە گۈلزامانىنىڭ دادىسى گۈزەلشاھ، ئانىسى، ئاچىسى ۋە ئوردا - ھەرەم خادىملىرى ئۇلارنى خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپ قارشى ئاپتۇ، توي - تاماشىلار ئۆتكۈزۈپتۇ.

مەلىكە بىلەن ئىسكەندەر بىرنەچچە كۈنلىرىنى توي - تاماشىلار ئىچىدە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆز بېغىغا قايتىش قارارىغا كەپتۇ. گۈزەلشاھ:

— مەن قېرىپ قالدىم، مېنىڭ ئورنۇمدا تەختىمدە ئولتۇرسىڭىز، — دەپتۇ ئىسكەندەرگە.

ئىسكەندەر بۇ تەلەپنىمۇ قوبۇل قىلماپتۇ. گۈزەلشاھ ئۇلارنى تۇتۇپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، تۆۋەندىكى قوشاقنى ئوقۇپتۇ:

يۇرتتىن يىراق كېتىپ قانداق ئۆتەرسەن؟
يار - يۆلەكسىز نېمە كۈننى كۆرەرسەن؟
تىلسىم باغدا تەييارنى يەپ ئۆتسەڭمۇ،
يولتۇز ئوخشاش ئىزسىز ئېقىپ ئۆچەرسەن.
دەۋران سۈردۈم مۇراد تاپىپ ئارمانىم،

ۋۇجۇدۇمدا بار چاغىدا دەرمانىم.
ئىككى قىزلىق بولۇپتىمەن، ئوغۇل يوق،
تەقدىر شۇنداق بولسا نېمە ئامالىم؟
تەقدىر شۇنداق بولسا نېمە ئامالىم؟
يالغۇز ئۆتەر چېغى كەلمىش زاۋالىم.
ئويلاپتىمەن بوپ قالدىم دەپ ئوغۇللۇق،
زەھەر بولدى قىلغان تاتلىق خىيالىم.

پادىشاھ قىزىغا قاراپ يەنە مۇنداق قوشاق ئوقۇپتۇ:

گۈل بولسۇن دەپ سىن - چىرايىڭ، زاتىڭنى،
گۈلزامان دەپ قويغانىدىم ئاتىڭنى.
قىزىلگۈلگە قالغان چېغىڭ باغلىنىپ،
بەردىڭ ئاڭا پۈتۈن ئەسۇ يادىڭنى.

جاھان كەزدىم دەپ سېنىڭلا كۆڭلۈڭنى،
تاپماق بولۇپ كۆڭلۈڭدىكى گۈلۈڭنى.
مۇرادىڭغا سەنغۇ يەتتىڭ جان قىزىم،
سەنسىز قانداق ئۆتكۈزەرمەن كۈنۈمنى؟

كۆز قاراقىم ئىدىڭ بالام ئىچىدە،
گۈلزامان دەپ ئويغىناتتىم كېچىدە.
سەنسىز، قىزىم، بولماس مېنىڭ خۇشلۇقۇم،
ئولتۇرسامۇ شاھانە تەخت ئۈستىدە.

مۇشۇ كەتسەڭ يەنە قاچان كېلەرسەن؟
يا كېلەرسەن ياكى كەلمەي ئۆتەرسەن.
تىلسىم باغنىڭ راھىتىنى سۈرسەڭمۇ،
ئاخىر بىر كۈن يۇرت قەدرىنى بىلەرسەن.

ئاقيول تىلەپ دۇئا بىرەي ئاتالىق،
جان ئاناڭمۇ دۇئا بەرسۇن ئانالىق.
قىزىلگۈلدەك كۈلۈپ ئۆتسۇن كۈنۈڭلار،
جۈپ ـ پارىڭغا بولغىن، قىزىم، ۋاپالىق.

گۈزەلشاھنىڭ ئاقيول ۋە بەخت تىلەپ بەرگەن دۇئاسىدىن كېيىن، ئىسكەندەر بىلەن گۈلزامان تۇلپارلىرىغا مىنىپ ئۆز قارارگاھىغا قاراپ راۋان بوپتۇ.

ئۇلار بىر دەشت ـ باياۋانغا كەلگەندە، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل، بېلى مۈكچەيگەن، يول ئازابىدىن يىغا بېسىپ ئاغزى ئۈمەـ چەيگەن، ئۆشنىسىگە بىر خۇرجۇننى ئارتىپ، ھاسىغا تايىنىپ ئاران كېتىۋاتقان بىر مومايىنى ئۇچرىتىپتۇ. ئىسكەندەر مومايـ دىن نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ.

— باققۇچۇم يوق ئىگە ـ چاقىسىز خوتۇنمەن، نەگە بېرـ رىپ، نەدە تۇرۇشۇمنى بىلمەيمەن، بېشىم قايغان تەرەپكە كېـ تىۋاتىمەن، — دەپ موماي كۆزىگە ياش ئاپتۇ.

مومايىنىڭ غېرىب ـ بىچارە ھالىغا ئىسكەندەرنىڭ ئىچى ئاغرىپتۇ، خىيال بېسىپتۇ: گۈلزاماننىڭ مەندىن باشقا پاراڭـ لىشىدىغان ھېچقانداق ھەمراھى يوق، بولۇپمۇ مەن شىكارغا چىقىپ كەتسەم، ئۇ يالغۇزلا قالىدۇ، بۇ مومايىنى ھەمراھ قىلىپ بەرسەم زېرىكىشمۇ تۈگەپ قالار، دېگەن ئويغا كەپتۇ ـ دە، خىـ يالىنى مەلىكە گۈلزامانغا ئېيتىپتۇ. مەلىكە ئىسكەندەرنىڭ سۆزىگە دەرھاللا جاۋاب بەرمەي، مومايىنىڭ چىرايىغا، كۆزىگە تازا سەپسېلىپ قاراپتۇ، گۈلزامانغا ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقى، چىرايى، بولۇپمۇ كۆزى قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى يوشۇرۇپ تۇرغاندەك بىلىنىپتۇ. گۈلزامان ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ:

— ئۆزىڭىز بىلىسىز، لېكىن بۇ موماينى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلغۇم يوق، كۆڭلۈم تارتماي تۇرىدۇ، — دەپلا قويۇپتۇ.

موماي قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇم، ياخشى، ئۇلۇغ ئادەمنىڭ بالىسىدەك قىلىدىڭ، ئاتاڭدەك رەھىمدىللىك قىلىپ، مەندەك يېتىم خوتۇنغا باشپاناھلىق قىلغىن، بېشىمنى سىلا، ئىككى ئالەملىك ھەققىڭگە دۇئا قىلاي، — دەپ كۆز يېشى قىپتۇ.

ئىسكەندەر نېرى - بېرىسىنى ئويلىمايلا تۇلپاردىن چۈشۈپ، موماينى ئۆزىنىڭ ئورنىغا مىندۈرمەكچى بولغانىكەن، تۇلپار سەكرەپ - چىچاڭلاپ، موماينى مىندۈرگىلى قويماپتۇ. ئىسكەندەر خېلى ھەپىلىشىپ موماينى تۇلپارغا مىندۈرەلمەي، جىلىلىكتە تۇلپارنى قاتتىق بىر قامچا سالپتۇ. ئىسكەندەرنىڭ بۇ ئىشىدىن مەلىكە نارازى بولىسىمۇ، يەنە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ گەپ قىلماپتۇ. قامچا يېگەن تۇلپار ئىلاجىسىز جىم بوپتۇ. موماي تۇلپارغا مىنىشىگە، تۇلپارنىڭ كۆزىدىن ياش چىقىپتۇ. بۇنى مەلىكە كۆرۈپ مومايدىن تېخىمۇ يىرگىنىپتۇ، لېكىن يەنىلا زۇۋان سۈرمەپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار ئۇز بېغىغا يېتىپ كەپتۇ. موماي باغقا كەلگەندىن كېيىن، ئىسكەندەر بىلەن مەلىكە گۈلزامانىنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا باشلاپتۇ، ھەرىكەتلىرىمۇ چاققانلىشىپ كېتىپتۇ. مومايدىكى بۇ ئۆزگىرىش مەلىكە گۈلزامانىنىڭ تېخىمۇ گۇمانىنى ئاشۇرۇپتۇ، شۇڭا ئۇ مومايغا ئانچە چىراي ئاچماپتۇ، ئۇشۇقچە گەپمۇ قىلماپتۇ، بەلكى ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە كۆز تىكىپ يۈرۈپتۇ. ئىسكەندەر بولسا، باققۇچىسىز موماي باشپاناھلىققا ئېرىشكىنىگە خۇشال بولۇپ، بىزنى رازى قىلىش مەقسىتىدە ئاۋارە بولۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، گاھىدا موماي بىلەن مۇڭدىشىدىكەن، ھەتتا كەچۈرمىشلىرىنىمۇ سۆزلەپ بېرىدىغان

بوپتۇ. بۇ موماي ئىسكەندەرنى سېھىرلەپ دەرەخكە بەند قىلىپ قويغان جىننىڭ ئانىسى ئىكەن. ئۇ ئوغلىدىن ئىسكەندەر ھەققىدىكى ھېكايىنى ئاڭلاپ، خىسلەتلىك ئۈزۈكنى قولغا چۈشۈرۈۋېلىش نىيىتىگە كېلىپ، بىچارە ـ مىسكىن قىياپەتلىك موماي سۈرىتىگە كىرىۋېلىپ، ئىسكەندەر بىلەن گۈلزامانىنىڭ ماڭىدىغان يولىغا چۈشۈۋالغانىكەن. ئاق كۆڭۈل، ساددا ۋە رەھىمدىل ئىسكەندەر مومايىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى بىلمىگەچكە، ئۇنىڭغا بەزى سىرلىرىنى ئېچىپ بېرىشكە باشلاپتۇ، لېكىن موماي ئىسكەندەردە گۇمان پەيدا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن خىسلەتلىك ئۈزۈك توغرۇلۇق ئالدىراپ گەپ ئاچماپتۇ. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ تولۇق ئىشەنچىگە ئېرىشىۋالغاندىن كېيىن، بىر كۈنى ئىسكەندەردىن:

— ئوغلۇم، بۇ ئاجايىپ باغنى سەن قانداق تاپقان ياكى ئاتاڭ ساڭا ئاتاپ بىنا قىلدۇرۇپ بەرگەنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. مومايىنىڭ غەرىزىنى بىلمىگەن ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ كېيىنكى كەچۈرمىشلىرى، ئاقساقال بوۋاي، خىسلەتلىك ئۈزۈك، باغ، گۈلزامان... توغرۇلۇق قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىپتۇ. موماي بىلىندۈرمەي ئىسكەندەرنىڭ بارماقلىرىغا قاراپتۇ، لېكىن ئۈزۈكنى كۆرەلمەپتۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى قانداق قىلىپ ئۈزۈكنىڭ نەدىلىكىنى بىلىۋېلىشتا قاپتۇ. موماي ئىسكەندەردىن ئۇستىلىق بىلەن:

— ئوغلۇم، ئۆزۈڭ ياخشى ئادەمنىڭ پۇشتى بولغاچقا، خىزىر بېشىڭنى سىلاپتۇ، جەننەتتەك باغنىڭ ئىگىسى قىپتۇ، جەننەت ھۆرلىرىدەك بىر قىزنى ساڭا ئاشىقى بىقارار قىلىپ، ئىككى دۇنيالىق ھەمراھى ـ جۈپتۈڭ قىپتۇ. بۇنىڭ ھەممىسى خىزىر بەرگەن خىسلەتلىك ئۈزۈكنىڭ كارامىتى ئىكەن. ئۈزۈكنى پۇختا ساقلا، ئۆزۈڭ بىلەن بىرگە ئېلىپ يۈرمە. ئۇنى باشقىلارنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان يەرگە تىقىپ قوي، كېرەك

بولغاندىلا ئېلىپ، ھاجىتىڭ بەجا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنلا يە-نە تىقىۋەت، — دەپ نەسىھەت قىلغان بوپتۇ. ئۇ ھەرقانچە تىل ياغلىمىلىق ۋە كاززاپلىق قىلىپمۇ خاسىيەتلىك ئۈزۈك-نىڭ نەگە قويۇلغانلىقى توغرۇلۇق ئىسكەندەردىن زادى سۆز ئالالماپتۇ، چۈنكى «خاسىيەتلىك ئۈزۈك توغرۇلۇق مومايغا پە-قەت گەپ قىلماڭ» دەپ گۈلزامان ئىسكەندەرنى ئاگاھلاندۇرغا-نىكەن. لېكىن، موماينىڭ سۆزلىرى ئىسكەندەرگە ئورۇنلۇق تۇيۇلۇپ، خاسىيەتلىك ئۈزۈكنى باشقا يەرگە تىقىپ قويۇشنى ئويلاپ، ئەسلىدىكى ئورنى — ئىچكەركى ئۆيدىكى تام ئىشكاپ-تىن ئۈزۈكنى ئاپتۇ. موماينىڭ يېقىندىن بۇيان ئىسكەندەرگە بەكلا يېپىشىپ يۈرگىنىگە دىققەت قىلغان گۈلزامان ئىسكەن-دەرنىڭ بىرەر بىخەستەلىك قىلىپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىپ يۈرگەنىكەن.

— ئۈزۈكنى نەگە ئاپىرىسىز؟ — دەپ مەلىكە ئىسكەن-دەردىن سوراپتۇ.

— ئۈزۈكنى مېنى بەند قىلىپ قويغان چوڭ چىنارنىڭ تۆشۈكىگە تىقىپ قويايمىكىن دەيمەن، — دەپتۇ ئىسكەندەر.

— بوپتۇ، شۇنداق قىلىڭ، ئەمما ئۈزۈكنىڭ كۆزىنى ئې-لىۋېلىپ، ئۇنى ئۆز يېنىڭىزدا ساقلاڭ، ھەر ھالدا ئېھتىيات قىلايلى، — دەپتۇ مەلىكە. ئىسكەندەر ئۈزۈكنىڭ كۆزىنى ئېلى-ۋېلىپ، ئۆزىنى چوڭ چىنارنىڭ بىر تۆشۈكىگە تىقىپ قويۇپتۇ. ئىسكەندەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى يوشۇرۇن پايلاپ يۈرگەن موماي ئۇنى كۆرۈپ قاپتۇ، ئەمدى ئۈزۈكنى ئېلىپ قېچىشنىڭ پەيتىنى كۈتۈشكە باشلاپتۇ. بىر كۈنى ئىسكەندەر بىلەن گۈلزامان بىر-بىرىنىڭ كۆڭلىنى دەپ مەي - شارابنى جىقراق ئىچىپ قويۇپ، تەڭلا كەيپ بولۇپ غەرق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. مومايمۇ دەل مۇ-شۇنداق ۋاقىتنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇ يۈرگۈرگىنىچە چوڭ

چىنارنىڭ تۈۋىگە بېرىپ تۆشۈكتىن ئۆزۈكنى ئاپتۇ - دە،
ئۆز ھالىتىگە قايتىش ئۈچۈن يەرگە دومىلاپتۇ، جىن ھالىتى-
گە قايتماپتۇ. سېھرىي ئەپسۇننى ئوقۇپتۇ، يەنىلا جىن ھالى-
تىگە قايتماپتۇ. ئۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي تىت - تىت
بوپتۇ. ئىسكەندەر بىلەن گۈلزامانىنىڭ مەستلىكتىن يېشىلىپ
قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، مىنىپ قېچىش نىيىتىدە تۇلپارنىڭ
بىرىنى تۇتماقچى بوپتىكەن، تۇلپار چاپچىپ، چىشلەپ يېقىن
كەلتۈرمەپتۇ، يەنە بىر تۇلپارمۇ چىشلەپ، تېپىپ يېقىن كەل-
تۈرمەپتۇ، ئىككى تۇلپارنىڭ ئارىسىدا قېلىپ خېلى تېپىك
يەپ ۋايجىنى چىقىپتۇ، ئىلاجسىز پىيادە قېچىپتۇ. ئىسكەندەر
بىلەن گۈلزامانىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىشىدىن قورقۇپ،
يول بىلەن ماڭماي تاغ ئىچى، جىرا - جىلغىلار بىلەن مې-
ڭىپتۇ. نەچچە تاغ - بەلدىن ئېشىپتۇ، تولا مېڭىپ ھېرىپتۇ،
ھالىدىن كېتىپتۇ. بىرئاز دېمىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن بىر



تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قولىدىكى پارقىراپ تۇرغان ئۇ-زۇككە قاراپتۇ، ئىچ - ئىچىدىن خۇشاللىقى تۇتۇپ، ئۈزۈكنى قايتا - قايتا سىلاپتۇ، ئۈزۈككە قارىغىنىچە شېرىن خىياللار-غا پېتىپتۇ: «قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۈزۈكتىن ئۆزۈمگە جەننەتتەك باغ، ھەشەمەتلىك پادىشاھلار ئوردىسى تەلەپ قىلى-مەن. ئىسكەندەرنىڭ بېغىنى، جىنلار پادىشاھىنىڭ ئوردىسىنى شۇ تۇرقىدىلا تاشقا ئايلاندۇرغۇزۇۋېتىمەن. ئۆزۈم جىنلار ئىق-لىمىنىڭ شاھىنشاھى بولىمەن...» ئۇ يەنە شۇنداق خىياللارغا چۆكۈپ، ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۇيقۇسىدا چۈش كۆرۈپتۇ: ئۈزۈكنىڭ ھېكمەت - خاسىيىتى بىلەن بىر گۈزەل كاتتا شەھەر بىنا بولغانمىش. ئۆزى شاھ ئايىم بولۇپ، ئالتۇن تاجنى كىيىپ، ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغانمىش. ئوڭ - سول يېنىدا ۋە ئارقىسىدا ئوندىن ئوتتۇز لەشكىرىي مۇلازىم ئايپال-تىسىنى تۇتۇپ مۇھاپىزەتتە تۇرارمىش، ئالدىغا جىنلارنىڭ بۇرۇنقى پادىشاھىنى چەمبەرچاس قىلىپ باغلىغىنىچە ئېلىپ كىرگەنمىش. لېكىن، بۇرۇنقى پادىشاھ ئۇنىڭغا ئازراقمۇ ھۆر-مەت قىلىپ قويماي، شاھانە قىياپەتتە غادىيىپ تۇرغانمىش. جۇدۇنى ئۆرلىگەن شاھ ئايىم «جاللات !» دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىغانمىش... موماي ۋارقىرايمەن دەپ ئويغىنىپ كېتىپ-تۇ. ئۇ، چۈشۈمدە بولغان ئىش چوقۇم ئوڭۇمدىمۇ بولىدۇ دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، ئۈزۈككە ھەۋەس بىلەن قاراۋاتقاندا، تۇيۇقسىزلا بىر نەرسە يېقىنلا يەردە قورقۇنچلۇق ھۆۋلاپتۇ. موماي ئۇيقۇلۇق كۆزىنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، بىرنەچچە ئوت چېكىتلىرى كۆرۈنۈپتۇ. «بۆرە» دېگەن قورقۇنچلۇق تۇيغۇ چاقماق تېزلىكىدە مېڭىسىدە پەيدا بوپتۇ. ئۈزۈكتىن بۆرىلەر-نى تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىشنى تىلەپتۇ، تىلىكى بەجا بولماپتۇ. ئۈزۈككە بىرنەچچە قېتىم ئۆتۈنۈش قىپتۇ، ئۆتۈنۈشى زادى

ئۆتمەپتۇ. سەۋەب، ئۇزۇكنىڭ كۆزى بولمىسا، ئۇنىڭ ھېچ-قانداق خاسىيىتى بولمايدىكەن. موماينىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى بولمىغاچقا، ئۇزۇكنى قولغا چۈشۈرگىنىگە خۇش بولۇپ كې-لىۋەرگەنىكەن. موماي ئالدىدىكى بۆرىلەرگە قاراپ قورقۇپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىشىگە، ئاچ بۆرىلەر ئۇنىڭغا تەڭلا ئېتىلىپ كېلىپ ئېغىز ساپتۇ. «نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەندەك، موماي جىن ئۆزىنىڭ يامان نىيىتى بىلەن بۆرىلەرگە يەم بوپتۇ. خاسىيەتلىك ئۇزۇكمۇ ئۇنى بۆرىگە يەم بولۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالماپتۇ.

ئىسكەندەر بىلەن مەلىكىگە كەلسەك، ئۇلار شۇ مەست بولغىنىچە ئەتىسى چۈشكىچە خۇدىنى بىلمەي يېتىپتۇ. بىر-كەمدە مەستلىكى يېشىلىپ، مومايىنى چاقىرسا ئۇنىڭدىن شەپە يوقمىش. ئۆيدىن چىقىپ قاراپتۇ، باغلارنى ئارىلاپتۇ، يەنە شە-پە يوقمىش. گۈلزامان بىرنەرسىدىن ئەنسىرەپ، ئىسكەندەرگە: «ئۇزۇك بارمۇ، يوق؟ قاراپ بېقىڭ» دەپتۇ. ئىسكەندەرمۇ كۆڭ-لى ئۇيگەندەك بولۇپ، ئىتتىك بېرىپ چىناردىكى ھېلىقى تۆشۈككە قارىغۇدەك بولسا، ئۇزۇك يوق تۇرغۇدەك. ئىسكەندەر بىلەن گۈلزامان ئېغىر غەمگە چۆكۈپتۇ. مەلىكە گۈلزامان ئىس-كەندەرگە يىغلاپ تۇرۇپ:



— سىز ئۇ شورى قۇرغۇر شۇم ممايغا بەكلا ئىشىنىپ، يېپىشىپ قالدىڭىز. مەن باشتىلا ئۇنىڭدىن بىر شۇملۇقنىڭ پۇراپ تۇرغىنىنى ئېيتساممۇ، گېپىمگە قۇلاق سالمىدىڭىز. تۇلپار چېغىدا ئۇنى يامان كۆرۈپ مىندۇرمىگىنىدىنمۇ ھېچ نەرسىنى خىيالىڭىزغا كەلتۈرمىدىڭىز. ئەكسىچە، تۇلپارنى ئۇرۇپ ئازار بەردىڭىز. ئاقىۋەتتە شۇم موماي بىزنىڭ بىردىن-بىر تايانچىمىز بولغان خاسىيەتلىك ئۈزۈكنى ئوغرىلاپ قېچىپتۇ. ئەمدى بىز قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ. ئىسكەندەر سەۋەنلىكىنى بويىنىغا ئېلىپ:

— مەلىكەم، جىمى گۇناھ مەندە، مەن ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ كېتىپتىمەن. بولغۇلۇق بولدى، قانچە قاقشىساقمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئۈزۈكسىزمۇ كۈنىمىز ئۆتەر، بېغىمىزدا ھەممە نەرسىمىز تەلغۇ، — دەپ گۈلزامانغا تەسەللى بېرىپتۇ.

ئۇلار ئۆزلىرىگە ئەنە شۇنداق تەسەللى بېرىپ بىرنەچچە كۈن خاتىرجەم ئۆتكەندەك قىلىسىمۇ، لېكىن يەنە قانداقتۇر بىرەر پېشكەللىكنىڭ شەپىسى كېلىۋاتقاندەك، كۆڭۈللىرى غەمگە پېتىپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارنىڭ بېغىغا بىر توپ كارۋان كېلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇن قېچىرغا ئۇن كوزا يۈكلەنگەن، بىر قېچىرنىڭ كەينىدە بىردىن ئادەم بولۇپ، كارۋان بېشى بىلەن ئون بىر كىشى ئىكەن. ئۇلارنىڭ چىرايلىرى سۈرلۈك، كۆزلىرى ئالاق - جالاق، قورقۇنچلۇق، ھەربىرى بىردىن خەنجەر، بىردىن قىلىچ ئېسىۋالغانىكەن. كارۋان بېشىنىڭ ئىسمى يۈسۈپ ئىكەن. ھەمراھلىرى ئۇنى گاھىدا يۈسۈپ پالۋان دېسە، گاھىدا يۈسۈپ قاۋان، دەپ ئاتايدىكەن. يۈسۈپ قاۋان مەلىكىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا يامان كۆزى بىلەن تىكىلىپ قاراپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭ قارا نىيىتىنى سېزىپ، بەدىنى شۈركۈنۈپ كېتىپتۇ.

مەلىكە يۈسۈپ قاۋاندىن ئۆزىنى تارتىپ، ئۇنىڭغا كۆرۈنمەي يۈرۈپتۇ. ئىسكەندەر ئۇلارغا ساھىبخانىلىق قىلىپ، ئىسسىق تائام، ئىسسىق شارابلارنى كەلتۈرۈپ مېھمان قىپتۇ. ئىككىلا ئادەم بار بۇ ماكاندا بۇنچىلىك ئىسسىق نەرسىلەرنىڭ بارلىقىغا ئەجەبلەنگەن يۈسۈپ قاۋان سىر ئېلىش غەرىزىدە، ئىسكەندەردىن:

— ئۈچ تەرىپى چەكسىز چۆل، بىر تەرىپى تاغ بىلەن تۇسۇلغان، ئادەمزاتتىن ناھايىتى يىراق بۇ ماكاندا بۇنچىلىك ئىسسىق نەرسىلەرنى قەيەردىن ئالىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. ئىچكەركى ئۆيدە تۇرۇپ بۇلارنىڭ سۆز - ھەرىكىتىنى كۆزدىتىپ تۇرغان گۈلزامان يۈسۈپ قاۋاننىڭ سوئالىنى ئاڭلاپ، ئىسكەندەر جاۋابقا ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە، ئىچكەركى ئۆيدىن چىقىپتۇ. يۈسۈپ قاۋان باشلىق كارۋانلار تەڭلا گۈلزامانغا قاراپتۇ، قاراپلا ھوشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ. گۈلزامان ئۇلاردىن سىر ئېلىپ تېگى - تەكتىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە، ئۆزى ساھىبخانىلىق قىلىپ، ئۆز قولى بىلەن مەي - شاراب قۇيۇپتۇ. ئۇلارنى شاراب ئىچىشكە، نازۇ نېمەتلەرنى يېيىشكە ئارقا - ئارقىدىن تەكلىپ قىپتۇ. كارۋانلار شارابنىڭ ياخشىلىقىنى ماختىشىپ ھە دەپ ئىچىۋېرىپتۇ، ئەمما يۈسۈپ قاۋان ئىچمەي، يەپلا ئولتۇرۇپتۇ. ئىسكەندەر ئۇنى مەيگە تەكلىپ قىلغانىكەن، ئۇ بايىقى سوئالنى يەنە تەكرارلاپتۇ. ئىسكەندەر جاۋاب بەرگۈچە گۈلزامان ئاتايىن:

— بىزدە بىر خاسىيەتلىك قىلىچ بار، ئۇنىڭدىن نېمىنى تەلەپ قىلساق، شۇئان ئۇنى تەل قىلىپ بېرىدۇ، باغنى تاغ، تاغنى باغ قىلالايدۇ، ئادەمنى ھايۋان ۋە دەل - دەرەخكە ئايلاندۇرۇپ قويالايدۇ. ياۋ بىلەن ئېلىشىپ قالغىنىمىزدا، بىر شىلتىسەك يەتمىش غۇلاچ ئۆزىرايدۇ. مۇشۇ باغ، ئالدىڭلاردىكى

نازۇ نېمەت بىلەن ئىبسىل شارابلار شۇ قىلىچنىڭ خاسىيىتى-دىن پەيدا بولغان، — دەپتۇ.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ كارۋانلار كۆزىنى چۆچەكتەك قىلىپ بىر - بىرىگە قورقۇنچ بىلەن قارىشىپتۇ. يۇسۇپ قاۋانمۇ قورقۇپتۇ، لېكىن قورققانلىقىنى بىلىندۇرمەسلىك ئۈچۈن بىپەرۋا قىياپەتتە ئولتۇرۇپتۇ، ئانچە - مۇنچە يەپتۇيۇ، زادى ئىچمەپتۇ. ئۇنى قىلىپ، بۇنى قىلىپ كۈن كەچ بولغاندا زىيا-پەتتىن تارقىشىپتۇ. ئىسكەندەر بىلەن مەلىكە ھۇجرىسىغا كىرىپ، بۇ كېچە ئۇخلىماي سەگەك تۇرۇشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ.
يۇسۇپ قاۋان باشلىق بۇ ئون بىر كىشى ئەسلىدە كارۋان بولماستىن، كارۋان قىياپىتىگە كىرىۋالغان قاراقچىلار ئىكەن، ئۇلار بۇ يەرگە غەنىيمەت ئىزدەپ كېلىپ قالغانىكەن. ئۇلار بۇ گۈزەل، باي، مەئىشەتلىك ماكانىنىڭ خوجايىنىمۇ، پۇقراسىمۇ ئىككى ئادەملىكىنى بىلگەندىن كېيىن، يۇسۇپ قاۋان ئىسكەن-دەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، گۈلزامانى ئولجا ئورنىدا ئېلىپ قېلىش-نى، باغنى ئۆزلىرىنىڭ ماكانى قىلىۋېلىشنى ئويلىغانىكەن. گۈلزامانىڭ خاسىيەتلىك قىلىچ توغرىسىدىكى گېپىنى ئاڭلاپ، يۇسۇپ بۇلارغا قول سېلىشتىن قورقۇپ، بىر ئامال قىلىپ گۈلزامانى ئېلىپ قېچىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. يۇسۇپ قاۋان تۈن تەڭ بولغاندا، ئىسكەندەرلەر ياتقان ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن بىھوشلاندۇرۇش دورىسى بىلەن ئىس ساپتۇ. ئىسكەندەر بىلەن گۈلزامانىڭ بۇرنىغا غەلىتە، ئەمما خۇشبۇي بىرنەرسىنىڭ پۇرىقى گۈپپىدە ئۇرۇلۇپتۇ. ئۇلار بۇ پۇراقنىڭ نېمە ئىكەنلى-كىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە بىردىنلا بېشى قېيىشقا، كۆزى قاراڭغۇلىشىشقا باشلاپتۇ، بەدەنلىرى بوشىشىپ، پۇت - قول-لىرى جانسىزلىشىپتۇ. قىسقىسى، ئۇلار تىرىك مۇردا بولۇپ، ھەيكەلدەك قېتىپ قاپتۇ... بىر چاغدا مەلىكە گۈلزامان كۆ-

زىنى ئاچسا، ئۆزى نامەلۇم بىر غارنىڭ ئىچىدە تۇرغۇدەك. ئۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئىسكەن-دەر ! ئىسكەندەر !» دەپ توۋلاپتۇ.

— ئىسكەندەرىڭىز بېغىدا تىرىك مۇردا بولۇپ قالدى. ئەمدى مەن سىزنىڭ ئىسكەندەرىڭىز، بېگىڭىز بولىمەن. ئۇ بىرنېمىڭىزنى ئۇنتۇپ كېتىڭ. ھېلىقى قىلىچىڭىزنىمۇ قولغا چۈشۈردۇم، ئۇنىڭ كارامىتىنى ئەمدى مەن كۆرسىتىمەن، — دەپتۇ يۈسۈپ قاۋان. ئۇ قىلىچ توغرىسىدىكى گەپكە ئىشىنىپلا قالغانىكەن. ئۇنىڭ بۇ ئاجىزلىقىنى بىلىۋالغان گۈلزامان ئەقلى-نى ئىشقا سېلىپ، ئۇنى يەنە بىر قورقۇتماقچى بوپتۇ ـ دە:

— يالغان سۆزلەۋاتىسەن ! ئۇ قىلىچ ھەرگىز سېنىڭ قو-لۇڭغا چۈشمەيدۇ. ئۇ سېھىرلەنگەن قىلىچ، سېھىري سۆز ئېيت-تىلمىغۇچە ئېلىشقا سۇنۇلغان قولنى كېسىپ تاشلايدۇ. سەن ئۇ سېھىري سۆزنى بىلمەيسەن. سەن ئىسكەندەر بىلەن ئىككىمىزنى بىھوش قىلىپ قويۇپ، مېنى بۇلاپ كەپسەن. ئىسكەندەر تىرىك، ئۇ ھوشىغا كېلىپلا قىلىچنى ئېلىپ مېنى ئىزدەپ چىقىدۇ، سېنى چوقۇم تاپىدۇ. ئۇنىڭ تۇلپارىنىڭ ئىز پۇراش خۇسۇ-سىيىتى بار، سەن جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە بېرىۋالساڭمۇ چوقۇم تېپىۋالىدۇ، سېنى ئامان قويمايدۇ ! — دەپتۇ.

يۈسۈپ قاۋان مەلىكە گۈلزاماننىڭ بۇ گېپىگىمۇ ئىشەن-نىپتۇ، ئۇنى قاتتىق قورقۇنچ ۋەھىمىسى بېسىپتۇ. ئىسكەندەر راستىنلا ئىز پۇرار تۇلپارىغا مىنىپ، قىلىچنى كۆتۈرۈپ كېلىپ قالسا قانداق قىلارمەن، دەپ غەمگە چۈشۈپتۇ. بىر-دىنلا ئۇنىڭ كاللىسىغا گۈلزاماندىن پايدىلىنىپ سېھىرلىك قىلىچنى قولغا چۈشۈرۈش ئويى كەپتۇ ـ دە، گۈلزامانغا زور-لۇق قىلىش نىيىتىدىن ۋاز كېچىپ، «سېھىري سۆز» نى بى-لىۋالماقچى بوپتۇ. يۈسۈپ قاۋان دەسلەپ گۈلزاماننى «سېھىري

سۆز»نى ئېيتىپ بەرسە ئۆز جايىغا يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئالداپ بېقىپتۇ، كېيىن قورقۇتۇپتۇ، بىراق كۆز-كىنىدەك جاۋابقا ئېرىشەلمەپتۇ.

ئالداش ۋە قورقۇتۇش بىلەن مەقسىتىگە يېتەلمەسلىكىگە كۆزى يەتكەن يۈسۈپ قاۋاننىڭ راستىنىلا قاۋانلىقى، يىرتقۇچلۇقى تۇتۇپتۇ. گۈلزاماننى ئېسىپ قويۇپ قىل ئارغامچا بىلەن ئۇرۇپتۇ، ئاندىن قوتاز تاسمىسىدا ياسالغان قامچا بىلەن ئۇرۇپتۇ. قامچا زەربىسىدىن گۈلزاماننىڭ پۈتۈن بەدىنى تىتىلىپ كېتىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ مەلىكە گۈلزامان ئىسكەندەرنى، سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىنى سېتىۋېتىشنى ئۆزىگە زادىلا راۋا كۆرمەپتۇ. تاياق، قامچا بىلەن گۈلزاماننىڭ ئىرادىسىنى بويسۇندۇرالمىغان يۈسۈپ قاۋان ئۇنى كۈندە ئون چاقىرىم يەردىن بىر يۇدۇم تىكەن ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپ، كەينىگە ئاتارمىدىن بىرنى سېلىپ قويۇپتۇ. ئاتارمىنىغا گۈلزاماندىن بىر ئامالالاپ «سېھرىي سۆز» توغرۇلۇق گەپ ئېلىشنى تاپىلاپتۇ. گۈلزاماننىڭ قامچا زەربىدىن تىتىلغان بەدىنىگە تىكەن سانجىلىپ تېخىمۇ ئازابلىنىپتۇ، شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئازابقىمۇ چىداپتۇ. يۈسۈپ قاۋاننىڭ ئاتارمىنى بىر ئېغىزمۇ گەپ ئالالماپتۇ. ئۇ ئەھۋالنى يۈسۈپ قاۋانغا ئېيتىپتۇ. يۈسۈپ قاۋاننىڭ يەنە ۋەھشىيلىكى تۇتۇپ، شۇ كېچىسى گۈلزاماننى تېخىمۇ قاتتىق ئازابلاشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. كۈن پاتارغا يېقىن ئۇنىڭ «ئوۋ ئوۋلاش»قا كەتكەن ئادەملىرى بىرنەچچە ئات، قېچىرغا بۆلاپ تاپقان ئالتۇن ـ تىللا، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى ئارتىپ قايتىپ كەپتۇ. ئولجىنىڭ كۆپلۈكىدىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن يۈسۈپ قاۋان ئاۋۋال ئاخشامدىلا قازان ـ قازانغا ئۆلتۈرۈلگەن كېيىك ـ جەرەنلەرنى پۈتۈن ـ پۈتۈن سېلىپ، هاراق ـ شاراب ئىچىشكە باشلاپتۇ. تۈن يې-



رىم بولمايلا قاراق-
چىلار غەرق مەست
بولۇپ، ئۆلۈكتەك يې-
تىشىپتۇ. پۇرسەتنى
غەنىيمەت بىلگەن
گۈلزامان غاردىن چى-
قىپتۇ-دە، باغلاقلىق
ئاتتىن بىرنى مىنىپ
قېچىپتۇ. ئەتىسى
چۈشكە يېقىن يۇسۇپ
قاۋان مەستلىكتىن
يېشىلىپ قارىسا،
گۈلزامان يوق. سىرت-
قا چىقىپ قاراپ ئات-
نىڭ بىرىنىڭ يوقلۇ-
قىدىن گۈلزامانىنىڭ
قاچقانلىقىنى بىلىپ،
ئىز بېسىپ قوغلاپتۇ.
كەچكە يېقىن قاراقچىلار گۈلزامانىنى قوغلاپ تۇتۇۋاپتۇ. غارغا ياندۇرۇپ ئەكېلىپ ئاسماققا ئېسىپ قويۇپ قىيناپتۇ. گۈلزا-مان بىر ئېغىزمۇ «ۋاي» دېمەپتۇ. ئۇنىڭغا بىر كېچە-كۈن-دۈز يا بىر بۇردا نان، يا بىر يۇتۇم سۇ بەرمەپتۇ. ئاچ-زې-رىنلىق، قىيىن-قىستاق، تاياق زەربىسى ۋە ئۇنىڭغا جۇپ-تىگارى ئىسكەندەرنىڭ جۇدالىق دەردى قوشۇلۇپ، گۈلزامانىنىڭ هالى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ، يۈزىدە قان دىدارى قالماي سارغىيىپتۇ، ئورۇقلاپ بىر تېرە-بىر سۆ-ڭەك بولۇپ قاپتۇ. ئۇ غارنىڭ ئاغزىدا سۈزۈك كۆك ئاسمانغا

قاراپ ياتقان كۆنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۈچۈپ يۈرگەن بىر توپ تاغ كەپتىرىنى كۆرۈپتۇ. توساتتىنلا كەپتەرلەر غۇژمەكلىشىپ-تۇ، گۈلزامان بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ تۇرسا، كەپتەرلەرنىڭ ئەتراپىدا ئەگىپ يۈرگەن بىر لاچىننى كۆرۈپتۇ. لاچىن كەپ-تەرلەرنى پارچىلاشقا ھەم ئۆلارنىڭ ئۈستىگە ئۆرلەپ چىقمۇۋې-لىشقا ئۇرۇنغانسېرى كەپتەرلەر تېخىمۇ غۇژمەكلىشىپ، بار-غانسېرى يۇقىرى ئۆرلەپ، لاچىنغا زادى بوي بەرمەپتۇ. لاچىن ئىلاجسىز پەسلەپ، باشقا تەرەپكە ئۇچۇشقا باشلاپتۇ. دەل شۇ ئارىلىقتا ئىككى كەپتەر پەيدا بوپتۇ. باياتىن نەپسىنى قاند-دۇرالماي تاقىتى - تاق بولغان لاچىن ئىككى يېتىم كەپتەر-گە ئۆزىنى ئېتىپتۇ. كەپتەرلەر ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپتۇ. لاچىننىڭ كۆتكىنىمۇ شۇ ئىكەن، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئىككى كەپتەرنىڭ بىرىنى قاماللىغىنىچە پەسكە شۇڭغۇپ كېتىپتۇ. توپ كەپتەرنىڭ لاچىنغا بوزەك بولمىغانلىقى، توپتىن ئايرىلغان يالغۇز كەپتەرنىڭ بولسا لاچىنغا ئوڭايلا يەم بولۇپ كەتكەنلىكى گۈلزاماننى چوڭقۇر ئويغا سايپتۇ. يۇرتىدىن چىقار چاغدا، دادىسىنىڭ:

يۇرتتىن يىراق كېتىپ قانداق ئۆتەرسەن؟
يار - يۆلەكسىز نېمە كۈننى كۆرەرسەن؟
تىلسىم باغدا تەييارنى يەپ ئۆتسەڭمۇ،
يۇلتۇز ئوخشاش ئىزسىز ئېقىپ ئۆچەرسەن.

دەپ ئېيتقان قوشىقى ئېسىگە كەپتۇ، يۇرتىنىڭ، ئەھلى قوۋمىنىڭ قەدرىگە يەتكەندەك بوپتۇ. بولار ئىش بولدى، ھەرقانچە پۇشايمان قىلسامۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئىسكەندەرگە بولغان ئەقىدە - ۋاپادارلىقىمنى ساقلاپ، پاك پېتىم ئۆلۈپ كەتسەم مەيلى، ئەمما

قاراقچىلارغا ھەرگىز باش ئەگمەيمەن، دېگەنلەرنى ئوي ـ خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە ئىچىدە تۆۋەندىكى قوشاقنى ئوقۇپتۇ:

باھار كەتتى، ياز كەلدى،
كۆل بويىغا غاز كەلدى.
كېچىدىكى چۈشۈمدە
غايىبتىن ئاۋاز كەلدى.
يۈرتنى تاشلاپ چىققانتىم،
بۇ كۆرگۈلۈك ئاز كەلدى.

قىزىلگۈلۈم، قىزىلگۈل،
كۆز ئالدىمدا سىياقى.
دىماغىمدىن كەتمەيدۇ،
ئۇنىڭ خۇشبۇي پۇراقى.
سۆيگۈمنى ئۇزەلمەدى
قاراقچىنىڭ قىيناقى.

يۇسۇپ قاۋان ھەرقانچە قىلىپمۇ گۈلزاماندىن قىلىچ تىغىدىن قورقمايدىغان، ئۇلۇق بىر ئىغىزمۇ سۆز ئالالماپتۇ ياكى ئىسكەندەردىن كۆڭلىنى ياندۇرالماپتۇ. قاراقچىلىق پەيلىگە ئېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىمۇ ئويلاپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ مال ـ دۇنياغا تويماس نەپسى گۈلزاماننى مۇشۇنداقلا ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قويماپتۇ، بەلكى ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسن ـ جامالىدىن پايدىلىنىپ ئاز ـ تولا نەپ ئۇندۇرۇۋېلىشقا ئۇندەپتۇ. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئۇنى سېتىپ پۇل تېپىۋېلىش قارارىغا كەپتۇ.

گۈلزاماننى شۇ ئەتراپتىكى بازارغا ئېلىپ بېرىپ ھامماندا يۇيۇندۇرۇپتۇ، چېچىنى قىرىق ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈپ، زىبۇ زىننەتلەرنى تاقاپتۇ، تاۋار ـ دۇردۇندىن ئۇستۈۋاش كىيدۈرۈپ يا-

ساندۇرۇپتۇ. ئاندىن ئۇنى تارىمنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى ئاۋات بىر شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ مىڭ تىللا باھا قويۇپ بازارغا ساپ-تۇ. نۇرغۇن خېرىدارنىڭ گۈلزاماننى سېتىۋالغۇسى كەلسىمۇ، باھاسىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن قورىبى يەتمەي ئالالماپتۇ. بۇ شەھەر سۇلايمان شاھ دېگەن پادىشاھنىڭ دىيارى بولۇپ، ئۇنىڭ شىرئە-لى ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىكەن. يۇسۇپ قاراقچى گۈلزاماد-نى بازارغا سالغان كۈنى شاھزادە شىرئەلى شەھەر سەيلىسى قى-لىپ، خاس يىگىتلىرى بىلەن كوچىغا چىققانىكەن. ئۇ شەھەر كوچىلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ گۈلزاماننى كۆرۈپ قاپتۇ. گەرچە گۈلزاماننىڭ رەڭگىرويى سېرىق، بەكلا ئورۇق بولسىمۇ، تېگى - تېگىدىن ساھىبجامالىلىقى مانا مەن دەپ تۇرغان چىرايىغا، ئەقىل - پاراسەت يېغىپ تۇرغان كۆزىگە قاراپلا ئۇنى كېنىزەك-لىككە سېتىۋېلىشنى ئويلاپتۇ. ئۆزىگە ياراپ قالغان مالنى باھا تالاشمايلا سېتىۋالىدىغان شاھزادە مىڭ تىللاغا گۈلزاماننى سې-تىۋاپتۇ. گۈلزامان كۆڭلىدە ئوغرىدىن قۇتۇلۇپ، قاراقچىنىڭ قولىغا چۈشكەندىمەنمۇ دەپ، ئۆزىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىدىن ئەندىشە قىلىپ، شىرئەلىگە قاراپتۇ. شىرئەلىنىڭ كۆزى ۋە چىرايىدىن رەھىمدىل، مۇلايىملىقىنىڭ شولىسىنى كۆرگەندەك بولۇپ، كۆڭلى بىر ئاز خاتىرجەم بوپتۇ.

شىرئەلى گۈلزاماننى ئەگەشتۈرۈپ ئوردىغا قايتىپ، گۈلزا-ماننى مەخسۇس مۇلازىملارغا تاپشۇرۇپتۇ. ئوبدان كۈتۈش نەتى-جىسىدە گۈلزامان كۈندىن - كۈنگە ئۆز ئەسلىگە كېلىشكە باشلاپتۇ. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە ئۇ تولۇق ئەسلىگە كېلىپ، ئوردىدىكى ھەرقانداق ساھىبجامال كېنىزەكلەردىن چىرايلىقلى-شىپ كېتىپتۇ. شىرئەلى گۈلزاماننىڭ ھۆسن - جامالىغا قاراپ، ئۇنى قولluقتىن ھۆرلۈككە چىقىرىپ، باش كېنىزەكلىك مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي شاھزادە شىرئە-

لى گۈلزامانغا ئۆيلىنىش مەقسىتىنى بىلدۈرۈپ خاس كېنىزەك-لەردىن بىرىنى كىرگۈزۈپتۇ. گۈلزامان شاھزادىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغاندىن كېيىن، ئىنىكئانىسىنى كىرگۈزۈپتۇ. بۇ قې-تىممۇ گۈلزاماننىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان شاھزادە ئەجەبلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى سۆزلەشمەكچى بو-لۇپ، گۈلزاماننىڭ يېنىغا كىرىپتۇ.

— مەن سىزنى مىڭ تىللاغا سېتىۋالدىم، قۇللۇقتىن ئازاد قىلىپ ھۆرلۈك بەردىم، باش كېنىزەكلىك ئورۇنى بەردىم، يەنە ئوردا مەلىكىسى قىلىۋالاي دېسەم، تەكلىپىمنى نېمىشقا ماقۇل كۆرمەيسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىز مىڭ تىللاغا مېنىڭ قارا كۆچۈمنى سېتىۋالدى-ڭىز، ئەمما مېنىڭ كۆڭلۈمنى، مۇھەببىتىمنى سېتىۋالمىدى-ڭىز، سېتىۋېلىشىڭىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. كۆڭۈل پۇلغا سې-تىۋالغىلى بولىدىغان مال - مۈلۈك ئەمەسقۇ. مەن سىزگە قول بولۇپ ئىشلەشكە رازى، لېكىن ئۆزۈمنى سىزگە قوبۇل قىلالمايمەن، — دەپ گۈلزامان شاھزادىنىڭ تەلىپىنى چىرايى-لىق گەپ بىلەن رەت قىپتۇ.

— مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، سىزدىن تىلەي، تەلىپىم-نى ماقۇل كۆرسىڭىز، — دەپتۇ شىرئەلى يەنە. گۈلزامان يەنە چىرايلىقچە:

— كۆڭۈل، مۇھەببەت تىلىۋالىدىغان بىر پارچە نان ئەمەس-قۇ. مېنى خىجىل قىلماڭ، بۇ ھەقتە ماڭا ئىككىنچى ئېغىز ئاچمىسىڭىز، — دەپ كۆزىگە لىققىدە ياش ئاپتۇ ۋە، — بىر ئەرنىڭ بىرنەچچە خوتۇن ئېلىشىغا بولىدۇ، ئەمما بىر ئايالنىڭ بىرنەچچە ئەرگە تەگكىنى بارمۇ؟ — دەپتۇ ھەم ئۆزىنىڭ ئېرى بارلىقىنى، ئۆلگۈچە ئېرىگە ئەقىدە ساقلايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئازاب، خورلۇق تارتسىمۇ چىدايدىغانلىقىنى

ئېيتىپ يىغلاپتۇ.

— ئېرىڭىزنىڭ ئىسمى كىم؟ ئۇ ھازىر نەدە؟ قانداقسىگە قۇل بولۇپ قالدىڭىز؟ — دەپ گۈلزامانىنىڭ سۆزىدىن تەسىرلەنگەن شاھزادە شىرئەلى گۈلزاماندىن سوراپتۇ.

گۈلزامان شىرئەلىگە ئۆزى ۋە ئىسكەندەر توغرۇلۇق ھەممىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ، يۈسۈپ قاۋاننىڭ زۇلۇم - زورلۇقلىرىنى بىرمۇبىر دەپ، تارتىنىپ تۇرۇشنىمۇ ئۇنتۇپ، بەدەنلىرىدىكى يۈسۈپ قاراقچى قالدۇرغان جاراھەت ئىزلىرىنى كۆرسىتىپتۇ.

ئەسلىدە كۆڭلى يۇمشاق، رەھىمدىل شىرئەلى گۈلزامانىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ، بەدەنلىرىدىكى قامچا، تاياق ئىزلىرىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئېزىلىپتۇ. تەن جاراھىتى ئۇستىگە تۇز سەپكەندەك، ئۆز كۆڭلىنى دەپ گۈلزامانىنىڭ دىلىنى يېگىدىن ئازابلىغانلىقىغا خىجىل بولۇپ، گۈلزامانغا ئۆيلىنىش تەلىپىنى ئەمدى قويمايدىغانلىقىنى، يۈسۈپ قاراقچىدىن چوقۇم ئىنتىقام ئېلىپ بېرىپ، ئېرى — ئىسكەندەرگە ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مەلىكە گۈلزامان:

— ئۇ ياۋۇز قاراقچىنىڭ جاجىسىنى خۇدايىم ئۆزى بېرەر، ھازىر ئىنتىقام ئېلىشقا ۋاقىت يوق. بىر كۈن بالدۇر بولسىمۇ ئىسكەندەرنى تاپسام دەيمەن، ئۇ ھازىر تىرىكمۇ، ئۆلۈكمۇ؟ تىرىك بولسا قايسى ھالدا، بىلمەيمەن، — دەپتۇ.

شاھزادە شىرئەلى ئۆز لەۋزىگە ئەمەل قىلىپ، ئىككى كۈن تەييارلىق قىلغۇالغاندىن كېيىن، ئىسكەندەرنى تېپىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇنىڭ يۇرتىغا قاراپ، مەلىكە گۈلزامانىنى ئېلىپ، بىر قانچە ھەمراھلىرى بىلەن يولغا ئاتلىنىپتۇ.

ئەمدى گەپنى ئىسكەندەردىن ئاڭلايلى:

ئىسكەندەر ئىككى كۈندىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ قارىسا، گۈلزامان يوق تۇرغۇدەك. باغقا چىقىپ قارىسا، ئۇ يەردىمۇ

يوق، كارۋانلارمۇ يوق، گۈلزاماننى كارۋانلارنىڭ ئېلىپ كەت-كەنلىكىنى جەزم قىپتۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ يېنىپ-تۇ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، يۈرەك - باغرى ئازابقا تولۇپتۇ. خاسىيەتلىك ئۈزۈكتىنمۇ، گۈلزاماندىنمۇ ئايرىلىپ قالغانلىد-قىنى ئويلاپ ئىچ - ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلاپتۇ. ئىككى كۈن ئىچىدىلا باغمۇ غازاڭ بېسىپ، گۈللەر يوپۇراق چاچمايدىغان، مېۋىلەر پىشماي تۆرۈپلا تۆكۈلۈپ كېتىدىغان ھالەتكە كېلىپ قاپتۇ، بولۇپمۇ قىزىلگۈل سولاشقىلى باشلاپتۇ. ئۇ ئوزۇقلۇق غەملەپ، يېنىغا ئازراق پۇل - پۈچەك سېلىپ، گۈلزاماننى ئىزدەپ: «يا رەببىم» دەپ يولغا چىقىپتۇ.

ئۇ گۈلزاماننىڭ نەدىلىكىنى بىلمىگەچكە، ئۇدۇل ئۆز يۇرتىغا قاراپ مېڭىپتۇ. بىر ئايدەك يول يۈرۈپ، يۇرتىنىڭ قارىسى كۆرۈن-گەندە دەرۋىشچە كىيىنىپ، يالغان ساقال - بۇرۇت بىلەن تونىنى ئۆزگەرتىپتۇ. شەھەرگە كىرىپ بىر ھەپتىگىچە تىڭ - تىڭلاپ، گۈلزاماننىڭ بۇ تەرەپكە كەلمىگەنلىكىنى بىلىپتۇ. كارۋان ئار-قىلىق ئاتىسىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ قالدىمىكىن دەپ، گۈلزامان-نىڭ يۇرتىغا قاراپ مېڭىپتۇ. خەيرىيەت، ئىسكەندەر مىڭ بىر جاپالار بىلەن گۈلزاماننىڭ يۇرتىغا بېرىپ ئۇقۇشقۇدەك بولسا، گۈلزامان بۇ يەرگىمۇ كەلمىگەن. گۈلزاماننى قانداق تېپىش، نەگە بېرىشنى بىلەلمەي بېشى قېتىپتۇ. سېھرىي بەندىتىن، مەخلۇقاتلىقتىن قۇتۇلدۇرغان ۋاپادار شەپقەتچىمنى ئىزدەپ تاپ-مىسام، ۋاپانى ئۇنتۇغان بولىمەن، ئىككىلا ئالەمدە قارا يۈز، تۈز كور بولىمەن، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، قانداق قىلىپ بولسۇن گۈلزاماننى چوقۇپ ئىزدەپ تېپىش كەمىرىنى باشقىدىن چىڭ باغلاپتۇ. ئۇ شۇ ئىرادە بىلەن شەھەرمۇشەھەر، مەھەللىمۇ-مەھەللە، سەھرا - قىشلاقلارنى ئارىلاپتۇ، ياتىدىغان جايى بول-مىسا، تاشلاندۇق ئۆي، قەبرىستانلىقلاردا تۈنەپتۇ، قورسىقى

ئاچقاندا تىلەپتۇ. ئۇ كەزمىگەن دەشت - چۆل، ئاشمىغان تاغ - داۋان قالماپتۇ. چاچلىرى ئۆسۈپ يەلكىسىگە، ساقاللىرى مەيدىسىگە چۈشۈپتۇ. كىيىملىرى تىتىلىپ، ئەت - يانلىرى ئېچىلىپ قاپتۇ، تاپان، ئالىقانلىرى چاك - چاك يېرىلىپتۇ، شۇنداق بولسىمۇ ۋاپادارى گۈلزاماننى ئىزدەش ئىرادىسىدىن يانماپتۇ. ئىسكەندەر ئۇيان مېڭىپ، بۇيان مېڭىپ، چەت - چېكى كۆرۈنمەس پايانسىز جەزىرە قۇملۇققا كىرىپ قاپتۇ. قۇملۇقتا بىر كۈن مېڭىپتۇ، ئىككى كۈنمۇ مېڭىپتۇ، قۇملۇقنىڭ چېتىنى كۆرەلمەپتۇ. ئۈچ كۈن بولدى دېگەندە چاڭقاپ، ئاغزىدا نەم دىدارى قالماپتۇ، كالپۇك - تىللىرى قۇرۇپ، بىر - بىرىگە يېپىشماس دەرىجىسىگە يېتىپتۇ. ئاچلىقتىن ھالسىزلىنىپتۇ، ماڭغۇدەك مادارى قالماپتۇ. بولالماي يىقىلىپتۇ، تىنىرەجەپ ئۆمىلەپ مېڭىپتۇ. ئىسكەندەرنىڭ ۋاپادارى گۈلزامان بىلەن قايتا دىدارلىششقا كۆزى يەتمەپتۇ، ھەتتا ھاياتىدىنمۇ ئۈمىد ئۈزۈپتۇ. ئۇ يەنە گۈلزاماننى، ئىككىسىنى بىر - بىرىگە باغلىغان قىزىلگۈلنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ. گۈلزاماننىڭ دادىسىنىڭ:

يۇرتتىن يىراق كېتىپ قانداق ئۆتەرسەن؟
يار - يۆلەكسىز نېمە كۈننى كۆرەرسەن؟
تىلسىم باغدا تەييارنى يەپ ئۆتسەڭمۇ،
يولتۇز ئوخشاش ئىزسىز ئېقىپ ئۆچەرسەن.

دېگەن نەسىھەتىنى ئويلاپتۇ. تەييار راھەت - پاراغەت تۇرمۇشنى دەپ ئەل - يۇرتتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىگە ئېچىنىپتۇ، پۇشايمان قىپتۇ. يۇرتۇمدا شاھ بولماي ئاددىي پۇقرا بولۇپ ئۆتسەممۇ، بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە، ياخشىلىق قىلىدىغان يار - يۆلەكلەر چىقاتتى، ئۆلسەم ئۇزىتاتتى، يۆيۈپ - كېپەنلەپ يەرلىكىمدە

قوياتتى. مانا ئەمدىچۇ؟ ! راستىتىنلا ئىزىسىز ئۆچىدىغان بولدۇم، كۆزۈمنى قاغا ـ قۇزغۇنلار يەيدۇ... دەپ ئويلاپتۇ.

ئەمدى شىرئەلى بىلەن گۇلزامانغا كەلسەك، ئۇلار ئىسكەندەرنى ئىزدەپ تىلسىملىق باغقا كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، باغ بۇرۇنقى ھۆسنىدىن كەتكەن، قىزىلگۇلمۇ سولاشقان، گۇللىرى ئېچىلىپ تۇرسىمۇ، بۇرۇنقىدەك چاقنىشى يوق، غۇنچىلىرىنىڭ بەرگى قۇرۇشقا باشلىغان. باغنىڭ پۈتۈنلەي نابۇت بولۇپ كەتمەي بار ـ يوقنىڭ ئارىسىدا بولۇپ قېلىشى خىسلەتلىك ئۇزۇكنىڭ كۆزىنىڭ باغدا قېپقالغانلىقىدىن ئىكەن. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، باغ ۋە بۇ يەردىكى بارلىق نەرسىلەر غايىب بولۇپ كېتىدىكەندۇق. بۇنى گۇلزامان ئويلاپ يېتىپتۇ. ئۇلار باغدىن ئىسكەندەرنى تاپالماپتۇ. گۇلزامان ئۇنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى جەزم قىلىپ، شىرئەلى بىلەن ئۇنى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ يۇرتمۇ ـ يۇرت كېزىپ بىر يىل ئىزدەپتۇ، زادى خەۋىرىنى ئالالماپتۇ. ئېھتىمال باغقا قايتىپ بېرىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىشىپ، تىلسىملىق باغقا قايتماقچى بوپتۇ. ئۇلار ئۆز يولىدا بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان قۇملۇققا كىرىپ قاپتۇ. بۇ چۆش مەزگىلى بولۇپ، ئاسمان چوغ، يەر قوغ بولغاندەك تومۇز ئىسسىقنىڭ قىيامىغا چىققان ۋاقتى ئىكەن. ئات ـ قېچىرلىرىمۇ ئىسسىققا چىدىيالماي قاپتۇ. ئۇلار سالقىن چۈشكەندە ماڭماقچى بولۇپ چېدىر ـ سايىۋەنلىرىنى تىكىپتۇ. مەلىكە گۇلزامان غەم تۇمانى باسقان كۆزلىرىنى بىپايان جەزىرىنىڭ يىراق جايلىرىغا تىكىپ يارى ـ جۈپتى ئىسكەندەرنى خىيال قىلىپ ئولتۇرغىنىدا، يىراق بىر جايدا قاغا ـ قوزغۇنلارنىڭ بىر نۇقتىنى ئەگىپ يۇرگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. شۇئان يۈرىكى بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك ئەنسىز سوقۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ

قېچىرىغا مىنىپتۇ - دە، ھېلىقى تەرەپكە مېڭىپتۇ. شىرئەلى بۇ ھالەتتىن بىرپەس ھەيران قاپتۇ. يىراقتا پەس ئەگىپ يۈرگەن قاغا - قوزغۇنلارنى كۆرۈپ، ئۇمۇ ئېتىنى مىنىپلا گۈلزامانىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. ئۇلار خېلى مېڭىپ، بىر قۇم دۆڭىدىن ئۆتۈپلا بىر جەسەتنى كۆرۈپتۇ، ئات - قېچىرلىرىدىن چۈشۈپ جەسەتكە قاراپتۇ. قاغا - قوزغۇنلار جەسەتنىڭ كۆزىنى ئويۇپ، ئەتلىرىنىمۇ يەپ تۈگىتىپ، ئۇستىخانلىرىنىلا قويغاچقا، تونۇشقا ئامالسىز قاپتۇ، لېكىن ئۇستىخانىنىڭ قۇرۇپ كەتمىگىنىگە قاراپ، ئۆلگىنىگە بىر - ئىككى كۈن بولغان جەسەتلىكىنى بىلىپتۇ. گۈلزامان ئەتراپقا قاراپ، جەسەتنىڭ يېنىدا قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغان لاتىنىڭ چىقىپ قالغان ئۇچىنى كۆرۈپ، لاتىنى تارتىپ ئېلىپ قاراپلا «ئىسكەندەر !» دەپلا جەسەتكە ئۆزىنى ئېتىپ، ھوشىدىن كېتىپتۇ. شىرئەلى لاتىنى قولىغا ئېلىپ قارىسا، تېخى تولۇق ئېچىلىپ بولمىغان بىر جۈپ قىزىلگۈل پورىكىنىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن چۇچىلىق يىپەك ياغلىق ئىكەن. شىرئەلى ئەھۋالنى چۈشىنىپ، قېچىرغا غانجۇغىلىغان قاپاقتىكى سۇدىن گۈلزامانىنىڭ يۈزىگە ئۈچ قېتىم چاچقاندىن كېيىن، گۈلزامان ھوشىغا كەپتۇ.

— بولار ئىش بوپتۇ، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ شىرئەلى. گۈلزامان:

— باغقا ئېلىپ بارايلى، — دەپتۇ.

ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ جەستىنى باغقا ئېلىپ بېرىپ، كېپەنلەپ قىزىلگۈل تۈۋىگە دەپنە قىپتۇ. ئۇلار بىر نەچچە كۈن باغدا قاتتىق قايغۇ - مۇسىبەت بىلەن ئۆتۈپتۇ. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، شىرئەلى گۈلزامانىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىدىغانلىقىنى سوراپتۇ.

— سىز كېتىڭ، مەن باغدا قالىمەن ! — دەپتۇ گۈلزامان.

شىرئەلى ئوشۇق گەپ قىلمايلا باغدىن كېتىپ، بىر ھەپتىدىن كېيىن بىرنەچچە كېنىزەكلەرنى بىللە ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ.

— سىز ئۆمرىڭىزنى ئىسكەندەرنىڭ تۇپرىقىنى تاۋاپ قىلىپ ئۆتكۈزمەكچى. يالغۇز قالسىڭىز بولمايدۇ، بۇ كېنىزەكلەر خىزمىتىڭىزدە بولسۇن، — دەپ ئۆزى قايتىپ كېتىپتۇ.

گۈلزامان شىرئەلىگە چەكسىز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئاقيول تىلەپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. شىرئەلى كەتكەندىن كېيىن، گۈلزامان كىچەيۇ كۈندۈز ئىسكەندەرنىڭ قەبرىسىدىن نېرى بولماپتۇ، ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ كۈندە ياغ يۇرىتىپتۇ. ئىسكەندەردىن باشقا ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭ ئوي ـ خىيالىغا كىرمەيدىغان بوپتۇ. يۇسۇپ قاۋاندەك قاراقچى، ياۋۇز، ئادەم سىياقىدىكى مەخلۇقلارنى ئۆز باغرىدا بېقىپ يۈرگەن بۇ دۇنيادىن تېزرەك كېتىشنى ئويلايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ مۇشۇ نىيەتتە كۈندە خۇدادىن ئۆلۈم تىلەپ يىغلايدىكەن.

شۇ يوسۇندا ئون يىل ئۆتۈپتۇ، يېشى ئوتتۇزغا بېرىپلا دەرد ـ ئەلەم، جۇدالىق، قايغۇ ـ مۇسىبەتتە قېرىپ، بەللىرى مۈكچىيىپتۇ، چاچلىرى قاردەك ئاقىرىپتۇ. كېچە ـ كۈندۈز يىغلاۋەرگەچكە، كۆز يېشىمۇ قۇرۇپتۇ. بۇ ئون يىل ئىچىدە دەل ـ دەرەخلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قۇرۇپتۇ، گۈللەرمۇ قورايغا ئوخشاپ قاپتۇ، باغ ئاستا ـ ئاستا چۆلدەرەشكە باشلاپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ گۈلزامان بۇ باغنى بۇرۇنقىدەكلا جەننەت ئورنىدا كۆرۈپ، كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ كەپتۇ. گۈلزامان ئوتتۇز ياشقا تولغان كۈنى ئۇنىڭ ئاھۇ زارلىق ئىلتىجاسى خۇداغا يېتىپ بەجا بوپتۇ. تۈنجى قار ياغقان بىر كۈنى ئىسكەندەرنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدىلا بۇ دۇنيادىن جىم ـ جىملا ئەبەدىي خوشلىشىپتۇ. كېنىزەك خىزمەتكارلار يىغا ـ زار ئىچىدە ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى تە-

لىپى بويىچە ئىسكەندەرنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغىلا دەپنە قىلىپ-تۇ، نەزىر - چىرىغىنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

گۈلزامان كۆز يۇمغان يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ، بۇرۇن يىل بويى ئېچىلىدىغان قىزىلگۈل باھاردىلا ئېچىلىپ، بىر مەزگىل-دىن كېيىن توزۇيدىغان بوپتۇ، بۇرۇن يىل بۇيى بەرگى - يو-پۇرماقلىرىدا شەبنەم كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇرىدىكەنتۇق، ئەمدى بولسا، بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقلارغا تولا يىغلاپ كۆز يېشى قۇرۇغاندەك، يوپۇرماقلىرى قۇرغاقلىشىپ قاپتۇ.

قىزىلگۈل توغرىسىدىكى بۇ چۆچەك ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا پاك مۇھەببەتنىڭ، شەپقەت - ۋاپادارلىقنىڭ ناماياندىسى بولۇپ، خۇددى تارىم سۈيىدەك ئۈزۈلمەي ئېقىپ كەلدى. بوۋام دادامغا ئېيتىپ بەرگەنىكەن، دادام ماڭا ئېيتىپ بەرگەن، مەن سىلەرگە ئېيتىپ بەردىم.



# تايغان بىلەن بۈركۈت

بۈرۈن بىر ئەر - خوتۇن بوپتىكەن. ئۇلارنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، خۇدادىن بىر قىز سوراپ يىغلايدىكەن. ئەر قېرى ئىكەن، خوتۇن ياش ئىكەن. ئۇلارنىڭ تىلىكى ئىجابەت بولۇپ، خوتۇن هامىلدار بوپتۇ. ئاي - كۈنى توشۇپ، ئۇ بىر قىز تۇغۇپتۇ. قىزى تۇغۇلغان كۈنى قوتاندىن بىر قوي يوقاپتۇ. ئوغلى هەيران بولۇپ بۇنى ئىزدەپ يۈرگەندە، يەنە بىر قوچقار يوقاپ كېتىپتۇ. بالا قولىغا قىلىچ ئېلىپ، ئاخشىمى قوتانغا كىرىپ، ئۇخلىماي ماراپ يېتىپتۇ. سەهەردە كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەنىكەن، يەنە بىر قوي يوقاپ كېتىپتۇ. ئەلەمگە چىدىمىغان بالا ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەپ: «خەپ !» دەپ قويۇپتۇ. ئىككىنچى كۈنى قولىنى كېسىپ تۇز سېلىپ، قولىنىڭ ئېچىشىشىغا ۋاي - ۋايلاپ قوتاندا ئۇخلىماي تۇرسا، ئاسماندىن بىر پارچە ئوت يۇلتۇزدەك ساقىپ قوتانغا چۈشۈپتۇ. بالا قىلىچ بىلەن بىر چاپقانىكەن، ئوت چىرقىراپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇ.

بالا بۇ ۋەقەگە هەيران بولۇپ، يورۇق چۈشكەندە ئېغىلغا قارىسا، كىچىك بالىنىڭ چىمەلتىكى تۇرغۇدەك. بالا بۇ ئەهۋالنى ئاتا - ئانىسىغا ئېيتىپتۇ. ئۇلار ئوغرىنى تاپماق بولۇپ، قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىدىن ئىزدەپتۇ، شەهەرنىڭ هەممە يېرىنى ئىزدەپتۇ، هېچ يەردىن تېپىلماپتۇ. ئانىسى كىچىكى بۆشۈككە يۆلە-

نىپ قىزنى ئېمىتىۋاتقاندا، كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەندەك بوپتۇ. شۇ چاغدا بۆشۈكتىن بىر ئوتنىڭ سوزۇلۇپ چىقىپ كېتىپ، يەنە سوزۇلۇپ كىرىۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ، شۇنداق بولسىمۇ، ئۆز قىزى ئۈستىدە يامان ئويغا كېلىش يۈرىكىگە پاتماپتۇ. ئەمما، ئوغلى سىڭلىسىنىڭ بىر چىمەلتىكىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ، ئانىسىغا:

— قارىغاندا، ماللارنى يەپ كەتكەن مۇشۇ قىزنىڭ ئوخشايدۇ. ئۇنى هازىر يوقاتمىساق، كېيىن بېشىمىزغا بالا بولىدۇ، شۇڭا قىزىڭنى ئۆلتۈرىمەن، — دەپتۇ.

بۇنىڭغا ئانىسى رازى بولماپتۇ، دادىسىمۇ ئۇنىماپتۇ. بالا جىق ئېيتىشىپتۇ، بىراق ئاتا - ئانىسى كۆنمىگەچكە ئىلاج قىلالماپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، ماڭا دۇئا بېرىڭلار، مەن بۇ شەهەردىن كېتىمەن، — دەپتۇ ئوغلى. ئاتا - ئانىسى يىغلاپ - قاقشاپ ئوغلىغا دۇئا بېرىپ، ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

ئوغۇل قولىغا بىر تال چىۋىق ئېلىپ يول مېڭىپتۇ، چۆللەرنى كېزىپتۇ، بىر كۆلنىڭ قېشىغا كېلىپ دەم ئاپتۇ. ئۇ قولىدىكى چىۋىقنى كۆل بويىغا سانجىپ قويۇپ، باشقا بىر شەهەرگە كېتىپتۇ، ئۇ شەهەرگە بېرىپ، بەش - ئون يىل مەدىكارلىق قىپتۇ، پۇل تېپىپ ئۆي ساپتۇ، مىنىدىغان ئات ئاپتۇ، بىر بۇركۇت بىلەن بىر تايغان بېقىپ، ئوۋچىلىق قىلىپ يۈرۈپتۇ، تۇرمۇشى ئاز - تولا تۈزەلگەندە ئۆيلىنىپتۇ. يىل ئۆتۈپتۇ، ئۇنىڭ خوتۇنى هامىلىدار بولۇپ بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. خوتۇنى تۇغقان كۈنلەردە بۇ يىگىت ئاتا - ئانىسىنى ئەسلەپتۇ، ئانىسىنىڭ تۇغقان قىزنى ئېمىگە ئاپتۇ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى سېغىنىپتۇ. بۇنى خوتۇنى سېزىپ:

— نېمە خىيال سۈرۈۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپ قاپتۇ.

ئۇ ۋەقەنى خوتۇنىغا ئېيتماپتۇ، ئەمما خوتۇنىنىڭ بېشىنى سىلاپ، پېشانىسىگە سۆيۈپتۇ.

— ئېيتىڭ، — دەپتۇ خوتۇنى.

— ئاتا - ئانامنى كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ ئاخىر يىگىت.

— بېرىپ كۆرۈپ كېلىڭ، — دەپتۇ خوتۇنى.

— سەن يېڭى تۇغۇتلۇق تۇرساڭ، مەن قانداق بارىمەن؟ ئەڭ بولمىغاندا بالىمىزنىڭ قىرقى سۈيىنى قۇيۇپ بولۇپ ئاندىن باراي، — دەپتۇ يىگىت.

ھەش - پەش دېگۈچە قىرىق كۈن ئۆتۈپتۇ. يىگىت بالىسىنىڭ بۆشۈك تويىنى ئۆتكۈزۈپ، ئاتا - ئانىسىنى كۆرۈشكە تەييارلىنىپتۇ. ئۆيدىن چىقىش ئالدىدا ئۇ بىر قاچىغا سۈت، بىر قاچىغا قېتىق قۇيۇپ قويۇپتۇ، بۆركۈتنى قونداقتا قوندۇرۇپ، تايغىنىنى تۇۋرۈككە باغلاپتۇ، ئاندىن كېيىن خوتۇنىغا:

— سەن ۋاقتى - ۋاقتىدا بۇ سۈت بىلەن قېتىققا قاراپ تۇرغىن، ئەگەر سۈت قانغا، قېتىق يىرىڭغا ئايلانسا، تايغان بىلەن بۆركۈتنى قويۇپ بەرگىن، — دەپتۇ. بۆركۈتى بىلەن تايغىنىغا يېقىن بېرىپ، ئۇلارنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئەگەر بېشىمغا ئېغىر كۈن چۈشسە، مەن سىلەرنى ئۈچ قېتىم ۋارقىراپ تۇرۇپ چاقىرىمەن، شۇ چاغدا ئۇلگۈرۈپ بارساڭلار مەن ئامان قالىمەن، بولمىسا، بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلىمىز، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خوتۇنىنى، ئوغلىنى، بۆركۈتىنى سۆيۈپ، تايغىنىنى سىلاپ ئەركىلىتىپ قويۇپ، تۇغۇلغان يۇرتىغا قاراپ راۋان بوپتۇ.

ئۇ ئۇزۇن مېڭىپتۇ، كۆل تۇۋىگە كەپتۇ، ھېلىقى سانجىپ قويغان چىۋىقى كارامەت يوغان دەرەخ بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ

سايىسىدە هاردۇق ئېلىپ، ئېتىنى ئوتقا چالدۇرۇۋېلىپ، يەنە مېڭىپ كېتىپتۇ. ئۇ شەھەرگە يېقىن بېرىپ قارىسا، شەھەر پۈتۈنلەي ئەسكى تام بولۇپ قالغان، قىمىرلىغان جان كۆرۈنمەپتۇ، دەرەخلەر سۇسىراپ قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قاپتۇ، ئەسكى تاملار جىنخانىدەك كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ توختاپ ئويلاپتۇ، بىر تۇرۇپ قايتىپ كەتمەك بوپتۇ، شۇنداق ئويدا تۇرسا، بىرلا تۇرخۇندىن ئىس چىقىۋاتقانلىقى چېلىقىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، شۇنچە يەردىن كېلىپ، ئەھۋالنى ئۇقماي كەتسەم مەردلىك بولماس دەپ، ھېلىقى تۇرخۇندىن ئىس چىقىپ تۇرغان ئۆينىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەپتۇ. ئۆي ئىچىدىن پېشانىسىدە بىر كۆزى بار بىر قىز چىقىپ:

— ئەسسالام، ۋاي سادىقىڭىز بولاي، مېنىڭ ئاكامغۇسىز! — دەپ ئاكىسىنى تونۇۋاپتۇ، ئۇنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، ئۆيگە باشلاپتۇ. ئاكىسىمۇ سىڭلىسىنىڭ بوۋاق ۋاقتىدا ئۆزى چېپىۋەتكەن چىمەلتىكىگە قاراپ تونۇپتۇ، ئەمما پېشانىسىدىكى بىر كۆزىنى كۆرۈپ ئىمانى قىرىق گەز ئۆرلەپتۇ. ھەممە ۋەقە چۈشىنىشلىك بولغاچقا، سىڭلىسىدىن ئاتا - ئانىسىنىمۇ سورىماپتۇ، لېكىن ئاشۇ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنى پۈتۈن شەھەر خەلقىگە قوشۇپ، توخۇ - تومان، مال - ۋارانلارنىمۇ قويماي يەپ بولغانلىقىنى خىيالىدىن كەچۈرۈپتۇ. قىز شۇ ئارىدا:

— ئاكا، قورسىقىڭىز ئاچقاندۇ، مەن سىزگە ئاش ئېتىپ بېرەي، — دەپتۇ، ئەمما كۆڭلىدە، مېنىڭ بىر چىمەلتىكىمنى چاپقانلىقىڭ ئۈچۈن، سېنى بىر يالماپ يەۋەتمەي، تىرىكلا قايناق سۇغا سېلىپ پىشۇرۇپ يەي، دېگەن نىيەتكە كەپتۇ.

— بولىدۇ، سىڭلىم، — دەپتۇ ئاكىسى ۋە بۇ مېنى

قازانغا سېلىپ پىشۇرىدۇ، ئەمدى بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى بارمۇ، يوقمۇ، دەپ خىيال قىپتۇ.

ئاڭغىچە قىز تۇرۇپ قازانغا سۇ قۇيۇپ، ئوچاققا ئوت يې-قىپتۇ، ئوتۇنغا بىر چىقىپ كىرگىنىدە، ئاتىنىڭ بىر پۇتىنى يەپتۇ.

— ئاكا، سىز ئۈچ پۇتلۇق ئات مىنىپ كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سىڭلىسى.

— ھەئە، سىڭلىم، — دەپتۇ ئاكىسى.

قىز يەنە بىر چىقىپ كىرىپتۇ ـ دە:

— ئاكا، سىز ئىككى پۇتلۇق ئات مىنىپ كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ.

— شۇنداق، سىڭلىم، ئىككى پۇتلۇق ئات مىنىپ كەل-دىم، — دەپتۇ ئاكىسى.

سىڭلىسى تالاغا يەنە بىر چىقىپ كەتكەندە، يىگىت ئەمدى ئۇ ئاتنى يەپ بولۇپ، مېنى يەيدۇ، دەپ ئويلاپ تۇرغىنىدا، سىڭلىسى كىرىپ:

— ئاكا، ئېتىڭىزنى دومىلىتىپ كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ.

— ھەئە، سىڭلىم، — دەپتۇ ئاكىسى قۇتۇلۇشنىڭ ئاما-لىنى ئىزدەپ، — مەن چارچاپ قالدىم، دۇتارىڭىزنى بېرىڭ، تاماق پىشقۇچە مەن ئۆگزىدە تۇڭلۇكتىن پۇتۇمنى ساڭگىلى-تىپ چېلىپ ئولتۇراي!

— بولىدۇ، — دەپتۇ قىز ۋە ئاكىسىنى ئۆگزىگە چىقى-رىپ قويۇپ، قازاننى قاينىتىشقا باشلاپتۇ. ئاكىسى دۇتار چې-لىپ ئولتۇرسا، بىر ئاغمىخان كېلىپ:

— سېنىڭ بۇ سىڭلىڭ پۈتۈن شەھەردىكى ئادەمزاتنى، مال ـ ۋاراننى، توخۇ ـ تۇماننى قويماي يەپ بولدى، بىزنىمۇ

كۆرسە قويمايدۇ، شۇڭا پەقەت ئۇۋۇمىزدىن چىقمايمىز. ئەمدى ئېتىڭنى يەپ بولۇپ، سېنى يەيدۇ، جېنىڭنى ئال، — دەپتۇ.

— قانداق قېچىپ كېتەلەيمەن؟ — دەپتۇ يىگىت.

— بۇ بىر كۆزلۈك يالماۋۇزنىڭ قىرىق قوشۇقى، سۆز-گۆچ - تارغىقى، ئەينىكى بار، مەن ساڭا شۇلارنى ئوغرىلاپ بېرەي، سەن شۇلارنى ئېلىپ قاچ. يېتىشىپ كەلگەندە، بىرىنى تاشلاپ بەر، ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىۋېتىپ، يەنە قوغلاپ كېلىدۇ، ھەر كەلگەندە، بىرىنى تاشلا، شۇنداق قىلىپ قاچمىساڭ قۇتۇلالمايسەن، — دەپتۇ ئاغمىخان.

يىگىت ماقۇل بولغاندىن كېيىن، ئاغمىخان دېگەنلىرىنى ئوغرىلاپ بېرىپتۇ. يىگىت ئىككى ئۆتۈكىنىڭ قونچىسىغىچە تولدۇرۇپ قوم سېلىپ، تۆڭلۈكتىن ئۆي ئىچىگە ساڭگىلىتىپ قويۇپ، ئۆگزىدىن چۈشۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئاغمىخان بولسا بۇ يىگىتنىڭ ئورنىدا دۇتارنى دىرىڭلىتىپ تۇرۇپتۇ. بىر كۆزلۈك يالماۋۇز ئېغىلغا كىرىپ، ئاكىسىنىڭ ئېتىنى پۇتۇن-لەي يەۋېتىپتۇ، ئۇ ئاتنى ھەزىم قىلىپ سىڭدۈرگۈچە خېلى ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. بىر چاغدا قورسىقى ئېچىپ، ئاكىسىنى يې-مەك بولۇپ:

— ئاكا، چۈشۈڭ، تاماق پىشتى، — دەپتۇ.

ئاكىسى جاۋاب بەرمەي دۇتارنى چېلىۋېرىپتۇ. سىڭلىسى-نىڭ غەزىپى كېلىپ، ئىككى پۇتىدىن تۇتۇپ بىر تارتقانىكەن، پېشانىسىدىكى بىر كۆزىگە قوم تولۇپ كېتىپتۇ.

— خەپ ! — دەپتۇ يالماۋۇز كۆزىنى ئۇۋۇلاپ. ئۇ كۆزى-دىكى قومنى ئاران چىقىرىۋېتىپ، قېنى سېنىڭ قېچىپ قۇ-تۇلغىنىڭنى كۆرەي، دەپ ئاكىسىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ، بىر موللاق ئېتىپ ئاكىسىغا يېتىشىۋالاي دەپتۇ. ئاكىسى ئارقىسىغا قارىسا، بىر قارا قۇيۇن كېلىۋاتقۇدەك. سىڭلىسى

يىقىن كېلىپ:

— ھە، قېچىپ قۇتۇلماقچىمۇسەن؟ پۈتۈن شەھەر خەلقى قۇتۇلالمىغان يەردە، سەن ھەرگىز قۇتۇلالمايسەن ! — دەپتىكەن، ئاكىسى بىر قوشۇقنى تاشلاپتۇ.

— خەپ ! — دەپتۇ سىڭلىسى قوشۇقنى ئېلىپ. قىز قوشۇقنى ئۆيگە ئاپىرىۋېتىپ يەنە كەپتۇ. ئاكىسى يەنە بىر قوشۇقنى تاشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ يالماۋۇز قىرىق قېتىم ئۆيگە بېرىپ كەپتۇ. قوشۇقلار تۈگىگەندىن كېيىن، ئاكىسى تارغاقنى تاشلاپتۇ، تارغاق ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر تاغ بولۇۋاپتۇ. بىر هازادا يالماۋۇز تاغدىن ئۆتۈپ يەنە يېتىپ كەپتۇ. يىگىت سۈزگۈچنى تاشلاپتۇ. بۇ سۈزگۈچ ئۆتكىلى بولماس بىر كەڭ ئورمانغا ئايلىنىپتۇ. ئاكىسى قېچىۋېرىپتۇ. بىر چاغدا قارىسا، يالماۋۇز يەنە يېتىپ كەپتۇ. ئەمدى ئەڭ ئاخىردا ئەينەكنى تاشلاپتۇ. ئۇ ئەينەك كۆز يەتمەس دەريا بوپتۇ. يالماۋۇز بۇ دەريادىن ئۆتكۈچە ئاكىسى قېچىپ، ھېلىقى كۆلنىڭ تۈۋىگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئەمدى قېچىپ قۇتۇلۇشقا ھېچ ئىلاجى قالمىغاچقا، ھېلىقى چۈنقتىن ئۆسكەن يوغان تېرەكنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. يالماۋۇز دەريادىن ئۆتۈپ، ئاخىر كۆل بويىدىكى تېرەك تۈۋىگە كېلىپ ئاكىسىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. كۆپ ئىزدەپ، ئاخىر كۆرۈپ قاپتۇ، تېرەككە چىقىشنىڭ ئىلاجىنى قىلالماپتۇ.

— ئاكا، ئاكا ! — دەپتۇ يالماۋۇز.

— نېمە دەيسەن؟ — دەپتۇ ئاكىسى.

— سىزنى تېرەكتىن قانداق چۈشۈرىمەن؟

— ھەربىر چىشىڭنى بىردىن سۇغۇرۇۋېلىپ، ئوتتۇز ئىككى چىشىڭنىڭ ھەممىسىنى ھەرە قىلىپ تېرەكنى كەسسەڭ يىقىلىدۇ، شۇ چاغدا مېنى چۈشۈرەلەيسەن، — دەپتۇ يىگىت.

يالماۋۋز بىرىنچى چىشىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ھەرە قىپتۇ ـ دە، تېرەكنى كېسىشكە باشلاپتۇ. ئاكىسى تېرەك ئۇستىدە ئولتۇرۇپ ئاسمانغا، يەرگە قارىسا، يا بۇركۇتى، يا تايغىنى كۆرۈنمەپتۇ.

بۇلار بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، بىز يىگىتنىڭ ئۆيىدىن گەپ ئاڭلايلى:

يىگىت ئاتا ـ ئانىسىنىڭ شەھىرىگە كەتكەندىن بىرى خېلى ۋاقىت ئۆتۈپتۇ، خوتۇن كۇندە سۈت، قېتىقتا قارىسا، يا قان، يا يىرىڭ كۆرۈنمەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن خوتۇنى ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا كېتىپتۇ. تايغان بىلەن بۇركۇت ئۆز جايىدا تۇرۇپ، سۈت ـ قېتىققا قاراپ تۇرۇپتۇ. بىردىنلا سۈت قانغا، قېتىق يىرىڭغا ئايلىنىپتۇ، بۇركۇت يىپنى، تايغان زەنجىرنى ئۈزۈشكە زورۇقۇپ بېقىپتۇ، ھېچ بوشىنالماپتۇ. بۇركۇت چاكىلداپ بېقىپتۇ، تايغان ھاۋشىپ بېقىپتۇ، بۇلارنى بوشىتىپ قويۇپ بېرىدىغان كىشى چىقماپ-تۇ. تاق مۇشۇ چاغدا بىر كۆزلۈك يالماۋۇز ئوتتۇزىنچى چىشىنى سۇغۇرۇۋېلىپ تېرەكنى ھەرىدەۋېتىپتىكەن. بۇركۇت بىلەن تايغاننىڭ قۇلىقىغا يىگىتنىڭ ئۇلارنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. تايغان بار كۈچى بىلەن بىر يۇلقۇنۇپتىكەن، زەنجىرنى ئۈزۈۋاپتۇ. ئۇ دەررۇ بۇركۇتنىڭ پۇتىدىكى يىپنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىپتۇ ـ دە، ئىككىسى ئىگىسى تەرەپكە قاراپ ياردەمگە مېڭىپتۇ. ئۇلار يولدا كېتىۋاتقاندا، ئىگىسىنىڭ ئۇلارنى ئىككىنچى قېتىم چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. بۇر-كۇت تايغانغا:

— سەن مېنىڭ كەينىمدىن بارارسەن، — دەپ، ئېگىز ئاسماندىن كۆل تەرەپكە پۈتۈن كۈچى بىلەن شۇڭغۇپتۇ ـ دە، بوراندەك كېلىپ، بىر كۆزلۈك يالماۋۇزغا چاڭگال سېپتۇ. بۇ

ئىككىسى تۇتۇشۇپ كېتىپتۇ. يالماۋۇز ھالسىراپ، قاچار جاي تاپالماي، بۇركۇتتىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن كۆلگە سۆرەپتۇ. شۇ چاغدا دەرەخ يىقىلىپتۇ، يىگىت كۆلگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. بىر كۆزلۈك يالماۋۇز ئۆلەر ھالەتتە ئاكىسىنى يەۋېتىشكە ئىنتىلىپتۇ. بۈركۈت بىر پۇتىدا يىقىلغان دەرەخ شاخلىرىنى تۇتۇپ، بىر چاڭگىلىدا ئۇنى مۇجۇپ قويۇپ بەرمەپتۇ. شۇ چاغدا تايغان يېتىپ كەپتۇ. ئۇ پۇتۇن غەزىپى بىلەن بىر كۆزلۈك يالماۋۇزنىڭ گەجگىسىدىن چىشلەپ، ئىككى سىلكىپ، بېشىنى كۆلنىڭ قىرغىقىغا ئۇرۇپ، پۇتۇن كۈچى بىلەن تالاپتۇ. بۇ چاغدا يالماۋۇز بۈركۈتتىن ئاجراپ، تايغان بىلەن ئېلىشىپتۇ، بىر - بىرىنى سۆرىشىپ ھەر ئىككىسى كۆلگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. يىگىت بولسا، ناھايىتى تەسلىكتە كۆلنىڭ قىرغىقىغا قاراپ ئۈزۈپ، بىر چۆكۈپتۇ، بىر چىقىپتۇ، ئاخىر ھالسىزلىنىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا بۈركۈت قانىتىنى سوزۇپ، ئۇنى سۇدىن تارتىپ چىقىپتۇ، ئاندىن كېيىن ئۇلار، كۆلدىن تايغان تىرىك چىقامدۇ ياكى يالماۋۇز تىرىك چىقامدۇ، دەپ كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

— ئەگەر، يالماۋۇز چىقسا، سەن مېنى پۇتۇن كۈچۈڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئات، مەن ئۇنى مۇجۇپ ئېلىپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈپ چىقىپ، تاغۇ تاشلارغا ئۇرۇپ، كۆزىنى چوقۇپ قارىغۇ قىلىپ ئۆلتۈرىمەن، — بۈركۈت شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا، كۆلنىڭ سۈيى زەرداپ بولۇپ، يەرىگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا تايغان كۆلدىن ئۈزۈپ چىقىپ، بىر سىلكىنىپ، ئىگىسىنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپتۇ. يىگىت تايغىنىنى قۇچاقلاپ ئەركىلىتىپتۇ، بۈركۈتنى سۆيۈپ، قولىغا قوندۇرۇپتۇ، ئاخىر ئۇلار بىللە ئۆز يۇرتىغا قايتىپتۇ.

# كوھىقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئۆتكەن زاماندا چالىم دېگەن مەم-لىكەتنىڭ بىر پادىشاھى بار ئىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى مەمەت، ئوتتۇرانچىسىنىڭ ئىسمى يارمەھەمەت، كىچىكىنىڭ ئىسمى ئامەت ئىكەن. پادى-شاھ بۇ ئۈچ ئوغلىنى ئىلىمدە كامىل قىلىپ يېتىشتۈرۈپتۇ. با-لىلارنىڭ چوڭى يىگىرمە ياشقا، ئوتتۇرانچىسى ئون سەككىز ياشقا، كىچىكى ئون ئالتە ياشقا كىرىپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ قول ئاستىدىكى ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى ئوردىغا چاقىرتىپ ئۈچ ئوغلىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىنى مەسلىھەت-لىشىپتۇ. بۇ ئەلنىڭ زامانى ئەۋۋەلدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كې-لىۋاتقان مۇنداق بىر قائىدە - يوسۇنى بار ئىكەن: ئۆيلەنمەكچى بولغان يىگىت شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى راۋاقتىن ئۆزى خالىغان تەرەپتىكى نىشانغا قارىتىپ رۇچاق[1] ئاتىدىكەن. رۇچاق ئوقى قە-يەرگە چۈشسە، يىگىت شۇ جايدىكى قىزنى نىكاھىغا ئالىدىكەن. پادىشاھ ۋە ئوردا ئەركانلىرى مەسلىھەتلىشىپ، جۈمە كۈنىنى ئۈچ شاھزادىنىڭ راۋاقتىن ئوق ئۈزىدىغان قۇتلۇق كۈن قىلىپ بېكىتىپتۇ. جۈمە كۈنى چوڭ شاھزادە مەمەت، ئۆتكەن قېتىم

---

① رۇچاق — ئوقيا.

ئۇۋدىن قايتىپ كېلىۋاتسام، ئاۋۇ بۇكىدە باغۋارانلىق ھويلىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن بىر چىرايلىق قىز كىرىپ كېتىۋېتىپ ماڭا ناز بىلەن كۆز تاشلىغانىدى، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، رۇچاقنى ئاشۇ ھويلىنى نىشانلاپ ئېتىپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغۇل يارمەھەممەت، مەن بىر كۈنى ئاۋۇ كۆل بويىدا بىر قىزنى ئۇچراتقانىدىم، ئۇ ماڭا سالام قىلغان، ئۆيىنى كۆلنىڭ يېنىدىكى باغلىق ھويلىدا دېگەنىدى، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، كۆل بويىدىكى باغۋارانلىق ھەشەمەتلىك ھويلىنى نىشانلاپ ئوق ئۈزۈپتۇ. كەنجى ئوغۇل ئامەت بولسا، ئىككى ئاكىسىنىڭ مەسلىھەتلىرىگە پەرۋا قىلماي، «يا تەۋەككۇل» دەپ رۇچاقنى ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىپتۇ. چوڭ شاھزادە مەمەتنىڭ ئاتقان ئوقى ئۆزى كۆزلىگەن ھېلىقى چوڭ دەرۋازىلىق ھويلىغا چۈشۈپتۇ. ھويلا ئىگىسى شەھەر بويىچە
داڭلىق باي سودىگەر
ئىكەن. شاھزادە مەمەت
بۇ سودىگەرنىڭ قىزى
گۈلسەيدەمخاننى ئۆز
نىكاھىغا ئاپتۇ. ئوت-
تۇرانچى شاھزادە يار-
مەھەممەتنىڭ ئۈزگەن
ئوقى ئۆزى نىشانلىغان
كۆل بويىدىكى باغۋاران-
لىق كاتتا زېمىندارنىڭ
ئۆگزىسىگە سانجىلىپ-
تۇ. يارمەھەممەت زې-
مىندارنىڭ قىزى گۈل-
زىرەنى نىكاھىغا ئاپتۇ.
كەنجى شاھزادە ئامەت-



نىڭ ئاتقان ئوقى ئۇچۇپ كەتكىنىچە ھېچ يەردىن دېرىكى چىقماپتۇ. ئادەت بويىچە ئوقنى چوقۇم تېپىپ كېلىش شەرت ئىكەن. پادىشاھنىڭ لەشكەر ۋە مۇلازىملىرى تۆت كېچە-كۈندۈز ئىزدەپ، ئاخىر ئوقنى شەھەر سىرتىدىكى ئەتراپى يۇلغۇن، توغراق، قومۇشلار قاپلىغان كۆل بويىدىن تېپىپتۇ. ئۇلار ئوقنى تاپالىغىنىغا خۇش بولۇشۇپ قايتىشقا تەمشەلگەندە، ئۇشتۇمتۇت توغراقلىق ئارىسىدىن بىر مايمۇن ئېتىلىپ چىقىپتۇ-دە، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— توختاڭلار، ئاتايىن كەلگەندىكىن قىزىمنى ئېلىپ كېتىڭلار، — دەپتۇ.

شاھنىڭ مۇلازىم، لەشكەرلىرى قارىغۇدەك بولسا، سەت، يۇڭلۇق بىر چىشى مايمۇن ھىڭگىيىپ تۇرغۇدەك. لەشكەرلەر ھاڭ-تاڭ بولۇشۇپ:

— ھەي كۆرۈمسىز، پاسكىنا مەخلۇق، رۇچاق ئاتقان يىگىت سەلتەنەتلىك پادىشاھىمىزنىڭ كەنجى شاھزادىسى بولىدۇ. سەن قىزىڭنىڭ تەلىيىنى تەمە قىلماي، دەرھال يولنى بوشات! — دەپتۇ. مايمۇن بوش كەلمەي:

— مەن مۇشۇ زېمىننىڭ سۈيىنى ئىچىپ، مۇشۇ زېمىندا ياشاپ كەلگەن مۆمىن مەخلۇقمەن، ئۆزۈمنى مۇشۇ ئەلنىڭ پۇقراسى سانايمەن، شۇڭا بۇ ئەلنىڭ ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇنلىرىغا ئەمەل قىلىشىم كېرەك. قىزىمنىڭ ياتلىق بولۇش پەيتى تولغاندا، قىزىمنىڭ تەقدىر يۇلتۇزى دەل پادىشاھىمىزنىڭ كەنجى شاھزادىسىنىڭ يۇلتۇزىغا ئۇدۇل كەپتۇ. قىزىمنى شاھزادىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەتمىسەڭلار زادى بولمايدۇ، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

مۇلازىم ۋە لەشكەرلەر چىشى مايمۇننىڭ گەپلىرىگە پىسەنت قىلماي، رۇچاق ئوقنى ئېلىپ قايتماقچى بولغانىكەن، يول تو-

سوپ تۇرغان چىشى مايمۇن غەزەپكە كېلىپ قۇيرۇقىنى يەرگە بىرنى ئۇرۇپتۇ. شۇئان دەھشەتلىك قارا بوران چىقىپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرغان بىر توپ بەھەيۋەت دىۋىلەر پەيدا بوپتۇ. شاھ لەشكەرلىرىنىڭ جان - ئىمانلىرى چىقىپ، ئەقىللىرىنى يوقىتىپ قويۇشقا ئاز قاپتۇ. ھېلىقى چىشى مايمۇن:

— قېنى، قانداق قىلىسىلەر؟ قىزىمنى ئېلىپ كېتەمسىلەر ياكى كۆرگۈلۈكۈڭلارنى كۆرەمسىلەر؟ — دەپتۇ. شاھنىڭ مۇلازىم ۋە لەشكەرلىرى نائىلاج ھالدا مايمۇننىڭ قىزىنى تەختىراۋانغا چىقىرىپ شەھەرگە ئېلىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئۈچ ئوغلىنىڭ توينى قىرىق كېچە - كۈندۈزگىچە ئەل - يۇرتقا ئاش تارتىپ، نەغمە - ناۋا، مەرىكە - بەيگىلەر بىلەن كاتتا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

توي مەرىكىلەر بېسىقىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، پادىشاھ ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى چاقىرىپ:

— ئۈچ ئوغلۇمنىڭ تويىنى قىلىپ ئۆمۈرلۈك قەرزىمدىن بىرنى ئادا قىلدىم، كۆڭلۈم تىندى. بىراق، ئىشلىرىمنىڭ تولدىلىقىدىن تا مۇشۇ كەمگىچە كېلىنلىرىمنىڭ دىدارىنى كۆرەلمەي كېلىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

ۋەزىرلەر پادىشاھنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ دەككە - دۈككىگە چۈشۈپتۇ، چۈنكى پادىشاھ بۇ كەمگە قەدەر كىچىك ئوغلى ئامەتكە مايمۇننىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرگەنلىكتىن خەۋەرسىز ئىكەن. ۋەزىرلەر: «ئەمدى قانداق قىلارمىز؟» دەپ بېشى قېتىپ تۇرغاندا، ئوڭ قول ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھۆرمەتلىك شاھىم، بارلىق توخۇنىڭ تۇخۇمى ئوخشاش بولغىنىدەك، جاھاندىكى خوتۇن خەقنىڭ ھەممىسى ئوخشاش. كېلىنلەرنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللەردىن بولۇشىغا كاپالەتلىك

قىلدۇق. ئۆزلىرىنىڭ سەلتەنەتلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ تويىنى كاتتا ئۆتكۈزدۇق. ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولدى. ئەگەر كېلىنلىرىنى كۆرۈش ئىستەكلىرى بولسا، دىدارلىشىشىنىلا ئويلىماي، ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراستى، ئەخلاق - پەزىلىتى ۋە چېۋەر - چاققانلىقىنى كۆرۈپ باقسىلا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

پادىشاھ ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل كۆرۈپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر ئۈچ ئوغۇلنى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ:

— كېلىنلەرنىڭ ھەربىرى ئۈچ كۈن ئىچىدە بىردىن كەشتە تەييارلىسۇن، — دەپتۇ.

ئۈچ ئوغۇل ئاتىسىنىڭ ئالدىدىن قايتىپ، خوتۇنلىرىغا پۈتۈن ھۈنەر - سەنئىتىنى ئىشقا سېلىپ بىردىن كەشتە تىكىپ چىقىشنى تاپىلاپتۇ.

چوڭ ۋە ئوتتۇرانچى شاھزادىنىڭ خوتۇنلىرى شۇ كۈندىن ئېتىبارەن جىددىي ئىشقا كىرىشىپتۇ. كىچىك شاھزادە ئامەتنىڭ مايمۇن خوتۇنى ئۈندىمەي تۇرۇۋېرىپتۇ. ئامەت تاقەتسىزلىنىپ:

— كەشتە ئىشلەشكە بۈگۈندىن باشلاپ چۈشمىسەڭ كېچىكىمىز، ئاكىلىرىمنىڭ خوتۇنلىرى ئاللىقاچان ئىشقا كىرىشىپ بولدى، — دەپتۇ. مايمۇن قىز:

— نېمىشقا ئالدىرايدىلا، بىزمۇ ئۈلگۈرتەرمىز، — دېگەندىن باشقا گەپ - سۆز قىلماپتۇ. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپتۇ. چوڭ ئوغۇللارنىڭ خوتۇنلىرى كەشتىلەرنى تەخمۇتەخ قىلىپ بولۇشۇپتۇ. ئامەتنىڭ مايمۇن خوتۇنى ھېچ ئىش بولمىغاندەك بەخىرامان يۈرۈۋېرىپتۇ. ئامەتنىڭ ئىچى تىتىلداپ، خاپىچىلىقتا بالدۇرلا يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

مايمۇن قىز ئەسلىدە كۆھقاپ پادىشاھىنىڭ كەنجى مەلىـ-

كىسى رابىيە ئىكەن. ئۇ تەڭ كېچىدە بىر كۆك كەپتەرگە ئاي-لىنىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. كۇھىقاپ پادىشاھلىقىنىڭ خە-زىنىسىدە بۇنىڭدىن ئالتە مىڭ يىل ئىلگىرى يەر يۈزىگە تار-قالغان گۈل نۇسخىلىرىنى يىغىپ ئىشلىگەن «كەشتەئى جا-ھان» ناملىق بىر ئېسىل كەشتە ساقلاقلىق ئىكەن. مايمۇن قىز كېچىچە ئاتىسىنىڭ خەزىنىسىدىن بۇ كەشتىنى ئېلىپ كەپتۇ ـ دە، ئامەتنىڭ قويىنىدا خاتىرجەم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئەتىسى ئامەت بامدات نامىزىدىن قايتىپ ناشتا قىلىپ بول-غاندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ يېنىغا كىرىشكە ھازىرلىنىپتۇ. مايمۇن كېلىن «كەشتەئى جاھان»نى ئامەتنىڭ ئالدىغا قويۇپ-تۇ. ئامەت كەشتىنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا مايمۇن خو-



تۇنىنى باغرىغا بېسىپ سۆ-يۈپتۇ ـ دە، كەشتىنى ئې-لىپ ئوردىغا كىرىپتۇ.

ئامەت شاھ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرسە، ئىككى ئا-كىسى ئالىلىقاچان ئۆز خو-تۇنلىرى توقۇغان كەشتى-لەرنى پادشاھقا كۆرسىتىپ تۇرغۇدەك. ئوردىدىكى ۋە-زىر ـ ۋۇزرا، ئاكا بىر ـ ئەشرەپلەر بولسا كەش-تىلەرنى قولدىن ـ قولغا ئېلىپ زوق بىلەن كۆرۈ-شۈۋاتقۇدەك. ئامەت قوي-نىدىن «كەشتەئى جا-ھان»نى چىقىرىپ ئاتىسى-

ىنىڭ ئالدىغا قويۇپتىكەن، پۈتكۈل ئوردا ئەھلى بۇ گۈزەل كەشتىنى ئىنسان بالىسى ئىشلىگەنگە چىنپۇتمەي، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاشقىلى تۇرۇپتۇ. مەمەت بىلەن يارمەھەمەت قاتتىق ئوسال بولۇپ ئۆيلىرىگە قايتىپتۇ - دە، خوتۇنلىرىنى تازا ئەدەپلەپتۇ.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ يەنە ئوڭ قول ۋەزىرىنى چاقىرتىپ:

— يېشىم چوڭايدى، كۆزۈم خىرەلەشتى، ھايات ۋاقتىمدا كېلىنلىرىمنى بىر كۆرسەم، — دەپتۇ. ۋەزىر:

— شەۋكەتلىك شاھىم، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى چۈشەندىم. ئەمما، مەزلۇم خەقنىڭ چېۋەر - چاققانلىقىنى كۆرۈش ئۆزىنى كۆرگەنگە باراۋەر. ئۆتكەن قېتىم كىچىك شاھزادە ئامەتنىڭ جورىسىدىن رازى بولدىلا. بۇ قېتىم كېلىنلەرنى غىزا تەييارلىتىپ سىناپ كۆرەيلى، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ مەسلىھەتكىمۇ كۆنۈپتۇ. ئۈچ ئوغلىنى چاقىرتىپ، كېلىنلىرىنىڭ ئۆز قوللىرى بىلەن تاماق تەييارلاپ كېلىشىنى تەلەپ قىپتۇ. ئوغۇللار ئۆيلىرىگە قايتىپ، شاھ ئاتىسىنىڭ تەلىپىنى ئۆز خوتۇنلىرىغا يەتكۈزۈپتۇ. مەمەت بىلەن يارمەھەممەتنىڭ خوتۇنلىرى دەرھال ئىشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ. كىچىك ئوغۇل ئامەتنىڭ خوتۇنى ھېچ ئىشقا قول تىقماي يۈرۈپتۇ. مەمەت بىلەن يارمەھەممەتنىڭ خوتۇنلىرى ئوخشىتىپ پولۇ ئېتىشكە تەييارلىق قىپتۇ. ئامەت مايمۇن خوتۇنىنىڭ غېمىدە يوق يۈرگىنىنى كۆرۈپ باشقا گەپ - سۆز قىلماي ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. مايمۇن قىز يەنە كۆك كەپتەرگە ئايلىنىپ، كۇھىقاپ پادىشاھلىقىغا ئۇچۇپ بېرىپتۇ. كۇھىقاپ پادىشاھلىقىنىڭ خەزىنىسىدە شاھ پىرىدۇن زامانىسىدا ئون يەتتە مىڭ ئالەمنىڭ تەم - خۇرۇچلىرى، سېھىر - ھېكمەتلىرى بىلەن ياسالغان، شاھ پىرد-

دۇن ئىغىز ئىگىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن، كېيىن مۇنكىر ـ نە-كىرلەر تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن بىر قاچا تائام بار ئىكەن. مايمۇن قىز ئۇنى سىھىر ـ ھېكمەتلەر بىلەن ئۆز ھالىتىگە كەلتۈرۈپ ئىلىپ كەپتۇ ـ دە، ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئەتىسى تاڭ ئىتىپتۇ، چۈشمۇ بوپتۇ. ئامەت خالار ـ خالىماس ھالدا ئور-دىغا بېرىشقا تەييارلىنىپتۇ. شۇ چاغدا، مايمۇن كېلىن بىر قاچا تائامنى ئامەتكە تۇتقۇزۇپ:

— بۇنى ئالغاچ بېرىڭ، شاھ دادىمىز تېتىپ كۆرسۇن، — دەپتۇ. ئامەت قارىسا، ئېخى ئەمدىلا قازاندىن ئۇسۇۋېلىنغان بىر قاچا مەززىلىك تائام ئىكەن. ئامەت غىزانى ئىلىپ دادىسى ئال-دىدا ھازىر بوپتۇ. قارىسا، ئۇ يەردە ئىككى ئاكىسى خوتۇنلىرى ئەتكەن تاماقلارنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ تۇرغاند-كەن. ئامەتمۇ ئۆزى ئەكەلگەن بىر قاچا تاماقنى شاھ دادىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. پادىشاھ ئالدىغا قويۇلغان تائاملاردىن بىر لوق-مىدىن تېتىپ كۆرۈپتۇ. كىچىك ئوغلى ئىلىپ كەلگەن تائام ئىنتايىن لەززەتلىك ئىكەن، پادىشاھ ئۆمرىدە بۇنداق ئىسىل تا-ئامنى تېتىپ باقمىغانىكەن. ۋەزىر ـ ۋۇزرالارمۇ بىر لوقمىدىن يەپ كۆرۈپ، ئامەتنىڭ خوتۇنىنى راسا ماختىغىلى تۇرۇپتۇ. پا-دىشاھ پەقەت مۇشۇ قاچىدىكى تائامنىلا يەپ، باشقىلىرىغا قاراپ-مۇ قويماپتۇ. مەمەت بىلەن يارمەھەممەت ئىزا ۋە ئەلەمدىن ئۆل-گۈدەك بولۇپ، ئۆيلىرىگە قايتىپ بېرىپ خوتۇنلىرىنى قامچا بىد-لەن ساۋاپ ھالىدىن كەتكۈزۈۋېتىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ئوردىدا زور بىر يىغىلىش بوپتۇ. بۇ يىغىلىشتا يازدا پادىشاھنىڭ تۇغۇلغان كۈ-نىنى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن ئوردا ئىچىگە چىرايلىق گۈلىستاز-لىق بەرپا قىلىش قارار قىلىنىپتۇ. ئۈچ ئوغۇلغىمۇ بىر پارچىد-دىن يەر تەقسىملەپ بېرىلىپتۇ. مەمەت بىلەن يارمەھەممەت:

«شاھ ئاتىمىزنىڭ ئالدىدا ئۇدا ئىككى قېتىم يەرگە قاراپ قالدۇق. بۇ قېتىم گۈل ـ گىياھلارنى ئوبدان تېرىپ، شاھ ئاتىمىز ۋە ئەل ـ جامائەت ئالدىدا ماختاشقا ئېرىشىپ، ئامەت-نى يېڭىشىمىز لازىم» دېيىشىپتۇ. ئۇلار شۇ كۈندىن تارتىپ گۈل ـ گىياھ تېرىشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ. ئامەتنىڭ مايمۇن خوتۇنى بولسا ئاۋۋالقىدەكلا پەرۋاسىز يۈرۈۋېرىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، گۈل تېرىش مەۋسۇمى يېتىپ كەپتۇ. ئىككى ئاكىسى ئېتىز بېشىغا كۆچۈپ چىقىپتۇ. ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىشىپ سەرخىل گۈللەرنىڭ ئۇرۇقلىرىنى تېپىپ كېلىشىپ-تۇ، يەرلەرنى ئوغۇتلاپ تازا ئىشلەپتۇ. ئامەت بولسا تىت ـ تىت بولۇپ، مايمۇن خوتۇنىغا:

ــ ئاكىلىرىم گۈللەرنى تېرىپ بولدى. بىزمۇ تېرىشقا چۈشسەك بولاتتى، ــ دەپتۇ. مايمۇن كېلىن:

ــ بىزمۇ تېرىپ ئۈلگۈرىمىز، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئارىدىن ئىككى ـ ئۈچ ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئامەتكە ئاي-رىلغان يەر ئاق پېتى تۇرۇۋېرىپتۇ. مەمەت بىلەن يارمەھەممەتنىڭ ئېتىزلىرىدا گۈللەر ئېچىلىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنىڭ هارپىسىدا، ئامەت مايمۇن خوتۇنىغا:

ــ ئەتە شاھ ئاتامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى. پۈتۈن ئوردىدىكىلەر باغ سەيلىسى قىلىش ئۈچۈن گۈللۈككە يىغىلىدۇ. بىزگە ئايرىل-غان ئېتىز تېخى ئاق پېتىچە تۇرىدۇ، ــ دەپتۇ.

مايمۇن كېلىن گەپ ـ سۆز قىلماي ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋېرىپتۇ. كەچ كىرىپ ئامەت ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. مايمۇن كېلىن كېچىدە كەپتەرگە ئايلىنىپ كۆھىقاپ پادىشاھلىقىنىڭ بېغىغا يېتىپ كەپتۇ. كۆھىقاپ پادىشاھلىقىنىڭ بېغىدا يەر يۈزىدىكى گۈل ـ گىياھلارغا تاج بولالايدىغان، خۇش پۇرىقى ئادەمنى مەستخۇش قىلىدىغان سەرخىل گۈللەر بار ئىكەن.

مايمۇن كىلىن باغدىكى قىرىق كىنىزەك قىزنى ياردەمگە چا-قىرىپ، كىچىچە ھىلىقى سەرخىل گۈللەرنى ئۆزلىرىگە بۆلۈپ بىرىلگەن ئېتىزغا كۆچۈرۈپتۇ. گۈل كۆچۈرۈش تاڭ سۈزۈ-لۈشتىن ئىلگىرى تامام بوپتۇ.

كەنجى شاھزادە ئامەت ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن، كۆڭلى غەش ھالدا ئوردا ئەھلىگە قوشۇلۇپ پادىشاھنىڭ تۇغۇلغان كۈ-نىنى قۇتلۇقلاش ئۈچۈن يول ئاپتۇ. ئوردا ئىچىدىكى گۈللۈككە كەلسە، پۈتكۈل شەھەر خەلقى ۋە ئوردا ئەھلى ئامەتكە بۆلۈنگەن ھىلىقى بىر پارچە يەرگە توپلىشىۋاپتۇدەك. يېقىن بېرىپ قاراپ-تىكەن، بۇ يەردە كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك ئاجايىپ كۆركەم گۈل-لەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغۇدەك. ئىككى ئاكىسىغا تەۋە گۈللۈككە كىشىلەر قاراپمۇ قويماپتۇدەك. پادىشاھمۇ ئامەتكە تەۋە گۈلزارلىقتىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي قاپتۇ. مەمەت بىلەن يارمەھەممەت بولسا ئەلەمدىن ئۆلگۈدەك بوپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ئاكىلىرى ئا-مەتنى بىللە ئېلىپ شىكارغا كېتىشىپتۇ. تاياق زەربىسىدىن ئەمدىلا ئوڭشالغان گۈلسەيدەم بىلەن گۈلزىرە: «ئاڭلىساق، ئا-مەت دېگەن شۇمتەكنىڭ خوتۇنى مايمۇن كۈچۈككىمىش. ئۇ راستىنلا مايمۇن كۈچۈكمۇ ياكى ئىنسان بالىسىمۇ، بېرىپ بىر كۆرۈپ باقايلى» دېيىشىپ، ئامەتنىڭ ھويلىسى تەرەپكە بېرىشىپتۇ - دە، ھۇجرا تېمىنى تېشىپ ئامەتنىڭ ئۆي ئى-چىنى كۆزىتىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ھۇجرا ئىچىدە ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار ئاجايىپ گۈزەل بىر پەرىزات ئولتۇرغۇدەك. مارىشىۋاتقان بۇ ئىككى خوتۇن ئەقلى - ھو-شىنى يوقىتىپ «ۋىيەي !» دەپ ۋارقىراپ ساپتۇ - دە، ھو-شىدىن كېتىشىپتۇ. مايمۇن كىلىن ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن چۆ-چۈپ كۆك كەپتەر شەكلىگە ئايلىنىپتۇ - دە، پۇر قىلىپ

كۆككە كۆتۈرۈلۈپ غايىب بوپتۇ.

ئەتىسى ئۈچ ئاكا - ئۇكا شىكاردىن قايتىپتۇ. ئامەت ئۆيگە كىرىپ قارىسا، مايمۇن خوتۇنى يوقمىش. چاقىرىپتۇ، ئىزدەپتۇ، دېرىكى بولماپتۇ، تام - تورۇسلارغا زەن سالسا بىر تۈشۈك تۇرغۇدەك. ئامەت بۇنىڭدىن ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ. ئانا مايمۇننىڭ ئۆز قىزىنى قوشۇپ بېرەردە، ئوڭ قول ۋەزىرگە ئالاھىدە تاپىلاپ:

— قىزىمنى نىكاھىغا ئالغان يىگىتتىن ئۆزگە ئىنسان قىزىمنى كۆرمىسۇن، بولمىسا، قىزىم يوقاپ كېتىدۇ. ئەگەر مۇشۇ شەرتكە ئەمەل قىلىنمىسا، كۈيئوغلۇم ھەممىنى ئۆز پېشانىسىدىن كۆرگەي، — دېگەن سۆزىنى ئېسىگە ئاپتۇ. ئامەت شۇ ھامان شاھ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ خوتۇنىنىڭ غايىب بولغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى ئىزدەپ سەپەرگە ئاتلانماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ ئامەتكە بىر تۈمەن سەرخىل لەشكەر قوشۇپ بېرىپتۇ. ئامەت ھېلىقى توغراقلىقتىكى كۆل بويىغا بېرىپ ئانا مايمۇننى ئىزدەپ تېپىپتۇ. ئامەت ئانا مايمۇن ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. ئانا مايمۇن:

— قىزىمنى ئىزدەپ بىھۇدە ئاۋارە بوپسىلەر. مەن ئەسلىدە كۆھىقاپ پادىشاھىنىڭ خانىشى بولىمەن. ئېرىم مېنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقارغاچقا، كەنجى قىزىم رابىيەنى ئېلىپ يامانلاپ مەملىكىتىڭلار تەۋەسىگە كېلىۋالغىلى ئۇزۇن زامانلار بولدى. ئىككى چوڭ قىزىم ئاتىسىنىڭ يېنىدا ئىدى. بۇ ئەھۋالدىن قاردىغاندا، كەنجى قىزىم ئاتىسى ۋە ئاچىلىرىنى پاناھداپ كەتكەن چېغى. مەن قىزىمنى قوشۇپ بېرەردە، ئوڭ قول ۋەزىرگە ھەممىنى ئېنىق ئېيتقانىدىم. ئەمدى بولغۇلۇق بوپتۇ، چارىسىزمەن. تەقدىرگە تەن بېرىپ قايتىڭ، قىزىمنى تاپالمايسىز، — دەپتۇ.

ئامەت ئانا مايمۇننىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ، ياشلىرىنى يامغۇردەك تۆكۈپ زار - زار يىغلاپتۇ. ئانا مايمۇننىڭ شاھزادە ئامەتكە ئىچى ئاغرىپ:

— بوپتۇ، بالام، ئەمىسە قىزىم بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ يوللىرىنى ئېيتىپ بېرەي، ئەمما ئۇ ئاسانغا توختىمايدۇ. مۇشۇ جايدىن كۈنپېتىشقا قاراپ تۆت يۈز ئەللىك كۈن ماڭغاندىن كېيىن مەنبەسى يوق، لېكىن شاۋقۇن سېلىپ ئاقىدىغان بىر چوڭ دەريا بويىغا چىقىپ قالىسىز. دەريا بويىدا ئۆچ تېمى يوق، بىر تېمى بار ئۆي بار. ئېلىپ ماڭغان لەشكەرلىرىڭىزنى شۇ جايدا قالدۇرۇپ، قىرىق كۈنلۈككە يەتكۈدەك سۇ ۋە ئوزۇق تەييارلاپ: «يا تەۋەككۈل» دەپ دەرياغا چۈشۈڭ - دە، كۆزلىرىڭىزنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ بىردەمدىن كېيىن ئاچسىڭىز، ئۆزىڭىزنى نېرىقى قىرغاقتا كۆرىسىز. قىرغاقتا چىققاندىن كېيىن، يەنە كۈنپېتىشنى كۆزلەپ تولۇق يىگىرمە كۈن ماڭسىڭىز ئاسمانغا تاقاشقان بىر تىك تاغ ئۇچرايدۇ. تاغ ئارىسىدىن بېشى يوغان دۆڭدەك، كۆزلىرى مۇز قاتقان كۆلدەك، ئاغزى تاغ ئۆڭكۈرىدەك، بۇرنىنى چىغ - قومۇشتەك تۈك قاپلىغان، بىلەكلىرى ئىككى غۇلاچ جىگدە كۆتىكىدەك بەقۇۋۋەت بىر دىۋە خىرىس قىلىپ يول توسۇيدۇ. مەن مۇنۇ



ئۈزۈكنى بېرەي، بىر پارچە خەت پۈتۈپ بېرەي، ئۈزۈك بىلەن خەتنى كۆرسىلا، ئۇ دىۋە يول بوشىتىدۇ. تاغ ئىچى بىلەن يەنە بەش كۈن يول ماڭسىڭىز، ئالدىنقى دىۋىدىنمۇ بەتبەشىرە يەنە بىر دىۋە يول توسۇيدۇ، ئۇمۇ ئۈزۈك بىلەن خەتنى كۆرۈپ يول بوشىتىدۇ. يەنە بەش كۈن ماڭسىڭىز، ئالدىنقى ئىككى دىۋىدىنمۇ قورقۇنچلۇق يەنە بىرسى يول توسۇيدۇ، ئۇمۇ ئۈزۈك بىلەن خەتنى كۆرسە يول بوشىتىدۇ. تاغ ئارىسىدىن چىقىپ توپتوغرا ئون كۈن ساي ئىچىدە ماڭسىڭىز قىزىل تۇپراقلىق سۇسىز ئېقىنغا يېتىپ بارىسىز. بۇ دەل جۇمە كۈنى چىڭقى چۈش مەزگىلىگە توغرا كېلىشى كېرەك. ئەنە شۇ چاغ، ئەنە شۇ ۋاقىتتىلا قىزىم بىلەن ئۇچرىشالايسىز، — دەپتۇ ـ دە، بىر پارچە خەت بىلەن قولىدىكى ئۈزۈكنى چىقىرىپ ئامەتكە بېرىپتۇ.

ئامەت ئانا مايمۇنغا كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەتلەر ئېيتىپ، كۈنپېتىشقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. تۆت يۈز ئەللىك كۈندە ھېلىقى شاۋقۇنلۇق دەريا ياقىسىغا يېتىپ، لەشكەرلىرىنى بىر تاملىق ئۆيدە قالدۇرۇپتۇ. دەريادىن ئامان ـ ئېسەن قىرغاققا چىقىپ تاغ باغرىغا بارسا، ئالدىنى بىر بەھەيۋەت، قورقۇنچلۇق دىۋە توسۇپتۇ. ئامەت مايمۇن قېينانىسى بەرگەن خەت بىلەن ئۈزۈكنى كۆرسىتىپ بىخەتەر ئۆتۈپ كېتىپتۇ. كېيىنكى ئىككى دىۋە ئالدىدىنمۇ ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، ئون كۈن دېگەندە قىزىل تۇپراقلىق ئېقىنغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ دەل جۇمە كۈنى چۈش مەھەل ئىكەن. ئامەت بۇ يەرنىڭ جاندىن ئۆتەر ئىسسىق ھارارىتىگە پايلىماي، ئېقىن بويىدىكى بىر قاغجىراپ قۇرۇپ كەتكەن توغراقنىڭ كامىرىغا كىرىپ يېتىپتۇ. ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە، كۈنپېتىش تەرەپتىن ئۈچ كۆك كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ بۇ يەرگە قونۇپتۇ، بۇ چاغدا بۇ يەر

قاتتىق تەۋرەپ قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە قاپتۇ ـ دە، سەل تۇ ـ رۇپ قايتا يورۇپتۇ، ئامەت قارىغۇدەك بولسا، كۆز ئالدىدا بىر گۈزەل باغ نامايان بوپتۇ. ھېلىقى ئۈچ كۆك كەپتەر باغ ئوت ـ تۇرىسىدىكى زۇمرەت كۆل بويىغا كېلىپ، بىردىن ساھىبجا ـ مال قىزغا ئايلىنىپ، كۆلدە چۆمۈلۈپ ئويناشقا باشلاپتۇ. ئا ـ مەت سىنچىلاپ قارىسا، ئۇلارنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ خوتۇنى ئىكەن. قىزلار بىرپەس سۇغا چۆمۈلۈپ ئويىنىغاندىن كېيىن، باغ ئارىلاپ سەيلە قىلىشماقچى بوپتۇ. قىزلارنىڭ ئوتتۇرانچىسى:

— ئاچا ـ سىڭىللار، مېنىڭ كۆڭلۈم ئادەمزات شەپىسىـ نى سېزىپ تۇرۇۋاتىدۇ. يېقىن ئەتراپتا بىرەر ئادەمزات بارمۇ، قانداق؟ تېزرەك قايتىپ كەتسەكمىكىن؟ — دەپتىكەن، چوڭ ئاچىسى:

— ئانىمىز سىڭلىمىزنى ئادەمزاتلارغا يېقىن جايدا بېقىپ چوڭ قىلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە سىڭلىمىز بىر مەزگىل ئا ـ دەمزات ئارىسىدا ياشىدى، تېنىگە ئىنسان ھىدى سىڭدى، شۇڭا بۇ كېلىۋاتقان ھىد سىڭلىمىزدىن چىققان. ئەنسىرەش ـ نىڭ ھاجىتى يوق، خاتىرجەم ئويناۋېرەيلى، — دەپتۇ.

مايمۇن قىزنىڭ چوڭ ئاچىسى ئامەتنىڭ بۇ يەردە مۆكۈپ ياتقانلىقىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغانىكەن، شۇڭا ئۇ ئىككى سىڭلىسىغا:

— كېلەر جۈمە كۈنىگىچە بۇ باغقا كېلىش پۇرسىتى چىقـ مايدۇ، شۇڭا بىز باغنى بۆلۈنۈپ سەيلە قىلايلى. مەن ئاۋۇ تەرەپـ كە، سەن ماۋۇ تەرەپكە، سەن بۇ تەرەپكە بېرىپ ئايلىنىپ كېلەيـ لى، — دەپتۇ ـ دە، ئۈچى ئۈچ ياققا يۈرۈپ كېتىپتۇ. كەنجى قىزغا كۆرسىتىلگەن نىشان دەل ئامەت مۆكۈپ تۇرۇۋاتقان جاي ئىكەن. مايمۇن قىز ئەمدىلا بىرقانچە قەدەم ئېلىشىغا، مۆكۈپ ياتقان ئامەت ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. مايمۇن قىز ئېرىنى كۆرۈپ

ئۆزىنى ئۇنىڭ باغرىغا ئېتىپتۇ. ئامەت خوتۇنىغا بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىپتۇ. مايمۇن قىز:

— ئەمدى مەن سىز بىلەن بىللە كېتەلمەيمەن. ھازىر مەن بىلەن بىللە كەلگەنلەر ئاچلىرىم بولىدۇ. ئىككىمىزنىڭ توي ئىشىنى پەقەت ئانام بىلەن چوڭ ئاچاملا بىلىدۇ، دادام بىلەن كىچىك ئاچام تېخى خەۋەرسىز. بۇ ھالدا سىز بىلەن بىللە كېتىشىم زادى مۇمكىن ئەمەس. مەن سىزگە بىر سۇناي بېرەي، قاچانكى مېنى سېغىنسىڭىز، سۇناينى چېلىڭ، شۇ ھامان يېنىڭىزدا ھازىر بولىمەن. ئەمما، سىزدىن ئۆزگە ئادەم سۇناينى چېلىپ سالمىسۇن، بولمىسا سۇناينىڭ خاسىيىتى تۈگەيدۇ، — دەپتۇ ـ دە، ئامەتكە كىچىك بىر سۇناينى بېرىپتۇ. ئامەت سۇناينى ئېلىپ خوتۇنى بىلەن خوشلىشىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئۇچ ئاچا ـ سىڭىل كۆل بويىدا جەم بولۇپ، بىر يۇمىلاپلا كۆك كەپتەرگە ئايلىنىپ كۆك قەرىگە ئۆرلەپ كېتىشىپتۇ. بۇ چاغدا يەنە ئەتراپ قاتتىق تەۋرەپ قاراڭغۇلۇققا ئايلىنىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئەتراپ يورۇپ، ئەسلىگە كەلگەندە، بايىقى گۈزەل باغنىڭ ئىزناسىمۇ قالماي، ئاۋۋالقىدەك سۇسىز قىزىل تۇپراقلىق سايغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئامەت كەلگەن يولى بىلەن قايتىپ، ئون نەچچە كۈن بولغاندا، ئاخىرقى قېتىم يول توسقان بەھەيۋەت دىۋىگە ئۇچراپتۇ. ئامەت:

— ئەي دىۋە، ئەمدى ئالدىمنى توسۇمىغىن، مەن خوتۇنۇم — كۇھىقاپ پادىشاھلىقىنىڭ كەنجى مەلىكىسى رابىيە بىلەن دىدارلىشىپ كەلدىم. ئۇ ماڭا بىر خاسىيەتلىك سۇناي تەقدىم قىلدى. مەن خوتۇنۇم رابىيەنى قاچان سېغىنسام شۇ چاغدا بۇ سۇناينى چالىمەن ـ دە، ئۇ يېتىپ كېلىدۇ، — دەپتۇ. دىۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئامەتنى تېخىمۇ چىڭ توسۇۋاپتۇ ۋە ئامەتكە:

— ئىككىمىز كېلىشەيلى، سەن سۈنىيىڭنى بەر، مەن ساڭا يەنە بىر خاسىيەتلىك نەرسەمنى بېرەي. بۇ كەمگىچە بىرەر ئايال زاتىنىڭ دىدارىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، مەلىكىنى ئىلكىمگە ئېلىپ بىر يايرىۋالاي، — دەپتۇ. ئامەت دىۋىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلماي:

— بوپتۇ، قېنى، خاسىيەتلىك نەرسەڭنى چىقار، كۆرۈپ باقاي، — دەپتىكەن، دىۋە دەرھال تاغ ئۆڭكۈرىدىن بىر ھاسىنى ئېلىپ چىقىپ:

— ئەي ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋەررۇك ھاسىسى، قېنى، كارامىتىڭنى كۆرسەت، ئاۋۇ كۆرۈنگەن تاغنى ئىككى پارچە قىلىپ، بىر پارچىسىنى ئالدىمغا كەلتۈر، — دەپتىكەن، ھاسا كۆزدىن غايىب بوپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا ئۇدۇلدىكى ئېگىز تاغ ئىككىگە پارچىلىنىپ، ئۇنىڭ يوغان بىر پارچىسى ئۇچۇپ كېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا توختاپتۇ. بۇ كارامەتنى كۆرگەن ئامەت دەرھال سۇنايىنى چىقىرىپ دىۋىگە بېرىپتۇ. دىۋە ھاسىسىنى ئامەتكە بېرىپتۇ. ئامەت تېخى ئۇزاپ كەتمەستە، دىۋە سۇنايىنى چالغىلى تەمشىلىپتۇ. ئامەت قولىدىكى ھاسىغا:

— ئەي ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋەررۇك ھاسىسى، قېنى، كارامىتىڭنى كۆرسەت، ئاۋۇ دىۋىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ سۇنايىنى ئېلىپ كەل، — دېگەنىكەن، ھاسا كۆزدىن غايىب بولۇپ، دىۋىنى بىر ئۇرۇپ يەتتە قات ئاسمانغا چىقىرىۋېتىپتۇ. دىۋە يەتتە قات ئاسماندىن يەرگە چۈشكەندە پارە - پارە بولۇپ ئۆلۈپتۇ. ھاسا خاسىيەتلىك سۇنايىنى ئۇچىغا ئىلىندۇرۇپ ئېلىپ كەپتۇ.

ئامەت سەپىرىنى داۋام قىپتۇ. بىر جايغا كەلگەندە ئالدىنى ئىككىنچى قېتىم ئۇچرىغان دىۋە توسۇۋاپتۇ. بۇ دىۋىمۇ ئاۋۋالقى



دىۋىدەك تەلەپ قويۇپتۇ. بۇ دىۋىدە ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدىن قالغان خاسىيەتلىك قالپاق بار ئىكەن. بۇ قالپاقنى كىيىۋالغان ھەر قانداق ئادەم ئۆزگە ئادەمگە كۆرۈنمەيدىكەن، ھەتتا جىن - پەرىلەرمۇ بۇ قالپاقنى كىيىۋالغان ئادەمنى كۆرەلمەيدىكەن. ئامەت خاسىيەتلىك ھاسىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ دىۋىنىمۇ ئۇجۇقتۇرۇپ، قالپاقنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ.

يەنە بىرقانچە كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن ئەڭ دەسلەپ ئالدىنى توسۇغان دىۋە يول توسۇپ تۇرۇپتۇ. بۇ دىۋىدە ھەزرىتى داۋۇت ئەلەيھىسسالامدىن قالغان بىر خىسلەتلىك ئۇچار گىلەم بار ئىكەن. بۇ گىلەم كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە قىرىق يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتەلەيدىكەن. ئامەت خاسىيەتلىك ھاسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇ دىۋىنىمۇ جەھەننەمگە يوللاپ، گىلەمنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ ۋە گىلەمگە ئولتۇرۇپ: «ئەي ھەزرىتى داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋەررۈك گىلىمى، مېنى لەشكەرلىرىم تۇرۇۋاتقان تەۋەككۈل دەرياسى بويىغا يەتكۈزگىن» دەپتىكەن، كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆزىنى دەريا بويىد-

دىكى لەشكەرلەر ئارىسىدا كۆرۈپتۇ. ئۇ لەشكەرلەرگە:
— سىلەر ئوردىغا قايتقاچ تۇرۇڭلار، مەن بۇ يەردە بىر-قانچە كۈن دەم ئېلىپ، ئارقاڭلاردىن يېتىپ بارىمەن، — دەپ ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئامەت گىلەمگە ئولتۇرۇپ: «ئەي ھەزرىتى داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋەررۇك گىلىمى، مېنى ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىكى يول ئۈستىگە ئېلىپ بار» دەپ كۆزىنى يۇمۇپتۇ، كۆزىنى ئاچسا دەل ئۆز ئۆيى ئالدىدا تۇرغۇدەك. ئامەت ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ سالامەت قايتقانلىقىنى، لەشكەرلەرنىڭ يول ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى يەتكۈزۈپتۇ.
شۇنداق قىلىپ، ئامەت مايمۇن خوتۇنىنى سېغىنغاندا سۇنىينى چالىدىكەن، مايمۇن مەلىكە شۇ زامان پەيدا بولىدىكەن ـ دە، دىدارلىشىپ، مۇڭدىشىپ ئاندىن غايىب بولىدىكەن. مەمەت بىلەن يارمەھەممەتنىڭ خوتۇنلىرى:
— ئامەت دېگەن شۇم كۈندە سۇناي چالىدىغان بوپقالدى، بۇنىڭدا چوقۇم بىر گەپ بار، — دېيىشىپتۇ.
كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا يەنە شىكارغا ئاتلىنىپتۇ. مەمەت بىلەن يارمەھەممەتنىڭ خوتۇنلىرى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىشىپ، ئۇستا تۆمۈرچىلەرنى چاقىرتىپ ئامەتنىڭ ئىشىكىدىكى قۇلۇپلارنى پەم بىلەن ئاچقۇزۇپتۇ ـ دە، ساندۇق، جاۋەنلەرنى ئاختۇرۇپ، ھېلىقى سۇناينى تېپىۋېلىشىپتۇ. ئۇلار سۇناينى چېلىپ بېقىپتىكەن، ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن بىر كۆك كەپتەر چۈشۈپ يەنە دەرھال غايىب بوپتۇ.
ئاكا ـ ئۇكىلار شىكاردىن يانغاندىن كېيىن، ئامەت ئۆيىگە كىرىپ مايمۇن خوتۇنى بىلەن دىدارلاشمىغىلى بىرقانچە كۈن بولۇپ قالغانلىقىنى ئەسكە ئاپتۇ ـ دە، سېغىنىش ئىچىدە سۇناينى ئېلىپ چالغىلى تۇرۇپتۇ. ئىلگىرى سۇناي بىرەر پەدىگە

چىلىنىپ بولغۇچە مايمۇن مەلىكە كۆك كەپتەر سىياقىدا دەرھال ھازىر بولىدىكەن. ئەمدى چىلىپتۇ، چىلىپتۇ، بىراق مايمۇن مەلىكىدىن ھېچ دېرەك بولماپتۇ. ئامەت ھەيرانلىق ئىچىدە خوتۇنۇم سۇنايىنى بەرگەندە: «سىزدىن باشقا كىشى چالمىسۇن» دېگەنىدى. قارىغاندا، مەن يوق چاغدا يات ئادەم ئۆيۈمگە كىرىپ سۇنايىنى چالغان ئوخشايدۇ، دېگەن گۇماندا ئۇزاق ئويلىنىپ، شاھ ئاتىسىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ يىراق سەپەرگە چىقماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

ئامەت شۇ كۈنى كەچتە ئۇچار گىلەمگە ئولتۇرۇپ: «ئەي ھەزرىتى داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋەررۈك گىلىمى، مېنى كۆھىقاپ پادىشاھلىقىنىڭ تەختىگە ئېلىپ بارغىن» دەپ مۇراجىئەت قىپتىكەن، كۆزىنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆزىنى كۆھىقاپتا كۆرۈپتۇ. ئامەت كۆھىقاپ مەركىزىدىكى تۆت كوچا ئاغزىدا گىلەمدىن چۈشۈپ، ھېلىقى دۇۋىدىن ئولجا ئالغان خىسلەتلىك سۇلايمان قالپىقىنى كىيىپتۇ. بىرپەستىن كېيىن، شەرق تەرەپتىكى چوڭ كوچىدىن كۆھىقاپ پادىشاھلىقىنىڭ چوڭ مەلىكىسى قىرىق كېنىزىكىنى ئەگەشتۈرۈپ يەنە بىر چوڭ كوچىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئارقىدىن ئوتتۇرانچى مەلىكىمۇ چوڭ مەلىكە كىرىپ كەتكەن كوچىغا كىرىپ كېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئۆز خوتۇنى قىرىق كېنىزىكى بىلەن ئاچىلىرى ماڭغان كوچىغا بۇرۇلغانىكەن، ئامەت بېشىدىكى سۇلايمان قالپىقىنى ئېلىۋېتىپ ئۆزىنى خوتۇنى ئالدىدا ئاشكارا قىپتۇ. كەنجى مەلىكە رابىيە كۆز ئالدىدا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان ئېرىنى كۆرۈپ ھەم ھاڭ - تاڭ قاپتۇ، ھەم چۆچۈپتۇ. ئامەت خوتۇنىغا كەچۈرمىشلىرىنى، كېلىش مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. مەلىكە رابىيە:

— بىز ھازىر شاھ ئاتىمىزنىڭ ئالدىغا كېتىۋاتىمىز،

بىز ئۈچ ئاچا ـ سىڭىلنىڭ كۈندە چۈشتە ئاتىمىزغا ئويۇن قويۇپ بېرىدىغان ئادىتىمىز بار. بىز قايتقۇچە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ، قالدى ئىشلارنى كېيىن مەسلىھەتلىشەيلى، — دەپ، ئاچىلىرى كىرىپ كەتكەن كوچىغا راۋان بوپتۇ. ئامەت سۇلايمان قالپىقىنى كىيىۋېلىپ، كوچا مەركىزىدە خوتۇنىنى بىر ئاش پىشىمغىچە ساقلاپتۇ. مەلىكە قايتىپ كەپتۇ. ئامەت رابىيەنىڭ كېنىزەكلىرى ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، ئۇلار بىلەن بىللە رابىيەنىڭ خاس ھويلىسىغا كەپتۇ. رابىيە ئامەتنى ھۇجرىسىغا باشلىغاندىن كېيىن:

— دەل پەيتىدە يېتىپ كەپسىز. ھازىر ئاتام يالغۇزلۇق تارتىپ تازا زېرىكىشكە باشلىغاندى، بىز ھەر قانداق قىلىپمۇ ئاتامنىڭ كۆڭلىنى ئاچالمايۋاتاتتۇق. بىزنىڭ تويىمىز بولۇۋاتقاندا، مەن سىلەرنىڭ يۇرتتا داپ دېيىلىدىغان بىر خىل سازنى كۆرگەن. بۇنداق ساز بۇ ئەلدە يوق. سىز ئەتىكى كۆڭۈل ئېچىشقا ئۈلگۈرتۈپ شۇ داپتىن بىرنى تېپىپ كەلسىڭىز. خاسىيەتلىك قالپىقىڭىزنىڭ ھېكمىتى بىلەن ئون ئالتە ـ ئون يەتتە ياشلىق بالا سىياقىدا ئارىمىزغا قوشۇلۇپ، دېپىڭىزنى تازا چالغىلى تۇرسىڭىز، ئېھتىمال ئاتام بۇ كارامەتتىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ سىز بىلەن ئايرىم كۆرۈشىدۇ، سىزنىڭ ھەرقانداق تەلىپىڭىز بولسا چوقۇم ئورۇنداشقا ۋەدە بېرىدۇ. سىز تەلەپ قويۇش ئالدىدا، ئاتامدىن بىر قوشۇق قېنىڭىزنى تىلەڭ، ئاتام ماقۇل بولغاندىن كېيىن ئاندىن «مېنىڭ باشقا تەلىپىم يوق. خانىشىڭىز بودىنەنى پالانى مەملىكەتكە پالىۋەتكىلى مانچە يىل بوپتۇ. بولسا، بودىنە ئاغىچىنى قايتۇرۇپ كېلىپ بىللە ئۆتكەن بولسىڭىز» دەيسىز، ئاتام ئىلاجسىز ماقۇل بولىدۇ. ئانام قايتىپ كەلسىلا باشقا ئىشلار ئاسان بولىدۇ، شۇ چاغدىلا مۇراد ـ مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز، — دەپتۇ.

ئامەت دەرھال گىلەمگە ئولتۇرۇپ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچ-قۇچە چالغىنى ئېلىپ دەرھال ئىچىگە ناخشا ئېيتىپ، كۆھىقاپ ئېلىگە يېتىپ كەپتۇ ۋە سازەندە ئاغىنىلىرىدىن داپ چېلىشنى ئۆگىنىپتۇ. ئاندىن داپتىن بىرنى ئېلىپ يەنە كۆھىقاپ ئېلىگە كېلىپ سېھىرلىك قالپىقنى كىيىپتۇ - دە، ئوردا كېنىزەكلىرى بىللە كۆھىقاپ پادشاھلىقىنىڭ ئوردىسىدىكى نەغمە كېچىلىكىگە قاتنىشىپتۇ.



ئەسلىدە بۇ قالپاقنى سەل - پەل كۆتۈرۈپ كىيسە، كىيگەن ئادەمنى ياش باللار سىياقىغا كەلتۈرىدىكەن. ئامەت ئۇن ئالتە ياشلاردىكى بالا سىياقىدا سازەندىلەرگە قوشۇلۇپ داپنى شۇنداق چېلىپتۇكى، ئوردا ئەھلى ھەيرانۇ ھەس بولۇپ قېتىپ قېلىشىپتۇ. كۆھىقاپ پادىشاھنىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ، كۆزلىرىدىن ياش قويۇلۇپتۇ. ئويۇن يېرىم كېچىگىچە داۋام قىپتۇ. پادشاھ بۈگۈنكى كۆڭۈل ئېچىشتىن

ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ، سورۇن ئەھلى تارقىغاندا ئامەتنى ئايرىم چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن:
— ئەي ئوغلۇم، بۇگۇن سەن بۇ سازىڭنى چېلىپ كۆڭۈلۈمنى يايرىتىۋەتتىڭ، ئۇزۇن يىللىق ئىچ پۇشۇقلىرىم كۆتۈرۈلدى. قېنى، قانداق تەلىپىڭ بولسا ئېيت، شەرتسىز ئورۇندايمەن، — دەپتۇ. ئامەت تەزىم قىلىپ:
— ھۆرمەتلىك شاھىم، تەلىپىمنى ئېيتىشتىن بۇرۇن بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن، — دەپتىكەن، كۇھىقاپ شاھى رازىلىق بېرىپتۇ. ئامەت شاھتىن ئۇچ قېتىم لەۋز ئالغاندىن كېيىن:
— ئەي شاھىنشاھىم، بىلىشىمچە، خانىشلىرى بودىنە ئاغىچا چالىم ئېلىگە پالانغىلى كۆپ يىللار بوپتۇ. بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتكەن قەدىناسلارنىڭ ھىجران پىراقى ئېغىر بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە سىلىنىڭ بودىنە ئاغىچىدىن ئۇچ قىزلىرى بار. قىزلارمۇ بويىغا يېتىپ قاپتۇ. ئۇلارغا ئانا بولمىسا بولماس. مېنىڭچە، سىلى بودىنە ئاغىچىنى يانلىرىغا قايتۇرۇپ ئەكېلىپ بىللە ئۆتسىلە ئۆزلىرىگىمۇ، قىزلارغىمۇ كۆپ ياخشى بولاتتى، — دەپتىكەن، كۇھىقاپ شاھىنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت، بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىن بوران چىقىپ:
— جاللات ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. چىش - تىرنىقىغىچە قوراللانغان تۆت جۇپ جاللات ھازىر بوپتۇ. كۇھىقاپ شاھى ئالدىدىكى بۇ مەسۇم بالىنىڭ ئىلتىجالىق تۇرقىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ لەۋزىگە خىلاپ ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپتۇ - دە، جاللاتلارغا:
— رەپىقەم بودىنە خانىمنى دەرھال قايتۇرۇپ كېلىڭلار، — دەپ پەرمان بېرىپتۇ.
ئەسلىدە ھازىرغىچە كۇھىقاپ پادشاھلىقىدا شاھقا بۇنداق

تەلەپنى قويۇشقا ھېچكىم پېتىنالماي كەلگەنىكەن. بودىنە ئا-غىچا چالىم مەملىكىتىدىن قايتۇرۇپ كېلىنىپتۇ. ئەتىسى پادى-شاھ:

— ئاغىچا، ئۆزلىرىنىڭ قايتۇرۇپ كېلىنىپ ئوردا ئىچى-دە مەن بىلەن جەم بولۇشلىرى ئاجايىپ ئىش. ئەسلى مېنىڭ ئۆزلىرىنى ئەپۇ قىلىش نىيىتىم بولمىغاچقا، ئۆمۈر بويى چا-لىم دىيارىدا ئۆتسۇن دەپ، كۆڭلۇمدىن چىقىرىۋېتىشكە ئۇرۇ-نۇپ يۈرەتتىم، — دەپتىكەن، بودىنە ئاغىچا:

— ئەي شاھىم، ئۆزۈممۇ ھەيرانمەن، مېنىڭ ئۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشتۇرۇپ قايتا جەم بولۇشۇم زادى نېمە ۋەجىدىن؟ — دەپ سوراپتۇ.

پادىشاھ ئوردا كەچكى مەشرەپىدىكى ھېلىقى ئاجايىپ ۋەقەلەرنى، كىچىك سازەندىنىڭ تەلىپىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. بودىنە ئاغىچا ئىشنىڭ تەكتىنى پەملەپتۇ - دە، پادىشاھتىن:

— مېنى قايتۇرۇپ كېلىشنى قاتتىق تەلەپ قىلغان بالىنىڭ كىملىكىنى بىلدىلىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھ باش چايقاپتۇ. بودىنە ئاغىچا چالىم ئېلىدە بولغان ۋەقەلەرنى بايان قىپتۇ ۋە سازەندە بالىنىڭ سازەندە ئەمەس، بەلكى چالىم ئېلىنىڭ كەنجى شاھزادىسى، يەنى ئۆزلىرىنىڭ كۆيئوغلى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. كۆھىقاپ شاھى ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، ئەتىسى قىزى ۋە كۆيئوغلى ئامەتنى ئوردىغا چاقىرتىپ ئۇلارنى تەبى-رىكلەپتۇ. شۇ كۈندىن تارتىپ كۆھىقاپ پادىشاھلىقى تەۋەسىدە قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - مەشرەپ بوپتۇ. تويدىن كېيىن كۆھىقاپ شاھى ئامەتنى ئۆز يېنىدا قالدۇرۇپ، ئۆزىگە ئوڭ قول ۋەزىر قىلىۋاپتۇ.

ئامەت كۆھىقاپ پادىشاھلىقىدا ۋەزىر بولۇپ دەۋران سۈ-

رۇۋاتقان كۆنلەرنىڭ بىرىدە، بىر كېچىسى ئاجايىپ چۈش كۆ-
رۈپتۇ: بىر لايقا سۇلۇق دېڭىز، دېڭىز ئەتراپىدا ئوت كۈيۈۋات-
قۇدەك، دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى بىر غۇلاچچە قورام تاش ئۈس-
تىدە شاھ ئاتىسى ۋە ئانىسى دۈگدەرەپ تۇرغۇدەك. توساتتىن
دېڭىزدا دەھشەتلىك دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ، ئاتا - ئانىسىنى يۇ-
تۇپ كېتىپتۇدەك. يىراق جايدا ئىككى ئاكىسى بىلىق تۇتۇپ،
كېمە ئۈستىدە پەرۋاسىز ئولتۇرغۇدەكمىش... ئامەت چۈشىدىن
چۆچۈپ ئويغىنىپ، چىلىق - چىلىق قارا تەر ئىچىدە: «ئاتا،
ئانا» دەپ نالە قىلغىنىچە كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. كۇھى-
قاپ پادىشاھى ئۇنى يوقلاپ كىرگەنىكەن، ئۇ كۆرگەن چۈشىنى
بىرمۇ بىر بايان قىلىپ، ئاتا - ئانىسىنى يوقلاپ كېلىش تى-
لىكىنى ئېيتىپتۇ. كۇھىقاپ شاھى ئوردا دانىشمەنلىرىنى يى-
غىپ، ئامەتنىڭ كۆرگەن چۈشلىرىگە تەبىر بېرىشنى بۇيرۇپ-
تۇ. بىر دانىشمەن:
— كۈيئوغۇللىرىنىڭ يۇرتىدا ئۇرۇش يېغىلىقى كۆتۈرۈ-
لۈپ، قۇدىلار قىيىن ئەھۋالدا قاپتۇ. ئامەتنىڭ ئىككى ئاكىسى
ياۋلارغا يانتاياق بولۇپ، قۇدىلارنىڭ تاجۇ تەختىنى دۈشمەنگە
تۇتۇپ بېرىپتۇ. ئەھۋال تولىمۇ ئېغىر، — دەپ تەبىر بېرىپتۇ.
كۇھىقاپ پادىشاھى دەرھال بىر تۇمەن ئاق دىۋە، بىر تۇمەن
قارا دىۋە، بىر تۇمەن سېرىق دىۋىنى يىغىپ، ئامەتنى ئۇلارغا
باشچى قىلىپ يولغا سېپتۇ. ئامەت ئۈچ تۇمەن دىۋە قوشۇنى بى-
لەن يۇرتىغا كەلگەندە، ياۋلار چالىم ئېلىنى ئاللىقاچان ئىگى-
لىۋالغانىكەن. ئامەت بىر تۇمەن قارا دىۋىنى ئىشقا سېلىپ ئاتا -
ئانىسىنى بىر چەت چۆل - جەزىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تېپىپ
كەپتۇ. قالغان ئىككى تۇمەن دىۋە يات ئەلدىن كەلگەن دۈش-
مەنلەرنى تىرىپىرەن قىلىپ، يۇرتنى قايتۇرۇۋاپتۇ. ئامەتنىڭ
ئىككى ئاكىسى ياۋلارغا تەسلىم بولۇپ، ئەيش - ئىشرەت بى-

لەن ئۆتكەنىكەن. ئامەت ئۇلارنىمۇ تۇتۇپ كېلىشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

بۇ چاغدا مايمۇن مەلىكە رابىيەمۇ يېتىپ كېلىپ، ئۆز قېيناتا - قېينانىسى بىلەن دىدار كۆرۈشۈپتۇ. چالىم ئېلىدىنىڭ تەختى يېڭىۋاشتىن ئامەتنىڭ ئاتىسىنىڭ قولىغا ئۆتۈپتۇ. ئامەتنىڭ ئىككى ئاكىسى مەمەت بىلەن يارمەھەممەتنىڭ گۇناھى ئېغىر بولغاچقا، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانىكەن، ئەمما ئامەت شاھ ئاتىسى بىلەن ئانىسىغا يالۋۇرۇپ، ئۇلارنى كەچۈرۈم قىپتۇ. كەچۈرۈمگە ئېرىشكەن مەمەت بىلەن يارمەھەممەت بولسا ئاتا - ئانىسىدىن يەنە يۈز ئۆرۈپ يات ئەلگە قاچقانىكەن، تەڭ يولدا بىرى بۆرىگە، يەنە بىرى تۈلكىگە ئايلىنىپ چۆلگە چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ خوتۇنلىرى گۈلسەيدەمخان بىلەن گۈلزىرە بولسا، سېغىزخان بىلەن توڭ قاغىغا ئايلىنىپ بېشى قايغان تەرەپلەرگە ئۇچۇپ غايىب بوپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، چالىم پادىشاھلىقى بىلەن كۆھقاپ پادىشاھلىقى قۇدىلاشقان ئىناق ئەللەرگە ئايلىنىپتۇ. ئامەت بەزىدە چالىم ئېلىدە ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىدا، بەزىدە قېيناتا - قېينانىسى تۇرۇشلۇق كۆھقاپ پادىشاھلىقىدا ياشاپتۇ. ئەگەردە ئامەت چالىم مەملىكىتىدە ئۇزاقراق تۇرۇپ قالسا، كۆھقاپ پادىشاھى ئۆز كۆيئوغلىنى سېغىنىپ بوران نۆكەرلىرىنى چالىم ئېلىگە ئەۋەتىدىكەن. ئەگەر ئامەت كۆھقاپ ئېلىدە كۆپرەك تۇرۇپ قالسا، چالىم پادىشاھى كۆھقاپ پادىشاھلىقىغا چاقماق بەگنى سەردار قىلىپ يامغۇر نۆكەرلىرىنى ئەۋەتىپ، يامغۇر ياغدۇرىدىكەن. بوران بىلەن يامغۇر بىر - بىرى بىلەن كېلىشەلەيدىكەن. يامغۇر ياغقاندا بوران چىقسا، يامغۇرنىڭ توختاپ قېلىشى شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# كەشمىر سۇلتانىنىڭ قىزى

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىپتۇكى، كەشمىر ۋىلايىتىدە بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ بىرمۇ پەرزەنتى يوق ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھ خوتۇنى بىلەن بىللە تەختىگاھتا ئولتۇرغىنىدا، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر دەرۋىش كىرىپ كەپتۇ. ئۇ:

— تەڭرى رىزاسى ئۈچۈن سەدىقە بېرىڭلار، — دەپتۇ.

— ئەي دەرۋىش، نېمە تەلەپ قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ خانىش.

— مېنىڭ تەلىپىم يۈز سەر ئالتۇندۇر، — دەپتۇ دەرۋىش.

پادىشاھ بىلەن خوتۇنى دەرھال يۈز سەر ئالتۇننى ئەكەلدۇرۇپ دەرۋىشكە بېرىپتۇ. بۇ چاغدا، دەرۋىش خانىشقا قاراپ:

— ئەي خانىش، سېنىڭ بىرەر ئارزۇ - تەلىپىڭ يوقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭ بىر ئارزۇ - ئارمىنىم بار ئىدى، لېكىن دېيىشكە خىجالەت بولۇۋاتىمەن، — دەپتۇ خانىش.

— ئۇيالماي ئېيتقىن، — دەپتۇ دەرۋىش.

— ئەي دەرۋىش، — دەپتۇ خانىش، — ماڭا بىر دۇئا قىلساڭ، تەڭرىم ماڭا بىر پەرزەنت ئاتا قىلسا.

— مەن دۇئا قىلسام، سەن «ئامىن» دېگەيسەن، — دەپتۇ

دەرۋىش.

دەرۋىش دۇئا قىپتۇ، خانىش «ئامىن» دەپ قول كۆتۈرۈپتۇ. تەڭرىتائالا ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىپتۇ. شۇ كېچىسى خانىش ھامىلدار بوپتۇ. ئاي - كۈنى توشقاندىن كېيىن، بىر قىز بالا دۇنياغا كەپتۇ. پادىشاھ بارلىق پۇقرانى يىغىپ شۇنداق چوڭ توي - تاماشا قىپتۇكى، ھەتتا جىمى ھايۋانلارمۇ يېمەك - ئىچمەككە تويۇپتۇ. ئۈچ كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ، تۆتىنچى كۈنى بۇ قىزغا «گۈلچېھرە» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. ئاندىن پۈتۈن شەھەر خەلقىگە ئالتۇن تەڭگىلەرنى ئۈلەشتۈرۈپتۇ، ھەممە ئادەم خۇشال بولۇپ، قىزنىڭ بەختى - تەلىيى ئۈچۈن نۇرغۇن دۇئالارنى قىلىپ ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. قىز ئۈچ ياشقا كىرگەندە، ئۇنى موللىغا تاپشۇرۇپتۇ. بۇ قىز شۇنداق ئالىم بولۇپ يېتىشىپتۇكى، ھېچكىم ئۇنىڭ ئىلمىگە جاۋاب قايتۇرۇشقا قادىر ئەمەس ئىكەن. بۇ قىز ئىلىمدىلا ئەمەس، ھۆسن - جامالدىمۇ تەڭداشسىز گۈزەل ئىكەن. پۈتۈن شەھەر خەلقىنىڭ پىكرى - زىكرى بۇ قىزنى بىر كۆرمەكتە ئىكەن. بارلىق پادىشاھلار ۋە شاھزادىلەر بۇ قىزنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇشىدىكەن. بۇ قىز ھۆسن - جامالدا، ئىلىمدە، ئەقىل - پاراسەتتە، نازاكەتتە ۋە پالۋانلىقتا ھەم تەڭداشسىز ئىكەن. ئۇ قىزىل ياقۇتتەك لەۋلىرىنى تەۋرىتىپ بىر ئېغىز سۆزلىسە، كۆرگەنلەر بىھوش بولۇپ يىقىلىدىكەن.

گۈلچېھرە ئون ئىككى ياشقا كىرىپتۇ. بۇ چاغدا بىرقانچە ئەللەردىن ئەلچىلەر كەپتۇ، لېكىن پادىشاھ قىزنىڭ رازىلىقىسىز ئۇلارغا جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. گۈلچېھرە بولسا:

— ماڭا ئەلچى ئەۋەتكەنلەرنىڭ ئىچىدە كىم ئىلىمدە، ھۆسن - جامالدا، باتۇرلۇقتا مېنىڭدىن ئۈستۈن بولسا، مەن

شۇنىڭغا تېگمەن، ــ دېگەن جاۋابنى بېرىپتۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن ئالىملار كېلىپ قىز بىلەن بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىپتۇ. بىرمۇنچە شاھزادىلەر كېلىپ قىزنىڭ جامالىغا ھەيران بولۇشۇپتۇ. قانچىلىغان پالۋانلار كېلىپ قىزنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە تەڭ كېلەلمەي، بىچارە بولۇپ قايتىشىپتۇ. بەزى پادىشاھلار لەشكەر ئەۋەتىپ سوقۇشۇپمۇ قىزنى ئالالماپتۇ. شۇنداق قىلىپ خېلى ۋاقىتلار ئۆتۈپتۇ.
بىر كۈنى باغداد پادىشاھىنىڭ ئوغلى يۈز تۆگىگە ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى، يىپەك ۋە ئەتلەسلەرنى يۈكلەپ، بىرقانچىلىغان خىزمەتكار، قۇللار بىلەن كەشمىر ۋىلايىتىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. شاھزادە ھەر تۈرلۈك ياقۇت ـ جاۋاھىرلار بىلەن بېزەلگەن تاج ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشكە غەرق بولغان لىباسلارنى كىيىپ، يېشىل، قىزىل، ئاق ئەتلەسلەردىن سايىۋەن قىلغان تەختىراۋاندا ئولتۇرغانىكەن، ئۇنىڭغا قارىغان ئادەملەرنىڭ كۆزلىرى قامىشىپ كېتىپتۇ. بۇ شاھزادىنىڭ يۈزى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىدەك نۇرلۇق، سۆزى ھەزرىتى زۇلەيخانىڭكىدەك شېرىن ئىكەن. ئۇ گۈلچېھرەنىڭ بۇلبۇلغا ئوخشاش سۆزىگە تەشنا، نۇرلۇق جامالىغا ئاشىق بولۇپ، مىڭ بىر مۇشەققەتلەرنى چېكىپ كەشمىر ۋىلايىتىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ شەھەرگە كىرىپ شەھەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپتۇ، كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا گۈلچېھرەنىڭلا گېپىمىش. شۇنىڭ بىلەن، بۇ بىچارىمۇ گۈلچېھرە ھەققىدىكى گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئەقلىدىن ئازغىلى تاس قاپتۇ. ئۇ يەنە ھوشىنى يىغىپ، ئۆزى چۈشكەن ھۇجرىغا قايتىپتۇ.
شاھزادىنىڭ بىر ئەقىللىق مەسلىھەتچىسى بار ئىكەن. شاھزادە ئۆز ھالىدىن ئۇنى خەۋەردار قىلىپ:
ــ ئەي ۋەزىر، بۇ دەردىنىڭ دەرمانىغا قانداق يەتمەك كې-

رەك؟ — دەپتۇ. ۋەزىر باش قاتۇرۇپ راسا ئويلانغاندىن كېيىن:
— ئەي شاھزادە، بىرئاز سەۋر قىلايلى، شەھەردىكى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ بىلىپ باقايلى. شۇ چاغدا ئىنشائالللا بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇمكىن. ھازىرچە ئالدىراپ ھېچقانداق ئىشقا قەدەم باسمايلى، — دەپتۇ.
شاھزادە ۋە باشقىلار بۇ سۆزنى مۇۋاپىق كۆرۈپتۇ.
بۇلار مەسلىھەت قىلىشىپ تۇرسۇن، بىز گەپنى گۈلچېھرەدىن ئاڭلايلى:
گۈلچېھرەگە شۇنداق خەۋەر يېتىپتۇكى:
— بۇ شەھەرگە بىر شاھزادە كەپتۇ، مال - دۇنيا ۋە ھۆسن - جامالىنى تىل بىلەن تەرىپلەش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ئۇنى بىر كۆرگەنلەر ماڭالماي، قەدەم باسقان جايىدا تۇرۇپلا قېتىپ قالىدىكەن. ئەمما، ئۇ دائىم «گۈلچېھرە» دېگەن نامنى زىكرى قىلىدىكەن، مىڭ جېنى بولسىمۇ سىزنىڭ ئىشقىڭىزدا قۇربان قىلارمىش...
گۈلچېھرە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بىرھازا ئويلىنىپ قاپتۇ، ئىشق - مۇھەببەت تومۇرلىرى شىددەت بىلەن سوقۇپتۇ. «ئۇنى بىر كۆرۈپ بېقىش كېرەك» دەپتۇ قىز.
شاھزادە بولسا كېچىلىرى ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇلبۇل گۈل دەپ زىكرى قىلغىنىدەك، ئۇ گۈلچېھرە دېگىنىچە تۈنلەرنى ئويغاق ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.
بىر كۈنى ۋەزىر گۈلچېھرەگە تونۇش بىر موماينى تېپىپ، ئۇنىڭغا:
— ئانا، بۇ ئىشقا بىر ئامال تېپىڭ. قانداق قىلىپ بولسۇن شاھزادە بىلەن گۈلچېھرەنى ئۇچراشتۇرايلى. قانچىلىك ئالتۇن - كۈمۈش دېسىڭىزمۇ بېرەيلى، — دەپ، ئەھۋالنى ئېيتىپ يالۋۇرۇپتۇ.

موماي ئالتۇن - كۇمۇشنىڭ ئىتنى ئاڭلىغان ھامان پەلىكتەك يۇمشاپ، تۇلكىدەك ھىيلىگە كىرىپتۇ ۋە:

— ئەي ۋەزىر، مېنىڭمۇ كۆڭلۈمگە بىر ئوي كېلىۋاتىدۇ. مەن گۈلچېھرەنىڭ قېشىغا بېرىپ شاھزادىنى راسا ماختاي. ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مېنىڭ سۆزلىرىم ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ، شاھزادىگە نىسبەتەن قىزىقىش قوزغىلامدۇ ياكى تەكەببۇرلۇق ئىزھار قىلامدۇ، شۇنىڭغا قاراپ بىر تەدبىر قوللىنارمىز، — دېگىنىچە ھىيلە كىيىمىنى كىيىپ، يالغانچىلىق چاپىنىغا ئورىلىپ، ئىغۋا ھاسىسىغا تايىنىپ يولغا چىقىپتۇ.

موماي شۇ ماڭغىنىچە بىردەمدىلا گۈلچېھرەنىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ بېرىپتۇ. قىزلار:

— قىزىقچى موماي كەلدى، — دەپ خەۋەر قىپتۇ.

— كىرگۈزۈۋېتىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ گۈلچېھرە.

ئۇ گۈلچېھرە بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتقاچ:

— ئاھ، بۇ قولنى قانداق قىلىپ شاھزادىنىڭ قولى بىلەن كۆرۈشتۈرەرمەن؟ — دەپتىكەن، گۈلچېھرە كۈلۈپ كېتىپ:

— قانداقلارچە شاھزادىنىڭ قولى مېنىڭ قولۇمغا لايىق كېلىدۇ؟ — دەپتۇ.

موماي دەرھال ئەقىل - ھوشىنى يىغىپ، مىكىر خالتىسىنى ئالدىغا يېيىپ، شاھزادىنى ماختاشقا باشلاپتۇ:

— ئەي قىزلارنىڭ سۇلتانى، يىگىتلەرنىڭ تاجى، نەچچە مەملىكەت پادىشاھلىرىنىڭ كۆرگۈ ئەينىكى ۋە نەچچە يىگىتلەرنىڭ كۆزىنىڭ سۇرمىسى، نەچچە شاھزادىلەرنىڭ كۆڭۈل زىكرىنىڭ كەبىسى! يۈزۈڭ ۋە سۆزۈڭ بىلەن نەچچە مەملىكەت خەلقىنى مەھلىيا قىلدىڭ، سېنىڭ ئىشقىڭدا كەسىپ ئىگىلىرى ئىشنى تاشلاپ، قوللىرىغا تەسۋى ئېلىپ سېنى زىكىر

قىلىشماقتا... ھەسەل ھەرىسى بال ئىزدەپ خۇش پۇراق چېچەكلەرنى ئايلانغىنىغا ئوخشاش، سېنىڭ گۈلدەك يۈزۈڭگە ئاشىق بولۇپ بىر شاھزادە كەپتۇ. ئەگەر سەن مۇۋاپىق كۆرسەڭ، سېنى ئەمرىگە ئېلىشنى ئويلايدىكەن.

— ئۇ شاھزادىنى كۆرۈپ بېقىش كېرەك، — دەپتۇ قىز.

— پالانى سودىگەرنىڭ قىزىنىڭ تويى بولىدىكەن، ئۇ سېنىمۇ قىز ئولتۇرۇشىغا چاقىرىدىكەن. ئەگەر قوبۇل كۆرسەڭ ئاشۇ سودىگەرنىڭ قىزىنىڭ تويىغا بارساڭ، شاھزادىمۇ شۇ ئەتراپتا ئىكەن، شۇ چاغدا كۆرۈپ قېلىشىڭ مۇمكىن، ئىنشائاللا، — دەپتۇ موماي.

— چاقىرسا نېمىشقا بارمىغۇدەكمەن؟ — دەپتۇ قىز.

موماي ئىچىدە يەنە بىر قاپقاننى قۇرۇپتۇ. گۈلچېھرەدىن رۇخسەت سوراپ، تېزدىن ۋەزىرنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىپ ۋەقەنى بىرمۇبىر بايان قىپتۇ ۋە:

— مەن سودىگەرنىڭ قېشىغا بېرىپ: «سەن كاتتا بىر توي قىلغىن، تارتقان زىيىنىڭنى شاھزادە تۆلەپ بېرىدۇ» دېدىم. ئۇ ماقۇل بولدى. شۇڭا، قانچىلىك مال - پۇل كېرەك بولسا شاھزادىگە ئېيتايلى، خىراجەتكە ئۇ رازى بولسۇن، چۈنكى ئۇ سودىگەرگە تارتقان جاپاسىنىڭ ئەجرىنىمۇ بېرىشىمىز كېرەك. سودىگەرنى تولۇق رازى قىلىپ، چوڭ توي - تاماشا قىلىپ، شۇ باھانە بىلەن گۈلچېھرەنى شاھزادىگە كۆرسىتىش كېرەك. بۇنىڭ نەتىجىسى ئەگەر مەقسەتكە مۇۋاپىق كەلسە، گۈلچېھرەنى شاھزادىگە ئېلىپ بېرىشنىڭ كويىدا بولىمىز، — دەپتۇ موماي.

ۋەزىر بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ خۇشال بولۇپ شاھزادىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ ۋە ئەھۋالدىن خەۋەردار قىپتۇ. شاھزادە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مىڭ جېنى بىلەن شادلىنىپ، ئىككى قولىنى

قوۋۇشتۇرۇپتۇ. ئۇ:
— قانچىلىك مال - دۇنيايىم سەرپ بولسىمۇ، مىڭ جىد-
دىم بىلەن رازىمەن، — دەپتۇ.
ۋەزىر شاھزادىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ مومايىنىڭ ئالدىغا چىد-
قىپ ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپتۇ.
موماي دەرھال سودىگەرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپتۇ ۋە
بارلىق ۋەقەنى باشتىن - ئاخىر ئۇنىڭغا دەپتۇ. سودىگەرمۇ
گۈلچېھرەنىڭ ئۆز ئۆيىگە قەدەم باسىدىغانلىقىغا خۇش بولۇپ،
ھەممە ئىشقا رازى بوپتۇ. موماي سودىگەرنى ئەگەشتۈرۈپ شاھزادە
بىلەن ۋەزىرنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپتۇ، ئۇلار كۆرۈشۈپ ئۆز-
ئارا ھال - ئەھۋال سورىشىپتۇ. قايتىش ۋاقتىدا ئۇلار پادىشاھنىڭ
قىزىنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ مەسلىھىتىنى پىشۇرۇپتۇ.
شۇنداق قىلىپ، سودىگەر بىلەن موماي ئۈچ - تۆت كۈنگى-
چە توي تەييارلىقى بىلەن پۈت - قولى يەرگە تەگمەي ھەر تەرەپ-
كە چېپىشىپتۇ. نىمە كېرەك بولسا ئەكېلىپ، نۇرغۇنلىغان نازۇ
نېمەتلەرنى ھازىرلاپتۇ. نەچچىلىگەن قۇل، كېنىزەكلەر، ھۆرلەر
كەبى قىزلار ۋە غىلمانلار كەبى يىگىتلەر ئالتۇن - ياقۇتلاردىن يا-
سالغان ئاياقلاردا شاراب تۇتۇش ئۈچۈن تەييارلىنىپتۇ. بەشىنچى
كۈنى توي - تاماشا باشلىنىپ، شەھەردىكى گۈزەل قىزلار كې-
لىشكە باشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى ئۈنچە - مارجانلار بىلەن
بېزەلگەن كۇرسىلارغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. گۈلچېھرە ئۈچۈن بىر
ئالتۇن كۇرسى ھازىرلانغان بولۇپ، تۆت نەپەر خادىم ئالتۇن
پەتنۇسلارغا تىللالارنى تولدۇرۇپ قوللىرىدا كۆتۈرگەن پېتى
ئۇنىڭ يولىغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇپتۇ. قىزىل، يېشىل ئەت-
لەسلەردە سايىۋەن قىلغان، ئالتە ئات قوشۇلغان تەختىراۋانغا
ئوخشاش بىر ھارۋا گۈلچېھرە ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان
بولۇپ، بىرقانچە مۇلازىم گۈلچېھرەگە خەۋەر بېرىپ، ئۇنىڭ

ئىشىكىدە ئىنتىزار بولۇپ كۈتۈشۈپتۇ. گۈلچېھرە بۇ خەۋەرنى
ئاڭلىغاندىن كېيىن سۇمبۇل چاچلىرىنى تاراپ، ئايدەك يۈزى-
نى تۈرلۈك - تۈمەن زىننەتلەر بىلەن بېزەپ، بېشىغا ياقۇت -
جاۋاھىرلار قويۇلغان بىر تاجنى كىيىپتۇ، ئۇنىڭ نۇرى شە-
ھەرنى چاقنىتىۋېتىپتۇ. ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن زىننەتلەنگەن
لىباسلار، ئۈنچە - ياقۇتتىن تىزىلغان مارجانلىرى ئۇنى خۇددى
بىر زىبا تۇتى قۇشقا ئوخشىتىپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ شولىسى پۈ-
تۈن ئەتراپقا يېيىلىپتۇ، كۆرگەنلەرنىڭ كۆزلىرى قامىشىپ
كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئىنىكئانىلىرى ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرى-
دىن يۆلەپ، قوللىرىدىن يېتىلەپ، يىپەك - ئەتلەسلەردىن
سېلىنغان پاياندازلارنى دەسسىتىپ، ئۇنى ھارۋىنىڭ ئىچىگە
كۆتۈرۈپ ئېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. سودىگەرنىڭ مەھەل-
لىسىگە يېتىپ بارغاندىمۇ پاياندازلار سېلىنىپ، ئاياغ ئاستىغا
ئۈنچە - مارجان، تىللالارنى چېچىپتۇ. ھۆر - پەرىلەردەك
قىزلار ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، قوللىرىدىن تۇتقىنىچە بېشىدىن
ئالتۇن تاۋاقلاردا ئۈنچە - مارجانلارنى چېچىپتۇ، «قەدىمىڭىز-
گە مۇبارەك بولسۇن! مەرھابا، خۇش كەپسىز...» دېيىشىپ
چۇرقىرىشىپتۇ. يەنە تويغا تەكلىپ قىلىنغان قىزلارنىڭ ھەم-
مىسى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يۈزلىرىدىن سۆيۈپ: «مەرھابا،
خۇش كەپسىز، خانىمىز، سۇلتانىمىز» دېيىشىپتۇ. گۈلچېھ-
رەمۇ ئەتراپتىكى ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ، بارلىق قىزلاردىن
ئەھۋال سوراپتۇ.

بۇلار بۇ يەردە بۇلبۇلدەك سايراپ سۆزلىشىپ تۇرسۇن،
بىز شاھزادە بىلەن ۋەزىرنىڭ يېنىغا بېرىپ باقايلى:

موماي سودىگەر ۋە ۋەزىر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ شاھزا-
دىنى بىر ھۇجرىغا ئولتۇرغۇزۇپ، گۈلچېھرەنى كۆزىتىش ئۇ-
چۈن كىچىككىنە بىر دېرىزىنى ئوچۇق قويۇپ، ئىشىكىنى

ئېتىپ قويۇپتۇ، چۈنكى قىزلار شوخ كېلىدۇ، ئىشكىنى ئېپ-چىپ كىرىپ قالمىسۇن، دېيىشىپتۇ ئۇلار.

شاھزادە، كۆزلىرىدىگە قۇياش نۇرى قاچان چۈشەركىن دەپ ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇرغىنىدا، تۇيۇقسىزلا گۈلچېھرەگە كۆزى چۈشۈپتۇ. خۇشاللىقىدىن ئۇ جان تەسلىم قىلىشقا تەييارلىنىپ، بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ، بىرھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، كۆرمەي تۇرۇپ ئاشىق بولغىنىغا ئۈزۈن بولغان ئۇ قىزنى كۆرۈپ مىڭ جېنى بىلەن كۆيۈپ چىدىغۇچىلىكى قالماپتۇ، ئەقلىدىن ئېزىشقا ئاز قاپتۇ، مىڭ بالالار بىلەن ئاران سەۋر قىپتۇ. قىزلارنىڭ ھەممىسى يېيىش - ئىچىش بىلەن بولسا، گۈلچېھرە بىلەن شاھزادە بىر - بىرىنى ئويلاپ تاقىتى قالماپتۇ. قىزلار تويىنى تۈگىتىپ بىر - بىرلەپ قايتىشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا گۈلچېھرە مومايغا:

— شاھزادىدىن خەۋەر يوقمۇ؟ — دەپتۇ.

— شاھزادە سېنى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ يوشۇرۇنۇۋاپتۇ، — دەپتۇ موماي مىڭ بىر ھىيلىلەر بىلەن، — ئەتە مەن ساڭا بىر ئامال ئۆگىتەي، شۇ چاغدا ئۇنى قانچىلىك كۆرۈشنى خالىساڭ كۆرەلەيسەن.

گۈلچېھرە مومايىنى ئۆز قېشىغا بېرىشقا شەرەت قىلىپ قويۇپ، كېتىشكە ھازىرلىنىپتۇ. خىزمەتچىلەر تەرەپ - تەرەپتىن ئۈنچە - مارجانلارنى چېچىپ ئۈزىتىپ قويۇپتۇ. شاھزادە كۆزلىرىدىن ئۈنچىدەك ياشلارنى تۆكۈپ، ئۇنىڭ كەينىدىن تەلمۈرگىنىچە بىقارار بولۇپ قاپتۇ. ۋەزىر ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— ئىنشائاللا، بۇ گۈزەل قىز چوقۇم سىزنىڭ بولىدۇ، — دەپتۇ. شاھزادە ۋەزىرنىڭ سۆزىدىن كۆڭلى تەسكىن تېپىپ، تاڭ ئاتقۇچە تەڭرى تائالاغا مۇناجات قىلىپ، گۈلچېھرەنى ئۆزىگە نېسىپ قىلىشنى تىلەپ ئويغاق تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ. مو-

ماي بولسا، قاچان تاڭ ئاتاركىن دەپ گۈلچېھرە ئۈچۈن ھىيلە ـ مىكىرلەرنى تۈزۈپ، ئالدام خالتىسىنى تولدۇرۇپتۇ. تاڭ ئاتار ـ ئاتمايلا موماي ھىيلە كىيىمىنى كىيىپ، يالغانچىلىق رومىلىنى ئارتىپ، ئىغۋا تايىقىغا تايىنىپ گۈلچېھرەنىڭ قېشىغا قاراپ چىپىپتۇ. قىزلار مومايىنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىپتۇ. گۈلچېھرەنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئىنىكئانىلار ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئاپتۇ. موماي گۈلچېھرە بىلەن كۆرۈشۈپ ھال ـ ئەھۋال سورىشىپتۇ. گۈلچېھرە مومايغا:

— ئەي ئانا، شۇ شاھزادىنى قاچان كۆرۈرمەن؟ — دەپتۇ.

موماي دەپتۇكى:

— ساڭا بىر مەسلىھەت كۆرسىتەي، ئاتاڭغا بۇ شاھزادىنىڭ خەۋىرىنى ئاناڭ ئارقىلىق يەتكۈزگىن. بىر يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، مېھمان چاقىرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلغىن. ئاتاڭ شاھزادىنىمۇ چاقىرسۇن، شۇ چاغدىلا سەن ئۇنى مۇرادىڭغا يەتكۈدەك كۆرەلەيسەن.

بۇمەسلىھەت گۈلچېھرەنىڭ كۆڭلىگە بەكمۇ يېقىپتۇ. ئۇ بۇ توغرۇلۇق ئاتىسىغا ئىلتىماس قىلماقچى بوپتۇ. كەچ بولغاندا ئىنىكئانىسىغا ئەھۋالنى ئېيتىپ:

— سەن بۇ ئەھۋال توغرىسىدا مۇۋاپىق بىر پۇرسەت تېپىپ ئانام بىلەن سۆزلەشكىن، ئۇ ئاتام بىلەن سۆزلىشىپ باقسۇن. ئاتام نېمە دېسۇن، ئۇنىڭ پىكرىدىن بىزنى خەۋەرلەندۈرسۇن. ئىشقىلىپ، بىر ئامال قىلىپ مېھمان چاقىرىشنىڭ يولىنى قىلسۇن، — دەپتۇ.

ئىنىكئانا بۇ سۆزلەرنى خانىشقا يەتكۈزۈپتۇ. ئۇ كېچىسى خانىش قىزىغا ھەمراھ بولۇپ، ئەتىسى ئۆز خانىسىغا قايتىپتۇ، سۇلتانىنىڭ كەيپى چاغ پەيتىنى كۈتۈپ تۇرۇپ، بۇ سۆزلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتىپتۇ. سۇلتانمۇ مەلىكىنىڭ بۇ سۆزىگە



جان - تېنى بىلەن قوشۇ-
لۇپتۇ. ئۇ دەرھال مېھمان
چاقىرىش ئۈچۈن تەييارلىق
قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ-
تۇ. بىر كۈن ئاۋۋال شەھەر-
نىڭ ئۆلىما - پازىللىرىنى،
بايلارنى مېھماندارچىلىققا
تەكلىپ قىپتۇ.

ئەتىسى قىز شاختىكى
كۈن نۇرى چۈشكەن ئالمى-
دەك قىزىرىپ، تۈرلۈك -
تۈمەن ياقۇت جاۋاھىرلار
بىلەن بېزىلىپ يىراقتىن ماراپ تۇرۇپتۇ. ئۆلىمالار، بايلار،
شەھەر خەلقى ھەممىسى يېتىپ كەپتۇ. بۇ چاغدا شاھزادىنىڭ
ئالدىغا يەنە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. شاھزادە بولسا ئۈنچە - مەرۋا-
يىتلار ئورنىتىلغان تاجنى كىيىپ، ئالتۇن ئۈزەڭگە، يىپەك
چۇلۋۇرلۇق ھەيۋەتلىك بىر ئاتقا مىنىپ، ۋەزىرىنى يەنە بىر
ئاتقا مىندۈرۈپ، پادىشاھلار كەبى يېتىپ كەپتۇ. ئۇنى كۆرگەن-
لەر: «بۇ پەرىشتە سۈپەت ئادەم كىمدۇ؟» دېيىشىپ ھەيران بوپتۇ.
گۈلچېھرە شاھزادىنى كۆرگەن ھامان بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ،
يۈرىكىگە ئىشق ئوتى تۇتىشىپتۇ.

شاھزادىنى سۇلتان بىلەن ۋەزىرلەر قارشى ئېلىپ، ئۇ-
نىڭغا مۇۋاپىق ئورۇن كۆرسىتىپتۇ. دۇئادىن كېيىن ھال -
ئەھۋال سورىشىپتۇ. گۈلچېھرە شاھزادىنى كۆرىدىغانغا بىر
كىچىككىنە يوچۇق ئېچىلغان خانىغا يوشۇرۇنۇۋالغانىكەن، ئۇ
شۇ يەردىن شاھزادىگە قاراپ قانغۇدەك كۆرۈۋاپتۇ. ئۇنىڭ
ئىشق - مۇھەببىتى ئەسلىدە بىر ھەسسە بولسا، ئەمدى مىڭ

هەسسە بوپتۇ.

سورۇندا ئۆلىمالار ۋە بايلار ئۆز ئارا سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ، شاھزادىدىن بىر سوئال سوراشقا توغرا كېلىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ. شاھزادە تەبەسسۇم قىلغان ھالدا مەجلىس ئەھلىگە ناھايىتى مۇۋاپىق جاۋاب قايتۇرۇپتۇ. ئۇلار قايىل بولۇشۇپ، ھەممىسى «بارىكاللا» دەپ ئاپىرىن ئوقۇشۇپتۇ. بۇ چاغدا گۈلچېھرە يوچۇقتىن قاراپ



تۇرغانىكەن، ئۇ مەغرۇرلۇق بىلەن:

— تازىمۇ ئەخمەق نېمىكەنسنا، سۆزلىمەي تۇرۇپلا كۈلۈۋاتىدۇ، — دەپتۇ مەسخىرە قىلىپ ۋە، — مەن قانداقمۇ بۇنداق شاھزادىگە لايىق بولاي؟ — دەپ تەكەببۇرلۇق قىپتۇ.

زىياپەت ئاخىرلىشىپ، كۆپچىلىك تارقىلىپتۇ. شاھزادىمۇ ئۆز تۇرالغۇسىغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇ، گۈلچېھرەنىڭ خەۋىرىنى قانداق ئالارمەن دەپ بىقارار بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا ۋەزىر يېتىپ كەپتۇ. ئۇ:

— ئەي شاھزادە، ئەمدى نېمە ئامال قىلماق كېرەك؟ گۈلچېھرەنى سىزگە سورىتىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى كىمدىنمۇ بىلگىلى بولار؟ — دەپتۇ. شاھزادە:

— ئۆزۈڭ بىل، ھەرنېمە قىلساڭ بىر چارە تېپىپ مېنى نائۈمىد قويمىغىن، — دەپ ئۈنچىدەك كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ-

تۇ. ۋەزىر ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ-تۇ. ئۇ، ھېلىقى مومايىنى تېپىش كېرەك، چوقۇم ئۇ بۇ ئىش-نىڭ ئامالىنى بىلىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. ۋەزىر دەرھال مومايىنى تېپىپتۇ ۋە:

— ئەھۋال قانداق؟ سىز ئەمدى ماڭا ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى قىلچە يالغان قوشماي بايان قىلىڭ. مەن سىزنىڭ گېپىڭىزگە قاراپ شاھزادىگە مۇۋاپىق بىر جاۋاب بېرەي، — دەپتۇ ۋەزىر.

— ئەي ۋەزىر، مەن ساڭا ھەقىقىي ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرەي. گۈلچېھرە ئالدىنقى قېتىم شاھزادىنى كۆرگەندىلا ئۇ-نىڭغا ئاشىق بولغانىدى، ھەتتا ئاشىقى بىقارار بولغانىدى. ئەمما، گۈلچېھرە بۇ قېتىملىق زىياپەتتە شاھزادىنىڭ سۆز-لەشتىن بۇرۇن تەبەسسۇم قىلغىنىنى كۆرۈپ: «بۇ يىگىت سۆز قىلماي تۇرۇپ ئاۋۋال كۈلۈۋاتىدۇ، خۇددى ئەخمەقلەر-دەك» دەپ، تەكەببۇرلۇق قىلىۋاتىدۇ، ھەتتا: «بۇنداق شاھزادە قانداقمۇ ماڭا لايىق بولسۇن؟» دەۋاتىدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ئىچكى سىرىنى بىلمەكچى بولساڭلار، بىر ئەلچى تېپىپ سۇلتانغا ماڭدۇرۇپ بېقىڭلار. سۇلتان قىزىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ سىل-لەرگە ئېنىق جاۋاب بېرىدۇ، — دەپتۇ موماي.

ۋەزىر مومايىنىڭ سۆزى بويىچە بىر چوڭ بايغا يالۋۇرۇپ يۈ-رۈپ ئۇنى سۇلتانىنىڭ ئالدىغا ئەلچىلىككە ماڭدۇرۇپتۇ. شاھزادى-گە بۇ خەۋەرنى ناھايىتى دەككە - دۈككىدە مەلۇم قىپتۇ.

— ئەي شاھزادە، — دەپتۇ ۋەزىر، — مەن سىزدىن بىر گەپنى سورىماقچىمەن، سۆزۈمنى سەۋر قىلىپ ئاڭلىغاي-سىز. سىز بۇ قىزدىن باشقا بىرەر گۈزەل قىزنى كۆرمىگەن ئوخشىمامسىز؟

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شاھزادە بىرھازا ئويلىنىپ كېتىپ-تۇ. ئاخىر ئۇ، بۇ قىزدىن ماڭا تۈزۈك جاۋاب بولمىغان ئوخ-

شايدۇ، شۇڭا ۋەزىر مەندىن مۇشۇنداق گەپ سوراۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ ۋەزىرگە قاراپ:

— سەن مەندىن بىر نامۇۋاپىق سۆز سورىدىڭ، خۇددى گۈلچېھرە مېنى ياراتمايدىغاندەك، — دەپتۇ. ۋەزىر:

— ياقەي، ئۇ ياقتىن ھېچبىر خەۋەر ئىشىتمىدىم. ئۆزۈمچە گۈلچېھرە سىزگە تەكەببۇرلۇق قىلىپ قالارمىكىن دەپ بۇ گەپنى دەۋاتىمەن. مەن سۇلتاندىن قىزىنى سىزگە سورىتىپ ئەلچى ماڭدۇردۇم. ئەمدى ئۇنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان جاۋابىغا قاراپ باقايلى، — دەپتۇ.

— ئەي ۋەزىر، — دەپتۇ شاھزادە كۆز ياشلىرىنى ئېقىتىپ، — ماڭا بۇ قىزدىن باشقا ھېچقانداق قىز گۈزەل كۆرۈنمىدى.

ئەلچى سۇلتاننىڭ ئالدىغا بېرىپ، خىلۋەت ھۇجرىدا سۇلتان بىلەن كۆرۈشۈپتۇ.

— ئەي خانلارنىڭ ۋە سۇلتانلارنىڭ پادىشاھى، مەن بىر ئۆزرە بىلەن ئالدىلىرىغا كەلگەنىدىم. كەرەم قىلىپ ئىجازەت قىلسىلا، سۆزۈمنى دەپ باقسام، — دەپتۇ ئەلچى.

— ئېيتىڭ، ئاڭلاپ باقايلى، — دەپتۇ پادىشاھ، — مۇۋاپىق مەسلىھەت بولسا قوبۇل قىلاي.

— قىزلىرى گۈلچېھرەنى ھېلىقى شاھزادىگە بېرىشنى مەسلىھەتلىشىپ باقسىلا قانداق بولار؟ — دەپتۇ ئەلچى. پادىشاھ دەپتۇكى:

— مەن ئۇ شاھزادىنى كۆرۈپلا گۈلچېھرەگە لايىق تاپقانىدىم. مېنىڭ كۆڭلۈم شۇ يىگىتكە تارتىۋاتىدۇ، ئەمما قىزىم نېمە دەركىن؟ ئەتە ئىچكىرىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن جاۋاب بېرەي.

كەچقۇرۇن پادىشاھ گۈلچېھرەنى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن:

— مەن سىزنى ئاشۇ شاھزادىگە بەرسەم ماقۇل بولامسىز، قىزىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي ئاتا، مېنى نېمىشقا ئۆزۈم خالىمىغان كىشىگە لايىق كۆرۈپ قالدىڭىز؟ — دەپتۇ گۈلچېھرە، — مەن ئۇنى كۆردۈم، سۆزىنى باشلىماي تۇرۇپلا ئەخمەقلەردەك ھىجىيىۋاتىدۇ.

پادىشاھ قىزىغا نېمە دېيىشنى بىلمەي قاپتۇ. ئاخىر:

— ئۆزىڭىز بىلىڭ، — دەپتۇ. ئەتىسى ئەلچى يېتىپ كەپتۇ، ئۇ شاھتىن خەۋەر كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا:

— گۈلچېھرە بۇ ئىشقا قوشۇلمىدى، — دېگەن جاۋابنى بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئەلچى قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپتۇ، قايتىدىن بىرنېمە دېيىشكىمۇ ئامال بولماپتۇ. ئاخىر ئۇ بولغان گەپ - سۆزلەرنى ۋەزىرگە بايان قىپتۇ. ۋەزىر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— ئەمدى بۇ جاۋابنى شاھزادىگە قانداقمۇ دېگۈلۈك؟ —



دەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ. ئەلچى كەتكەندىن كېيىن ۋەزىر ئۆز - ئۆزىگە، ھەر قانچە يوشۇرغىنىم بىلەنمۇ بەرىبىر ئاشكارا بولىدۇ، شۇڭا قالغان ئىشنى ئاللاغا تاپشۇرۇپ، راست گەپنى ئېيتاي، دەپ ئويلاپتۇ.

ئەتىسى ۋەزىر شاھزادىنىڭ قېشىغا كىرىپ سالام - سەھەت قىلغاندىن كېيىن ئولتۇرۇپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭدىن:

— ئەلچى قايتىپ كەلمىدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر:

— ئەي شاھزادىلەرنىڭ شاھى، يىگىتلەرنىڭ ماھى، ئەلچى قايتىپ كەلدى. ئەمما، قىز تەكەببۇرلۇق قىلىپ قوبۇل كۆرمەپتۇ، — دەپتۇ. شاھزادە بۇ گەپنى ئاڭلاپ جان بەرگىلى تاس قاپتۇ.

— ئاھ، بۇ ئىش ئەمدى قانداق بولۇر؟ بۇ قىزنى جېنىمدىنمۇ ئارتۇق كۆرەتتىم، — دەپ زارلىنىپتۇ ئۇ، — قولىمىزدىكى بارلىق پۇل - مېلىمىز كەتسىمۇ مەيلى، سەن بۇ ئىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتكىن، — دەپتۇ ۋەزىرگە. ۋەزىر:

— ئەي شاھزادە، جېنىم سىزگە پىدا بولسۇن، — دەپتۇ.

ۋەزىر ئارىغا يەنە نەچچە ئادەمنى قويۇپتۇ، ھېسابسىز مال - دۇنيانى سەرپ قىپتۇ، ئەمما ھېچ نەتىجە چىقماپتۇ. شۇ ئەھۋالدا بىر يىل ئۆتۈپتۇ. شاھزادە تولا قايغۇرۇپ ھالى قالماپتۇ، قوللىرىدىكى مال - مۈلۈكمۇ تۈگەپتۇ. ئامالسىزلىقتىن ئاخىر ئۆز يۇرتلىرىغا قايتماقچى بولۇشۇپتۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇلار شەھەر خەلقى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ. شەھەر خەلقى شاھزادىنى يىغلاپ تۇرۇپ ئۇزىتىپتۇ. ئۇلار: «بۇ قىز تەكەببۇرلۇقىدىن شاھزادىنى قوبۇل قىلمىدى» دېيىشىپتۇ.

شاھزادىنىڭ قىياپىتى گۈلچېھرەنىڭ كۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمەپتۇ. بىرقانچە كېچە - كۈندۈزنى شۇ تەرىقىدە ئۆتكۈزۈپ-

-تۇ. بىر كېچىسى شاھزادە ئۇنىڭ چۈشىگە كىرىپتۇ: تۇرلۇك - تۈمەن گۈل - چېچەكلەر بىلەن بېزەلگەن بىر كۆكلەمزارلىق- نىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چارباغ بارئىمىش. چارباغنىڭ ئىچىدە يېشىل ئەتلەسلەر بىلەن يېپىلغان تەختتە يىپەك يېپىنچىلار بى- لەن پۈركەنگەن بىر ئادەم ياتارمىش. قىز يېقىن بېرىپ تەختكە قارىسا، ئۇ يەردە ياتقان شاھزادە ئىمىش. شاھزادە گۈلچېھرەگە قاراپ:

— ئەي ئەسكى قىز، — دەپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ يېتىۋالغانمىش.

گۈلچېھرە چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ ۋە ئىشق ئوتىغا تا- قەت قىلالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىپتۇ، ئەمما بۇ ئەھۋالنى باشقىلارغا ئېيتىشنى بىئەپ كۆرۈپ، ئۆز - ئۆزىگە: «ھەي، مەن ئۆزۈمنىڭ ئەخمەقلىقىمدىن شاھزادىگە ماقۇل بولمىدىم. ئەمدى ئۇنىڭغا يېتىدىغان باشقا بىرىنى ھەرگىزمۇ تاپالماي- مەن... ئەمدى ھېچ كىشىگە تىنماي، شاھزادىنىڭ كەينىدىن بېرىشىم كېرەك. ماڭا شۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق. بۇ دەر- دىمگە باشقا دەرمان تېپىلمايدۇ» دەپتۇ. بىر كېچىسى ئۇ ئاللاتائالاغا تەۋەككۇل قىلىپ، بىر يۇگۇرۇك ياخشى ئاتنى ئالتۇن ئېگەرلەر بىلەن توقۇپ، ئۆزى پالۋانلارنىڭ سىياقىدا ياسىنىپ، نۇرغۇن مال - دۇنيانى ئاتقا ئارتىپ، يېرىم كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ شاھزادىنىڭ شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

شاھزادە بۇ چاغدا ئۆز شەھىرىگە يېتىپ بارغان بولۇپ، ئاتا - ئانىسى ۋە پۈتۈن شەھەر خەلقى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئاپتۇ. شاھزادىنىڭ مىسكىن ھالىنى كۆرۈپ پۈتۈن شەھەر خەلقى يىغلىشىپتۇ، ئاتا - ئانىسى تولىمۇ قايغۇرۇپتۇ. ئۇستا تېۋىپلارنى چاقىرىپ شاھزادىنى داۋالىتىپتۇ، ئەمما شۇنچە قىل- غان داۋا ۋە دورىلار شاھزادىگە قىلچىمۇ مەنپەئەت قىلماپتۇ.

بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى شاھزادىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ ھالىنى سوراپ شاھزادىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. شاھزادە ئۇلارنىڭ قوللىرىغا سۆيۈپتۇ. «ئاھ، بۇ نېمە ئىش؟!» دېگىنىچە جان تەسلىم قىپتۇ. ئاتا - ئانىسى زار - زار يىغلىشىپتۇ، ۋەزىر - ۋۇزرالار، ئۇرۇق - تۇغقانلار ھەممىسى يىغلىشىپتۇ. «شاھزادە ۋاپات بوپتۇ» دېگەن خەۋەر بىردەمدە شەھەر ئىچىگە تارقىلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پۈتۈن شەھەر خەلقى يىغا - زار قىلىشىپتۇ. بىرقانچە كۈن شۇنداق ئۆتۈپتۇ. بۇ چاغدا گۈلچېھرەمۇ بۇ شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا، يىغلىمىغان بىرمۇ ئادەم يوق، بۇ نېمە ئىشتۇر، دەپ ئەجەبلەنگەن قىز بىر ئادەمدىن سوراپتۇ:

— بۇ شەھەر خەلقىگە نېمە ئىش بولدى؟

ئۇ ئادەم جاۋاب بېرىشكە ئاجىزلىق قىپتۇ. ئاخىر قىز يەنە بىر ئادەمدىن سوراپتۇ:

— ئەي يىگىت، نېمىشقا يىغلىمايلى، سۇلتانىمىزنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇ گۈزەللىكتە تەڭداشسىز بولۇپ، كەشمىر سۇلتانىنىڭ قىزىغا ئاشىق بولۇپ، ئۇ يەرگە كەتكىلى بىر يىل بولغانىدى. ئۇ قىز ئۇنى قوبۇل كۆرمىگەنىكەن. ئۇ شۇ قىزنىڭ ئىشقىدا كېسەل بولۇپ قالغانىدى، بۈگۈن ۋاپات بولدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى ئادەم. گۈلچېھرە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. قىز بىرئازدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە بىر كېچە - كۈندۈزنى يىغا بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئەتىسى تاڭ ئېتىش بىلەن سۇلتان مېيىتنى كۆمۈشكە تەييارلىنىشقا بۇيرۇق قىپتۇ. ھەممە تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، ناماز بامداتتىن يېنىپ شاھزادىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، كۆمگىلى ئېلىپ مېڭىپتۇ. بارلىق شەھەر خەلقى تاۋۇتنىڭ كەينىدىن يىغلاپ مېڭىپتۇ. گۈلچېھرەمۇ ئۇلارنىڭ ئار-

قىسىدىن يىغلىغىنىچە ئەگىشىپتۇ.

ئۇ زامانلاردا پادىشاھلار يەرلىك قازدۇرسا ئۆيىدەك چوڭ قىلىپ قازدۇرۇپ، تاۋۇت بىلەنلا ئەكىرىپ قويىدىكەن. شاھزادىنى ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن بېزەلگەن تاۋۇتقا سېلىپ يەرلىككە قويۇپتۇ ۋە ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئوغرى ئېلىپ كەتمىسۇن، دەپ تۆت نەپەر قاراۋۇلنى قويۇپتۇ. قىز، كىشىلەر قايتىپ كەتسۇن، سەۋر قىلاي. ئەمدى ئۇنىڭ جامالىنى بىر كۆرۈۋالمىسام بولمايدۇ، دەپ يېرىم كېچىگىچە ساقلاپتۇ. تۈن نىسپى بولغاندا قاراۋۇللار ئۇخلاپ قاپتۇ. قىز قاراۋۇللارنىڭ ئۇخلىغانلىقىنى كۆرۈپ، تاۋۇتنىڭ قاپقىقىنى ئېچىش ئۈچۈن ئاستا يېقىن بېرىپتۇ. ئۇ ئەمدىلا قاپقاقنى كۆتۈرەي دېگەندە، بىر قاراۋۇل ئويغىنىپ قاپتۇ، قارىسا، بىرى تاۋۇتنى ئاچقىلىۋاتقان، ئۇ باشقا قاراۋۇللارنىمۇ ئويغىتىپتۇ. ئۇلار: «ئوغرى كەپتۇ» دېيىشىپ، سەكرەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قىزنى تۇتۇپ، پۇت - قولىنى باغلاپتۇ. تاڭ ئاتسا پادىشاھقا ئەرز قىلىمىز، دەپ زىندان بېگىگە ئاپىرىپ تاپشۇرۇپتۇ.

ئەتىسى ۋەزىرلەر يىغىلىپ پادىشاھقا ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ، پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ.

— ئەي ۋەزىرلەر، — دەپتۇ پادىشاھ، — بۇ كىشىنى قانداق جازا بىلەن ئۆلتۈرۈش كېرەك؟

— بۇنى دارغا ئاسماق كېرەك. ئۇ شۇ ئىسىلغىنىچە تۇرسۇنكى، سۆڭەكلىرى ئۇزۇلۇپ چۈشسۇن، بارچە ئالەم خەلقىگە ئىبرەت بولسۇن. ئۇلار پادىشاھقا خىيانەت قىلغان كىشىگە قانداق جازا بېرىلىدىغانلىقىنى بىلسۇن، — دېيىشىپتۇ ۋەزىرلەر. پادىشاھ بۇ ھۆكۈمگە رازى بوپتۇ ۋە قىزنى دارغا ئېسىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. ئەتىسى جارچىلارنى جار سالدۇرۇپ خەلقنى يىغىپتۇ. قىزنى دارنىڭ تۈۋىگە ئېلىپ

كەپتۇ. جارچىلار:

— بىلمىگەنلەر بىلىۋالسۇن! بۇ كىشى شاھزادىنىڭ تاۋۇتىنى بۇلاشقا كەلگەندە تۇتۇلۇپ قالغان! — دەپ ۋارقىرىشىپتۇ. سۇلتانىنىڭ ئەمرى بىلەن قىزنى دارغا ئېسىپتۇ ۋە يېنىغا بىر قاراۋۇلنى قويۇپ قويۇپتۇ. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە قاراۋۇللار ئۆلگەن ئادەمنى تاڭ ئاتقۇچە ساقلىغاندىن نېمە پايدا، دەپ ئويلاپتۇ ۋە نېرىراق بېرىپ ئۇخلاپتۇ.

دارغا يېقىنراق يەردە بىر قويچىنىڭ قوتىنى بار ئىكەن. ئۇ قويلىرىنى سەھەردە ئوتلاققا ھەيدەپ كېتىۋېتىپ دارغا كۆزى چۈشۈپتۇ، قارىسا، بىر كىشى ئېسىقلىق تۇرغان. «ئەي بىچارە، نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەنسەن؟» دەپ، ئىچ ئاغرىتقىنىچە دار ياغىچىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ ئويلىنىپ قاپتۇ. ئۇ يۆلىنىپ تۇرغاندا دار ياغىچى ئازراق تىترىگەندەك بىلىنىپتۇ. بۇ نېمە ئىش؟ بۇ ئادەم ئۆلمەي قالدىمۇ يا؟ دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ بوينىدىكى ئارغامچىنى يېشىپ يەرگە چۈشۈرۈپتۇ ۋە يۈگۈرۈپ بېرىپ سۇ ئەكىلىپ، گۈلچېھرەنىڭ يۈزىگە سۇ پۈركۈپتۇ. بىرئازدىن كېيىن گۈلچېھرە ھوشىغا كەپتۇ ۋە:

— ئەي ئادەم، بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ.

— باشقا گەپنى قويۇپ تۇرغىن. قويلارنى ھەيدەپ تېزرەك كېتەيلى، تاڭ ئاتقاندا سۆزلىشەيلى، — دەپتۇ قويچى.

گۈلچېھرە بۇ قويچىنىڭ ئۆزىنى داردىن يەرگە چۈشۈرگەنلىكىنى شۇ چاغدىلا بىلىپتۇ. ئۇلار تېزدىن بۇ يەردىن يىراقلىشىپتۇ. ئۇلار بىخەتەر بىر جايغا بېرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، قويچى سوراپتۇ:

— ئەي ئادەم، نېمە سەۋەبتىن دارغا ئېسىلدىڭ؟

— ئەي ۋاپادار ئىنسان، — دەپتۇ گۈلچېھرە ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ، — مەن ساڭا بارلىق سىرىمنى بايان قىلاي....

گۈلچېھرە قويچىغا بارلىق ۋەقەنى بايان قىپتۇ. قويچى ھەيران قېلىپ:

— ئەي قىز، بۇ يەردىن تېز كەت. سەنمۇ ئامان بولغىن، مەنمۇ ئامان بولاي. ماڭا زىيىنىڭ تەگمىسۇن، — دەپتۇ ۋە قويلىرىنى ھەيدەپ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. ئۇ مېڭىشىدا گۈلچېھرەگە باشقا بىر شەھەرگە بارىدىغان يولنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. گۈلچېھرە ئۇ كېچىسى توختىماي يول يۈرۈپ، ھېرىپ-چارچاپ جېنى ئاز قالغاندا بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. شەھەرنىڭ سىرتىدا بىر ئىمارەت قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانىكەن. گۈلچېھرە شۇ ئىمارەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قاتتىق چارچىغاندىلىقىدىن يەرگە بېشىنى قويۇپلا ئۇخلاپ قاپتۇ. ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئۇنى بىرى ئويغىتىپتۇ. ئۇ كۆزىنى ئاچسا، ئەتراپىدا قاراۋۇللار تۇرغۇدەك. ئۇلار ئۇنى تۇتۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ پۇت-قولىنى باغلاپتۇ.

— ئەي بەتبەخت! ۋەزىر ئەزەممىزنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ، يەنە ئۇنىڭ مال-مۈلكىنى ئالغىلى كەلدىڭمۇ؟ — دەپ قاراۋۇللار گۈلچېھرەنى سۆرىگىنىچە زىندانغا ئاپىرىپتۇ. ئاندىن بۇ ئىشنى ۋەزىرگە خەۋەر قىپتۇ.

— ئوغلىڭىزنى ئۆلتۈرگەن ئوغرى بوگۈن كېچە مال-دۇنيانى ئوغرىلىغىلى كەلگەنىكەن، ئۇنى تۇتۇۋېلىپ زىندانغا سالدۇق، — دېيىشىپتۇ قاراۋۇللار.

شۇ كۈنلەردە ۋەزىرنىڭ ئوغلىنى ئوغرىلار ئۆلتۈرگەنىكەن. نەچچە كۈندىن بۇيان شەھەردە قاتىلنى ئىزدەپ زادىلا دېرىكىنى ئالالمايۋاتقانىكەن. قىز دەل شۇ كۈنلەردە بۇ شەھەرگە يېتىپ كېلىپ، ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۆلتۈرۈلگەن جايدا يېتىپ ئۇخلاپ قالغانىكەن، شۇڭا ئۇ ناھەق تۇتۇلۇپ، «ۋەزىرزادىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل چوقۇم مۇشۇ» دەپ ئۇنىڭغا قارا چاپلىنىپتۇ.

ۋەزىر:

— ئوغرىنى ماڭا تاپشۇرۇڭلار، مەن ئۇنى ئۆزۈم جازالايمەن، — دەپتۇ.

ۋەزىرنىڭ مۇستەھكەم ياسالغان بىر قورغىنى بار بولۇپ، «يىگىت»نى شۇ جايغا سولاپ، بىر قاراۋۇلنى ئۇنىڭغا قارىتىپ قويۇپتۇ. ئاندىن قورغاننىڭ ئاچقۇچىنى يېنىغا سېلىپ، خوتۇنىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ.

— ئەي خوتۇن، — دەپتۇ ۋەزىر، — ئوغلىمىزنى ئۆلتۈرگەن قاتىل تۇتۇلدى.

خوتۇن يىغلىغان پېتى، ئېرىگە:

— ئۇ بەتبەشىرە ئوغرىنى مەنمۇ بىر كۆرۈپ باقسام بولمامدۇ؟ — دەپتۇ. ۋەزىر:

— بولىدۇ، كۆرۈپ باققىن، — دەپتۇ. ۋەزىر خوتۇنىنى ئەگەشتۈرۈپ قورغانغا بېرىپتۇ، سارايىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپتۇ. خوتۇن قارىغۇدەك بولسا، زىبا بويىلۇق بىر گۈزەل يىگىت تۇرغان. خوتۇن كۆڭلىدە: «ئوغلۇم ئۆلدى، كەتتى. ئەمدى تىرىلىپ قايتىپ كەلمەيدۇ. بۇ يىگىتنى ئۆلتۈرۈپ نېمە قىلىمىز؟» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ. ئۇلار قورغاننىڭ ئىشىكىنى ئېتىپ، ئۆز ھۇجرىلىرىغا قايتىپتۇ. خوتۇن ئاچقۇچنى ۋەزىرگە تۇيدۇرماي ئېلىۋاپتۇ. كەچ بولغاندا ۋەزىر يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. تۈن يېرىم بولغاندا خوتۇن قورغاننىڭ يېنىغا بېرىپ قارىسا، قاراۋۇل ئۇيقۇغا غەرق بولغان، ئاستا بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ ۋە «يىگىت»نىڭ قولىدىن تۇتۇپ سىرتقا چىقىرىپتۇ ـ دە، يەنە ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قويۇپتۇ. ئۇنى ئۆز ئۆيىگە ئاپىرىپ، بىر جايغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. قورغاننىڭ ئاچقۇچىنى ئاستا ئاپىرىپ ئۆز جايىغا قويۇپ قويۇپتۇ.

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇ خوتۇنىغا:

— ئەمدى بۇ ئوغرىنى قانداق ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۈش كېرەك؟ — دەپتۇ.

— قانداق ئۆلتۈرۈشنى خالىسىڭىز شۇنداق ئۆلتۈرۈڭ، — دەپتۇ ۋەزىرنىڭ خوتۇنى.

ۋەزىر سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپتۇ ۋە ئوغرى توغرىسىدا ئۇنىڭغا خەۋەر بېرىپتۇ. سۇلتان ئۇنىڭدىن:

— سەن قانداق ئويلاۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇنى دارغا ئېسىشنى تەلەپ قىلىمەن، — دەپتۇ ۋەزىر.

ئوغرىنى دارغا ئاسماقچى بولۇپ ئۇنى ئالغىلى قورغانغا بارسا، قورغان قۇلۇپلاقلىق. قاراۋۇل ئۆز جايىدا ئىكەن. قۇلۇپنى ئېچىپ قورغانغا قارىسا، «يىگىت» يوق. ھەممەيلەن ھەيرانلىقتا نېمە دېيىشلىرىنى بىلمەي قاپتۇ.

— بۇ بىر ھېكمەتتىن خالىي ئەمەس. بۇ بىر جىن ياكى ئالۋاستى بولسا كېرەك، — دېيىشىپتۇ ئۇلار. پۈتۈن خالايىق شەھەردىن «يىگىت»نى ئىزدەپ قېزىۋېتىپتۇ، ئەمما ئۇنى ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. ئامالسىزلىقتىن بولدى قىپتۇ.

ۋەزىرنىڭ خوتۇنى بولسا، ۋەزىرنى سۇلتاننىڭ مەھكىمىسىگە كەتتى دەپ قىزنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. ئۇنى يىگىت دەپ ئويلاپ، ھۇزۇر بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. قىز بولسا ئۆزىنى سەزدۇرمەي، ئۇنىڭغا شېرىن سۆزلەرنى قىپتۇ. شۇ تەرىقىدە بىرنەچچە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى خوتۇن «يىگىت»كە:

— مەن سېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدىم، ئەمدى سەن مۇرادىمنى ھاسىل قىلغىن، — دەپتۇ. «يىگىت» دەپتۇكى:

— مەن بىرقانچە كۈنلەر جاپا - مۇشەققەت چەكتىم، شۇڭا سېنىڭ مۇرادىڭنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ بېرەلمەيمەن. سەن ماڭا قىرىق كۈن مۆھلەت بەرگىن. مەن بىرئاز يەپ - ئىچىپ ماغدۇرۇمغا كېلىۋالاي، كۆڭلۈممۇ كۆتۈرۈلسۇن...

خوتۇن ئۇنىڭغا قىرىق كۈن مۆھلەت بېرىپتۇ. ئەمما،
ئۇلار ۋەزىر يوق چاغلاردا پەيتنى تاپسىلا كېچە - كۈندۈز قۇچاق-
لىشىپ، سۆيۈشۈپ، ھۇزۇر قىلىشىدىكەن. خوتۇن بۇ «يى-
گىت»كە شۇنچىلىك ئاشىق بوپتۇكى، ئۇنى بىر سائەت كۆر-
مىسە چىدىمايدىكەن.

بىر كېچىسى خوتۇن ئېرى بىلەن ئۇخلاشقا يېتىپتۇ. يې-
رىم كېچە بولغاندا ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كېتىپتۇ، قارىسا، ۋە-
زىر ئۇخلاپ كەتكەن. خوتۇن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ «يى-
گىت»نىڭ يېنىغا چىقىپتۇ. بۇ چاغدا «يىگىت» ئۇخلىماي يات-
قانىكەن، چۈنكى ئۇنىڭ شاھزادىگە بولغان ئىشق - مۇھەببى-
تى خوتۇننىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىدىن مىڭ ھەسسە ئار-
تۇق بولغاچقا، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي ياتقانىكەن.

— نېمىشقا بۇ چاغقىچە ئۇخلىماي ئولتۇرىسەن؟ — دەپ
سوراپتۇ خوتۇن «يىگىت»تىن. «يىگىت»:

— ئەي جېنىم، سېنىڭ ئىشق - پىراقىڭدا كۆزۈمگە
ئۇيقۇ كەلمەيۋاتىدۇ، — دەپتۇ، — ئەگەر سەن كەلمىگەن
بولساڭ، مەن سېنىڭ قېشىڭغا بېرىشنى ئويلاۋاتقانىدىم.

خوتۇن بەكمۇ خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا:

— ئەي كۆڭلۈمنىڭ ھۇزۇرى، سەندىن باشقىسى بىلەن
بىللە يېتىش ماڭا ھارام بولسۇن، — دەپتۇ.

بۇ چاغدا ۋەزىر ئويغىنىپ كېتىپتۇ. بىرئاز ساقلىسا خو-
تۇنى كىرمەپتۇ. بۇ نەگە كەتكەندۇ، دېگىنىچە ھەممە ھۇج-
رىلارغا بىر قۇر قاراپتۇ، لېكىن خوتۇنى كۆرۈنمەپتۇ. ئىچكى-
رىدە بىر ئايرىم ھۇجرا بار ئىكەن، شۇ يەردىمىكىن، دەپ ئويلاپ
بارسا، خوتۇنى بىر «يىگىت» بىلەن ئويۇن - كۈلكە قىلىشىپ
ئوينىشىۋاتقۇدەك. ۋەزىر غەزىپىگە پايلىماي يۈگۈرگەن پېتى ئۆز
ھۇجرىسىغا كىرىپ قىلىچىنى ئاپتۇ - دە، خوتۇنى ئولتۇرغان

ھۆجرىغا ئۇدۇل كىرىپتۇ. قارىسا، راستىنلا خوتۇنى بىر «يىگىت» بىلەن ئويناۋاتقان. ئاچچىقىدا دەرھال خوتۇنىنىڭ بېشىغا قىلىچ بىلەن بىرنى چاپقانىكەن، بېشى تېنىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشۈپتۇ. ئاندىن يىگىتنىمۇ چېپىشقا تەمشىلىپتۇ. ۋەزىر قىلىچنى كۆتۈرۈشىگە، «يىگىت» ئۇنىڭغا:

— ئەي ۋەزىر، بىر ئېغىزلا سۆزۈم بار، دەۋالاي، قىلىچنى قويغىن، — دەپتۇ ۋە دەرھال ئۈستىدىكى ئەرەنچە كىيىملىرىنى سايتۇ. ئۇنىڭ ئالمىدەك كۆكسى كۆرۈنۈپتۇ.

— بۇ نېمە ھېكمەت؟ — دەپتۇ ۋەزىر. قىز:

— مەن ساڭا بۇ ھېكمەتتىن خەۋەر بېرەي، — دەپ بېشىدىن ئۆتكەن بارلىق ئىشلارنى سۆزلەپتۇ. ۋەزىر ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قاپتۇ. ئۇ قىزغا:

— خوتۇنۇم بىئەجەل ئۆلدى، ئەمدى ئۇ تىرىلمەيدۇ. سەن ماڭا خوتۇن بولغىن، — دەپتۇ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ گۇلچېھرە.

ئەتىسى ۋەزىر خوتۇنىنى تېزدىن دەپنە قىلدۇرۇپتۇ، بۇ ئىشنى ناھايىتى مەخپىي تۇتۇپ، ھېچكىمگە خەۋەر قىلماپتۇ، ئاندىن گۇلچېھرەنى ئۆزىگە نىكاھ قىلدۇرۇپتۇ. ئۇ گۇلچېھرەگە يېقىنچىلىق قىلماقچى بوپتۇ. گۇلچېھرە ئۇنىڭغا:

— ئەي جېنىم، سەن ماڭا ئون كۈن مۆھلەت بەرگىن. مېنىڭ كۆڭلۈم، تېنىم بىرئاز ئەسلىگە كەلسۇن. شۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلساڭمۇ رازىمەن، — دەپتۇ. ۋەزىر ماقۇل بوپتۇ.

بىر كۈنى ۋەزىر پادىشاھنىڭ سارىيىدا زىياپەتكە قاتنىشىپتۇ. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپلا ئۆزىنى تاشلاپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، چۈنكى زىياپەتتە شارابنى كۆپ ئىچىپ كەيپ بولۇپ قالغانىكەن. گۇلچېھرە ۋەزىرنىڭ قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بېلىدىكى ئالماس خەنجىرىنى ئاپتۇ. خەن-

جەرنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بار كۈچى بىلەن ۋەزىرنىڭ بېشىغا چېپىپتۇ. ۋەزىرنىڭ بېشى توپقا ئوخشاش ئۈزۈلۈپ چۈشۈپتۇ.

گۈلچېھرە تېزلىك بىلەن بىر ياخشى ئۇچقۇر ئاتنى توقۇپتۇ. ئاتقا يول خىراجىتى ئۈچۈن ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئارتىپ، شاھزادىنىڭ شەھىرىگە قاراپ يول ئاپتۇ.

ئەتىسى ۋەزىر پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەلمەپتۇ. باشقا ۋەزىرلەر دەرھال ۋەزىرئەزەمنىڭ ئۆيىگە ئۇنى سوراپ كەپتۇ. ئىشىكنى ئىتتىرسە ئىشىك ئىچىدىن تاقالغان، ۋەزىرلەر ئەھۋالنى پادىشاھقا خەۋەر قىپتۇ.

— چوقۇم باشقىچە ئەھۋال بولۇشى مۇمكىن. ئىشىكنى بۇزۇپ كىرىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ پادىشاھ.

ۋەزىرلەر ئىشىكنى بۇزۇپ كىرسە، ۋەزىرئەزەم باشسىز ياتقۇدەك. بۇ ئىشتىن ئەجەبلەنگەن ۋەزىرلەر ھەممە ئادەمگە خەۋەر قىپتۇ، ئەمما بۇ ئەھۋالنى بىلىدىغان ھېچكىم چىقماپتۇ، ئاخىر ۋەزىرئەزەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ كۆمۈپ قويۇپتۇ.



قىز شاھزادىنىڭ شەھەرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ ئېتىنى بىر جايغا قويۇپ قويۇپ، ئۆزى شاھزادىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپتۇ. كەچ بولغاندا قەبرىگە كىرىپ

تاۋۇتنىڭ قاپقىقىنى ئېچىپتۇ. شاھزادىنىڭ چىرايى ھېچقانداق ئۆزگەرمىگەن ھالدا ياتقۇدەك. گۈلچېھرە:

— ئەي جېنىم، ھالىڭ قانداق؟ — دەپ شاھزادىنىڭ قولىنى تۇتۇپتۇ. شاھزادە كۆزىنى ئېچىپتۇ. قارىسا، ئۆزى تاۋۇتتا ياتقۇدەك.

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت. قىز:

— بۇ ئەھۋال سورىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس. تېزدىن ئارقامغا يېپىشىڭ، — دەپتۇ.

شاھزادە گۈلچېھرەنىڭ دۈمبىسىگە يېپىشىپتۇ. گۈلچېھرە ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆزى چۈشكەن ھۇجرىغا ئاپىرىپتۇ. بىرقانچە كۈن ياخشى بېقىپ، يىگىتنىڭ ئەھۋالى ياخشىلانغاندا ئۇنى ئۆز شەھىرىگە ئېلىپ كېتىپتۇ.

كىشىلەر: «قىزىڭىز قايتىپ كەلدى» دەپ، سۇلتان بىلەن خانىشقا خەۋەر قىلىشىپتۇ. كەشمىر سۇلتانى بىلەن خانىش بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ، خەۋەر ئېلىپ كەلگەنلەرگە سۆيۈنچە بېرىپتۇ، قىزى ۋە شاھزادە بىلەن يىغلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە سۆيۈپتۇ، ھال - ئەھۋال سورىشىپتۇ. قىزى بېشىدىن ئۆتكەن بارلىق ئىشلارنى بىرىنى قالدۇرماي بايان قىپتۇ. سۇلتان بىلەن خوتۇنى زار - زار يىغلاپتۇ.

— شاھزادە مۇشۇ يەردىكى چاغدىلا ماقۇل بولغان بولساڭ بۇ ھەسرەتلەرنى تارتمىغان، بۇ جاپالارنى كۆرمىگەن بولاتتىڭ، — دېيىشىپتۇ ئۇلار.

كەشمىر سۇلتانى شاھزادىنىڭ ئاتىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئەلچىلەر بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ شاھزادىنىڭ يۇرتىغا يېتىپ بېرىپتۇ، شاھزادىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ۋەقەنى باشتىن - ئاياغ بايان قىلىپ، خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈپتۇ. ئۇلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ شاد - خۇراملىققا چۆمۈپتۇ.

— تېزدىن كەشمىر شەھىرىگە يولغا چىقايلى، — دەپ ئەمر قىپتۇ پادىشاھ.

ئۇلار يول ھازىرلىقىنى قىلىپ، كەشمىرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ، بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ، كەشمىر شەھىرىگە يېقىنلىشىپ بىر قونالغۇغا چۈشۈپتۇ. خەۋەرچىلەر كەشمىر سۇلتانىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن سۆيۈنچە ئاپتۇ. كەشمىر سۇلتانى، شاھزادە ۋە قىز بىرمۇنچە شەھەر چوڭلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئاپتۇ. شاھزادە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاياغلىرىغا سۆيۈپتۇ. گۈلچېھرەمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ قول - پۇتلىرىغا سۆيۈپتۇ. سۇلتانمۇ ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ھەممىسى خېلىغىچە قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپتۇ، ھال - ئەھۋال سوردىشىپ، بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى باشتىن - ئاياغ سۆزلىشىپتۇ. ئاڭلىغان خالايىق ھەممىسى ھەيران بوپتۇ. ئەتىسى شەھەرگە كىرىپ بىر - ئىككى كۈن مېھمان بوپتۇ. شۇ جەريانىدا ئىككى پادىشاھ مەسلىھەتلىشىپ، شاھزادە بىلەن گۈلچېھرەنىڭ تويىغا قوزغىلىپتۇ. گۈل ۋەسلى بىلەن بۇلبۇلنى خۇشنۇد قىپتۇ، دۆلەت قۇشى ئۇلارنىڭ باشلىرىغا قونۇپتۇ. بىر يىلغىچە ئەيش - ئىشرەت بىلەن خاتىرجەم ياشاپتۇ. بىر يىلدىن كېيىن گۈلچېھرەنىڭ ئاتىسى ۋاپات بولۇپ كېتىپتۇ. بارلىق شەھەر خەلقى ماتەم تۇتۇپتۇ. پادىشاھنىڭ يەتتە نەزرىدىن كېيىن، شەھەر خەلقى شاھزادىنى كەشمىر شەھىرىگە سۇلتان قىلىپ تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. شاھزادىنىڭ ئاتا - ئانىسى خوشلىشىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپتۇ. بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇق پادىشاھ ۋە خانىش بولۇپ، يۇرت سوراپ ئۆمۈر سۈرۈپتۇ، بىرقانچە ئوغۇلنى قاتارغا قوشۇپتۇ. ئىنشائاللا، بالىلىرىنىڭ قىسسىلىرىنىمۇ كېيىنچە سۆزلەپ بېرەرمىز.

# شاھزادىنىڭ خۇلاسىسى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ قىرىق ياشتىن ھالقىغاندا كۆرگەن يالغۇز ئوغلى بار ئىكەن. شاھزادە كىچىكىدىن تارتىپ ئىلىم - بىلىمگە شۇنداق بېرىلگەنىكەنكى، كېچىلىرى كۆز يۇماي كىتاب كۆرىدىكەن، كۈندۈزلىرى مۇتەپەككۇرلار بىلەن سۆھبەت ۋە مۇتالىئەلەرنى ئېلىپ بارىدىكەن. ئۇ ئون سەككىز يېشىدىلا ئىلىم مۇنبىرىنىڭ شاھىنشاھىغا ئايلىنىپ، ئاتىسىنىڭ تەسەررۇپىدىكى شەھەرلەرنىڭ يېزا - قىشلاق ۋە تاغ - جىرالىرىغىچە ھەر خىل مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىپ، مەملىكەتنى «بىلىملىكلەر خەزىنىسى»گە ئايلاندۇرغانىكەن. پادىشاھ ئوغلىنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن تولىمۇ مەمنۇن ئىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ ئەينەككە قاراپ، چاچ - ساقىلىغا قىرو قونغانلىقىغا دىققەت قىلىپتۇ - دە، ئاتىلىق بۇرچىدىن يەنە بىر مۇھىم قەرزىنى ئېسىگە ئېلىپ ئوغلىنى يېنىغا چاقىرتىپ:

— بالام، سەن قىران بولدۇڭ، مەن بولسام ئاق چاچلىقلار قاتارىغا ئۆتۈشكە باشلىدىم. كۆزۈمنىڭ يورۇقىدا سېنىڭ تىرىكلىك گۈلستانىڭنى — تەخت ۋارىسىمنىڭ مىراسخورىنى كۆرۈش ئارزۇيۇم بار. كۆڭلۈڭگە پۈككىنىڭ بولسا تارتىنماي ئېيت، مۇرادىڭنى ھاسىل قىلاي، بولمىسا،

لايىقنى مەن ئۆزۈم تاپاي، ــ دەپتۇ.
ــ ھۆرمەتلىك شاھ ئاتا، ــ دەپتۇ شاھزادە، ــ مەن مۇشۇ كۈنلەردە ئىنتايىن يۇقىرى تەلەپ ۋە ئىشتىياق بىلەن بىلىم تەھسىل قىلماقتىمەن. سىز ئېيتقان بۇ ئىشقا يەنە بىرنەچچە ۋاخ سەۋر قىلسىڭىز.
پادىشاھنىڭ نەسىھەتلىرى شاھزادىگە كار قىلماپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ خانىش بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شاھزادىنى مەجبۇري ئۆيلەش قارارىغا كەپتۇ ـ دە، ئۇنى ئۆز ھۇزۇرلىرىغا چاقىرتىپتۇ.
ــ ئوغلۇم، ــ دەپ سۆز باشلاپتۇ خانىش، ــ بۇ يىل يىگىرمە بىرگە تولدۇڭ. شاھ ئاتاڭ كېسەلچان بولۇپ قالدى، مەنمۇ مۇكچىيىۋاتىمەن. ئىككىمىزنىڭ كۆرگەن بەختىمىز پەقەت سەن بىرلا ئوغۇل. بىلىم ئۆگىنىشنى تويدىن كېيىن داۋاملاشتۇرساڭمۇ بولىۋېرىدۇ. بۇ چاغقىچە بىزنىڭ گېپىمىزنى ئىناۋەتسىز قىلىپ كەلدىڭ، ئەمدى خالىساڭمۇ، خالىمىساڭمۇ تويۇڭنى قىلىش قارارىغا كەلدۇق، قۇدىلىشىدىغان تەرەپمۇ توي ھازىرلىقىنى قىلىپ بولدى.
ــ جېنىم ئانا، ــ دەپتۇ شاھزادە، ــ مېنىڭ سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارنى ئىلىك ئالماسلىققا ھەددىم ئەمەس، بىراق توي قىلىشقا رازىلىق بېرەلمەيمەن، چۈنكى مەن توي قىلماسلىق قارارىغا كەلگەن.
ــ نېمە؟ ! ــ دەپتۇ پادىشاھ ئوغلىنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ، ئۇنى ھازىرلا كۆرۈۋاتقاندەك شاھزادىگە تىكىلىپ قاراپ، ــ دۇنيادا مۇنداق ئىشمۇ بولامدۇ؟ ھازىر بۇ ئەلدە سەندىن كۆپرەك بىلىم تەھسىل قىلغان يەنە بىر كىشىنىڭ بولۇشى ناتايىن. سەن «دىل نۇرلانسا، يۇرت گۈللىنىدۇ» دېگەن تەلىماتنى ياراتقان ۋە بۇ يولدا قۇچقان زەپەرلىرىڭنى ئالەمگە

تاراتقان بىر بىلىم ئەھلى تۇرۇقلۇق، تەنھالىقنى راۋا كۆرۈشۈڭ ئۆزۈڭنى نادانلىق زۇلمىتىگە تاشلىغانلىقىڭ ئەمەسمۇ؟ !

شاھزادە يەرگە قارىغان پېتى:

— بەلكىم شۇنداقتۇ، لېكىن ئوقۇغان بەزى ھېكايە، كىتابلىرىمنىڭ قىسسەلىرى ماڭا: «ساپ ھاياتنى ۋاپاسىزلار يۇزىدىسىدا ناپاك قىلغاندىن، بىجىرىم يۈرەكنى ۋىجدانسىزلار خەنجىرىدە تىلىپ زېدە قىلغاندىن كۆرە، يالغۇز ئۆتۈشنى ھەممىدىن ئەلا بىل» دېگەندەكلا قىلىپ تۇرىدۇ، ئاتا، — دەپتۇ.

— ئېيتقانلىرىڭ بەرھەق، كىتابلاردا بايان قىلىنغان ئۇ ئىشلارنى ئىنسانىيەت ئالىمىدە بولمىغان دەپ ھېچكىم ئېيتالمايدۇ. مەن ئۇنداق شەرمەندىلىكلەرنىڭ ھازىرمۇ مەۋجۇتلۇقىدىن، مۇندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ساقىندىلىرى ئەۋرەزدىكى يۇندىدەك سېسىق پۇراپ تۇرىدىغانلىقىدىن قىلچە شۇبھىلەنمەيمەن. بىراق، ئۇ خىل رەزگىلەرنىڭ موخۇلاردەك ناھايىتى ئازلىقىنى كۆرمەي، «ھەممە ئادەم شۇنداق» دەپ قاراش، دۇنيادا ئەخلاقلىق ئادەم يوق، دېگەنلىك بىلەن باراۋەر بولۇپ، بۇ مۇتلەق كۆپ سانني تەشكىل قىلىدىغان ياخشى ئادەملەر، ۋاپادارلار جامائەسىگە، پەزىلەت ئىگىلىرىگە قىلىنغان تۆھمەت ۋە ھاقارەت بولىدۇ. بىزنى رەنجىتمە، ۋەدە بەرگىن ! — دەپتۇ پادىشاھ جىددىي تۇستە.

شاھزادە ئويلىنىپ قاپتۇ. ئاخىر ئۇ:

— بىر شەرتىم بار، شۇنى بەجا كەلتۈرسىڭىز ماقۇل بولاي، شاھ ئاتا، — دەپتۇ.

— نېمە شەرت؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— شەھىرىمىزدىكى ئەزىم دەريانىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدىغان ھاۋا بوشلۇقىغا بىر قەسىر ياساپ بېرىڭ،



بۇ قەسىرگە چىقىپ ـ چۈشىدىغان شوتا مەندە تۇرىدىغان بولسۇن. كېلىنىڭىزنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرىمەن، بىرلا خىزمەتچى ئالىمەن. باشقا شەرتىم يوق، — دەپتۇ شاھزادە.

پادىشاھ شۇ كۈنلا ئۆز تەۋەسىدىكى بارلىق ئالىم ۋە ئۇستىلارنى يىغىپ ئۇلارغا دەريا ئۇستىدىكى ھاۋا بوشلۇقىغا قەسىر سېلىشنى تاپشۇرۇپتۇ. ئۈچ يىلدا دەريا ئۇستىدىكى ھاۋا بوشلۇقىدا بىر «ئاسمانساراي» نى مۇئەللەق تۇرغۇزۇپتۇ. شاھزادە ئالىملار بەرگەن شوتا بىلەن «ئاسمانساراي»نى كۆرۈپ چۈشكەندىن كېيىن توي قىلىشقا رازىلىق بېرىپتۇ. پادىشاھ ئوغلىغا قوشنا ئەل پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىپتۇ.

ئەمدى گەپنى شاھزادە ئالماقچى بولغان مەلىكىنىڭ شەھىرىدىن ئاڭلايلى:

شۇ كۈنلەردە بۇ شەھەرگە يېڭىدىن بىر سودىگەرزادە كەپتۇ. ئۇنىڭ دۇكىنىغا سالغان ماللىرىنىڭ سەرخىللىقى، ئېسىللىقى پۈتۈن شەھەرگە پۇر كېتىپتۇ، بۇ خەۋەر مەلىكىنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپتۇ.

مەلىكە ماللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تاللاش ئۈچۈن، بىر موماي ۋە ئىككى كېنىزەكنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالتۇن مەپىگە ئولتۇرۇپ دۇكانغا كەپتۇ. ئۇ ماللارنى ئېلىپ بولغاندىن

كېيىن، سودىگەرزادىگە: «پۇلنى ھازىر ئەۋەتىپ بېرىمەن» دەپ-تۇ - دە، ماللارنى ئېلىپ قايتىپتۇ. بىرئازدىن كېيىن موماي پۇلنى ئېلىپ كەپتۇ، ئەمما بۇ چاغدا سودىگەرزادە دۇكاننى تاقاپ، بىمار ئادەمدەك ھالسىزلىنىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇ مومايدىن ئۆزىنى ھۇجرىسىغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئىلتىجا قىپتۇ. موماي بىر مەپە چاقىرىپ سودىگەرزادىنى ھۇجرىسىغا ئاپىرىپتۇ، بۇنداق ئېسىل يىپەك گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن ياسىداق ھۇجرا شاھ ئوردىسىدىمۇ يوق ئىكەن. سودىگەرزادە بىرئازدىن كېيىن سەل ئۆزىگە كەپتۇ، ئۇ مومايىنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، قەنت - گېزەكلەر بىلەن مېھمان قىپتۇ. ئاندىن سۆزگە كىرىپ:

— موما، بايىقى گۈزەل سەنەم كىم بولىدۇ؟ ئۇ مال كۆرۈۋاتقاندا شامال يۈزىدىكى روملىنىڭ بىر تەرىپىنى قايرىۋەتتى، كۆزۈم ئۇ گۈزەللەر شاھىنىڭ تولۇن ئايدەك نۇرانە جامالىغا چۈشتى، كۆكسۈمگە ئىشق ئوتى تۇتاشتى، ئىختىيارىمنى ئۇ ئېلىپ كەتتى، — دەپ ھالىنى بايان قىپتۇ.

— ئەي يىگىت، ئۇ خىيالىڭدىن ۋاز كەچ، بىھۇدە ئاۋارە بولما. مانا پۇلۇڭنى ئېلىپ كەلدىم، تاپشۇرۇۋال، — دەپتۇ موماي.

— ئانىجان، بۇ پۇللارنى ساڭا بەردىم، بىر ئامال قىلىپ مېنى ئۇ ساھىب رەنانىڭ مۇبارەك جامالىغا بىر يەتكۈزسەڭ، — دەپتۇ سودىگەرزادە.

— بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، — دەپتۇ موماي.

— موما، يۇرتۇم يىراقتا قالدى، بۇ يەرگە مۇساپىرمەن، بۇ جايىنىڭ ئەھۋالىنىمۇ بىلمەيمەن. ماڭا رەھىم قىلىپ مېنى ئاشۇ گۈل رۇخسارنىڭ جامالىنى بىر كۆرۈۋېلىش بەختىگە ئېرىشتۈرسەڭ، دېگىنىڭنى بەرسەم، — دەپ يالۇۋۇرۇپتۇ

سودىگەرزادە.

موماي قولىدىكى بىر خالتا تىللاغا ۋە بايۋەچچىنىڭ: «دىپ-گىنىگىنى بەرسەم» دەۋاتقانلىقىغا قاراپ، بۇ نەق ئولجىنى قولدىن چىقىرىۋەتمەسلىك ئۈچۈن:

— ئەي بايۋەچچە، سۆزۈمگە قۇلاق سال، بۇ قىز مەملىكىتىمىزنىڭ مەلىكىسى — سۇلتانىمىزنىڭ يالغۇز قىزى. ئۇ پات ئارىدا باشقا بىر ئەلنىڭ شاھزادىسىگە ياتلىق قىلىنماقچى. ئۇ سەندىن ئالغان ماللارنى خەيرلىشىش ئالدىدا تۇرغان ۋە ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ بارىدىغان كېنىزەكلەرگە ھەم كېلىن بولۇپ بارغۇسى مەملىكەتتىكى يېڭى كېنىزەكلەرگە سوۋغات قىلىشقا ئالدى. ئىككى پادىشاھ پۈتۈشكەن بۇ ئۇلۇغ توي ئىشىنى بۇزۇش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، مەن سېنى مەلىكە بىلەن ئۇچراشتۇرۇش چارىسىنى ئويلىنىپ كۆرەي، — دەپتۇ.

— شۇنداق قىل، ئانا. جېنىم، بارلىق ۋەسلىم بۇ يولدا پىدا، — دەپتۇ بايۋەچچە ۋە شۇئان ئۇنىڭ كاللىسىغا، مومايىنىڭ ئۆيىدە تۇرسام... دېگەن خىيال كەپتۇ ـ دە:

— مۇمكىن بولسا ئۆز ئۆيۈڭدە پاناھلىق بەرگەن بولساڭ، سېنى بۇ يەرگە كېلىپ ـ كېتىشكە ئاۋارە قىلىپ يول ماڭغۇزمىسام، — دەپتۇ.

بايۋەچچىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان مومايىنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆز ئۆيىنىڭ مۇشۇ ھۇجرىدىكى يىپەك گىلەم، ئېسىل جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەن شاھانە مەنزىرىسى لىپ قىلىپ ئۆتۈپتۇ.

— بالام، سېنىڭدىن ئۆي ئايلانسۇن. ھازىر كۈن كەچ بولۇپ قالدى، مەن ئەتە مەلىكىدىن ئىجازەت ئېلىپ كېلىپ بۇ ئىشنى جۆندەي، — دەپ موماي كېتىپتۇ. دېگەندەك ئەتىسى كېلىپ بايۋەچچىنى سودىگەرلەر سارىيىدىن ئۆز ئۆيىگە

كۆچۈرۈپ ئاپىرىپتۇ. مومايىنىڭ كىچىككىنە بىر هويلىسى، ئىككى ئېغىز ئۆيى ۋە بىر يېتىمەك مالىيى بار ئىكەن. موماي بايۋەچچىگە:

— يىگىت، بۇ ئۆي كىچىك ھەم كونىراق، لېكىن ساڭا تارلىق قىلمايدۇ، خالىغىنىڭچە تۇرغىن، بىساتلىرىڭ بىلەن كۆڭلۈڭگە ياققۇدەك قىلىپ جابدۇغىن. ھالىڭدىن ئۆيۈمدىكى خىزمەتچى خەۋەر ئالىدۇ. مېنىڭ ئۇ يەردە نۇرغۇن ئىشىم بار، — دەپتۇ ـ دە، ئورنىدىن كېتىپتۇ. بايۋەچچە پىراق ئوتىدا باغرىنى داغلاپ، مومايىنىڭ كېلىشىنى ئىشىكتىن ماراپ، ئاھ ئۇرۇپ، پەرىغان چېكىپ، كۆزىنى دەرد ـ ئەلەم ياشلىرىدا ياشلاپ يېتىپتۇ. ئەمما، موماي شۇ كەتكەنچە قارىسى كۆرۈنمەپتۇ، چۈنكى مەلىكىنىڭ تويى باشلىنىپ كېتىپتۇ. توي قىرىق كۈن داۋام قىپتۇ، بۇ جەرياندا سودىگەرزادە بارا ـ بارا تاماقتىنمۇ قاپتۇ. توي تۈگەپ، مەلىكە ئۇزاپ، موماي ئۆيىگە كەلگەندە، بايۋەچچە مەيدىسىنى يەرگە يېقىپ، ياتقان يېرىدە مىدىرلىيالماي قالغانىكەن.

— يىگىت، مۇنداق ئاھ ئۇرۇپ يېتىش بىلەن مۇرادقا يەتكىلى بولمايدۇ، ۋىسال جامىنى كۆتۈرمەن دېسەڭ، سەندە جان بولۇش كېرەك. ئورنۇڭدىن تۇر، يەنە ئۈچ ـ تۆت ئاي چىداشلىق بەر. بازارغا چىقىپ ئالدى ـ بەردىلىرىڭنى تۈگىتىپ، سەپەر كۆكىگە پەرۋاز قىلىشقا قانات ـ قۇيرۇقۇڭنى راسلاپ تۇر، مەن بىر يول تېپىپ قويدۇم، ۋاقتى كەلگەندە دەيمەن، — دەپتۇ موماي.

بۇ خەۋەردىن روھلانغان بايۋەچچە بىردىنلا كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ كەتكەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ مومايىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ مومايىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەييارلىققا كىرىشىپتۇ.

ئەمدى گەپنى شاھزادە بىلەن مەلىكىدىن ئاڭلايلى:

مەلىكە شاھزادىنىڭ يۈرتىغا يۆتكەپ كېلىنگەن كۈنىلا، شاھزادە مەلىكىنى بىرلا دېدەك بىلەن «ئاسمانساراي»غا ئاچىقىپ كېتىپتۇ. شاھزادە ھەپتىدە بىر قېتىم چىقىدىكەن. ئارىدىن ئۈچ - تۆت ئاي ئۆتۈپتۇ، لېكىن مەلىكىنىڭ قاپىقى ئاسماندا تۇرۇلۇپ يۈرگەن قارا بولۇتتەك سېلىنىپ زادىلا ئېچىلماپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھزادە بىر كۈنى:

— مەلىكەم، مەن سىزگە ئەرشتىن ئۆي تۇتۇپ بەردىم. ئاتا - ئانىسىنى، يۇرتىنى سېغىنغاندا كۆرۈپ تۇرسۇن، ئالەمنى سەيلە - تاماشا قىلىپ ئىچ پۇشۇقىدىن خالىي بولسۇن دەپ قولىڭىزغا جاھاننەما تۇتقۇزدۇم. ئەمما، نېمە ئۈچۈنكى، مۇشۇ سارايغا كەلگەن كۈندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە رۇخسارىڭىزنى دائىم كۆيگەن ئايدەك تۇتۇق كۆرىمەن، — دەپتۇ.

— ئۇلۇغ شاھزادەم، — دەپتۇ مەلىكە كۆزىگە ھەسرەتلىك ياش ئېلىپ، — مەن يەر - جاھاندىن ئايرىلغان بۇ سارايدا ھەر پەيشەنبە كۈنى سىزنى كۈتۈۋېلىپ، جۈمە كۈنى ئۇزىتىپ قويغاندىن سىرت، بىرلا دېدەك بىلەن گويا قەپەستىكى قۇشتەك ياشاۋاتىمەن. جاھاننەما ئەينىكىدە كۆرۈنگەن كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولغىلى بولمايدىكەن.

— سىزنىڭ كىم بىلەن ھەمسۆھبەت بولغۇڭىز بار ئىدى؟ مەن بۇ يەرگە سىزنى ۋە بىر دېدەكنى ئېلىپ چىقىشقا شەرت قىلغانىدىم، — دەپتۇ شاھزادە ۋە ئاتا - ئانىسى بىلەن قىلىشقان سۆھبىتىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مەلىكە ئاغرىنغاندەك بولۇپ:

— سىز ماڭا ئىشەنمەيدىكەنسىز - دە؟ ! — دەپتۇ.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، مەقسىتىم سىزنى يامان كۆزدىن ساقلاش، — دەپتۇ شاھزادە.

— بۇ نىيىتىڭىزگە رەھمەت. مەن پايانسىز چۆپلۈكتە

ئەركىن تاقلاپ يۈرگەن ئاھۇدەك كەڭ - كۇشادە يۈرۈپ ئۆس-
كەنىدىم، شۇڭا ماڭا قانات - قۇيرۇقى بوغۇپ تاشلانغان
مۇنداق ھايات كېرەك ئەمەس، — دەپتۇ مەلىكە.

— ئۇنداق دېمەڭ، مەلىكەم، كۆڭلۈمنى چۈشىنىڭ، —
دەپتۇ شاھزادە.

مەلىكە شاھزادىنىڭ ئاغزىدىن دەل مۇشۇ سۆزنىڭ چىقى-
شىنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن، ئۇ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن سىزنىڭ مېنى كېنىزەكلىرىمدىنمۇ، زېمىندىنمۇ
جۇدا قىلغىنىڭىزدىن ئاغرىنمايمەن، ئەمما بىر تەلىپىم بار،
شۇنى بەجا كەلتۈرسىڭىز.

— تەلىپىڭىزنى ئېيتىڭ، — دەپتۇ شاھزادە.

مېنىڭ مەرھۇمە ئىنىكئانام تېپىپ بەرگەن بىر ھېكايى-
چى مومام بار ئىدى. ئۇ دۇنيادىكى ھەممە ھېكايىلەرنى بىلەت-
تى، ئۇ ھېكايىسىنى تېخى سۆزلەپ بولمىغانىدى، شۇ مومامنى
ئەكەلدۈرۈپ بەرسىڭىز، قېرىغاندا ئاخىرقى ئۆمرىنى مۇشۇ
يەردە ئۆتكۈزۈۋالسۇن، — دەپتۇ مەلىكە. شاھزادە:

— مەن ئەتىلا شەھىرىڭىزگە ئادەم ماڭدۇراي، — دەپتۇ.

ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتەر - ئۆتمەيلا شاھزادە ھېكايىچى
مومايىنى مەلىكىنىڭ ھوزۇرىدا پەيدا قىپتۇ، ئۇنىڭ يوغان بىر
ساندۇقىنىمۇ بىللە ئاچىقىپتۇ. موماي ئۆزىنى ئۇنتۇمىغان مە-
لىكىگە ۋە شاھزادىنىڭ خەيرخاھلىقىغا كۆپتىن - كۆپ مىن-
نەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ. مومايغا ئايرىم بىر خانا راسلاپ بېرى-
لىپتۇ. ئەتىسى شاھزادە چۈشۈپ كېتىش ئالدىدا، مەلىكە ئۆ-
زىنىڭ تەۋەررۇكتەك ئەتىۋار بىلىپ كەلگەن بۇ ھېكايىچى مو-
مىسىنى شاھزادىگە بىر تونۇتۇپ قويۇش مەقسىتىدە ئۇنى
ھېكايە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. موماي مۇنۇ ھېكا-
يىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ:

— قەدىمكى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ بىر ۋەزىرىنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق، زىبا بوي، سۇمبۇل چاچ بىر خوتۇنى بار ئىكەن. بىر مەرىكىدە پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، نىيىتى بۇزۇلۇپ، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلگەندىن كېيىن، ۋەزىرنى بىر شەھەرگە ئىشقا بۇيرۇۋېتىپ، ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ۋەزىرنىڭ خوتۇنى پادىشاھنى ھۆرمەت تۆرىگە چىقىرىپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قىزغىن كۈتۈپتۇ، لېكىن پادىشاھنىڭ غەرىزىنى پەملىگەندىن كېيىن، سەككىز دانە تۇخۇمنى پىشۇرۇپ، شاكىلىنى سەككىز خىل رەڭدە بوياپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئاچىقىپ قويۇپتۇ. پادىشاھ بۇ تۇخۇملارنى يېتىپ باققانىكەن، بۇ تۇخۇملارنىڭ شاكىلى سەككىز خىل رەڭدە بويالغان بولسىمۇ، تەمى بىر خىل تۇرغۇدەك. ھەيران بولغان پادىشاھ بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىكەن، ۋەزىرنىڭ خوتۇنى: «شاھىم، بەزىلەر ئۇ ئايالغىمۇ، بۇ ئايالغىمۇ قانات سۆرەيدۇ، ۋەھالەنكى ئاياللارمۇ شاكىلى بويالغان



مۇشۇ تۇخۇملارغا ئوخشاش خىلمۇخىل بولسىمۇ، تەمى بىر خىل. شۇڭا، ئۇلار ئۆز قويىنىدىكى ھالال جۈپتى بىلەن قانا-ئەتلەنسە بولمامدىغاندۇ؟» دەپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭدىن خىجىل بولۇپ قايتىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ۋەزىرنىڭ ئايالى ئۆزىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە، شۇ چاغقىچە تۇمەنلىگەن گۈللەرنى يىرتقۇچ تىرنىقى بىلەن چەيلەپ ئا-ياغ ئاستى قىلىپ كەلگەن ۋەھشىي يولۋاستەك ھايۋان تەبى-ئەتلىك پادىشاھنىمۇ ناكەسلىكتىن چەكلەپتۇ. جاھاندا ئەنە شۇنداق بېغى چىلىك، ۋۇجۇدىغا كىر قوندۇرمايدىغان ئاياللارمۇ ئۆتۈپتىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ موماي. شاھزادە بۇ ھېكايىدىن ھەم مومايدىن مەمنۇن بوپتۇ. شۇنىڭ-دىن تارتىپ مەلىكىنىڭ چىرايىمۇ تولغان ئايدەك ئېچىلىپ كېتىپتۇ.

موماي ئەپلىك پەيتى كەلگەندە، قولتۇقىغا سېلىۋالغان چۈجىنى قىسىپ، مەلىكىنىڭ ئالدىدا قويىنىدىن چۇك - چۇك قىلغان ئاجايىپ ئاۋاز چىقىرىدىكەن. مەلىكە دەسلەپتە بۇنىڭغا ئېرەن قىلمىغان بولسىمۇ، بۇ ھال تەكرارلىنىۋەرگەندىن كې-يىن بۇنى بىلىشكە قىزىقىپ قاپتۇ. ئۇ بىر كۈنى:

— موما، چۇكۇلدىغان نېمە ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قىزىم، بۇ توغرىدا ئادەم بار يەردە ئېغىز ئاچماڭ، مۆرىتى كەلگەندە سۆزلەپ بېرىمەن، — دەپتۇ موماي. بىر كۈنى ئۇ كەچلىك تاماقتا دېدەكنىڭ تاماقىغا دورا بىھوش سېلىپ قويۇپتۇ، دېدەك بىرئازدىن كېيىن ئۇخلاپ قاپتۇ. مو-ماي مەلىكىگە ھېكايە سۆزلەپ بېرىۋېتىپ يەنە چۇك - چۇك قىلغان ئاۋازنى چىقىرىپتۇ. بۇنى بىلىشكە تەقەززا بولۇپ كەتكەن مەلىكە ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سوراپ تۇرۇۋاپتۇ.

— ۋاي ئاپئاق مەلىكەم، بۇ نېمە بولاتتى، «چۇك - چۇك»

كېسىلىم، — دەپتۇ موماي.

— خۇدايا توۋا، ھېلىغىچە «چۇك - چۇك» كېسەل دې-گەننى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، — دەپتۇ مەلىكە تېخىمۇ ھەيران بولۇپ.

— شۇنداق، بۇنداق كېسەل ھەممىلا ئادەمدە بولمايدىكەن، كۆپىنچە خان ئائىلىسىدىكى گۈزەل ئاياللار مۇشۇنداق كېسەل-گە گىرىپتار بولۇپ قالىدىكەن.

— ئۇنداقتا، سىزمۇ خان ئائىلىسىدىنمىدىڭىز؟ — دەپتۇ مەلىكە.

— ياق، مەلىكەم، مەن ھاللىق ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكە-نىدىم، بىراق ياش ۋاقتىمدا بەك چىرايلىق ئىكەنمەن. ئاشۇ گۈزەل چېھرىم ۋە كېلىشكەن قەددىم ئۆزۈمگە دۈشمەن بو-لۇپ، مۇشۇنداق «چۇك - چۇك» كېسىلىگە گىرىپتار قىلدى، — دەپتۇ موماي.

— ئانىكا، ئادەمنىڭ چىرايىمۇ ئۆزىگە دۈشمەن بولامدى-كەن؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.

— ھوي قىزىم، — دەپتۇ موماي ئۇھ تارتىپ، رومىلىنىڭ بىر ئۇچىدا كۆز يېشىنى ئېرتقاندەك قىياپەتتە، — يالغۇز قىز بولغانلىقىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە تولىمۇ چىرايلىق بولغانلىد-قىم ئۈچۈن، ئاتام مېنى بىر ئېسىلزادىگە بەردى. ئېرىم مېنى جېنىدىنمۇ ئەتىۋار كۆرەتتى. ئۇن يىلغىچە ئېرىمدىن ۋە بىر-نەچچە دېدەكتىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمىدىم. ھەمىشە دېرىد-زىدىن سىرتقا قارايمەن. كېيىن ئاڭلىسام، نۇرغۇن يىگىتلەر ماڭا ئاشىق بولۇپ يۈرۈپتۇ. ئۇلار كېچە - كۈندۈز ئىشىق - پىراقىمدا يىغلايدىكەن، ئاھ ئۇرىدىكەن، لېكىن مەن ئۇلار ما-ڭا نامۇ نىشان كىرگۈزسىمۇ پەرۋا قىلمىدىم. يىللار ئۆتتى، «ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن، ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى» دې-

گەندەك، ئۇلارنىڭ قان ياشلىق ئاھى مېنى تۇتتى.
— كېيىن قانداق بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.
— قانداق بولاتتى؟ جېنىم مەلىكەم، ئۆز چېغىمدا گو-لۇمسەن، كېسەل بولغاندا كەتمەمسەن، دېگەندەك بولدى. ئېرىم مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. شۇنىڭدىن كېيىن مېنى سەرسان - سەرگەردانلىق گىردابى ئۆز قەرىگە تارتتى، دەرد - ئەلەم باياۋىنىنى كېزىپ يۈردۇم. ھېلىمۇ ياخشى ئېرىمنىڭ ئۆيى كىتابلار كانى ئىدى. مەن ۋاقتىنى قولدىن بەرمەي ئۇ كىتابلارنى ئوقۇپ نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئۆگىنىۋالغانىكەنمەن، ئاخىر جان بېقىشقا شۇ ھېكايىلەر ئەسقاتتى. بىر كۈنى جا-ھانكەزدىلىك بىلەن سىزنىڭ شەھىرىڭىزگە كېلىپ قاپتىمەن. بىر مەھەللىدە ئۇششاق باللارغا ھېكايە سۆزلەپ بېرىۋاتقىنىمدا، رەھمەتلىك ئىنىكئانىڭىزغا يولۇقۇپ قالدىم. ئۇ مېنى مۇبارەك ئاستانىڭىزگە باشلاپ، ھۇزۇرىڭىزغا ئېلىپ باردى، ئىلتىپاتىد-ڭىز بىلەن ئاسايىشلىققا چىقىپ قالدىم، — دەپتۇ موماي.
— توۋا، جاھاندا مۇنداق ئىشلارمۇ بولىدىكەن - ھە؟ خۇداغا شۈكۈر، مەن ئۇنداق گۈزەل ئەمەس، — دەپتۇ مەلىكە.
— قىزىم، — دەپتۇ موماي، — سىز ئۆزىڭىزنى گۈزەل-لەر قاتارىدىن چىقىرىۋەتسىڭىز، بۇ ئون سەككىزمىڭ ئالەمدە گۈزەل يوق دېگەن گەپ ئەمەسمۇ؟ ! سىزنىڭ نۇرانە جامالىد-ڭىز مۇشۇ سۇغا چۈشكەندە، ئۇنىڭدىن ئەكس ئەتكەن شولىدىن دەريانىڭ ئىككى قىرغىقى گويا قۇياش يەرگە چۈشۈپ قالغاند-دەك باشقىچىلا يورۇپ كېتىدىكەن. بۇ نۇر ئۆز شەھىرىڭىز-دىمۇ كىملەرنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرمىگەن دەيسىز؟ — دەپتۇ موماي. مەلىكە:
— موما، مەن ئۆز شەھىرىمدە ئاتا - ئانام، رەھمەتلىك ئى-نىكئانام ۋە خاس كېنىزەكلىرىمدىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمە-

گەن. كېيىن ئىنىكئانام سىزنى ھېكايە سۆزلەپ بېرىشكە ئېلىپ كەلگەندىلا سىزنى كۆردۈم. بۇ يەردە شاھزادە، سىز ۋە دېـ-دەكتىن بۆلەك ئادەمزاتنى كۆرمىدىم، بەلكىم مەن باشقىلارغا ئىشق ئوتى يېقىشتىن خالىيدۇرمەن، — دەپتۇ.

— ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ، مەلىكەم، — دەپتۇ موماي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، — ئۆز گۈزەللىكىڭىزگە ھوشيار بولمىسىڭىز، ئۇ سىزگە شۇنداق بىھېساب دەرد - ئەلەملەرنى كەلتۈرىدۇكى، رودۇپايدەك چاپلىشىۋالغان مەرەز كېسەللىكلەر-نى ھەرقانچە قىلىپمۇ بەدىنىڭىزدىن سىلكىپ چۈشۈرۈۋېتىش-كە ئامالسىز قالىسىز. مەن بۇ قېتىم خىزمىتىڭىزگە مۇشەر-رەپ بولۇش ئىشتىياقىدا يولغا چىقىش ئالدىدا چارېبغىڭىزنى بىر ئايلىنىپ چىقتىم. شۇ چاغدا چارېبغىڭىزنىڭ تېمىنىڭ تۈۋىدە بىرىنىڭ مەيدىسىنى يەرگە يېقىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. بېرىپ قارىسام، بىر ياش بالا ئىكەن، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىغانىدىم، ئۇ ماڭا: «بىر پەرى پەيكەرنىڭ قوشۇ-مىسىدىن ئېتىلغان ئوق مېنى يىقىتتى، مەن ئۇنىڭ ۋىسالى-دىن شىپا ئىزدەپ، ئۇنىڭ مۇبارەك قەدەم ئىزى چۈشكەن تۇپراقنى تاۋاپ قىلىپ يېتىپتىمەن...» دېدى. بۇ سىر ئاندىن ئايان بولدى، — دەپتۇ موماي.

— قانداق سىر؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.

— قانداق سىر بولاتتى، قىزىم، ئۇ يىگىتنىڭ چارېبغى-ڭىزنىڭ تېمى ئاستىدا خاكسار بولۇپ ياتقانلىقىدىن، ئۇنىڭغا ئىشق ئوتى ياققان سىزدىن باشقا بىرى ئەمەس، دېگەن قارارغا كەلدىم، — دەپ، موماي قولتۇقىنى قاتتىق قىسقانىكەن، با-يىقى «چۇك - چۇك» ئاۋاز «ئاسمانساراي» سەھنىسىنى بىر ئاپتۇ. مەلىكە ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ بىرئاز ئويلانغاندىن كې-يىن، مومايغا قاراپ:

— قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپتۇ. موماي:
— مېنىڭمۇ بېشىم قېتىۋاتىدۇ، قىزىم. بىلىشىمچە، سىزگە ئاشىق بولغانلار ئاز ئەمەس، بىرەرىگە بولسىمۇ مەر-ھەمەت كۆزىڭىز بىلەن قاراپ قويمىسىڭىز، سىزنىڭمۇ مەندەك «چۆك - چۆك» كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشىڭىز چو-قۇم، — دەپتۇ.
مەلىكە تېخىمۇ چوڭقۇر ئويغا پېتىپتۇ، بىرھازادىن كې-يىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:
— موما، ئۇنداق بولسا، ھېلىقى سىزگە ھال ئېيتقاندىن خەۋەر ئالساق بولامدىكىن، — دەپتۇ.
— توغرا دېدىڭىز، جېنىم قىزىم، — دەپتۇ موماي.
— بىراق، ئۇنىڭدىن قانداق قىلىپ خەۋەر ئالىمىز؟ — دەپتۇ مەلىكە.
— قىزىم، ئۇ يىگىتنى سىزنىڭ قېشىڭىزغا كېيىن ئې-لىپ چىققىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەنىدىم. كېلىڭ، ئاپئاق قىزىم، ئۇنىڭ ھالىغا يې-تىڭ، مۇبارەك جامالىڭىز بىلەن دەردىگە دەرمان بولۇڭ، ئۇنىڭ يۈرەك جاراھىتىگە يۇمشاق تېنىڭىزنى مەلھەم قىلىپ يېقىڭ، لالە لېۋىڭىزنى لېۋىگە يېپىشتۇرۇپ، ئىسسىق تىنىقىڭىز بى-لەن ئۇ بىچارىنىڭ نىمجان ۋۇجۇدىغا جان ئاتا قىلىڭ! — دەپ، مەلىكىنى ئۆز ھۇجرىسىغا باشلاپ كىرىپ ساندۇقنى ئېچىپتۇ.
ئەمدى باشقا يەردىن ئىككى كەلىمە سۆز ئاڭلايلى:
مەلىكىنىڭ ئېرى بولمىش شاھزادە بىر پەيشەنبە كۈنى «ئاسمانساراي»غا چىقىپ كېتىۋېتىپ، دەريانىڭ نېرىقى قېتى-دىكى ئورمانىڭ ئىچكىرىسىدىرەك بىر جايدا ئېقىۋاتقان سۇ بويىغا قىلىچ ئاسقان، قالقان كۆتۈرگەن، ساقال - بۇرۇتلىرى

ئۈسۈپ كەتكەن بىر ئاتلىق ئادەمنىڭ كېلىپ توختىغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، كۆڭلىدە، بىزگە دۈشمەن باستۇرۇپ كې-لىۋاتامدۇ نېمە، بۇ ئادەم ئالدىن ئەۋەتىلگەن چارلامچى بولمى-سۇن يەنە، دەپ ئويلاپ، دەرھال كەينىگە يېنىپ ئورمانغا چۈ-شۈپ، ھېلىقى ئاتلىق پەيدا بولغان جايغا يېقىنراق بىر يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپتۇ. ھېلىقى ئادەم ئاتتىن بىر كۆرپىنى ئې-لىپ يەرگە سالغاندىن كېيىن، ئات ئۈستىدىكى خۇرجۇننى ئېلىپ، خۇرجۇندىن بىر ساندۇقچىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ ئاغزى-نى ئاچقانىكەن، ساندۇقتىن ئۇن يەتتە ـ ئۇن سەككىز ياشلاردىكى بىر قىز چىقىپتۇ. قىزنىڭ چىرايلىقلىقىدىن ئورمان يورۇپ كەتكەندەك بوپتۇ. قىز دەرھال سەپەر ئوچىقىنى قۇرۇپ، چۆگۈنگە سۇ ئېلىپ ئېسىپ، ئوتۇن تېرىپ ئوت قالاپ چاي قاينىتىپتۇ. ئۇلار تۇرلۇك نازۇنېمەتلەر بىلەن چاي ئىچىشىپ «بەزمە» قۇرۇپتۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم قىزنىڭ قۇچى-قىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپتۇ. قىز يانچۇقىدىن بىرنېمىنى ئېلىپ ئۇ كىشىنىڭ بۇرنىغا بىردەم تۇتۇپ تۇرغاندىن كې-يىن، ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىدىن ئېلىپ يەرگە قويغانىكەن، ئۇ كىشى ھېچنېمىنى تۇيماي ئۈلۈكتەك قېتىپ يېتىۋېرىپتۇ. قىز ئۆزى تۇرغان ساندۇقتىكى كىيىمنىڭ ئارىسىدىن بىر قۇتىنى ئېلىپ ئاچقانىكەن، قۇتىدىن نەۋقىران بىر يىگىت چىقىپتۇ. قىز ئۇنى تاماقلاندۇرغاندىن كېيىن، ئىككىسى ئەتراپنى بىردەم سەيلە ـ تاماشا قىپتۇ. ئاندىن مۇھەببەت تۇشكىدە ئېغىنىشىپ، بىر تەن ـ بىر جان بولۇپ كېتىپتۇ. بىرھازادىن كېيىن قىز: «ئۇنىڭ ھوشىغا كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى» دەپ يىگىتنى قۇتىغا كىرگۈزۈپ ساندۇققا جايلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئاۋۋالقىدەك ھېلىقى كىشىنىڭ بې-شىنى قۇچىقىغا قويۇپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھزادىدە



ھەر خىل خىياللار پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ھېكايىچى موماي ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن يوغان ساندۇق لىپ قىلىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ كاللىسىدا، مېنىڭ مەلىكەمۇ تەنھا ئەمەس، دېگەن ھۆكۈم چاقماق تېزلىكىدە پەيدا بوپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن ئۇخلاپ ياتقان كىشى بىر چۈشكۈرۈپ ئويغىنىپتۇ ـ دە، سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالمان ـ تالمان قىزنى ئەسلىي جايىغا بەند قىلىپ، لاقا ـ لۇقىسىنى ئاتقا ئارتىپ، ئۈزەڭگىگە پۇتىنى قويۇشىغا، تۇيۇقسىز:

— ئەي ئەزىز مېھمان، توختاڭ ! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ كىشى ئەندىشىگە چۈشكەندەك ئەتراپىغا ساراسىمىلىك قاراشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا شاھزادە دەرەخلەر ئارىسىدىن

چىقىپ، ئۇ كىشىگە سالام بېرىپتۇ. يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك پەيدا بولغان بۇ ئادەمنى كۆرۈپ ھەيران بولغان يولۇچى:

— ئامان بول، يىگىت، مېنىڭ ئالدىمغا قەيەردىن كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپتۇ.

— كۆڭۈل - كۆكسۈمنى ئېچىش ئۈچۈن ئورماندا سايا- ھەت قىلىپ يۈرگەنىدىم، مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ساڭا يولۇقۇپ قالدىم، — دەپتۇ شاھزادە.

— مەندە ئىشىڭ بولمىسا، يولۇمنى توسۇما. مەن ماڭاي، — دەپتۇ يولۇچى.

— ئاكا، — دەپتۇ شاھزادە، — مەن مۇشۇ مەملىكەت شاھىنىڭ ئوغلى بولىمەن. سىزنى قەسرىمگە بىر پىيالە چايغا تەكلىپ قىلماقچىمەن. چۈنكى، سەن بۇ يەرلىك ئەمەستەك قىلىسەن. بىزنىڭ تۇپرىقىمىزغا قەدەم قويغانىكەنسەن، سەن بىزگە مېھمان، — دەپتۇ شاھزادە.

— مەن بارالمايمەن، مەنزىلىم يىراق، يولۇمدىن قالماي، — دەپتۇ يولۇچى.

— ئادەمگەرچىلىك بىلەن تەكلىپ قىلىنغان جايغا بار- ماسلىق ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ، ھۆرمەتسىزلىك دوستلۇقنى بۇزىدۇ، — دەپتۇ شاھزادە.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان يولۇچى نائىلاج ماقۇل بوپتۇ. شاھزا- دە ئۆنىڭ ئېتىنى ئوتلاش ئۈچۈن ئورمانغا قويۇپ بېرىپ، ئۇ كىشىنى خۇرجۇنى بىلەن قەسرگە ئېلىپ چىقىپتۇ ۋە ئىز- زەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈپتۇ، تۈننى قىزىق پاراڭلار بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. تاڭ ئېتىپتۇ. ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن، شاھزادە مەلىكىگە چۈشلۈك تاماقنى سەككىز كىشىلىك تەي- يارلىتىشنى بۇيرۇپتۇ. تاماق تەييار بولۇپ، داستىخانغا سەك- كىز تەخسە تاماق قويۇلۇپتۇ. شاھزادە ئۈچ تەخسە تاماقنى

مېھماننىڭ ئالدىغا، ئىككى تەخسە تاماقنى مەلىكىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، بىر تەخسىنى ئۆز ئالدىغا تارتىپتۇ. موماي بىلەن دې- دەكنىمۇ ئولتۇرغۇزۇپ، ئىككى تەخسە تاماقنى ئۇلارنىڭ ئال- دىغا قويغاندىن كېيىن:

— قېنى، قىممەتلىك مېھمانلىرىم، غىزاغا بېقىڭلار! — دەپ ھەممەيلەننى تاماققا تەكلىپ قىپتۇ. بۇنىڭدىن تەئەججۇپ- لەنگەن يولۇچى:

— شاھزادە، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ قىزنىچىلىق قىلىۋا- تامسىز؟ بىر جېنىمغا ئۈچ تەخسە تاماقنى قانداق يەيمەن؟ — دەپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— ئىگىسى بار، — دەپتۇ شاھزادە، — ئەي مېھمە- نىم، سەنمۇ مەن ئويلىغاننى ئويلىغانىكەنسەن. ئەپسۇسكى، سەن ئۆزۈڭدىنمۇ ئۇستا سېھىرگەرنىڭ بارلىقىنى ئويلىماپ- سەن، رەنجىمەي خۇرجۇنۇڭدىكى ساندۇقتا ياتقان مەھبۇبەڭنى چىقار، ئۇمۇ ماڭا مېھمان، غىزالانسۇن.

بۇنى ئاڭلىغان مېھماننىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپتۇ، چۈنكى ھېچكىم بۇ سىردىن خەۋەردار ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇستى- گە، شاھزادىنىڭ سېھىرگەر توغرىسىدىكى گېپى ئۇنى گاڭ- گىرىتىپ قويۇپتۇ. لېكىن ئۇ، شاھزادە ئورماندا بۇ مەخپىيە- تىمدىن خەۋەردار بولغانىكەن - دە، دەپ ئويلاپ، خۇرجۇندىن ساندۇقنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى قىزنى چىقىرىپتۇ. شاھزادە مېھماننىڭ ئالدىدىكى ئۈچ تەخسە تاماقتىن بىر تەخ- سىسىنى قىزنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئاندىن قىزغا:

— ساندۇقتا سەن بىلەن بىرگە تۇرغان يىگىتنى قوتىدىن چىقار! — دەپ ئەمر قىپتۇ. قىز قورققىنىدىن چىرايى سا- ماندەك سارغىيىپ، ئەزايى بەدىنى غال - غال تىترەپ كې- تىپتۇ، ئەمما نېمە ئىلاج، ئۇ يىگىتنى چىقىرىپتۇ. بۇنى

كۆرگەن مېھمان غەزەپتىن قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ، ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ، ئۇلارنى چېپىپ تاشلىماقچى بوپتۇ. شاھزادە ئۇنى توختىتىپ:

— ئەي پالۋان، نامەردلىك قىلما. ئۆزۈڭ كۆتۈرۈپ يۈرگەندە گەپ قىلماي، ماڭا مېھمان بولغاندا تىغ كۆتۈرسەڭ دۇرۇس بولماس! — دەپتۇ. ئاندىن ئۆز مەلىكىسىگە قاراپ، — سەنمۇ ئېلىپ چىق! — دەپ خىتاب قىپتۇ، لېكىن مەلىكە مىدىر قىلماي ئولتۇرىۋېرىپتۇ. غەزىپى قايناپ - تاشقان شاھزادە:

— مەن ساڭا بۇيرۇق قىلىۋاتىمەن، قوپ ئورنۇڭدىن! — دەپ قولى بىلەن نوقۇغانىكەن، مەلىكە ئولتۇرغان جايىغا يىقىلىپتۇ. چۈنكى، مېھماننىڭ ئالدىغا ئۈچ تەخسە تاماق قويۇلغانلىقىنىڭ سىرى ئېچىلىش بىلەن، ئۆزى ئالدىغا ئىككى تەخسە تاماق قويۇلغانلىقىنىڭ سىرىنى بىلىپ، قورققىنىدىن ئالاقاچان جېنى قەپەسىدىن چىقىپ بولغانىكەن. شاھزادە قېرى دەللىگە ئىشارەت قىپتۇ، دەللە تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئۆزىگە بېرىلگەن ھۆجرىدىكى ھېلىقى چوڭ ساندۇقتا ساقلاۋاتقان سودىگەرزادىنى ئېلىپ چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن دېدەك ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي، ھەيرانۇ ھەسلىك ئىچىدە:

— ۋاي خۇدايىم، بۇ نېمە ئالامەت؟! بۇ نىجىس مەخلۇقنى ئەجەب كۆرمەپتىمەنغۇ، بۇ ئىپلاس دەللە مېنىڭ كۆزۈمنى باغلاپ قويغانمۇ، نېمە... — دەپ تەھلىكىگە چۈشۈپ قاپتۇ. شاھزادە:

— چۆرەم، سەن گۇناھسىز. پەلەكنىڭ مانا مۇشۇنداق كارامەت ئويۇنلىرى بار، — دەپ ئۇنى تىنچلاندۇرۇپتۇ. دەل شۇ پەيتتە، يولۇچى ئۆز خوتۇنى بىلەن ئۇنىڭ ئوينىشىنى ئىككى قولتۇقىغا قىسىپ قەسىرنىڭ چۆرىسىگە قويۇلغان تۆ-

مۇر سالاسۇن تەرەپكە مېڭىپتۇ. شاھزادە:

— مېھمان، ئۇلارنى نەگە ئېلىپ بارىسەن؟ نېمە قىلماقچىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ مەلئۇنلارنى دەرياغا تاشلىۋەتمەكچىمەن، لەھەڭلەرگە يەم بولسۇن ! — دەپتۇ يولۇچى.

— ياق، بولمايدۇ، — دەپتۇ شاھزادە، — بۇ ئىپلاسلارنىڭ ناپاك تېنى بىلەن سۇزۇك، ساپ دەريا سۈيى بۇلغانمىسۇن ! — دەپتۇ ـ دە، يۈگۈرۈپ خانىسىغا كىرىپ زۇلپىقارىنى يالىڭاچلاپ كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ ۋە مېھمانغا قاراپ «چاپ !» دەپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بەش نائەھلى قىيما ـ چىيما قىلىنىپ، «ئاسمانساراي»دا شاھزادە، يولۇچى، دېدەكتىن ئىبارەت ئۈچ جان قاپتۇ. شاھزادە يولۇچىغا:

— مەن نازاكەت بېغىدىن دىيانەت گۈلىنى كۈتكەنىدىم، بىراق بۇنىڭغا «ئاسمانساراي» بىلەنمۇ، سەن ئىشلەتكەندەك سېھىر ـ جادۇ قىلىش بىلەنمۇ ئېرىشكىلى بولمايدىكەن، مەن ھازىر شۇ خاتالىقىمنى تونۇدۇم. سۆيگۈ سۇلتانىنىڭ تەختى بولغان يۈرەك ئەخلاق ئۈنچىسى بىلەن نەقىشلىنىپ، ئۇنىڭغا تەۋە بولغان پۈتۈن زېمىن ۋۇجۇد ـ ساداقەت بۇلىقىدىن سۇ ئىچىپ، ۋاپا گۈلىستانىغا ئايلىنالىسا، ئاندىن بۇ باغدا تۇزۇماس بەخت گۈلى پارلايدىكەن، — دەپتۇ ـ دە، بۇ سۆزىنى نەزمىگە ئايلاندۇرۇپ مۇنۇ قىتئەنى ئوقۇپتۇ:

سېھىرلەرنى سېھىر يېڭەر، ھىيلىنى مىكىر،
ۋە لېكىن ھېچ يېڭىلمىگەي ۋاپا ـ دىيانەت.
خۇلاسەم شۇ: مۇھەببەتكە سادىق بولسا دىل،
ئاسمانساراي، تىلسىم ساندۇق، قۇلۇپ بىھاجەت.

# گۈلچى تازنىڭ مەلىكىگە ئۆيلىنىشى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، كۆرۈنمەس تاغنىڭ بىرىسىدا، كۆرۈنگەن تاغنىڭ نېرىسىدا بىر يۇرت بولۇپ، ئۇ يەردە ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بىر گۈلچى موماي ئوغلى بىلەن ياشايدىكەن، مومايىنىڭ ئوغلى ئەقىللىق بولسىمۇ، ئەمما تاز ئىكەن. كۈندىلەرنىڭ بىرىدە بۇ تاز ئانىسى تىزىپ بەرگەن چىرايلىق گۈللەرنى شەھەرگە ساتقىلى ئېلىپ كىرىپتۇ. بىر چاغدا جاكارچى پادشاھنىڭ ساھىبجامال مەلىكىسىنىڭ شەھەر سەيلىسىگە چىققانلىقىنى خەۋەر قىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن پادشاھنىڭ ئارزۇلۇق مەلىكىسى قىرىق قىز بىلەن يېتىپ كەپتۇ. مەلىكە تازنىڭ ئالدىغا كەلگەندە مەپىدىن چۈشۈپ، تازنىڭ قولىدىكى بىر تال چوغلۇق گۈلنى ئۈچ تىللاغا سېتىۋاپتۇ. تاز «ئاھ» دېگىنىچە ئەس - ھوشىنى يوقىتىپتۇ، مەلىكە پەرۋاسىز ئۆز يولىغا كېتىۋېرىپتۇ. كۈنلەر كەينى - كەينىدىن ئۆتۈپتۇ، تازنىڭ ئەھۋالى بارغانچە يامانلاپ چىرايى سارغىيىپتۇ، ئانىسى ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن قاتتىق قايغۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى سىرىنى يوشۇرۇشقا ئامالسىز قالغان تاز يىغلاپ تۇرۇپ دەردىنى ئانىسىغا ئېيتىپتۇ. ئانىسى بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، بىردە يىغلاپ، بىردە تىللاپ، تازغا نەسىھەت قىپتۇ. تاز ئانىسىغا:



— جىنىم ئانا، مۇشكۇلۇمنى ئاسان قىلغىن، مېنىڭ ئەھۋالىمنى پادىشاھقا يەتكۈزگىن، — دەپ، نىيىتىدىن يانماپتۇ.

موماي ئىلاجسىز تەرسا ئوغلىنىڭ دېگىنى بويىچە ھەر كۈنى سەھەردە شاھ ئوردىسى ئالدىنى سۈپۈرىدىغان بوپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە موماينىڭ بۇ ئىشى شاھقا يېتىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرىگە:

— ئوردا ئالدىنى سۈپۈرۈپ قويۇۋاتقان مەزلۇمنى چاقىرىپ كېلىڭلار، نېمە تىلىكى بولسا ماڭا دېسۇن، رازى قىلاي ! — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن مۇلازىملار موماينى شاھ ئالدىغا باشلاپ كىرىپتۇ. موماي شاھ ئالدىدا تىز پۈكۈپ ئولتۇرۇپ، ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىپتۇ ۋە زار - زار يىغلاپ، نادان بالىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈنۈپتۇ. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان شاھ تولىمۇ ھەيران بوپتۇ ۋە نى - نى شاھزادىلەردىن ئەلچى كەلسە قىزىم ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ لايىق كۆرمىگەن، ئەمدى ئاددىي پۇقرادىن ئەلچى كەپتۇ، قىزىم بۇ ئەھۋاللارنىمۇ بىلىپ باقسۇن، دەپ ئويلاپ، قىزىغا كىشى كىرگۈزۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مەلىكە ھېلىقى كۈنى شەھەر سەيلىسىدە ئۆزىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتكەن گۈلچى تازنى ئەسلەپتۇ - دە، ئۇنى ئېغىر بىر شەرت بىلەن ياندۇرماق بولۇپ، شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئەگەر ئۇ يىگىتنىڭ راستىنلا ماڭا ئۆيلىنىش نىيىتى بولسا، ئادەم بىلمەيدىغان ھەم ئىشەنمەيدىغان بىر ھۈنەر

ئۆگىنىپ كەلسۇن، شۇ چاغدا ئۇنى ئۆزۈمگە قوبۇل قىلىمەن.

شاھ قىزىنىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قىزىنىڭ ئەقلىدىن رازى بوپتۇ ۋە تازنىڭ مۇنداق ئېغىر شەرتىنى ئورۇنداپ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ:

— ئەگەر ئوغلىڭىز قىزىمىزنىڭ مۇشۇ شەرتىنى ئورۇندىسا، مەن شاھانە توي قىلىپ قىزىمنى ئوغلىڭىزغا بېرىمەن، — دەپ ۋەدە قىلىپ، مومايىنى يولغا سېلىپتۇ.

موماي ئۆيىگە كېلىپ، مەلىكىنىڭ شەرتىنى ئوغلىغا يەتكۈزۈپتۇ ۋە:

— بۇنداق ئىش شەيتانىنىڭمۇ قولىدىن كەلمەيدۇ، نىيىتىڭدىن يانغىن، — دەپ يەنە نەسىھەت قىپتۇ، بىراق تاز نىيىتىدىن يانماپتۇ. ئۇ ئاخىر ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ، ئادەم بىلمەيدىغان ھۈنەرنى ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن تەۋەككۇل كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، ئاخىر يەتتە تاغنىڭ نېرىسىدىكى يالغۇز بىر جاڭگالدا تۇرىدىغان بىر جادۇگەرنىڭ نامىنى ئاڭلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ، يەتتە تاغنى يەتكە كۈندە ئاتلاپ بىر جاڭگالغا كەپتۇ. قارىسا، بۇلاق بېشىدا بىر قىز يالغۇز ئولتۇرۇپ چېچىنى تاراۋاتقۇدەك. تاز قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئەي پەرىشتە، ئۇسسىدىم، سۇ بەرسىڭىز، ئاچ قالدىم، نان بەرسىڭىز، — دەپتۇ.

قىز بۇ ناتونۇش يولۇچىغا قاراپ:

— ئاچ قالغان بولسىڭىز نان يەڭ، — دەپ، بىر تاشنى ئېلىپ تازغا سۇنۇپتۇ. تاز بۇ ئىشتىن ئەجەبلەنگەن بولسىمۇ، ئېلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئېلىپ قارىسا، قولىدا تاش ئەمەس، قىزىرىپ پىشقان ياغلىق توقاچ تۇرغۇدەك. قىز يەنە:

— ئۇسسىغان بولسىڭىز سۈت ئىچىڭ، — دەپ، بۇلاق-تىن بىر كومزەك سۇ ئېلىپ سۇنۇپتۇ، تاز قارىسا، كوزىدا سۇ ئەمەس، سۈت تۇرغۇدەك. تاز شۇنداق قىلىپ قورسىقىنى توقلاپتۇ. قىز تازدىن نېمە سەۋەب بىلەن بۇ ئادەم ئاياغ باس-مايدىغان جاڭگالغا كېلىپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ. تاز ئۆزىنىڭ ئادەم بالىسى بىلمەيدىغان ھەم كىشى ئىشەنمەيدىغان ھۈنەر ئۆگەنگىلى كەلگەنلىكىنى بايان قىپتۇ.

— ئۇنداق ھۈنەرنى، — دەپتۇ قىز، — يەتتە ئىقلىمدا بىر دادام بىلىدۇ، ھەتتا شەيتانمۇ بىلمەيدۇ. مەن سىزگە ياردەم قىلاي.

قىز تازنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. قىزنىڭ دادىسى جا-دۇگەر بولۇپ، جانلىق، جانسىز بولۇپ يەتمىش ئىككى خىل مەۋجۇداتقا ئۆزگىرەلەيدىكەن. ئۇ ھۈنەر ئۆگەنگىلى كەلگەن يىگىتلەرنى يىللاپ قۇلدەك ئىشلىتىپ، ئاز - تولا ھۈنەرنى ئۆگىتىپ قويىدىكەنۇ، ئەمما شاگىرتى كەتمەكچى بولغاندا ھىيلە بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ ھۈنىرىنى قىزىدىن باشقا ئىنس - جىن بىلمەيدىكەن. ئۇ ئارتۇق گەپ قىلماي، تازنى قوبۇل قىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ تاز جادۇگەر-نىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قاپتۇ. جادۇگەر تازنى ئەتىدىن - كەچكىچە ئوتۇن ياردۇرۇپ، ئېرىق چاپتۇرۇپ، يەر كولىتىپ، كولىغان يەرنى يەنە تىندۇرغۇزۇپ ئىشلىتىپتۇ. نەچچە ئايغىچە تاز كو-لىمىغان بىر تاپان يەر قالماپتۇ، يارغان ئوتۇنلىرى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ. جادۇگەر تازنىڭ ئىشچانلىقىدىن رازى بولۇپ، بىرنەچچە ھۈنىرىنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ. شۇ كۈنلەردە جادۇگەرنىڭ قىزى تازنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، شۇڭا ئۇ دادىسىدىن ئۆگىنىۋالغان ھۈنەرلەرنى ئوغرىلىقچە تازغا ئۆگىتىپ قويۇپتۇ ۋە:

— ھەي تاز، دادام سېنى يىراققا ئىشقا بۇيرۇسا يوگو-رۇپلا مېڭىپ كەتمە، ئاۋۋال ماڭا كېلىپ دېگىن، — دەپ جېكىلەپ قويۇپتۇ. تاز بۇ گەپنى ئېسىدە تۇتۇپتۇ.

بىر كۈنى جادۇگەر، ئەمدى قىلدۇرغۇدەك ئىشمۇ قالمىدى، بۇ تاز ئەقىللىق ھەم چېچەن ئىكەن. ئۇ ئەمدى ھۈنەر-لىرىمنىڭ ھەممىسىنى بىلىۋېلىشىنىڭ كويىغا چۈشتى، ئۇنى ۋاقتىدا كۆزدىن يوقىتاي، دەپ ئويلاپ، تازنى ئالدىغا چاقى-رىپتۇ ۋە:

— ئاۋۇ دۆڭنىڭ ئارقىسىدا بىر توپ قوي بار، ھەيدەپ كەل، — دەپ بۇيرۇپتۇ. تاز:

— خوپ، — دەپ ماڭماقچى بوپتۇ، ئەمما قىزنىڭ دېگەن گېپى ئېسىگە كېلىپ قىزنى ئىزدەپ بېرىپتۇ.

— ئەي پەرىشتە، داداڭ مېنى دۆڭنىڭ ئارقىسىدىكى قويلار-نى ھەيدەپ كېلىشكە بۇيرۇدى، قانداق قىلاي؟ — دەپتۇ تاز.

— بارغىن، ئەمما قولۇڭدىن بۇ كالتەكنى چۈشۈرمە. قويلارنى ھەيدەپ ماڭساڭ، ئالدىڭغا بىر تايغان چىقىدۇ، قورق-ماي تۇمشۇقىغا بىرلا ئۇر، — دەپ قولىغا بىر كالتەكنى تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ.

تاز قويلارنى ھەيدەپ كېلىۋاتسا، دېگەندەك ئالدىدىن بىر تايغان ئېتىلىپ چىقىپتۇ. تاز تايغاننىڭ تۇمشۇقىغا كەلتۈرۈپ بىرنى ئۇرغانىكەن، ئۇ غىڭشىغىنىچە قېچىپتۇ. ئەسلىدە جادۇ-گەر تايغان سۈرىتىگە كىرىپ تازنى ئۆلتۈرگىلى كەلگەنىكەن.

تاز قويلارنى ھەيدەپ كەلسە، جادۇگەر ۋاي - ۋايلاپ ياتقۇدەك. تاز ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك بولۇپ ئۆز ئىشىنى قى-لىپ يۈرۈۋېرىپتۇ. يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، جادۇگەر جاڭگالدىن ئېشەككە ئوتۇن ئارتىپ كېلىشكە بۇيرۇپ-تۇ. تاز قىزغا يەنە مەسلىھەت سالغانىكەن، قىز ئۇنىڭغا:

— بۆيرۇغان بولسا بار، ئەمما يولدا ئېشەكتىن چۈشمە، چۈشسەڭ نوختىنى قويۇپ بەرمە. ئېشەكنى چىڭ باغلاپ قو-يۇپ، ئوتۇننى بولۇشچە ئارتىپ ئېلىپ كەل، نوختىنى بوش تۇتما، — دەپ يولغا ساپتۇ.

تاز قىزنىڭ دېگىنى بويىچە نوختىنى چىڭ تۇتۇپ، ئو-تۇننى بولۇشچە ئارتىپ ئېلىپ كەپتۇ. بۇ قېتىم راسا ئەدە-پىنى يېگەن جادۇگەر تېخىمۇ غەزەپكە كېلىپ، تازنى ئۆلتۇ-رۇشنىڭ ئۈچىنچى چارىسىنى ئىشلەتمەكچى بوپتۇ. شۇ ئارى-لىقتا تاز قىزنىڭ ياردىمى بىلەن جادۇگەرنىڭ ھۈنەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىپ بوپتۇ. قىزنىڭ تازغا ياردەم قىلىۋات-قانلىقىنى تۇيۇپ قالغان جادۇگەر تازنى قىزىغا تۇيدۇرماي بابلاش نىيىتىگە كەپتۇ. بىر كۈنى ئۇ تازنى دەرھال قازناقتىن پالتا ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇپتۇ. جادۇگەرنىڭ قىرىق بىر قاز-نىقى بار ئىكەن. تاز بۇنىڭ قەست ئىكەنلىكىنى بىلمەپتۇ، قىزغىمۇ دېمەپتۇ. ئۇ قىرىق قازناقنىڭ ھەممىسىنى ئاختۇ-رۇپمۇ پالتىنى تاپالماپتۇ. قىرىق بىرىنچى قازناققا كەلگەندە، جادۇگەر: «دۈت، قارىغۇ، پالتا ماۋۇ ئۆيدە» دەپ تازنى قازناققا ئىتتىرىۋېتىپ، ئىشىكنى ئېتىپ قويۇپتۇ. تاز، ئەمدى تۈ-گەشتىم، دەپ ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئۆلۈمنى كۈتۈپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا تازنىڭ ئانىسى نەچچە ئايغىچە ئوغلىنىڭ دېرىكىنى ئالالماي، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىزدەپ بۇ جاڭگالغا كېلىپ قاپتۇ ۋە بۇلاق بېشىدا قىزغا ئۇچراپ، جادۇگەرنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. جادۇگەر: «ئوغلۇڭ ئوتۇنغا كەتتى» دەپ تازنى مومايغا كۆرسەتمەپتۇ. شۇ ئارىلىقتا دادىسىنىڭ ئىشىنى ئۇققان قىز يۈگۈرۈپ قازناقنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ:

— ھەي تاز، جىم ياتامسەن، ئاناڭ كەلدى، سورەن سال! — دەپتۇ.

تاز داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپ: «ئانا» دەپ ۋارقىراپتۇ. جادۇ-گەر ئامالسىز تازنى قازناقتىن چىقىرىپ بېرىپتۇ ۋە بىر پۇرسەتتە ئانا ـ بالا ئىككىسىنى بىراقلا يىغىشتۇرۇشنى ئويلاپتۇ. جادۇگەر ئانا ـ بالا ئىككىسىنى بىر ئۆيگە ئو-رۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. تۈن نىسپى بولغاندا، تاز ئانىسى بىلەن تۈيدۈرماي تالاغا چىقىپ بىر دومىلاپ ئاتقا ئايلىنىپتۇ ـ دە، ئانىسىنى مىندۈرۈپ يۇر-تىغا راۋان بوپتۇ.

ئەتىسى جادۇگەر ئۆز ھۈنىرىنىڭ ئاشكارا بولۇپ كېتە-شىدىن قورقۇپ، تازنى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ.

تاز ئانىسىنى ئېلىپ ئۇدۇل ئۆيىگە كەپتۇ ۋە شاھنىڭ ئالدىغا بارغاندا كيگۈدەك كىيىملەرنى ئېلىش ئۈچۈن، ئانىسىغا:

— مەن بوز ئايغىرغا ئۆزگىرىمەن، مېنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ يەتتە تىللاغا سات، ئەمما نوختامنى بەرمە، — دەپتۇ ۋە كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتا ئېگەرلەنگەن، قۇشقۇن ـ ئۈزەڭگىلىرى ۋالىلداپ تۇرغان ئارغىماققا ئايلىنىپتۇ. موماي ئارغىماقنى بازارغا ئەكىرىپتۇ. ئاتقا شەھەر قازىسىنىڭ كۆزى چۈشۈپتۇ. قازى باھا تالاشمايلا مومايغا يەتتە تىللانى بېرىپ، ئاتنى مىنىپ ھەيۋەت بىلەن ھويلىسىغا كىرىپ ئاتنى باغلاپتۇ ـ دە، خوتۇنلىرىغا ماختىنىپ كۆرسەتمەكچى بولۇپ، ئۇلارنى چاقىرغىلى كىرىپ كېتىپتۇ. دەل شۇ ئارىلىقتا تاز بىر دو-مىلاپ ئەسلىگە كەپتۇ ـ دە، شىپپىدە چىقىپ كېتىپتۇ. قازى ماختانغان ھالدا خوتۇنلىرىنى باشلاپ چىقسا، ئات يوق تۇرغۇ-دەك. خوتۇنلىرىنىڭ ئالدىدا ئوسال بولغان قازى ئاتنى ئىزدە-تىپ تەرەپ ـ تەرەپكە ئادەم چىقارتىپتۇ.

موماي نوختىنى ئېلىپ ئۆيىگە كەلسە، ئوغلى ئۆيدە ياتـ

قۇدەك. بۇنى كۆرۈپ موماي ئوغلىنىڭ كارامىتىگە قايىل بوپ-
تۇ. ئەتىسى تاز:
— ئانا، مەن ئەمدى تۆگىگە ئۆزگىرەي، يەتتە تىللاغا
ساتقىن، ئەمما نوختامنى بەرمە، — دەپتۇ.
موماي تۆگىنى يېتىلەپ بازارغا كىرىپتۇ. دەل شۇ كۈنى
جادۇگەرمۇ تازنى ئىزدەپ يۈرگەنىكەن. ئۇ بىر قاراپلا تۆگىگە
ئۆزگىرىۋالغان تازنى تونۇپ قاپتۇ - دە، مومايىنىڭ ئالدىغا
كېلىپ:
— تۆگىڭىزنى قانچىگە ساتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— يەتتە تىللا، ئەمما نوختىنى بەرمەيمەن، — دەپتۇ مو-
ماي جادۇگەرنى تونۇماي.
— مەن سىزگە ئون تىللا بېرەي، نوختىسى بىلەن بې-
رىڭ، — دەپتۇ جادۇگەر. موماي ئويلىمايلا ماقۇل بوپتۇ.
جادۇگەر تۆگىنى سېتىۋالغاندىن كېيىن بىقىنىغا بىگىز
سانجىپ، ئۇرۇپ، توختىماي چاپتۇرغىنىچە ئۆيىگە قاراپ مې-
ڭىپتۇ. جادۇگەرنىڭ قىزى يىراقتىن دادىسىنىڭ تازنى مىنىپ
كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ غەمگە چۆكۈپتۇ ۋە ئۆيدە بار پالتا-
پىچاق، كەكە - قىڭراقلارنىڭ ھەممىسىنى سۇغا تاشلىۋېتىپ-
تۇ. جادۇگەر تۆگىنى ئېلىپ كېلىپ، پۇت - قولىنى باغلاپ
يىقىتىپ، بېشىدىن بېسىپ تۇرۇپ:
— ھەي قىزىم، پىچاقنى ئېلىپ چىق! — دەپ
ۋارقىراپتۇ. قىزى كىرىپ كېتىپ:
— دادا، پىچاق يوق تۇرىدۇ، — دەپتۇ. جادۇگەر:
— پالتىنى ئېلىپ چىق، — دەپتۇ. قىز:
— يوق تۇرىدۇ، — دەپتۇ يەنە تاپالمىغان بولۇپ. جادۇ-
گەر جىلە بولۇپ:
— ھەي قارىغۇ، ماۋۇنى تۇت، ئۇنىڭ بېشىنى باس! مەن

تىپىپ چىقاي، — دەپ قىزنىغا تۆگىنى تۇتقۇزۇپ ئۆيىگە يو-
گۇرۇپتۇ. قىزى شۇئان:
— ھەي تاز، ياتامسەن، سۇرەن سېلىپ قاچامسەن، —
دەپتۇ. تاز سۇرەن سېلىپ تىپىرلاشقا باشلاپتۇ. قىز دەرھاللا
ئۇنىڭ پۇتلىرىنى يېشىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تاز بىر دو-
مىلاپ كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. جادۇگەر يۈگۈرۈپ
چىقسا، قىزى يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك، قارىسا، تاز بىر كەپتەر
بولۇپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقۇدەك. جادۇگەر شۇئان بىر دومىلاپ
لاچىنغا ئۆزگىرىپتۇ ـ دە، تازنىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ. نەچچە
تاغنى ئاتلىغاندىن كېيىن تاز بىر دۆۋە شاخ ـ شۇمبىنىڭ
ئارىسىغا كىرىۋاپتۇ. جادۇگەر بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ساقلاپ
ئولتۇرۇپتۇ. تاز سەل دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، بىر دو-
مىلاپلا قۇشقاچقا ئايلىنىپ پۇررىدە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. جادۇگەر
تىنماستىن قوغلاپتۇ.

بىرھازا ئۇچقاندىن كېيىن تاز چىرايلىق بىر گۈلزارلىققا
كىرىپ قاپتۇ ـ دە، بىرلا سىلكىنىپ گۈللەر ئارىسىدىكى
چۈغلۇققا ئۆزگىرىۋاپتۇ. جادۇگەر بىر دەرەخنىڭ ئۈستىدە
ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

بۇ باغ ئەسلىدە پادىشاھنىڭ قىزى ئۇچۇن ياسالغان چار-
باغ ئىكەن. شۇ كۈ-
نى مەلىكە باغ سەي-
لىسىگە چىقىپ،
ھېلىقى گۈلزارلىققا
كېلىپ قاپتۇ. قارد-
سا، گۈللەر ئىچىدە
قىپقىزىل ئېچىلغان
بىر چۈغلۇق تۇرغۇ-



دەك، مەلىكە ئۇنى ئۆزۈپ چېكىسىگە قىسىپتۇ. شۇ زامات جادۇگەر دەرەختىن چۈشۈپ بىر قەلەندەر سىياقىغا كىرىپ: «ھەق، دوست» دەپ مەلىكىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە مەلىكىنىڭ چېكىسىدىكى گۈلنى سوراپتۇ. مەلىكە، بۇ قانداق ئىش، قەلەندەر چارباغقا قانداق كىرگەندۇ؟ قارىغاندا، بۇ خاسىيەتلىك قەلەندەر ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، چېكىسىدىكى گۈلنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزىتىپتۇ. شۇ ھامان مەلىكىنىڭ قولىدىكى گۈل بىر سىقىم تېرىققا ئايلىنىپ چېچىلىپ كېتىپتۇ. جادۇگەرمۇ بىر دومىلاپ ئالتە چۈجىسى بار مېكىيانغا ئايلىنىپ تېرىقلارنى يېگىلى تۇرۇپتۇ. مەلىكىنىڭ يېنىغا چۈشۈپ قالغان بىر تال تېرىق بىر دومىلاپ يوغان بىر مۈشۈككە ئايلىنىپتۇ – دە، مېكىيان ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە چۈجىلىرى بىلەن قوشۇپ ھەممىسىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. مەلىكە بۇ كارامەتلەرگە ھەيران بولۇپ تۇرغىنىدا، تاز ئەسلىي قىياپىتىگە كېلىپ، مەلىكىگە تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ مەلىكىگە ئاشىقى بىقارار ئىكەنلىكىنى، مەلىكىنىڭ شەرتىنى ئادا قىلىپ، ئىنسان بىلمەيدىغان، كۆرسە ئىشەنمەيدىغان ھۈنەرنى ئۆگىنىپ كەلگەنلىكىنى بايان قىپتۇ. مەلىكىمۇ تازنىڭ باتۇرلۇقى، پەم – پاراستى ھەم ساداقىتىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىپتۇ. پادىشاھمۇ لەۋزىدىن يانماي، قىرىق كېچە – كۈندۈز شاھانە توي قىلىپ، قىزىنى تازغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ تاز مەلىكە بىلەن بىللە ئۆتۈپتۇ. شاھ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ يۇرتنى ئادىل سوراپ، جادۇگەرلىك ھۈنەرىنى كۆڭلىدىلا ساقلاپ، ئاخىر ئۆزى بىلەن بىللە ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ ھۈنەرنى ھېچ كىشى بىلمەيدىكەن. خەلق ئىچىدە ئۆلاغ ساتسا نوختىنى ساتمايدىغان ئىش مانا شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# شاھزادە بىلەن مايمۇن مەلىكە

ئۆتكەن زاماندا، بۇ كەڭ زېمىندا بىر پادىشاھ بار ئىكەن. پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغۇل ئەمىرۇلزامان يىگىرمە ئىككى ياشقا، ئىككىنچى ئوغۇل ئەمىرۇلماكان يىگىرمە ياشقا، كەنجى ئوغۇل ئەمىرۇلجاھان ئون سەككىز ياشقا كىرگەن كۈنى پادىشاھ ئۈچ جىگەر پارىسىنى چاقىرتىپ، ئاتىلىق مېھرىدىن دۇردانىلەر تۆكۈپ مۇنداق دەپتۇ:

— بالىلىرىم، ھەممىڭلار بالاغەتكە يەتتىڭلار، ئەقىل – ئىدراكتا، قەلەم – ئەلەمدە كامال تاپتىڭلار. ئەمدى سىلەرنىڭ بېشىڭلارنى ئوڭلاپ قويۇش ئارزۇسىدىمەن. لېكىن، بىر ئىشتىن بېشىم قېتىپ كېلىۋاتىدۇ. «كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس» دېگەن گەپ بار، شۇڭا بۇگۈن سىلەر بىلەن بۇ ئىشنى مەسلىھەتلەشمەكچىمەن.

— نېمە ئىشتىن باشلىرى قېتىۋاتىدۇ، شاھ ئاتا؟ — دەپتۇ شاھزادىلەر تەڭلا.

— ماڭا كېلىن بولغۇسى مەلىكە توغرىسىدا. چۈنكى، مېنىڭ شاھلىق سەلتەنىتىم بىلەن تەڭ دەرىجىلىك شاھتىن پەقەت بىرىلا بار. ئۇنىڭ بىرلا قىزى بولۇپ، بۇ يىل ئون يەتتە ياشقا كىردى. ئۇنى بىرىڭلارغا ئېلىپ بەرسەم، قالغان ئىككىڭلارغا كىمنى ئېلىپ بېرىش كېرەك؟ ئەتراپىمىزدىكى

باشقا شاھلارنىڭ مەرتىۋىسى ئۇلارغا يەتمەيدۇ. مۇبادا ئاشۇ شاھلارنىڭ ياكى يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەر-سەم، كېيىن مەرتىۋە يۈزىسىدىن كېلىنلەر ئارا نىزا يۈز بې-رىپ قالسا، رەنجىش پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

— ئۇلۇغ قىبلىگاھىم شاھ ئاتا، — دەپتۇ، ئەمىرۇلماكان سۆزلەشكە ئىجازەت ئېلىپ، — ئۆزلىرى بىلەن تەڭ مەرتىۋى-لىك پادىشاھنىڭ قىزى چوقىمىزغا مەنسۇپ بولسۇن.

ئەمىرۇلجاھان دەرھال قوشۇلۇپ، بۇ پىكىرنى قۇۋۋەتلەپتۇ.

— ساڭچۇ؟ — دەپتۇ پادىشاھ ئەمىرۇلماكانغا قاراپ.

ئەمىرۇلماكان دەماللىققا بىرنېمە دېيىشتىن خىجالەت بو-لۇپ يەرگە قارىۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ ئوغلىغا مەدەت بېرىپ يەنە مۇنداق دەپتۇ:

— مەن ئۆمۈرلۈك ئىشلاردا سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارغا بې-قىشنى خالىغانلىقىم ئۈچۈن ئىختىيارلىق يولىنى تۇتۇۋاتىمەن.

ئەمىرۇلماكان ئاتىسىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قەلبىدىكى «پەرىشتە»سىنى ئاشكارىلىسا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، بېشى-نى كۆتۈرۈپ مۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭ كۆڭلۈمدە بىرى بار، ئۇ شەھىرىمىزدىكى بىر سودىگەرنىڭ قىزى، مەن ئۇنىڭ بىلەن ساۋاقداش. لايىق كۆرسىڭىز، شۇنى كېلىن قىلسىڭىز.

— خوپ، ئوغلۇم، مەن ئۇ سودىگەرگە بەخت ئەلچىلىرى-نى ئەۋەتەي، — دەپتۇ پادىشاھ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، ئاندىن كەنجىسىگە سوئال نەزىرى بىلەن قاراپتۇ. ئەمىرۇلجاھان:

— سەلتەنەتلىك شاھ ئاتا، مەن تېخى بۇ ئىش توغرى-سىدا ئويلىنىۋېلىشقا بولمىدىم، ئەمما سىزنى باش قېتىنچى-لىقتىن خالاس قىلىش يۈزىسىدىن مەسلىھەتىڭىزگە قوشۇلماي ئامالىم يوق. ماڭا بىر ئوقيا بەرسىڭىز، مەن ئاتقان ئوق مەي-

لى شاھ، مەيلى گاداي بولسۇن، كىمنىڭ زېمىنى ياكى ئۆيگە چۈشسە، شۇ ئۆينىڭ قىزى سىزنىڭ كېلىنىڭىز، مېنىڭ تەلەي گۈلۈم بولسۇن، — دەپتۇ.

ئەڭ ئارزۇلۇق بولغان كەنجى ئوغلىنىڭ بۇنداق تەۋەككۈلچىلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان پادىشاھ سەل ئەندىشە قىلغان بولسىمۇ، ئىختىيارلىقنى ئوغلىغا بېرىۋەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن شاھزادىنى مۇنداق قىلىشتىن توسۇشقا ئامالسىز قېلىپ:

— ئوغلۇم، خاھىشىڭچە بولسۇن، — دەپتۇ ۋە شۇئان كەنجى شاھزادىگە بىر ئالتۇن ئوقيانى تۇتقۇزۇپ، ئىككى چوڭ ئوغلىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوردا مۇنارىغا ئېلىپ چىقىپتۇ. بۇ مۇنار شۇنداق ئېگىز ئىكەنكى، بۇ يەردە تۇرۇپ ئەتراپقا قارىسا، ئاددىي كۆز بىلەن بىر كۈنلۈك نېرىدىكى جايلارنى، بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئەينەن كۆرگىلى بولىدىكەن. پادىشاھ ئوغلىنىڭ كۆزىنى باغلاپ، ئۇنى بېلىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ، بىرنەچچە قېتىم پىرقىرىتىپ ئايلاندۇرۇپ يەرگە قويۇپتۇ، شۇئان



شاھزادىنىڭ كۆزى يېشىۋېتىلىپتۇ. شاھزادە يانى كېرىپ ئوقنى ئېتىپتۇ. ئوق بىر دەمدىلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئوقنىڭ چۈشكەن يېرىنى كۆرۈش مۇمكىن بولماپتۇ. شاھزادە ئاتا - ئانىسى ۋە ئىككى قېرىندىشى بىلەن خوشلىشىپ، ئارغىماق ئېتىغا مىنىپ، ئوقنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن تەنھا يولغا چىقىپتۇ.

شاھزادىنىڭ ئانىسى زار - زار يىغلاپ، ئاللاغا سېغىنىپ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇپتۇ:

خاھىشىڭغا تاپشۇردۇم، ئۆزۈڭ بەرگەن كەنجەمنى.
پاناھىڭدا ساقلىغىن، شۇڭقارىمنى، چەشمەمنى.
ئۆزۈڭ بولۇپ مەدەتكار، مۇرادىغا قاندۇرغىن،
ھەمراھ قىلىپ بەختىنى، قۇچاقىمغا ياندۇرغىن.

كېچە - كۈندۈز بىدارمەن، قارار كۆزۈم يولىغا،
ئۆمۈر شامىم ئۆچمەستە، تىللا چاچاي تويىغا.
دىل پارىدىن ئايرىلىش ئەجەب تەسكەن، خۇدايىم،
بىر ئۆزۈڭگە سېغىندىم، ئىجابەت قىل دۇئايىم.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ھەپتىلەر ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى بىر چوپان ئوقيا ئوقىغا قىستۇرۇلغان بىر پارچە خەتنى ئېلىپ ئوردىغا كەپتۇ. پادىشاھ ئوقنى كۆرۈپلا تونۇپتۇ. خەتتە مۇنۇلار يېزىلغانىكەن:

«ئىززەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك، شانۇ شەۋكەتلىك بۇزرۇكۋارىم ئۇلۇغ شاھ ئاتام ئالىيلىرىغا، مېھرىبان خانىش ئانام كىراملىرىغا دۇئايىسالامدىن سوڭ مەلۇم بولغايكى، ئاۋۋالا خۇدايىتائالانىڭ ئىلتىپاتى ۋە سىلەرنىڭ دۇئالىرىڭلارنىڭ بەراكاتىدىن تىنچ - ئامان سەپەرنى داۋاملاشتۇرماقتىمەن، لې-

كىن ئوقتىن نىشان يوق. دۆلەت پاسىلىمىز سىزىقىدا تۇرۇپ يازغان بۇ مەكتۇپىم ئارقىلىق ئەھۋالىمدىن قىسقىچە بايانات يوللىدىم. مەقسەت: ئوقنى ئىزدەش ئۈچۈن ئۆز زېمىنىمىز تەۋە-لىكىدىن ھالقىپ، ئېھتىمۇ يىراقلارغا كەتكەنلىكىمنى بىلدۈرۈش ھەمدە ماڭا قارىماي ئىككى ئاكامنىڭ توينى ئۆتكۈزىۋېرى-شىڭلارنى ئۆتۈنۈشتۇر. خۇدا ياخشى سائەتتە مۇبارەك دىدارىڭلار-نى كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولۇشۇمنى نېسىپ قىلغاي، ئامىن.

ئېھتىرام بىلەن:

تەنلىرىگە سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ، سىلەرنى دىل قەندىلىگە شام قىلىپ يېقىپ يۈرگۈچى جىگەر پارەڭلەر شاھزادە ئەمرۇلجاھان»

خەتنى ئوقۇپ پادىشاھنىڭ كۆڭلى غەش ۋە غەمناك بولغان بولسىمۇ، كەنجىسىنىڭ ئىشىنى ئاللانىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇ-رۇپ، ئىككى چوڭ ئوغلىنىڭ توينى باشلىۋېتىپتۇ.

بۇلار توي ئويناپ تۇرسۇن، بىز گەپنى شاھزادە ئەمرۇل-جاھاندىن ئاڭلايلى:

ئاتا - ئانىسىدىن، ئاكىلىرىدىن، باغ - بوستان، گۈل - گۈلىستان دىيارىدىن ئايرىلغان ئەمرۇلجاھان دەشت - با-ياۋان، چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ، دەريا - ئېقىنلارنى كې-چىپ، تاغ - داۋانلار ئېشىپ، ئاخىر ئادەم ئاياغ باسمىغان گىياھسىز، سۇسىز بىپايان بىر قۇملۇققا چىقىپ قاپتۇ. تو-مۇز كۈنلىرى ئىكەن. بىر يەرگە بارغاندا ئات ئۇسسۇزلۇقتىن بولالماي ئۆلۈپتۇ. ئېتىدىن ئايرىلغان شاھزادە قانىتى سۇنغان قۇشتەك يىقىلىپ - قوپۇپ، ئۆمىلەپ - يۆمىلاپ دېگەندەك مېڭىپ ئالغا ئىلگىرىلەۋېرىپتۇ. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «ئۆلسەڭ بېشىڭ نىشان تەرەپكە قاراپ ياتسۇنكى، تاپىنىڭ ئۇ تەرەپكە قاراپ قالمىسۇن !» دەپ ئىرادە يارلىقىنى چۇشۇرۇپتۇ. ئۇ

ئۆزىنىڭ يول يۇرۇۋاتقىنىغا قانچە ۋاقىت بولغانلىقىنىمۇ ئۇنۇتۇپ قاپتۇ. ئۇ ھالىدىن كېتىشكە باشلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا، ئۇنىڭ يېغى توگەپ ئۆچۈۋاتقان جىنچىراغدەك يۇمۇلۇۋاتقان كۆزى، ئالدى تەرەپتىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىس - تۈتەكنى ئاران - ئاران ئىلغا قىلىپ قاپتۇ - دە، ئادەم بار جايغا كەلگەن ئوخشايمەن، دەپ كۈچىنى يىغىپ ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسىگە يامىشىپ چىقىپتۇ. تۈتۈن ئەنە شۇ قۇم دۆۋىسى باغرىدىن چىقىۋاتقانىكەن. شاھزادە شۇ تەرەپكە قاراپ دومىلاپتۇ. پەسكە چۈشكەندىن كېيىن قارىسا، ئالدىدا ئىككى قانىتى ئېچىۋېتىلگەن شەھەر دەرۋازىسىدەك يوغان بىر دەرۋازا تۇرغۇدەك، لېكىن ئادەم - ئىنسان كۆرۈنمەپتۇ. شاھزادە سۇنايلىنىپ ياتقان يېرىدە بىرئاز دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، غەيرەت قىلىپ قىلچىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ھويلىغا كىرىپتۇ. ھويلىدا بىرلا ئۆي بار ئىكەن. شاھزادە ئۆينىڭ ئىشىكىگە بېرىپ قارىسا، ئۆي ئىچىدە ساقىلى كۆكسىگە، چېچى يەلكىسىگە چۈشكەن، ئورا كۆز، يۈزى سوزۇنچاق، ئىككى ئوتتۇرا چىشى ئاستىنقى كالپۇكىنى بېسىپ سىرتقا چىقىپ تۇرغان، بەتبەشىرە بىر ئادەم ئوچاق ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ گۆش پارچىلاپ قازانغا سېلىۋاتقۇدەك. ئۇ ئاخىر ئىشىنى تۈگىتىپتۇ ۋە ئوچاقنىڭ ئوتىنى ئۇلغايتىپتۇ. شاھزادە بۇ ئاجايىپ قورقۇنچلۇق مەخلۇقنى كۆرۈپ تېنى شۈركۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، شاھزادىلەرگە خاس جىگەرلىك بىلەن ئۆزىنى مەھكەم تۇتۇپ بوسۇغا ئالدىدا تۇرۇپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بوۋا، — دەپ سالام بېرىپتۇ. بوۋاي قارىسا، ئىشىكتە كىيىملىرى جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن بىر يىگىت قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغۇدەك. بوۋاي:

— سالىمىڭ بولمىسا چايناپ تۇكۇرۇپ تاشلايتتىم. ئۆيگە كىر، — دەپتۇ. شاھزادە ئىشىكنىڭ يان ياغىچىنى تۇتۇپ، بوسۇغىدىن ئېھتىيات بىلەن ئاتلاپ ئۆيگە كىرىپ تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپتۇ. بوۋاي قۇزغۇننىڭ كۆزىدەك ئوت يېنىپ تۇرغان قىپقىزىل كۆزلىرى بىلەن شاھزادىگە تازا سىنچىلاپ قاراپ:

— سالىمىڭ ۋە ئەدەپلىك تۇرۇشۇڭدىن خېلى تەربىيە كۆرگەندەك قىلىسەن، يۇقىرى چىق، — دەپ شاھزادىنى سۇپىغا تەكلىپ قىپتۇ. شاھزادە سۇپىغا چىقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، بوۋاي بىر تەرەپكە ئوڭ قولىنى سوزۇپ، باش بارمىقى بىلەن نېمىنىدۇر بىرنېمىنى بوياقتا كەل دېگەندەك ئىشارەت قىلغانىكەن، شۇئان شاھزادىنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىنىپ، داستىخاندا يېرىم ئارپا نېنى بىلەن بىر قاچا سۇ پەيدا بوپتۇ.

— ئوغلۇم، كېيىملىرىڭنىڭ تىتىلىپ كەتكىنىدىن، يۈزلىرىڭنىڭ قارا سىياھ سۈركەپ قويغاندەك قارىيىپ كەتكىنىدىن، كالپۇكلىرىڭنىڭ شور باغلاپ يېرىلىپ كەتكىنىدىن بۇ يەر - يەر كۆنلەردە ئۇزۇن يول يۈرۈپ كەلگەنلىكىڭ بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئاچلىق ئۈچەيلىرىڭنى تارتىشتۇرۇپ، ئۇسسۇزلۇق يۈرىكىڭنى ئۆرتەۋاتقاندۇ. گۆش پىشقۇچە مانا بۇ ناننى يەپ، سۇنى ئىچىپ نەپسىڭگە ئارام بېرىپ تۇر. ھېلى گۆش بىلەن مېھمان قىلىمەن، — دەپتۇ بوۋاي.

ئۆز بەختىدىن ئىچىنىپ، يۈرىكىنى غەشلىك قاپلىغان شاھزادە گەرچە بۇ بەتبەشىرە ئادەمنىڭ بۇنداق مېھرىبانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىدىن كۆڭلى سەل ئەمىن تاپقان، ھەتتا مەقسىتىمنى مۇشۇ بوۋايغا ئىزھار قىلسام مۇشكۇلۇمنى ئاسان قىلىشقا يول كۆرسەتسە ئەجەب ئەمەس، دېگەن يەرگە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئادەمنىڭ بەئەينى يالماۋۇزلارغا ئوخشاش

تۇرقىغا قاراپ، ۋۇجۇدىغا ۋەھىمىلىك بىر ئەنسىزچىلىك ئىپ-قىپ كىرىپ، مېڭىسىنى قانداق ئىشلارغا دۇچ كېلەرمەن، دې-گەن سوئال چۇلغىۋاپتۇ - دە، باش - ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان خىيال تۇمانى ئىچىدە قولى نان، سۇغا بارماي ئولتۇرۇپ قاپ-تۇ. شۇ چاغدا بوۋاي ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ، شاھزادىگە كۆز قىرىدا قاراپ قويۇپ ئىشىك تامان مېڭىپتۇ. شاھزادە سەل ئېسىنى يىغىپ، يېرىم يۇمۇق كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەي قاراپ تۇرۇپتۇ. دۇمچەيگەن پېتى پايپاسلاپ ئاران مېڭىۋاتقاندەك قىلغان بوۋاي سىرتقا چىققاندىن كېيىن پۇتى يەرگە تەگمىگەندەك شۇنداق تېز مېڭىپتۇكى، شامالمۇ ئۇنداق ئۇ-چالمايدىكەن. بۇنى كۆرگەن شاھزادىنىڭ خىيال قۇشى ئاس-ماندا لەيلەپ يۈرگەن پارچە - پارچە بۇلۇتلاردەك ئۇيان - بۇ-يان پەرۋاز قىلىپ، ئەقلىنى ئەپقېچىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۇ-نىڭ قۇلىقىغا: «ئى مېھمان، ماڭا قاراڭ !» دېگەن ئالتۇن قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، شاھزادە چۆ-چۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قاراپتۇ، لېكىن ھېچنېمە كۆرۈنمەپتۇ. شۇ ئەسنادا يەنە: «مانا مەن بۇ يەردە، تۈڭلۈككە قاراڭ !» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. شاھزادە تۈڭلۈككە قارىسا، تولۇن ئايدەك بىر پەرى تاڭ شەبنىمىدە ئېچىلىۋاتقان غۇنچى-دەك تەبەسسۇم بىلەن ئۆزىگە قاراپ تۇرغۇدەك. شاھزادە «ئاھ» دەۋەتكىنىنىمۇ سەزمەي قاپتۇ. ئۇ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قولى بىلەن ئىككى كۆزىنى ئۇۋۇلاپ، كۆزىنى قايتا ئېچىپ قارىسا، بايىقى جانان بىر خىلدا كۈلۈپ تۇرغۇدەك. شاھزادە بۇنىڭ چۈشى ئەمەس، ئوڭى ئىكەنلىكىنى تەستىقلىغاندىن كېيىن، دەرھال ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، بېشىنى ئېگىپ ھۆر-مەت بىلدۈرۈپتۇ.

— ئىسمىڭىز كىم؟ — دەپ سوراپتۇ پەرى.

— ئەمىرۇلجاھان.
— ئەمىرۇلجاھان، سىز بۇ قېرىنغا نېمە مەقسەتتە كەل-گەنلىكىڭىزنى ئېيتماڭ، — دەپتۇ - دە، غايىب بوپتۇ پەرى. شاھزادە بىردىنلا تېتىكلىشىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تەك ئۆيگە بوۋاي كىرىپ كەپتۇ. ئۇ كۇتۇلمىگەن بۇ مېھمانىنىڭ روھىي ھالىتىدىكى ئۆزگىرىشتىن بىرنېمىنى سەزگەندەك بو-لۇپ، سەت چىرايى ئۆڭۈپ تېخىمۇ بەتتەر خۇنۇكلىشىپ كې-تىپتۇ. لېكىن، ئۇ چاندۇرماي:
— خوش ئوغلۇم، ھاردۇقۇڭ چىقىپ قالغاندەك كۆرۈنۈۋا-تىسەن، ئەمدى پاراڭلىشايلى. قەيەردىن، نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىڭ؟ قەيەرگە بارماقچىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە ناھايىتى خۇشال ھالدا:
— ئاتا، بۇ مۆجىزىگە ئۆزۈممۇ ھەيرانمەن. مەن بىر خىسلەتلىك بۈزرۈكۋارغا يولۇققان ئوخشايمەن. مەن دىيارىم شەھىرى مەرمەردىن ئوۋغا چىققانىدىم. شىكارىم ئالدىمدىن قاچتى، مەن ئۇنى قوغلىدىم، لېكىن يېتەلمىدىم، ئەمما ئۇنى تۇتماي كەتمەيمەن دەپ ئەھدە قىلغانىدىم. چۈنكى، ئۇ كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان، بۇ دۇنيادا خىلى يوق چىرايلىق بىر ئاھۇ ئىدى. ئۇ شامالدىنمۇ تېز يۈگۈرەيتتى. مەن يېقىن قالغاندا، ئۇ يەنە قاچتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنى كۈنلەپ، ھەپتىلەپ، ئايلاپ قوغلىدىم. ئاخىر بىر سايغا چىققاندا كۆرۈنمەي قالدى. ئۇنى ئىزدەپ يۈرۈپ پايانسىز بىر قۇملۇققا كېلىپ قالدىم، ئېتىم ئۆلدى، قايسى تەرەپكە مېڭىشىمنى بىلەلمىدىم، نەچچە قېتىم ھوشۇمدىن كېتىپ، ھوشۇمغا كەلدىم. بىر قېتىم ھوشۇمغا كېلىپ قارىسام، قۇم ئۈستىدە ھېلىقى ئاھۇنىڭ سۈرىتى نامايان بولدى، لېكىن تۇتسام ھېچنېمە يوق. ئاچچىد-قىمدا قىلىچ ئۇردۇم، بىراق چېپىلمىدى، كۆمۈۋېتەي دەپ كۆمسەم كۆمۈلمىدى. بىلدىمكى، ئۇ تۇتسا قولغا چىقمايدىغان

سايە ئىكەن، ئېزىتقۇغا يولۇققانىكەنمەن. ئاخىر ئەجەل لەشكەرلىرى ھەممە تەرىپىمدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ مېنى قورشاۋغا ئالدى، بىر تىنىقتىلا قالدىم. دەل شۇ چاغدا كۆزۈم ئىس - تۈتەككە چۈشتى. مىڭ ئۆلۈپ - مىڭ تىرىلىپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلدىم، قارىسام، تۈتۈن سېنىڭ موراڭدىن چىقىۋېتىپتۇ. پاناھ ئىزدەپ دەرگاھىڭغا سېغىنىپ كەلگەنىدىم، ئۆيۈڭگە كىرگۈزدۈڭ. بىردەمدىن كېيىن ھارغىنلىقتىن بولسا كېرەك، كۆزۈم سەل ئىلىنىپ قاپتۇ. چۈشۈمگە سەن كىردىڭ، مۇبارەك قولۇڭ بىلەن بېشىمدىن تارتىپ ئايىغىمغىچە سىلاپ قويدۇڭ. شۇئان تېنىمگە جان، پۇت - قولۇمغا ماغدۇر كىردى. خۇشاللىقىمدا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ساڭا ھۆرمەت بىلدۈرىمەن دەپ، دەس تۇرۇشقا ھەرىكەت قىلغانىدىم، ئويغىنىپ كەتتىم. كۆزۈمنى ئاچسام سەن كىرىۋېتىپسەن. بۇ شاپائەت ۋە مەرھەمىتىڭگە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن، ئاتا، — دەپ سۆزدىن توختاپتۇ شاھزادە. بوۋاي شاھزادىنىڭ سۆزىنى قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ، زەن قويۇپ ئاڭلاپتۇ. شاھزادىنىڭ سۆزلىرى بوۋاينىڭمۇ خىيالىنى چىگىشلەشتۇرۇۋېتىپتۇ. بوۋاي



توساتتىن ئوچاققا قاراپ:

— مانا، ئوچاقنىڭ ئوتى پەسلەپ قاپتۇ. سۆزۈڭدىن قارىغاندا، شاپائىتىم ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ماڭا قەرزدار ھېسابلاۋاتقان ئوخشايسەن، — دەپتۇ.

— شۇنداق، بوۋا، — دەپتۇ شاھزادە ئالدىراپ.

— ئۇنداق بولسا، ھويلىنىڭ ئارقىسىدا ئوتۇن بار، بىر قۇچاق ئوتۇن ئېلىپ كىر، گۆش تېززەك پىشسۇن، — دەپتۇ بوۋاي.

— خوپ، ئاتا، — دەپتۇ شاھزادە ۋە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ، ھويلىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپتۇ. قارىسا، ئۇ يەردە ئوتۇن ئەمەس، ئادەمنىڭ قاقشال بولۇپ كەتكەن باش، قول، پۇت سۆڭەكلىرى تۇرغۇدەك. شاھزادە بۇنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، مەن قانداق مەخلۇققا يولۇقۇپ قالدىم؟ مېنى بۇ يەرگە ئەجەل سىرتمىقى سۆرەپ كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟ بۇ سۆڭەكلەر بوۋاينىڭ شۇنىڭدىن بەرگەن بېشارىتىمۇ نېمە، دەپ ئويلاپ، بوۋاي-



دىن گۇمانلىنىپتۇ. ئۇ ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۆزىنى سەگەك تۇتۇپ، قۇرۇق قول ئىشىك ئالدىغا قايتىپ كەپتۇ - دە، بوۋايغا قاراپ:

— ئاتا، ھويلىنىڭ كەينىدە ئوتۇن يوق، باشقا نەرسە بار ئىكەن، — دەپتۇ.

— ھەي ئەخمەق، ئۇ يەردە ئوتۇن بولمىسا، ئۆگزىگە قارىدىڭمۇ؟ كۆزۈڭ يوقمۇ؟ ئۆگزىگە ئاشۇنىڭ ئۇستىدىن چىقىدىسەن، — دەپتۇ. شاھزادە سۆڭەك دۆۋىسى ئارقىلىق ئۆگزىگە چىقىپتۇ. قارىسا، ئۆزى ئاتقان ئوق بىر ئوتۇنغا سانجىقلىق تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن شاھزادە ھېلىقى پەرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي كېتىپتۇ. ئۇ نىشانەمگە يېتىپتىمەن دەپ جەزم قىپتۇ - دە، بىر قۇچاق ئوتۇننى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرىپتۇ. بىرئازدىن كېيىن بوۋاي بىر تەڭنىگە گۆشنى ئۇسۇپ داستىخانغا قويۇپتۇ. يەنە بىر لېگەن گۆشنى ئىچكەركى ئۆيگە ئەكىرىپ كېتىپ، گۆشنى قويۇپ ئۆزى قايتىپ چىقىپتۇ - دە:

— قوزام، تارتىنماي ئۆز ئۆيۈڭدىكىدەك غىزالان، — دەپ شاھزادىنى گۆشكە تەكلىپ قىپتۇ. بىراق، شاھزادە بايىقى ئادەم ئۇستىخانلىرىنى كۆرگەنلىك تۈپەيلى گۆشكە كۆڭلى تارتماي، ھېلىقى ئارپا نېنى بىلەن قاچىدىكى سۇغا قول ئۇزىتىپتۇ. بۇ چاغدا كۈنمۇ ئۆز ئۇستىگە ئاسمان گۈمبىزى دۇم كۆمتۈرۈلۈپ قالغاندەك نەگىدۇر يوشۇرۇنۇپ، ئالەمنى تۈن پەردىسى قامال قىلغانىكەن.

— يېتىپ ئوبدان دەم ئال، قېنىپ ئۇخلا، يەنىمۇ كۆپ ماغدۇر يىغ، ئەتە ماڭا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بېرىسەن، — دەپ، بايا گۆش ئەكىرىپ قويۇپ چىققان ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ بوۋاي. شاھزادىنىڭ كۆز ئالدىغا بىردەم ھېلىقى سا-

ھىبجامال پەرىنىڭ گۈلدەك سۈرىتى كەلسە، بىردەم بەتبەشىرە بوۋاينىڭ سۆرۈن تەلەتى، بىردەم ئارقىدىكى ئادەم سۆڭەكلىرى كېلىۋېلىپ زادىلا ئۇخلىيالماپتۇ. ئاخىر تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلاپتۇ. شۇ چاغدا بوۋاي چىقىپتۇ، شاھزادىمۇ ئۇنى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. بوۋاي شاھزادىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ بىر دۆڭلۈكنىڭ كەينىگە ئاپىرىپتۇ. بۇ يەردە بىرى قۇرۇق، بىرى سۇلۇق كۆل بار ئىكەن.

— باتۇر يىگىت، — دەپتۇ بوۋاي شاھزادىگە يەر ئاستىدىن سەت قاراپ، — بۇ يەرگە ئۆز ئايىغىڭ بىلەن كەپسەن. ئەمدى يەنىمۇ شەپقەتكە سازاۋەر بولاي دېسەڭ، بۇ يەرنىڭ شەرتلىرىنى ئادا قىلىشىڭ كېرەك: ھازىر بىرىنچى شەرتنى بەجا كەلتۈرۈشكە تۇتۇش قىل. بۈگۈن ئاش ۋاقتىغىچە ماۋۇ كۆلنىڭ سۈيىنى ماۋۇ قۇرۇق كۆلگە يۆتكەپ بول، لېكىن سۇلۇق كۆلنىڭ سۈيى بىر يۇتۇممۇ كېمەيمىسۇن. سۇنى مانا بۇنىڭ بىلەن يۆتكەيسەن، — دەپ، شاھزادىگە بىر پۇچۇق تەڭنە بېرىپتۇ، ئاندىن ئۆزى تاماق تەييارلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆيگە قايتىپ كېتىپتۇ. شاھزادە كۆڭلىدە بوۋاينىڭ: «يەنىمۇ شەپقەتكە سازاۋەر بولاي دېسەڭ» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ، ھېلىقى رەنا قىز مېنى سىناۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ - دە، دەرھال ئىشقا كىرىشىپتۇ. لېكىن، كۈن يالقۇندەك تاۋلىنىپ تۇرغان تاڭ شەپىقى ئىچىدىن نۇرانە جامالىنى نامايىش قىلغان چاغدىمۇ قۇرۇق كۆلنىڭ تېگىگە بىر تېمىم سۇ چۈشمەپتۇ. شاھزادە قانداق قىلىشىنى بىلمەي، پۇچۇق تەڭنىنى قولىدا تۇتقان پېتى خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قاپتۇ. شۇ چاغدا كەينى تەرىپىدىن: «ئەي شاھزادە، ئۈمىدلىك بولۇڭ، غەم قىلماڭ» دېگەن جانغا ھۇزۇر بېغىشلايدىغان ھېلىقى ئاۋاز ياڭراپتۇ. شاھزادە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىسا، تۈنۈگۈن تۈڭلۈكتە كۆرۈنگەن قىز ئۆزىدىن ئىككى قەدەم نېرىدا

ھېلىلا ئېچىلغان ئەتىرگۈلدەك شوخ كۈلۈپ جىلۋىلىنىپ تۇرغۇدەك. شاھزادە ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قاپتۇ. ئىككىسى سالام - سەھەت قىلىشىپتۇ ۋە بىر - بىرىدىن ئامانلىق سورىشىپتۇ. شاھزادە بىردەملىك جىمىلىقنى بۇزۇپ:

— ئى گۈزەللەر شاھى، سىز ئۈچۈن ھېلىقى بۇ كىچىككىنە كۆل ئىكەن، ئوت دېڭىزىغا كىرىشكىمۇ رازىمەن، — دەپتۇ.

— مەن بۇ ئىرادە، ئەقىدە، غەيرىتىڭىزدىن مەمنۇن، لېكىن سىز باشقىچە ئويلاۋاتقان ئوخشايسىز، — دەپتۇ قىز.

— راستىمنى ئېيتسام، كاللام خىيال دېڭىزىغا ئايلىنىپ قالدى، بۇ دېڭىزدىن خىيالنىڭ ھەر قاندىقى تېپىلىدۇ. ئى ئاپتاپى جاھان، پېقىرنىڭ باشقىچە ئوي - خىياللاردىن ئازاد بولۇشۇم ئۈچۈن، ئۆزىڭىزنىڭ ۋە بۇ يەرنىڭ تەزكىرىسىدىن زەررىچە بولسىمۇ، بېشارەتكە ئىگە بولۇشۇمغا مۇمكىن بولامدىكىن؟ — دەپتۇ شاھزادە.

— ئەلۋەتتە، — دەپتۇ قىز شاھزادىگە تىنىقى قوشۇلۇپ كەتكۈدەك يېقىن كېلىپ، — ئى شاھزادە، مەن ئەجەم شاھىنىڭ يالغۇز قىزى مەلىكە خۇشرۇي بولىمەن. سىز كۆرگەن ھېلىقى قېرى ئادەمخور جادۇگەر. مەن توققۇز ياشقا كىرگەن چاغلار ئىدى، شاھ ئاتام مەن ئۈچۈن بىنا قىلدۇرۇپ بەرگەن ساپ ھاۋالىق خاس چارباغدا ياز نېمەتلىرىدىن لەززەتلىنىپ، چىرايلىق ئېچىلغان گۈللەرنى تاماشا قىلىپ، خۇش ناۋا بۇلبۇللارنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ، ھۇزۇر - ھالاۋەت قوينىدا شاد - خۇرام ئويناپ - كۈلۈپ يۈرگەنىدىم، يامغۇر - يېشىنسىز كۈنلەردە باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شىپاڭدا يازنىڭ سالقىن مەيىن شاماللىرى بىلەن ئوينىشىپ تۈننى ئۆتكۈزەتتىم. بىر كۈنى كېچىسى ئادىتىم بويىچە شىپاڭدىكى ئورنۇمدا يېتىپ ئۇخلاپ قالدىم، ئەتىراپىمدا كېنىزەكلىرىم ياتقانىدى، بىراق ئەتىسى كۆزۈمنى ئاچ-

سام غەيرىي، ناتونۇش بىر ئۆيدە يېتىپتىمەن، قارىسام، يې-
نىمدا مۇشۇ مەخلۇق قېرى ئولتۇرۇپتۇ. مەن قورقۇپ كەت-
تىم. بۇ قېرى دەرھال تىلغا كىرىپ: «مەلىكەم، قورقماڭ،
مەن سىزنى چۈشۈمدە كۆرۈپ، گۈزەل رۇخسارىڭىزغا ئاشىقى
بىقارار بولدۇم، ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى كېزىپ يۈرۈپ
ئاخىر سىزنى تاپتىم، ماكانىمغا ئېلىپ كەلدىم. خالىسىڭىز-
مۇ، خالىمىسىڭىزمۇ ئەمدى بۇ يەردىن كېتەلمەيسىز» دېدى.
بۇ گەپلەر غۇرۇرۇمغا تەگدى ـ دە، بىردىن ۋۇجۇدۇمدىكى با-
يىقى قورقۇنچىنىڭ ئورنىنى بېسىپ بولمايدىغان ئىسيانكارلىق
ئىگىلىدى. مەن ئۇ جادۇگەرگە غەزەپلىك تىكىلىپ تۇرۇپ:
«ماڭا يېقىن يولىغۇچى بولما، ئەگەر ماڭا قول سوزىدىكەنسەن،
ئالدىڭدا جەسىتىمدىن باشقا نەرسە قالمايدۇ» دېدىم. جادۇگەر
كۈلۈپ كەتتى ۋە: «بوپتۇ، ھازىرچە خاھىشىڭغا بېقىپ تۇراي،
چۈنكى شۇ تاپتا سەن بىر غورا. ‹سەۋر قىلساڭ غورىدىن
ھالۋا پۇتەر› دېگەن گەپ بار. بەرىبىر بىر كۈنى پىشىسەن...»
دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن مېنى يىپەك گىلەملەر سېلىنغان،
ئېسىل جاھازلار بىلەن جابدۇلغان بىر يەر ئاستى سارايغا
باشلاپ كىرىپ: «مەلىكە، بۇ يەردە سەن ئاتاڭنىڭ خەزىنىسى-
دىمۇ كۆرمىگەن ئاجايىپ قىممەت باھالىق جاۋاھىراتلار بار،
خالىغىنىڭچە ئىشلەت» دېدى ـ دە، مېنى ئۇ يەردە قالدۇرۇپ
قويۇپ چىقىپ كەتتى. مەن ماڭا بىھاجەت بولغان ئۇ نەرسى-
لەرگە كۆز قىرىمنىمۇ سالمىدىم. ئاتا ـ ئانىلىرىمنى، كېنى-
زەكلىرىمنى، چارىبىغىمنى، خانلىق مەكتىپىمنى، ئۇستازىمى-
نى، ھەمساۋاقلىرىمنى ئويلاپ يىغلىدىم، قاقشىدىم. ئاخىر ئۆ-
زۈمنى ئۆلتۈرۈۋېلىش قارارىغا كېلىپ، بېشىمنى تامغا ئۇ-
رۇشقا باشلىدىم. شۇ چاغدا تۇيۇقسىز غايىبتىن: «مەلىكە، بۇ
پەيلىڭدىن يان، خاسىيەتلىك كۈننى كۈت!» دېگەن بىر سادا

ئاڭلاندى. مەن، خۇدانىڭ ماڭا بەخش ئەتكەن بىر خەيرلىك كۈنى بار ئوخشايدۇ دەپ، ئۆزۈمنى نابۇت قىلىش نىيىتىمدىن يېنىپ، كۈندۈزى كۈنگە، كېچىسى ئاي، يۇلتۇزلارغا قاراپ، شامالىلارغا مۇراجىئەت قىلىپ:

ئەي قۇياشىم، نۇرۇڭ تۆك
داغدا قالغان ئاتامغا.
ھىجرانىمدا باغرى قان،
كۆزى ياشلىق ئانامغا.

ئەي تابانىم كۆرۈپ ئۆت
قىبلىگاھىم ئاتامنى.
مېنىڭ ئۈچۈن سۆيۈپ ئۆت
مېھرىبانىم ئانامنى.

دەپ ناخشا ئېيتىپ، ئۈمىد، ئىلتىجا ۋە تەقەززالىق ئىلكىدە ئا-شۇ مۇبارەك كۈنگە تەلمۈرۈپ كەلدىم. شۇ دەسلەپكى كۈنلەردە مەن تام ئارقىسىدىكى ئادەم سۆڭەكلىرىنى كۆرۈپ تاماق يېيىش-نى رەت قىلغانىدىم. بىر كۈنى جادۇگەر: «مەلىكە، قۇم پادىشاھى سېنى يېشىلزارلىقىغا تاماشىغا چىللاپتۇ. مەن باشلاپ باراي، كۆرۈپ كەلگىن» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، مەن، قۇم پادىشاھى قانداق نەرسىدۇ، ئۇ يەردە قانداق يېشىلزارلىق باردۇ، دەپ ھەيران بولدۇم. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ زەنجىردىن بوشىنىش كويىدا يۈرگەنلىكىم ئۈچۈن، قېچىشىمغا ياكى «خاسىيەتلىك كۈن»گە ئېرىشىشىمگە شۇ يەردە بىرەر يول تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئە-مەس، دېگەن ئويغا كېلىپ، بېرىشقا ماقۇل بولدۇم. جادۇگەر مې-نى ئاۋۇ قۇم دۆۋىسىنىڭ كەينىگە ئېلىپ ئۆتتى. ھاي - ھاي، ئۇ تەرەپ كۆز يەتمەس ياپيېشىل ئوتلاق ئىكەن، بىھېساب قوي،

كالا پادىلىرى، يىلقىلار، تۆگىلەر ئوتلاپ يېيىلىپ يۈرۈپتۇ. جا-
دۇگەر: «بۇ ماللارنى كۆردۈڭمۇ؟ مەن سېنى مۇشۇ ماللارنىڭ سې-
مىز ئېتى بىلەن باقىمەن» دېدى. مەن بۇنىڭدىن، «قوم پادىشا-
ھى» دېگىنى ئۆزى بولۇپ، ئۇ مېنى تاماق توغرىسىدىكى شەكتىن
فارىغ قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ، دەپ پەرەز قىلدىم ـ دە، شۇنىڭ-
دىن كېيىن ئۇ پىشۇرۇپ ئەكىرگەن گۆشنى يەۋەردىم ياكى ئۇ-
زۇم پىشۇرۇپ يېدىم. ئون بەش ياشقا كىرگەن كۈنۈم، قېرى:
«بۈگۈن تۇغۇلغان كۈنۈڭنى قۇتلۇقلايمەن» دەپ، مېنى داستىخان
راسلانغان بىر ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. داستىخان كاتتا راسلانغا-
نىكەن. قېرى ئۇ يەردە ماڭا: «بۈگۈن قوش مەرىكە ئۆتكۈزىمىز.
بىرى، سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭنى تەبرىكلەيمىز، يەنە بىرى،
ئىككىمىزنىڭ توينى قىلىمىز. ئىلگىرى كىچىك دەپ ئايىغاند-
دىم، ئەمدى يېشىڭمۇ، تېنىڭمۇ يېتىلدى» دېدى. مەن شۇئانلا:
«ھەي ئالجىپ قالغان مۇناپىق، مېنىڭ سۆزۈمنى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟»
دېدىم ـ دە، داستىخاندىكى پۈتۈن پېتى پىشۇرۇلغان قوي گۆشى-
گە سانجىقلىق پىچاقنى شارتتىدە سۇغۇرۇپ قولۇمغا ئېلىپ،
پىچاقنىڭ ئۇچىنى كۆكسۈمگە تاقىدىم، ھەرىكىتىم قەتئىي ئى-
دى. جادۇگەر ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. ئۇ ئايىغىمغا باش ئۇرۇپ:
«مەلىكە، ئۇنداق قىلما، ھۆسن ـ جامالىڭنى بولىسىمۇ كۆرۈپ
تۇراي» دەپ يالۋۇردى. ئۇ بىر ئەپسۇن بىلەن مېنى بىھوش قى-
لىپ قويۇپ، نېمە قىلسا قىلىشقا قادىر بولسىمۇ، مېنىڭ ئۆلۈ-
ۋېلىشىمدىن قورقۇپ، ماڭا چېقىلالماي كەلدى. مەن بولسام
«خاسىيەتلىك كۈن» ئۈچۈن ياشاپ كەلگەن. مەن بۇ يالماۋۇزغا
مۇنداق دېدىم: «شۇنى قايتا قەيت قىلىمەنكى، بىرىنچىدىن، ئادەم
يېمەيسەن. ئىككىنچىدىن، ماڭا چېقىلمايسەن. ئۈچىنچىدىن،
ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىسەن، مەن ئۇ ئۆيلەرگە
ئەركىن كىرىپ ـ چىقىپ يۈرىمەن. مۇشۇ شەرتكە كۆنسەڭ

دىدارىمدىن بەھرە ئېلىپ يۈرسەن !» ئۇ: «پەرمانبەردارمەن» دې-
دى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ پىنھان قەسىر - سارايىنى خالىغانچە
ئارىلايدىغان بولدۇم. ئۇ يەرگە دۇنيانىڭ ھەممە بايلىقى، ئەڭ نە-
پىس ھۈنەر - سەنئەتلىك بۇيۇملار مۇجەسسەملەنگەنىكەن، بۇلار-
نى تاماشا قىلىپ، ئادەمنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە تەھسىن ئو-
قۇپ، شۇلار بىلەن كۆڭلۈمنى ئاۋۇتۇپ يۈردۈم. يېقىندا بىر كى-
تابخانا ئۆيگە كىرىپ قالدىم. ئۇ يەردە جادۇگەرنىڭ بىر سېھىر-
گەرلىك كىتابى بار ئىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ كىتابتىكى سې-
ھىرگەرلىك ئىلمىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتىم. جادۇگەر
بۇنىڭدىن خەۋەرسىز. ھازىر بەزى سېھىر قىلىش ئىشلىرى قو-
لۇمدىن كېلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئىلىمنى مۇكەممەل ئىگى-
لىۋالغان بولسام، ئاللىقاچان بۇ ئىبلىسنى يەر يۈزىدىن سۈپۈرۈپ
تاشلايتتىم. ئەمدى باشقا ئىشقا كەلسەك، بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي
ئىلگىرى، مەن ئون سەككىز ياشقا تولغان كۈنى ئاتا - ئانامنى
ئەسلەپ سىرتقا چىقتىم. ئۈيۈق سەھنىسىدە كەچكى شەپەق نۇرى
ئۇسسۇلغا چۈشۈپ جىلۋە قىلىۋاتقانىكەن. مەن شۇ تەرەپكە قاراپ
تۇراتتىم، بىردىن قىپقىزىل بىر نېمىنىڭ غۇيۇلداپ ئۇچۇپ كې-
لىپ جادۇگەرنىڭ ئۆگزىسىدىكى ئوتۇنلارنىڭ ئۈستىدە توختى-
غانلىقىغا كۆزۈم چۈشتى. ئۆگزىگە چىقىپ قارىسام، بىر ئوق
بىر ئوتۇنغا سانجىلىپ تۇرۇپتۇ، قىزىل ئوققا باغلانغان قىزىل
تاۋارغا: «شاھزادە ئەمىرۇلجاھان» دەپ يېزىلغانىكەن. شۇ ئان
توققۇز يىل ئىلگىرىكى غايىبتىن كەلگەن نىدا قۇلىقىمدا ياڭ-
رىغاندەك بولۇپ كەتتى - دە، «خاسىيەتلىك كۈن»نىڭ ئەلچىسى
كەلگەنلىكىنى جەزم قىلدىم. ئوقنى جادۇگەرنىڭ كۆزىدىن يو-
شۇرۇش ئۈچۈن ئۆز خانامغا ئەكىرىۋالدىم. شۇنىڭدىن بۇيان
كۈندۈزلىرى ھەريان بېقىپ، كېچىلىرى بىدار يېتىپ بۇ ئوقنىڭ
ئىگىسىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ كەلدىم. تۈنۈگۈن سىزنىڭ

كەلگەنلىكىڭىزنى يوشۇرۇن كۆرۈپ، ئىسمىڭىزنى سورىغاندىن كېيىن، جادۇگەر سىزنى ئۆگزىدىن ئوتۇن ئېلىپ كىرىشكە بۇيرۇغان پەيتتە، ئوقنى ئوتۇننىڭ ئۇستىگە سانجىپ قويدۇم....

مەلىكىنىڭ سۆزى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، شاھزادە تاقەت قىلالماي: «مەلىكەم» دېگىنىچە قىزنى بېلىدىن تۇتۇپ باغرىغا بېسىپتۇ.

— شاھزادەم، — دەپتۇ مەلىكە شاھزادىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ، — ھازىر بىزگە يەنىلا سەۋر كېرەك. بۇ كۆلگە كەلسەك، بۇلار سېھىرلىك كۆل، جادۇگەرنىڭ ئېيتىقىنىنى ئورۇندىماق سىزنىڭ قولىڭىزدىن كەلمەيدۇ. جادۇگەر مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن «ئادەم يېمەيسەن» دەپ قىلىشقان شەرتىم بويىچە سىزگە ئەجەللىك قولىنى سوزالمىدى، لېكىن ئۇ سىزنى مۇشۇنداق ئېغىر ئىشقا سېلىپ ھالسىزلاندۇرۇپ «ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلدى» قىلماقچى.

مەلىكە ئاندىن شاھزادىنىڭ قولىدىكى تەڭنىنى ئېلىپ، سۇلۇق كۆلگە چۆكتۈرۈپ سۇ ئاپتۇ ـ دە، ئەپسۇن ئوقۇپ ھۈرۈپ



قورۇق كۆلگە تۆكۈپتۇ. شۇئان قورۇق كۆل لىۋىگىچە سۇغا تو-
لۇپتۇ، سۇلۇق كۆلنىڭ سۈيى تۇرۇۋېرىپتۇ. مەلىكە شاھزادىگە
يەنە:

— جادۇگەر كېلىپ: «كۆلنى قانداق تولدۇردۇڭ؟» دېسە،
سىز: «ئاتا، سەن ماڭا شۇنداق قىلىشمنى بۇيرۇدۇڭ، مەن
دېگىنىڭنى بەجا كەلتۈردۈم. ئۇنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈشنى بەس
قىل» دەڭ، — دەپتۇ - دە، «ھازىرچە خوش» دەپ كۆزدىن
غايىب بوپتۇ. شاھزادە ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇشىغا، دوڭ-
غاقلاپ جادۇگەر يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ئىككى كۆلنىڭ سۇغا تو-
لۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپلا جۇدۇنى تۇتۇپ، شاھزادىنىڭ ياقى-
سىدىن ئېلىپ سىلكىپ تۇرۇپ:

— ھەي مەككار، بۇ كۆلنى كىم توشقۇزۇپ بەردى؟ —
دەپ سوراپتۇ زەردە بىلەن.

شاھزادە مەلىكە خۇشرۇينىڭ ئېيتقىنىنى دېگەندىن كېيىن:

— ئاتا، سەن: «بۇ كۆلنى كىم توشقۇزۇپ بەردى؟» دەي-
سەنغۇ، بۇ يەردە سەندىن باشقا يەنە بىرەرى بار ئوخشىمامدۇ؟
ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ھېلىغۇ بىر يۇتۇم سۇ سىغىدى-
غان چۆچەكتەك بۇ كۆلچەك ئىكەن، مۇشۇ قۇملۇقنىمۇ سۇغا
ئايلاندۇرۇۋېتەلەيمەن، — دەپتۇ. جادۇگەر گەپتە كەتكۈزۈپ قو-
يۇپ، يەنە بىر ئادەم بارلىقىدىن بېشارەت بېرىپ قويغانلىقى-
دىن خاتىرجەمسىزلىنىپ، بۇ يىگىت ئەجەب ھوشيار، سەزگۈر
ئىكەنغۇ، مېنى خۇدا ئۇردىمۇ نېمە، دەپ ئويلاپ سەل پەسكوي-
غا چۈشۈپ:

— بالام، راستىنلا كارامىتىڭ بار ئىكەن، قىرىغان چې-
غىمدا پەرۋەردىگارىم پۇتۇمغا پۇت، قولۇمغا قول بولىدىغان بىر
ئەزىمەتنى يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ، ئۆيگە بېرىپ چېيىڭنى ئىچۋال،
ئاندىن يەنە بىر ئىشنى قىلىپ بېرىسەن، — دەپ شاھزادىنى

ئۆيىگە باشلاپ كېتىپتۇ. شاھزادە سېمىز قوي گۆشىنى تويۇپ يەپتۇ. جادۇگەر غىزادىن كېيىن شاھزادىگە بىر دانە كىچىك پالتىنى تۇتقۇزۇپ: «كەينىمدىن ماڭ!» دەپتۇ - دە، شاھزادىنى ئەگەشتۈرۈپ باشقا بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپتۇ. ئۇ يەردە ئاسمان بىلەن بوي تالىشىپ تۇرغان، غولىغا قۇچاق يەتمەيدىغان يەتتە تۈپ چىنار بار ئىكەن. جادۇگەر شاھزادىگە بۇ چىنارلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۈگۈن كۈنپېتىشتىن ئىلگىرى مۇشۇ يەتتە تۈپ چىنارنى قولۇڭدىكى پالتا بىلەن كېسىپ يىقىتىپ، بىر غېرىچتىن ئوتۇن قىلىپ دۆۋىلەيسەن. شۇنداق قىلالمىساڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن! — دەپ، بىر ئارپا نېنى بىلەن بىر قاچا سۇنى قويۇپ، ئارقىسىغا قارىماي كېتىپتۇ. شاھزادە كىچىك پالتىنى چىنارغا شۇنچە زەرب بىلەن توختىماي ئۇرغان بولسىمۇ، چىناردىن قوۋزاقمۇ ئاجرىماپتۇ. كۈن پەسلەپتۇ. شاھزادە ئۆلۈمگە بېلىنى باغلاپ، جادۇگەر بىلەن ئېلىشىشقا ئۆزىنى ھازىرلاپ تۇرغاندا خۇشرۇي پەيدا بوپتۇ. ئۇ شاھزادىگە:

— جادۇگەر سىزنىڭ ھەرىكىتىڭىزنى ماراپ تۇرۇۋالغاچقا ۋاقتىدا كېلەلمىدىم. ئۇ ھازىر تاماققا تۇتۇش قىلدى. بۇلارمۇ سېھىرلىك چىنار. سىز پالتىنى قويۇپ، قولىڭىزغا ئوقيانى ئېلىپ تۇرۇڭ، مەن ھە دېگەندە ھەربىر چىنارنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا بىردىن ئوق ئۈزۈڭ، — دەپتۇ. شاھزادە كۆڭلىدە، مەرگەنلىكتىن ئىمتىھان بەرسەم كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ - دە، مەلىكىنىڭ دېگىنىدەك تەييار بولۇپ تۇرۇپتۇ. خۇشرۇي «ھە» دېيىشى بىلەن شاھزادە ئارقا - ئارقىدىن يەتتە چىنارغا يەتتە تال ئوق ئۈزۈپتۇ. چىنارلاردىن دەسلەپتە قاراس - قۇرۇس قىلغان، كېيىن قىيا - چىيا قىلغان ئاجايىپ دەھشەتلىك سادالار چىقىپ يىقىلىپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بىر غېرىچتىن توغرىلىپ

يەتتە جايدا يەتتە تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ. بىراق، شاھزادە قارىسا، دۆۋىلەنگەن نەرسە ئوتۇن ئەمەس، گۆش بولۇپ، ئۇلاردىن چىققان قان شۇ جاينى قىپقىزىل بوياپ، قۇمغا سىڭىپ كېتىۋاتقۇدەك. شاھزادە ھاڭ ـ تاڭ بولغان ھالدا «بۇ نېمە ئىش؟» دېگەن سوئال نەزىرى بىلەن مەلىكىگە قاراپتۇ. مەلىكە:

— جادۇگەرنىڭ كىتابىدىن كۆرۈشۈمچە، بۇلار ئەسلىدە چىنار ئەمەس، جادۇگەرنىڭ چارۋىلىرىنى بۇلاشنى قەستلىگەن يەتتە دىۋە ئىكەن. ئۇلار جادۇگەرنىڭ ماللىرىنى ھەيدەپ ماڭغاندا جادۇگەر سېزىپ قېلىپ، بۇلارنى چىنارغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىكەن، — دەپتۇ. شاھزادە دىۋىلەرنىڭ ئېتىز بېشىدا قىغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرغان گۆش ـ سۆڭەكلىرىگە بىر قاراۋېتىپ، مەلىكىگە رەھمەت ئېيتماقچى بولۇپ مەلىكە تۇرغان جايغا قارىسا، ئۇ يەردە مەلىكە ئەمەس، جادۇگەر تۇرغۇدەك، شاھزادە ھەيرانۇ ھەس بولۇپ قاپتۇ. شۇ چاغدا جادۇگەر: «بۇنى كىم قىلدى؟» دەپ ۋارقىراپ، ئاچچىقىدا چىرقىراپ، زەردىسىدىن پىرقىراپ كېتىپتۇ.

— ئۆزۈم قىلدىم، ئاتا، ئەنە ئۇنى كۆر، — دەپ، يەتتە جايدىكى گۆش دۆۋىسىگە سانجىلىپ تۇرغان يەتتە ئوقنى كۆرسىتىپتۇ شاھزادە، — سېنىڭ بۇ پالتاڭ ھېچنېمىگە كارغا كەلمەيدىكەن، ئاخىر ئۆز ھۈنىرىم غالىب كەلدى. سېنىڭ كالتاڭ جايىدا ئەمەستەك قىلىدۇ، ئۇنتۇغاق ئوخشايسەن. ئەتىگەن كارامەتلىك ئىكەنسەن دېگەنىدىڭغۇ؟ شۇنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە «كىم قىلدى؟» دېگىنىڭ نېمىسى؟ بۇلار ئەسلىي چىنار ئەمەس، ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قەھر ـ غەزىپىگە ۋە جازالىشىغا ئۇچرىغان دىۋىلەر ئوخشايدۇ.

بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن ۋە شاھزادىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان جادۇگەر ئۇنىڭغا قاتتىق تېگىشتىن سەل تەۋرىنىپ

قاپتۇ، لېكىن شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆڭلىدە، بۇ يىگىت قىزنى ئېلىپ كەتكىلى كەلگەنمۇ، نېمە، دېگەن بىر ئوي پەيدا بوپتۇ ـ دە، دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، بۇ-گۈندىن قالدۇرماي بۇ يىگىتنى ئىتلىرىمغا تالىتىپ ئۆلتۈ-رۈپ، ئۇنىڭ نۇسخىسىنى جاھاندىن ئۆچۈرىۋېتىشىم كېرەك، دېگەن قارارغا كېلىپ، شاھزادىگە:

— بالام، بۇ دېۋىلەرنى ئۆجۈقتۇرۇپ، مېنى ھامان بىر كۈنى دۈچ كېلىدىغان يوشۇرۇن ئاپەتتىن خالاس قىپسەن، بۇ خىزمىتىڭ ئۈچۈن سېنى ئالاھىدە مېھمان قىلمىسام بولمايـ-دۇ. مۇنۇ دۆڭنىڭ ئۇ تەرىپى يايلاق، ئۇ يەردە قوي دەمسەن، كالا دەمسەن، ئات دەمسەن، تۆگە دەمسەن، خۇددى ئاسمانىنى قاپلىۋالغان بۇلۇتتەك يامراپ ئوتلاپ يۈرىدۇ. سەن بېرىپ ئۆ-زۈڭ خالىغان مالدىن بىرنى تۇتۇپ كەلگىن، — دەپ، بېلىـ-دىكى ئارغامچىنى يېشىپ شاھزادىگە تاشلاپ بېرىپتۇ. شاھزادە: «خوپ» دەپتۇ ـ دە، ئارغامچىنى باغلاپ، پالتىنى بېلىگە قىستۇ-رۇپ، ئوقياسىنى مۈرىسىگە ئېسىپ، قىلىچىنى يالىڭاچلاپ، جا-دۇگەر كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ راۋان بوپتۇ.

جادۇگەر ئۇچقاندەك ئۆيىگە بېرىپ، مەلىكىگە مۇنداق دەپتۇ:

— چىرايلىقىم، سەن مەندىن خاپا بولما. مەن بىر يەرگە بېرىپ كەلمەكچى بولۇپ قالدىم، شۇڭا ئاسراش زۆرۈرىيىتى يۈزىسىدىن سېنى ئاز ۋاقىت ئىختىيارىڭغا قويۇپ بېرەلمەيدى-غاندەك تۇرىمەن، — دەپتۇ ـ دە، بىر ئەپسۇن بىلەن گۈمبەز شەكىللىك بىر پولات ئۆي بىنا قىلىپ، قىزنى شۇ ئۆيگە بەند قىلىپ قويۇپتۇ. مەلىكە دەرھال قورقە ساپتۇ، قورقەدە شاھزادىنىڭ ئىتلار بىلەن قانلىق جەڭ قىلىۋاتقانلىقى، بۇ تەرەپتىن جادۇگەرنىڭ شاھزادىنى كاۋاپ قىلىپ يېيىش ئۈچۈن پىچاق، زىخ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقى نامايان بوپتۇ. شاھزادى-

نىڭ ئۆزى ئۇچۇن تارتقان جەبىر - جاپاسى، مۇھەببەتكە بول-
غان بىغۇبار مېھرى - ۋاپاسى، ۋىسال شارابىغا تەشنا ئۇمىد
ۋە ئارزۇسىنىڭ جادۇگەرنىڭ ئالدىدا ۋەيران بولۇپ كېتىش
ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن بېشارەت تاپقان مەلىكە بارلىق سېھرىي
ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۆيىنىڭ ئىچىگە بىر ھۆرگەنىكەن،
ئۆينىڭ تۆپىسىدە يىگىننىڭ كۆزىدەك بىر تۆشۈك پەيدا بوپ-
تۇ. مەلىكە شامالغا ئۆزگىرىپ ئاشۇ تۆشۈكتىن ئۇقتەك ئې-
تىلىپ چىقىپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ - دە، شاھزادە
بىلەن ئېلىشىۋاتقان ئىتلارنى بىر ئەپسۇن بىلەن تاشقا ئايلان-
دۇرۇۋېتىپتۇ. ئاندىن شاھزادىگە:
— شاھزادەم، تېز يەرگە يۇمىلاڭ، لاچىنغا ئايلىنىسىز.
سىز كەپتەرنى ئۇۋلىماقچى بولىۋاتقان لاچىندەك ھەرىكەت
قىلىپ، مېنى ئۆز شەھىرىڭىز تەرەپكە باشلاپ ئۇچۇڭ، —
دەپتۇ - دە، ئىچىدە بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ شاھزادىگە ھۆرگەندە-
كەن، شاھزادە بىر دومىلاپلا لاچىنغا ئايلىنىپتۇ، مەلىكە بولسا
كەپتەرگە ئايلىنىپتۇ.
بۇنداق بولۇشى ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەن جادۇگەر ئا-
دەم گۆشى خۇمارىدا چىشلىرىنى بىلەپ بەخىرامان كېلىۋاتقاچقا،
ئۆز ئۇستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن لاچىن بىلەن كەپتەرنى كۆر-
گەن بولسىمۇ، پەرۋا قىلماپتۇ. ئۇ يايلاققا يېتىپ كېلىپ بىر
بۆلۈك ئىتلىرىنىڭ غەرق قان ئىچىدە ئۆلۈپ ياتقانلىقىنى،
قالغانلىرىنىڭ تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى كۆرگەن چاغ-
دىلا كۆڭلى بىرنېمىنى تۇيغاندەك قىلىپ، بىر سەكرەپ ھې-
لىلا ئۆزى بىنا قىلغان گۇمبەز ئۆيگە كەپتۇ، لېكىن مەلىكە-
نىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ ئۇيان - بۇيان قاراپ، ئاخىر
گۇمبەزدە پەيدا بولغان تۆشۈكنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، يا ئۇ
قىز مېنىڭ ھۈنىرىمنى بىلىۋالغان، يا ھېلىقى يىگىت ئۇستا

سېھىرگەر، ئۇلار بىرلىشىپ قېچىپتۇ، دەپ ئويلاپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ خىيال ئەينىكىدە بايىلا ئۇچۇپ ئۆتكەن لاچىن بىلەن كۆك كەپتەر كۆرۈنۈپتۇ ـ دە: «ھەي ئىست !» دەپ ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاپ كېتىپتۇ.

شاھزادە بىلەن مەلىكە تۈن بويى ئۇچۇپتۇ. تاڭ سۈزۈلۈشىگە، توساتتىن دەھشەتلىك قارا بوران كۆتۈرۈلۈپتۇ. مەلىكە ئارقىسىغا قارىسا، جادۇگەر قەھر ـ غەزەپ بىلەن قوغلاپ كېلىۋاتقۇدەك.

— شاھزادەم، دەرھال يەرگە چۈشەيلى، جادۇگەر قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ مەلىكە. ئۇلار يەرگە چۈشۈپتۇ. بۇ جاي بىر سايلىق بولۇپ، نېرىدا بىرنەچچە ئۆينىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ تۇرغانىكەن. مەلىكە بىر ئەپسۇن بىلەن سايىنىڭ ئازراق بىر جايىنى ئەمدىلا ساقال چىقىرىۋاتقان قوناقلىققا، شاھزادىنى بىر قېرى دېھقانغا، ئۆزىنى قوناقلىقتا ئۈنۈپ قالغان تاۋۇز پېيىلىكىگە ئايلاندۇرۇپتۇ. جادۇگەر قوناقلىق ئۈستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، پەستە ئادەم تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يەرگە چۈشۈپ ئۇۋچى سىياقىغا كىرىپتۇ ـ دە، «دېھقان» نىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي بوۋا، لاچىنىم قولۇمدىن چىقىپ بىر كەپتەرنى قوغلاپ كېتىپ غايىب بولدى، بۇ يەردىن ئۇچۇپ ئۆتكىنىنى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. «دېھقان» گاستەك، بىر قولىنى قۇلىقىغا كاناي قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇپ:

— قوناقنى ئاخشام سۇغارغانىدىم، ھېلى بوراننىڭ شەپىسى كەلگەندەك بولدى، بوران قوناقلىرىمنى ئۆرۈۋەتمىسۇن دەپ خەۋەر ئالغىلى كەلدىم، — دەپتۇ. جادۇگەر كۆزىنى غەلىتە ئالايتىپ:

— مەن لاچىن ئۇچۇپ ئۆتتىمۇ، دەپ سوراۋاتىمەن ! — دەپتۇ ۋارقىراپ. «دېھقان» ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك:

— قوناقنىڭ دان تۇتۇشىغا تېخى يېرىم ئاي بار، هازىر يېگىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ. جادۇگەرنىڭ جان - ئىمانى چىقىپ، «دېهقان»دىن نېرىراق بېرىپتۇ - دە، قۇزغۇن هالىتىگە كىرىپ، دەرهال ئاسمانغا ئۆرلەپ بىر تامانغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. مەلىكە بىلەن شاهزادە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ يەنە پەرۋاز ئەيلەپتۇ. ئەمدى ئۇلار بىر جۈپ ئاق قۇ بولۇپ ئۇچۇپتۇ. هىيلىگەر جادۇگەر ئۇيان - بۇيان ئۇچۇپ لاچىن بىلەن كەپتەرنىڭ قارىسىنى كۆرمىگەندىن كېيىن، بايىقى قوناقلىقتىن گۇمانلىنىپ شۇ يەرگە كېلىپ قارىسا، دېگەندەك قوناقلىقنىڭ ئىزىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. جادۇگەر، هەي، ئادىشىپتىمەن، دەپتۇ - دە، يەنە بىر تەرەپكە قاراپ ئوقتەك تېز ئۇچۇپتۇ. بىرئازدىن كېيىن ئالدى تەرەپتە دەرەخلەر، زىرائەتلەر، يېزا - مەهەللىلەر، چوڭ بىر شەهەر قەلئەسىنىڭ مۇنارى ۋە سېپىللىرى كۆرۈنۈپتۇ. جادۇگەر، ئاپلا، ئۇلار ئادەملەر ئارىسىغا كىرىۋالسا تاپىمىقىم تەس بولىدۇ، دەپ تېخىمۇ تىت - تىت بولۇپ، جان - جەهلى بىلەن ئۇچۇپتۇ. كۆرۈنگەن بۇ شەهەر شاهزادىنىڭ شەهىرى بولۇپ، بۇ چاغدا شاهزادە بىلەن مەلىكە سەلتەنەتلىك شەهەر ئاسمىنىغا يېقىنلاپ قالغانىكەن. ئالەمشۇمۇل ئارزۇ ۋە ئارماننى قەلبىگە پۈكۈپ، شىجائەت ۋە جاسارەت دۇلدۇلىنى چاپتۇرۇپ، ئىشەنچ ۋە ئۈمىدۋارلىقنىڭ قايىرىلماس بىسى بىلەن جادۇگەرنىڭ ئۆلۈم قەستىنى يەكسان قىلىپ، يېگىتلىك بېشىغا چۈشكەن ۋەهشەت، كۈلپەت ۋە خورلۇقنى مەردلىك نەرىسى بىلەن بەربات ئەيلەپ، كۆڭلىنى سۆيگۈ شارابى بىلەن تولدۇرغۇچى ۋاپا جانانىنى هەمراه قىلىپ كەلگەن شاهزادە ئەمرۇلجاهان چەكسىز خۇشاللىق ئىچىدە، مەلىكىگە:

— مەلىكەم، پەرىشتەم، ئەنە ئاۋۇ كۆرۈنۈۋاتقان ئېگىز مۇنار شاهلىق تاجۇ تەختىمىز نۇرلىنىپ تۇرغان بۈيۈك ئور-

دىمىزنىڭ مۇنارى، — دەپ تۇرۇشىغا، توساتتىن «ها - ها - ها ...» دەپ مەسخىرىلىك كۈلكە بىلەن ئېيتىلغان:

— خام خىيال قىلماڭلار، ئەمدى مېنى ئالدىيالمايسىز-لەر ! — دېگەن قوپال ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. مەلىكە شاھزادىگە مۇنداق دەپتۇ:

— شاھزادەم، جادۇگەر يەنە قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، بىز ئوردىغا چۈشۈشكە ئۈلگۈرەلمەيدىغان ئوخشايمىز. سىز يۈرەك-لىك، تەمكىن بولۇڭ، خەتەر ئىچىدىكى ئادەمنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتىدە. بىز يەرگە چۈشەيلى. مەن بىر قىزىلگۈلگە ئايلىنىمەن، سىز بىر ئوتۇنچىغا ئايلىن-ىسىز، ئالدىڭىزدا ئۇستىگە ئوتۇن ئارتىلغان بىر ئېشەك پەيدا بولىدۇ. سىز گۈلنى قوينىڭىزغا سېلىپ، ئېشەكنى يېتىلەپ شەھەرگە قاراپ مېڭىۋېرىڭ، كېيىن قانداق قىلىدىغانلىقىمىزنى جادۇگەرنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ بەلگىلەيمىز، — دەپتۇ.

ئۇلار يەرگە چۈشۈپتۇ. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قارىسىنى يوقى-تىپ قويغان جادۇگەر غەزەپ ئاچچىقىدا بىر ھۆركىرىگەنىكەن، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشۈۋاتقاندەك گۈمبۈر - قاراس ئاۋازلار پەيدا بولۇپ، ھەممە جاينى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋېتىپتۇ. بۇ دەھشەتلىك ئاۋازدىن قورقۇپ كەتكەن ئادەملەر ئۆيلىرىگە، خىلۋەت جايلار-غا مۆكۈشۈپتۇ. شەھەرنىڭ ئىچى - تېشى گويا ھاياتلىق يوق-تەك بوشاپ قاپتۇ. شاھزادە ئېشەكنى يېتىلەپ شەھەر دەرۋا-زىسىدىن كىرىشىگە، قولتۇقىغا راۋاب قىسقان بىر دىۋانە ئارقىسىدىن يېتىپ كېلىپ، ئوردا تامان يۈرۈپ كېتىپتۇ. مە-لىكە شاھزادىگە:

— ھازىر سىزنى ئەسلىي قىياپىتىڭىزگە كەلتۈرىمەن. سىز ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن گۈلنى شاھ ئاتىڭىزغا بې-رىڭ، شۇ كىشىنىڭ قولىدا تۇرسام ئامان قالغايمەن. لېكىن،

گۈلنى ھېچكىمگە بەرمەسلىكنى ئېيتىڭ. ئەگەر گۈل قولدىن چىقىپ كەتسە قوشلاپ جۇدالىق دەردىگە مۇپتىلا بولىمىز، يەنى ئاتا ـ ئانىمىزدىنمۇ، بىر ـ بىرىمىزدىنمۇ ئايرىلىمىز، ــ دەپتۇ.

بۇ چاغدا بايىقى شۇملۇقنىڭ ھەيۋىسى پەسىيىپ، شەھەر خەلقى ئۆيلىرىدىن چىقىپ كوچىلاردا مىغىلداشقا باشلاپتۇ. ھەممە ئادەم بىر ـ بىرىگە: «بۇ نېمە ئالامەت؟» دېيىشىدىكەن. شاھزادە ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا بارغاندا، خۇشاللىقىدىن قويىنىدىكى گۈلنى ئېلىپ ھىدلىغان پېتى دەرۋازىدىن كىرىپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا دىۋانە ياساۋۇللارنىڭ بىرىگە گەپ قىلىۋاتقانىكەن. يەنە بىر ياساۋۇل دىۋانە بىلەن گەپلىشىۋاتقان ياساۋۇلغا ۋارقىراپ:

ــ شاھزادىمىز كەپتۇ، ئەنە بىر چىرايلىق گۈلنى پۇرىغان پېتى ئوردىغا كىرىپ كەتتى. سەن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرمەيسەن؟ ! ــ دەپتۇ.



— مانا بۇ كىشىنىڭ گېپىنى ئاڭلايمەن، دەپ شاھزادىنى كۆرمەي قاپتىمەن. سەن مېنى ھايت دەپ قويساڭ بولماسمىدى، — دەپتۇ ئۇ ياساۋۇل.

بۇ دىۋانە جادۇگەر بولۇپ، ئۇ ياساۋۇللارنىڭ سۆزىدىن خۇشرۇينىڭ گۈلگە ئايلىنىۋالغانلىقىنى پەملەپتۇ ھەمدە شاھزادىنىڭ ئۇنى ئوردىغا ئەكىرىپ كەتكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپتۇ.

شاھزادە ئوردىغا كىرگەندە، پادىشاھ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغانىكەن. پەرزەنتىنى كۆرۈپ، بۇ ئوغلۇممۇ، چۈشۈممۇ، دەپ، خۇشاللىقىدا يۈرىكى يېرىلىپ كەتكۈدەك بولغان پادىشاھ، شاھزادىنىڭ ئالدىغا كېلىمەن دەپ تەختتىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قاپتۇ، ئاڭغىچە ئەمىرۇلجاھان ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ دادىسىنى يۆلىۋېلىپ، ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، نەچچە قەدەم ئارقىسىغا يېنىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، شاھ ئاتا، — دەپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، بىر تىزىدا تىزلىنىپ پادىشاھقا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ. سالام - سەھەتتىن كېيىن ئۆزىنى دادىسىغا ئېتىپ، گۈلنى شاھقا بېرىپ، — بۇ گۈلنى ھېچكىمگە بەر...— دەپلا گېپىنىڭ ئايىغىنى دېيەلمەي ھوشىدىن كېتىپتۇ. پادىشاھ نېمە ئىش بولغانلىقىنى، نېمە قىلارىنى بىلمەي، قۇچىقىدىكى شاھزادىنىڭ بېشىنى تۇتقان پېتى خۇدىدىن كېتەي دەپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. ۋەزىر - ۋۇزرالار ئۇيېر - تويېر بولۇشۇپ كېتىپتۇ، ئوردا چاپارمىنى تېۋىپ چاقىرغىلى چېپىپتۇ. شۇ چاغدا ئوردىبېگى كىرىپ:

— ئۇلۇغ شاھىم، دەرۋازا ئالدىدا بىر دەرۋىش جانابىي ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ، ئۇ: «پادىشاھ مېنى تېزدىن قوبۇل قىلمىسا، ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان دەرد - ئەلەمگە قالىدۇ» دېگۈدەك، — دەپ خەۋەر

يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ كۆڭلىدە، بۇ قانداق ئەھۋال، بۈگۈن بالامنىڭ كېلىشى، ھوشىدىن كېتىشى، ئارقىدىنلا بىر سائىلىنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىشى... بۇ ئاجايىپ ئىشقۇ؟ بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بار، دەرۋىشنى قوبۇل قىلماي قايتۇرۇۋەتسەم بولمايدىغاندەك قىلىدۇ دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، دەرۋىشنى ئېلىپ كىرىشكە ئەمر قىپتۇ.

جادۇگەر ئىچىگە تولغان زەھەرلىرىنى بىچارىلىك، مىسكىنلىك تونى ۋە مۆمىنلىك، دەرۋىشلىك تۇسى بىلەن يوشۇرۇپ، مۈكچەيگەن گەۋدىسىنى يىرتقۇچ تىرناقلىق پۇتلىرى بىلەن ئىتتىرىپ تەخت ئالدىغا كېلىپ، پادىشاھقا بېشى يەرگە تەگكۈدەك ئېگىلىپ سالام بېرىپ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، شاھقا ئۇزۇن ئۆمۈر، دۆلەت ۋە ئامەت تىلەپتۇ.

— نېمە تىلىكىڭ بار، ئەي دەرۋىش؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— ئەي شاھلارنىڭ شاھى، ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ پاناھى، زېمىننىڭ ئاپتىپى، يوقسۇللارنىڭ غەمخورى، مەندەك يۇرتى زېدىلەرنىڭ مېھرىبانى، مەن دەرۋىش ياكى دىۋانە ئەمەس، بىر گۈلچىدۇرمەن. ھۇزۇرۇڭغا ئەتەي مۇشۇنداق قىياپەتكە كىرىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇم. مەن گۈلخانامدا بىر تەشتەك ئاجايىپ گۈل ئۆستۈرگەنىدىم، ئۇنىڭدىن بىر تاللا گۈل ئېچىلغانىدى، ئۇنى قۇچىقىڭىزدا بىھوش ياتقان ئوغلۇڭ ئامراقلىق قىلىپ ئۇزۇۋاپتۇ. مەن كۆرمەي قاپتىمەن، بۇ گۈلنى ھىدلاشقا بولمايتتى. قولۇڭدىكى گۈل شۇ، ئۇنى ماڭا بېرىۋەتكىن. شۇنىڭ بەدىلىگە جېنىڭدىنمۇ چارە بولغان ئاشۇ ئەزىز پەرزەنتىڭگە مۇشۇ جانغا جازا گۈلدىن كېلىۋاتقان بالا ـ قازانى دەپئ قىلىۋېتەي، — دەپتۇ دەرۋىش.

پادىشاھ ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي دەم گۈلگە، دەم

شاھزادىگە قاراپ، گۈلنى بېرەي دېسە، ئۆز بەختىنى ئىزدەپ كەتكەن پەرزەنتى ئېلىپ كېلىپ، ئۆز قولى بىلەن بەرگەن گۈل، ئۇ ھېچكىمگە بەرمە دېگەندەك قىلىۋاتقان، بەرمەي دې-سە، «جانغا جازا» دېيىلىۋاتقان گۈل. قانداق قىلسام بولار، دەپ ئارىسالدى بولۇپ قاپتۇ.

— ئەي پادىشاھ، ھازىر سۈكۈت قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس، — دەپتۇ دەرۋىش پادىشاھنى ئالدىرىتىپ. لېكىن، پا-دىشاھ، بالام ھوشىغا كەلگۈچە گۈلنى قولۇمدىن چىقارماسلىق-قىم كېرەك، دېگەن قارارغا كەپتۇ - دە، «گۈلچى»گە مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ياخشى نىيەتلىك كىشى، بۇ گۈل ھازىرچە ماڭا ئامانەت، ئامانەتنى ئىگىسىدىن باشقىغا بېرىش دۇرۇس ئەمەس. مەندىن گۈلنى سورىما، بالامنى ھوشىغا كەلتۈر، بۇنىڭ ئۈچۈن خەزىنەمنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قوياي، نېمە ئالىمەن دېسەڭ ئال، گۈلنى بالامنىڭ ئۆزىدىن تەلەپ قىل! — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان جادۇگەر ھېچنېمە تەلەپ قىلماسلىقتەك ھېيلىگەرلىك بىلەن ئۈن - تىنسىز كەينىگە يېنىپ مېڭىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ، بۇ ئادەم بالامغا مۇشۇ گۈلدىن كەلگەن بالا-نى دەپمۇ قىلىۋېتەلەيدىكەن دەپ، زورلۇق كۈچ ئىشلىتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، يامان ئاقىۋەت تۇغۇلۇپ قېلىشتىن ساق-لىنىش ئۈچۈن سىلىق مۇئامىلە بىلەن:

— ئەي گۈلچى، توختا، نېچۈن كەتمەكچى بولۇۋاتىسەن؟ مۇددىئايىڭنى ئوچۇق ئېيت، — دەپتۇ. جادۇگەر توختاپ، تۇلكىدەك ھىجىيىپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، قەھر - غە-زەپلىك كۆزلىرى بىلەن پادىشاھقا قادىلىپ تۇرۇپ:

— ئەي پادىشاھ، ئەقىل - ئىدراكتا يېگانىلىكىڭ بىلەن سۆزۈمنىڭ مەنىسىگە يېتىپ تۇرىسەنۇ، ئۆز ئەقلىڭگە ئۆزۈڭ

ئىشەنمەي، نەسىھەتىمگە قۇلاق سالمايۋاتىسەن، خەزىنەڭنى بە-
دەل قىلىپ بەرمەكچى بولۇۋاتىسەن، لېكىن مەن دۇنيا خىجا-
لىتىدىن يىراقتىمەن. ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان جاھىل، ئۆز
ئوغلىنىڭ جېنىغا زامىن قاتىل ! — دەپتۇ. بۇ سۆز پادىشاھ-
قا قاتتىق تېگىپتۇ - دە، غەزىپى قايناپ، ئۆزىنى بېسىۋالال-
ماي: «ئەي ئاھانەتلىك گۇل، يوقال كۆزۈمدىن !» دەپ گۈلنى بې-
شىدىن ئارتىلدۇرۇپ جادۇگەرنىڭ ئالدىغا ئېتىپتۇ. گۇل تۇزۇپ
ھەرياققا چېچىلىپ كېتىپتۇ. جادۇگەر ئوقتەك ئېتىلىپ كې-
لىپ، چېچىلىپ ياتقان گۈللەرنى بىر - بىرلەپ تېرىپ قوي-
نىغا سېپتۇ - دە، ئارقىسىغا قارىماي چىقىپ كېتىپتۇ. پادى-
شاھ ھوشسىز ياتقان ئوغلىنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆزىدىن
ئىسسىق ياش ئاققۇزۇپ، ئوغلىنىڭ كۆز ئېچىشىنى كۈتۈپ
ئولتۇرۇپتۇ. كەچ كىرگەندە، شاھزادىنى ئۆز خانىسىغا ئەكى-
رىپ ياتقۇزۇشۇپتۇ. پادىشاھ خىزمەتچىلەرگە شاھزادىنىڭ كەل-
گەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى ۋاقتىنچە خانىشتىن پىن-
ھان تۇتۇشنى تاپىلاپ ھەرەمخانىسىغا قايتىپتۇ، لېكىن تەش-
ۋىشلىنىپ تاماقمۇ يېمەپتۇ، ئاراممۇ ئالالماپتۇ، كۆزىدىن ئۇي-
قۇ قېچىپتۇ. ئوردا تېۋىپلىرى ھەرقانچە قىلىپمۇ شاھزادىنى
ھوشىغا كەلتۈرەلمەپتۇ. شاھزادە تىنىقى بار، ھوشى يوق ھا-
لەتتە يېتىۋېرىپتۇ. پادىشاھ ئامالسىز «گۈلچى»نى تېپىپ كې-
لىشكە پەرمان قىپتۇ، لېكىن نەتىجە چىقماپتۇ، بۇ ھال پادى-
شاھنى تېخىمۇ پاراكەندە قىلىۋېتىپتۇ.

بەشىنچى كۈنى كېچىسى شاھزادە تۇيۇقسىز كۆزىنى ئې-
چىپتۇ، قارىسا، يۈزىگە بىرنېمە يېپىقلىق تۇرغۇدەك، قارىسا،
ئۇ مەلىكىنىڭ رومىلى ئىكەن. شاھزادە رومالنى كۆكسىگە
تېڭىپتۇ - دە، ياتقان جايىدا: «مەلىكەم، خۇشرۇي ئايىم، قە-
يەردىسەن؟» دەپ ئاھ چەككىلى تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا شاھزادە-

نىڭ يۈزىگە بىر تامچە سۇ تېمىپتۇ. شاھزادە يۇقىرىسىغا قا-رىسا، بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن چاقناپ چىققان ياشلار مەڭزىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان مەلىكە كۇلۇمسىرەپ ئۆز ئۈستىدە ئۆرە تۇرغۇدەك. ئۇ شاھزادىگە قولىنى ئۇزىتىپتۇ، شاھزادە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇش بىلەن لىككىدە ئىرغىپ تۇرۇپ كېتىپتۇ - دە، مەلىكىنى باغرىغا بېسىپتۇ. مەلىكە شاھزادىگە:

— سىز ئاتىڭىزغا مېنىڭ گۈل سۈرىتىمنى بېرىپ: «بۇنى ھېچكىمگە بەرمەڭ» دەيمەن دەۋاتقان چېغىڭىزدا، جادۇگەر سىزنى تىلدىن قالدۇرۇشقا ئۇلگۇرۇپ، سۆزىڭىزنى دەۋېلىشقا ئىمكانىيەت بەرمەي، سىزنى بىھوش قىلىۋەتتى، — دەپ، شاھ بىلەن جادۇگەر ئوتتۇرىسىدا بولغان گەپ - سۆزلەرنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— سىز قانداق ئامان قالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ شاھزادە. مەلىكە:

— مەن ھەر ئېھتىمالنى ئويلاپ، ئۆزۈمنى گۈلنىڭ يو-پۇرمىقىغا مۇجەسسەملەپ تۇرغانىدىم. دادىڭىز گۈلنى يەرگە ئاتقاندا، جادۇگەر توزۇپ چېچىلغان گۈللەرنى تېرىۋېلىپ، يو-پۇرماق بىلەن كارى بولمىدى، شۇ سەۋەبتىن قۇتۇلۇپ قالدىم. لېكىن، كۈندۈزى زادىلا ئادەم سىياقىغا كېلەلمىدىم، مايمۇن بولۇپ قالدىم. بۇنىڭدىن بىلدىمكى، جادۇگەر يوپۇرماقلارنى ئالمىغىنى بىلەن، ئۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىغان، بەلكى مايمۇنغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىكەن. مەن بۇ سېھىرنى ئوشتۇش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشقاندىن كېيىن، قاراڭغۇ چۈشكەندىن تار-تىپ سۇبھىگىچە ئادەم سىياقىغا كىرىشنى قولغا كەلتۈردۈم، لېكىن كۈندۈزى مايمۇنلۇقتىن ئۆزگىرەلمىدىم. بۇ مېنىڭ ئا-دەمزات قولىدىن كۈندۈزى زەربە يېگەنلىكىمنىڭ كاساپىتى بولسا كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كۈندۈزى مايمۇن بولۇپ يۈرىمەن. بۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، بىرىنچىدىن، جادۇگەر-

نىڭ قايتا - قايتا يوشۇرۇن كېلىپ سىزنى كۆزىتىۋاتقانلىقى، ئىككىنچىدىن، ئۆزۈمنىڭ كوندۇزىمۇ ئادەم سىياقىغا كېلىدىغانلىقىمنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ھەرىكەتلەنگەنلىكىم، ئۈچىنچىدىن، ھۇجرىڭىزنىڭ بوگۇنكىدەك خالىي بولۇشىنى كۈتكەنلىكىم تۈپەيلى ئۆزۈمنى ئاشكارىلىيالمىدىم. ھازىر جادۇگەرمۇ كەلمەيدىغان بولدى، ئەمدى ئىش سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزچە بولسۇن ! — دەپتۇ.

شاھزادە قىلچە ئىككىلەنمەستىن:

— قەدىرلىكىم، مەيلى مايمۇن بولۇڭ، مەيلى ھاشارات ياكى ئۈچارقانات بولۇڭ، كوندۇزىمۇ سىز بىلەن بىللە بولۇشنى خالايمەن، ھەتتا بېشىمغا ئېلىپ، توي - تۆكۈن، مەرىكە - مەشرەپلەرگە بىرگە بېرىشنى ئارزۇ قىلىمەن، سىزدىن ئايرىلمايمەن، — دەپتۇ.

ئەتىسى شاھزادىنىڭ ھوشىغا كەلگەنلىك خەۋىرى پادىشاھقا يېتىپتۇ. شاھزادە بىرىپ ئاتا - ئانىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ، خۇشاللىق ياشلىرىنى ئاققۇزۇشۇپ كۆرۈشۈپتۇ.

— سەن قانداق قىلىپ ھوشۇڭغا كەلدىڭ؟ يا تېۋىپلىرىم ئامال قىلدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— مەن ئەسلىدە قەستكە ئۇچراپ ھوشسىزلانغانىكەنمەن، بىر مايمۇن ھوشۇمغا كەلتۈردى. كېيىن ئۇ چۈشۈمدە تىلغا كىرىپ: «شاھ ئاتاڭ سېنىڭ گۈلنى ھېچكىمگە بەرمەڭ دېمەكچى ئىكەنلىكىڭنى بىلدىيۇ، لېكىن قەتئىي بولالمىدى، يېنىكلىك بىلەن گۈلنى يەرگە ئېتىپ تۇزۇتۇپ، سېنىڭ بەختىڭنىمۇ تۇزۇتتى. يېنىكلىك، قەتئىيەتسىزلىك، بولۇپمۇ دۆلەت ئىگىلىرىنىڭ يېنىكلىك، قەتئىيەتسىزلىكى بىر ئادەمنىڭ بەختىنىلا ئەمەس، بىر مەملىكەت خەلقىنىڭ بەخت - سائادىتىنى تۇزغاقتەك تۇزۇتۇۋېتىدۇ» دېدى. مەن ئۇ مايمۇننىڭ

شاپائىتىگە ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى ئۆزۈم بىلەن بىللە تۇرۇشقا ئېلىپ قالدىم، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ چوڭقۇر ئويغا پېتىپتۇ.

مەلىكە شۇنىڭدىن باشلاپ كېچىسى ئادەمگە، كۈندۈزى مايمۇنغا ئۆزگىرىپ يۈرۈۋېرىپتۇ. ئۇنىڭغا ئەڭ ئېسىل رەختلەردىن مايمۇن كىيىمى تىكتۈرۈپ بېرىپتۇ. خېلى بىر مەزگىل ئۆتۈپتۇ. شاھزادىنىڭ توي ئىشىدا قاتتىق باش قېتىنچىلىقىدا قالغان پادىشاھ بىر كۈنى ئەمىرۇلجاھاننى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ:

— ئوغلۇم، ئاتقان ئوقۇڭنى تېپىپ كېلەلمەپسەن، ئەمدى توي ئىشىڭنى قانداق قىلىسەن؟ — دەپتۇ.

— مەن ئاشۇ مايمۇن بىلەن توي قىلىمەن، — دەپتۇ شاھزادە.

— نېمە، مايمۇن بىلەن؟

— شۇنداق، شاھ ئاتا.

— نېمىشقا؟

شاھزادە ئۆز تەلىپىدە چىڭ تۇرۇۋېتىپتۇ.

ئىلاجىسىز قالغان پادىشاھ: «نېمە بولساڭ بول» دېگەندەك قىلىپ، توي ئۆتكۈزمەيلا ئوردا ئىمامىنى تەكلىپ قىلىپ مايمۇننى شاھزادىگە نىكاھ قىلدۇرۇپ، ئاددىي بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. لېكىن، شاھزادىنىڭ مايمۇنغا ئۆيلەنگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر پۈتۈن شەھەرگە پۇر كېتىپتۇ...

مەلىكە خۇشرۇي پاك مۇھەببەت ۋە ۋاپانى ھەممىدىن قىممەت بىلگەن شاھزادە بىلەن بۇ ئەسكى تاملىق ھۇجرىدا بەخت ناۋاسى ياڭرىتىپ، خۇشاللىق شارابىنىڭ لەززەت پەيزىدىن بەھرە ئېلىپ كۆڭۈللۈك ئۆتىۋېرىپتۇ. كۈنلەر ھەپتىنى، ئايلار پەسىللەرنى قوغلاپ ھەش - پەش دېگۈچە يەنە بىر يىل ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى خانىش شاھزادە ئەمىرۇلجاھاننى چاقىرتىپ:

— جېنىم قوزام، كۆزۈمنىڭ گۆھىرى بالام، سەن كۆل-مىگەن كۈن ماڭا ماتەم بىلىندۇ، سېنىڭ بەختىڭ — بىز-نىڭ بەختىمىز. نېمە ئۈچۈن ياش جېنىڭنى مۇشۇ مايمۇن بىلەن قىينايسەن؟ شاھانە ئىززەت - ھۆرمىتىمىزنى نېمە ئۈچۈن مۇ-شۇ مايمۇن بىلەن يەرگە ئۇرىسەن؟ داداڭ سەندىن خاپا. ئاتا - ئا-نىنى رەنجىتىش پەرزەنت ئۈچۈن ئېغىر گۇناھ ئەمەسمۇ؟ ! مې-نىڭ كۆز يېشىمغىمۇ قارىمامسەن؟ مايمۇننى كۆزدىن نېرى قىل، ساڭا گۆھەردەك قىز ئېلىپ بېرەي، — دەپ ئۆزىنى توخ-تىتالماي يىغلاپ كېتىپتۇ. تا بۇگۈنگىچە بىر تېمىم ياشنىڭ بەھۇدە تۆكۈلۈشىگە سەۋەبچى بولمىغان كۆڭلى يۇمشاق ئەمىر-ۇلجاھاننىڭ قەلبى بۇ ھالدىن ئوت بولۇپ يېنىپ، ۋۇجۇدى مومدەك ئېرىپ كېتىپتۇ - دە:

— جېنىم ئانا، سەن ياش تۆكۈپ مېنى گۇناھكار قىل-مىغىن، گېپىمىزنى ئىلىك ئالمىدى دەپ ئەيىبكە بۇيرۇم-غىن، ئادەم تۇرۇپ مايمۇننى جورا قىلدى، شاھانە ئابرۇيىمىز-غا داغ چۈشۈردى دەپ، مېنى قارىلىمىغىن. قىبلىگاھىم ئا-تامۇ، سەنمۇ بىلسەڭلار ئىدىڭلار... ئۇ... مايمۇن ئەمەس، ئا-دەم، ئەڭ گۈزەل پەرى، ساھىبجامال مەلىكە، ئەڭ پاك، ئەڭ ۋاپادار ئىنسان ! — دەپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان خانىش ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قاپ-تۇ. شاھزادە چىقىپ كېتىپتۇ. خانىش كەچتە پادىشاھقا ئوغ-لىنىڭ ئېيتقانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادى-شاھ خانىشنى ئەگەشتۈرۈپ ئەمىرۇلجاھاننىڭ ھۇجرىسىغا بې-رىپتۇ، لېكىن ئاۋۋال ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى قاقماي، ئەھۋال-نى كۆزىتىپ بېقىش ئۈچۈن دېرىزىدىن مارىشىپتۇ. ئاي - ھاي، ئۇلار تەرىپلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدىغان شۇنداق چىرايلىق بىر قىزنى كۆرۈپتۇكى، ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىدىن

شاھزادىنىڭ ھۇجرىسى كۇندۇزدىكىدەك يورۇپ كەتكەنىكەن.

— مېنىڭ ئەسلىي كېلىنىم مانا بۇ يەردە ئىكەن ئەمەسمۇ! — دەۋېتىپتۇ خانىش ئىختىيارسىزلا. پادىشاھ ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋېلىپ، تېزۇش چىقارماي خانىشنى قولىدىن تارتىپ ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. خانىشنىڭ كۆڭلىنى كېلىنىنى ئەل - جامائەتكە نامايىش قىلىش ئىستىكى ئەسىر قىلىۋاپتۇ. ئەتىسى پادىشاھ بىلەن خانىش شاھزادىنى ئۆز ھۇزۇرلىرىغا چاقىرتىپتۇ.

— ئوغلۇم، تۇنۇگۈن ئاناڭغا ئېيتقانلىرىڭنى ئاڭلاپ ھەيرانۇ ھەسلىك ئىچىدە كىرپىك قاقماي تۈننى كۇندۇزگە ئۇلاشتۇردۇم. شۇنداق گۈزەل مەلىكە قانداق قىلىپ مايمۇنغا ئۆزگىرىپ قالدى؟ بىزنى خۇشال قىلاي دېسەڭ بۇ سىرنى يېشىپ بەرسەڭ، — دەپتۇ پادىشاھ.

شاھزادە ئاخىر بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ھەمدە:

— سىزگە بەرگەن گۇل شۇ ئىدى، شاھ ئاتا. ئۇ كۇندۇزى ئادەم قولىدا يەرگە ئۇرۇلغانلىقتىن، كۇندۇزى ئادەم بولۇپ



يۇرەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ بىر كۆڭلىكى بار، ئۇ شۇ كۆڭلەكنى كىيسىلا مايمۇنغا ئۆزگىرىپ قالىدۇ، سىلىقۇەتسە ئادەم قىياپىتىگە كېلىدۇ، ـــ دەپتۇ.

پادىشاھ مايمۇننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى: «دادىڭ سېنىڭ بەخ-تىڭنىمۇ تۇزۇتۇۋەتتى» دېگەن سۆزىنى ئەسكە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئاشۇ قىلمىشى ئارقىلىق ئوغلىنىڭ مۇشۇنداق بەختسىزلىككە ئۇچرىشىنىڭ سەۋەبكارى بولۇپ قالغانلىقتىن، ئۆزىنى گۇناھ-كارلاردەك چاغلاپ بەكمۇ خىجىللىق ھېس قىپتۇ. ئەمما، خانىش تولىمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇ تاقەتسىزلەنگەن ھالدا:

ـــ ئوغلۇم، ئەزەلدىن پەرىزات ياكى سېھىرگەرلەردە ھەر خىل نەرسىلەرگە ئۆزگىرىۋالىدىغان ئىش بولۇپ كەلگەن. سەن ئۆزۈڭنىمۇ، بىزنىمۇ باش كۆتۈرۈپ يۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلاي دېسەڭ، ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى چاندۇرماي ئېلىپ كۆيدۈرۈۋەتكىن، ئۇ مايمۇنغا ئۆزگىرىۋالىدىغان نەرسىدىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىن كېچە - كۈندۈز بىز بىلەن بىللە بولىدۇ، ـــ دەپ ئەقىل كۆرسىتىپتۇ. شاھزادە:

ـــ ماقۇل، ئانا، سىلەر باش كۆتۈرۈپ يۈرىدىغانلا ئىش بولسا، دېگىنىڭىزنى بەجا كەلتۈرەي، ـــ دەپتۇ - دە، خىيال ئىلكىدە ئۆيىگە قايتىپتۇ. پادىشاھ خانىشنىڭ ھېلىقى دېگەن-لىرىگە قوشۇلۇشىنىمۇ، قوشۇلماسلىقىنىمۇ بىلەلمەپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئېغىر ھىجران بالاسى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟ !

ئاخىر زېمىننى قارا لىباس كىيگەن تۈن لەشكەرلىرى ئىشغال قىپتۇ. ياتار ۋاقتىمۇ بوپتۇ. مەلىكە يېتىپ قاپتۇ. شاھزادە كۆڭلەكنى ئوچاق بېشىدىكى قەندىلدە يېنىۋاتقان شامغا تۇتقانىكەن، ۋال قىلىپ ئوت ئېلىپ، پاژ - پۇژ قىلىپ كۆيۈشكە باشلاپتۇ، شاھزادە كۆڭلەكنى ئوچاققا تاشلىۋېتىپتۇ.

شۇئان ھاۋا گۈلدۈرلەپ، دەھشەتلىك چاقماق چېقىپ، تام ـ تورۇسلار قاراسلاپ كېتىپتۇ، قىقاس ـ سۈرەن سالغان ئاجا ـ يىپ سۈرلۈك ئاۋازلار پۈتۈن ئوردىنى تەۋرىتىۋېتىپتۇ. مەلىكە ئىرغىپ تۇرۇپ كېپىنەككە ئايلىنىپ، بىر ۋاسىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋاپتۇ. ئارقىدىن «ھا ـ ھا ـ ھا» دەپ كۈلگەن غەلىتە ئاۋاز چىقىپ، بىرئازدىن كېيىن ھەممە ياق تىمتاس بولۇپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا مەلىكە بىر تورغايغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ بېرىپ دېرىزىگە قونۇپتۇ ـ دە:

— ئەي شاھزادە، دۇنيادا ئارزۇسىز ئىنسان بولمايدۇ، سىز ئارزۇ قىلغاننى مەنمۇ ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم. تاغ ھەرقانچە ئېگىز بولسىمۇ، ئۇنىڭ چوققىسى بولغىنىدەك، دەريا ھەرقانداـ چە ئۇزۇن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قۇيۇلىدىغان يېرى بولغىنىدەك، يول ھەرقانچە ئۇزۇن بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەنزىلى بولغىنىدەك، مېنىڭمۇ مايمۇن سۈرىتىدە يۈرۈشۈمنىڭ چېكى بار ئىدى، بىراق سىز ئەنە شۇ چەككە چىدام بىلەن يېتىپ بارالمىدىـ ڭىز، ئۆمرۈم بويى مۇشۇنداق ئۆتىدىغان ئوخشايمەن دەپ، دەسلەپتە بەرگەن ۋەدىڭىزگە ئەمەل قىلالمىدىڭىز. مېنى، ئۇ سېھىرگەرلىكنى بىلىدۇ، قەستەن مايمۇن بولۇۋالدى، دەپ ئويلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. قىسقىسى، سىز مايمۇن بىلەن بىللە ئۆتۈشنى نومۇس بىلدىڭىز. ئەمدى ئامان بولساق، گۈـ لىستان باغى ئېرەم... — دەپتۇ ـ دە، پىر قىلىپ ئۇچۇپ قاراڭغۇلۇق قوينىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

شاھزادە بۇ قىلمىشىغا پۇشايمان قىلسۇنمۇ؟ ياق. ئۇ بۇ ئىشنى ئانىسىنى رازى قىلىش ئۈچۈن قىلغان، شۇڭا بارلىق ئازابنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، بىر قولىدا يۈرىكىنى بېسىپ، بىر قولىدا ياقىسىنى چاك ئېتىپ، قايغۇ ـ ھەسرەتتە ئاھ ئۇرۇپ: «مەلىكەم، خۇشرۇيۇم» دېگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ ھەر

تەرەپكە چېپىپ، ئاخىر بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ، ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، مەجنۇندەك ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇچرىغانلىكى كىشىدىن گۈلىستان باغى ئىرەمنى سوراۋشتۇرۇپ مېڭىۋېرىپتۇ، لېكىن دۇنيادا گۈلىستان باغى ئىرەم چىقماپتۇ.

شاھزادە يول يۈرۈپ تۇرسۇن، سۆزنى يەنە مەلىكىدىن ئاڭلايلى:

مەلىكە بىر كېچىسى چۈش كۆرگەنىكەن. چۈشىدە يەنە جا-دۇگەرنىڭ ئۆيىدە ئىمىش. ئۇ ھېلىقى يايلاققا بېرىپتۇ، قارىسا، يايلاقتا شاھلار بەزمىسى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقانمىش. بەزمىگە ئاسمان، سۇ، زېمىن پادىشاھلىرى خانىشلىرىنى، ئوغۇل - قىزلىرىنى بىللە ئېلىپ كەلگەنىكەن. خۇشرۇي شۇ سورۇندا بىر پەرى بىلەن تونۇشۇپ دوست بولۇپ قاپتۇ. پەرى قىز خۇشرۇينى ئاسمانغا — ئۆز ئوردىسىغا باشلاپ چىقىپ سەيلە - تاماشا قىل-دۇرۇپتۇ. پەرى قىزنىڭ بىر مومىسى بار ئىكەن، موماي خۇشرۇيغا مۇنداق بىر رىۋايەتنى سۆزلەپ بېرىپتۇ:

— راۋىلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، سەن تۇرۇۋاتقان جاي ئەسلىدە بىر پادىشاھلىق بولۇپ، پادىشاھنىڭ ئىسمى گۈلىس-تان ئىكەن. گۈلىستان شاھ ئۆز ئىسمىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر باغ بىنا قىلدۇرۇپتۇ. بۇنداق باغ يەتتە ئىقلىمدا يوق ئى-كەن. كىشىلەر بۇ باغقا پادىشاھنىڭ نامى بىلەن «گۈلىستان باغى ئىرەم» دەپ نام قويۇشۇپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭ بىلەن قانا-ئەتلەنمەي، پۈتۈن مەملىكەتنى كۆكەرتىش پەرمانىنى چۈشۈ-رۈپتۇ. بۇ پەرمان ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن بۇ مەملىكەتنىڭ شەھەرلىرىدىن تارتىپ يېزىلىرىغىچە، تاغ - جىرالاردىن تارتىپ چۆللەرگىچە بۈك - باراقسان، گۈل - گۈلىستان، كۆكلەمزارلىققا ئايلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇلار سىراپ بولۇپ، ھاۋاسى ساپلىشىپ، ئالەمنىڭ گۈزەل

بىر جەننەتتى بولۇشقا مۇناسىپ ھۆسن بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بوپتۇ. مەشرىق، مەغرىب، ئىشقىلىپ جاھاننىڭ ھەممە تامانـ-دىن بۇ يەردىن ئۆرنەك ئېلىش ئۈچۈن كېلىدىغانلارمۇ كۆپە-يىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ مەملىكەتنىڭ نامىمۇ ئوردا بېغى-نىڭ نامى بىلەن «گۈلىستان باغى ئېرەم» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ. كېيىن ئاشۇ جادۇگەر بۇ پادىشاھلىقنىڭ يايلىقىدىن باشقا پۈتۈن زېمىنىنى ئادەملىرى بىلەن بىللە قوم ئاستىغا بەند قىلىۋېتىپتۇ. جادۇگەر ئۆزىنىڭ جېنىنى چايانغا ئايلاندۇ-رۇپ، چايانىنى بىر ئالتۇن قۇتىغا سېلىپ، قۇتىنى بىر ئەج-دىھانىڭ قارنىغا جايلاشتۇرۇپتۇ. ئۇ ئەجدىھا شۇ يەردىكى بىر سۇلۇق كۆلنىڭ ئاستىدا ياتىدىكەن. ئۇ كۆلنىڭ يېنىدا سۈيى يوق بىر قۇرۇق كۆل بار ئىكەن. كىمكى ئەجدىھانى ئۇجۇقتۇ-رۇپ، ئۇنىڭ قارنىدىكى ئالتۇن قۇتىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇ-نىڭ ئىچىدىكى چايانىنى ئۆلتۈرسە، جادۇگەر گۇمران بولۇپ، تىلسىم يىمىرىلىپ، شەھەر ئەسلىگە كېلىدىكەن. لېكىن، ئەجدىھانى جېنىدىن جۇدا قىلالايدىغان بىر مىسران قىلىچ بو-لۇپ، قىلىچ شۇ ئەتراپتىكى قويۇق تۇمان قاپلاپ تۇرغان ئې-گىز تاغنىڭ ئۈستىدە ئوتلاپ يۈرگەن بىر ئارغىماقنىڭ ئىگە-رىگە ئېسىقلىق ئىكەن. ئارغىماقنى بىر يولۋاس ساقلايدىكەن. كىمكى يولۋاسنى ئۆلتۈرسە، ئارغىماق ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ توختاپ بېشىنى ئېگىپ تۇرىدىكەن، بۇ ئۇنىڭ: «مەن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە كەلدىم» دېگىنى ئىكەن. قىلىچنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، سۇلۇق كۆل بىلەن قۇرۇق كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توسما قىرغا قىلىچنى ئۇرسا، توسما يېرىلىپ سۇ قۇرۇق كۆلگە ئېقىپ چىقىپ سىڭىپ كېتىدىكەن ـ دە، ئەجدىھا ئاشكارىلىنىدىكەن. زەپەر قۇچقۇچى شۇ مەملىكەتكە پادىشاھ بولىدىكەن...

مومايىنىڭ سۆزى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، مەلىكە ئويغىنىپ كەتكەنىكەن. ئۇ شۇ چاغدىن تارتىپ چۈشىدە ئاڭلىغانلىرىنى ئويغىدا شاھزادە بىلەن بىللە ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئويلاپ يۈرگەنكەن، بىراق كۈتمىگەن يەردىن بۇ ھادىسە يۈز بەرگەچكە، ئۇ شاھزادىگە ئاشۇ چۈشىگە ئاساسەن: «گۈلىستان باغى ئېرەم» دەپتۇ - دە، جادۇگەر بىلەن ئۆلۈم - كۆرۈملۈك جەڭ قىلىش ئۈچۈن توپتوغرا جادۇگەرنىڭ ماكانىغا قاراپ ئۇچۇپتۇ. ئۇ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ، ئۆزى كۆپ قېتىم كۆرگەن يايلاق ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، تۇمانلىق تاغقا كەپتۇ. بىراق، تاغنىڭ ئۈستىگە قاراپ ئۇچقاندا، بىردەم نەدىندۇر ئوت پەيدا بولۇپ قانىتىنى كۆيدۈرسە، بىردەم يامغۇر يېغىپ قانىتىنى ھۆل قىلىۋېتىپ زادىلا ئۇچالماپتۇ. ئۇ ئامالسىز ئادەم سىياقىغا كېلىپ تاغقا يامىشىپتۇ، لېكىن تاغ تىك، تۇتىدىغان نەرسىمۇ بولمىغاچقا، يەنىلا تاغ ئۈستىگە چىقىشقا مۇۋەپپەق بولالماپتۇ. شۇ چاغدا ئوتلاپ يۈرگەن بىر توپ قوتاز تاغ باغرىغا كېلىپ قاپتۇ. قوتازلار ئىلگىرى مەلىكىنى كۆرۈپ يۈرگەچكە، ئۇنىڭدىن ئۈركۈمەپتۇ. مەلىكە بىر قوتازنى مىنىپ تاغقا ھەيدەپتۇ، قوتاز تۈرلۈك خەتەرلىك جايلاردىن ئۆتۈپ، مىڭ تەستە مەلىكىنى تاغ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇلار تاغ تۆپىسىگە قەدەم قويۇشىغا، دەھشەتلىك ھۆركىرىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئاسماندىن چۈشكەندەك تۇيۇقسىز بىر يوغان يولۋاس پەيدا بوپتۇ - دە، خىرىلداپ، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، ئوقتەك يۈگۈرۈپ كېلىپ مەلىكىگە ئېتىلىپتۇ. بۇ چاغدا مەلىكىمۇ شىرغا ئۆزگىرىۋېلىشقا ئۈلگۈرگەنىكەن. ئۇ يولۋاس بىلەن چىشلىشىپ، پومىداقلىشىپ شۇنداق ئېلىشىپتۇكى، ئىككىسىنىڭ تىرنىقى تەگكەن جايدىكى تاشلارمۇ كۆچۈپ كېتىپتۇ. لېكىن، «يامان يولۋاس يولدا يېتىپ شىرغا يول بەرمەس» دېگەندەك، شىر

يولۋاسنى زادىلا بىسىپ چۈشەلمەپتۇ، ئەكسىچە يولۋاس ئۇنى تاغدىن غۇلىتىۋېتىش ئۈچۈن چىشلىگەن پېتى تاغنىڭ لېۋىگە تارتىشقا باشلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا ھېلىقى قوتازلار تاغ ئۈستىگە چىقىپ كەپتۇ ـ دە، ھەممىسى ئۈلىشىپ يولۋاسقا تەڭ ھۇجۇم قىلىپ، يولۋاسنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۈسۈپ ـ تېپىپ، مۈڭگۈزلىرى بىلەن يولۋاسنىڭ تېنىنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋېتىپتۇ. مەلىكە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئادەم شەكلىگە كېلىپ، يوغان بىر تاش بىلەن يولۋاسنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىنى ماكچايتىۋېتىپتۇ. يولۋاس تېپىرلاشتىن توختاش بىلەن تەڭ، يىراقتىن كىشنىگەن پېتى بىر تورۇق ئارغىماق شامالدەك تېز يۈگۈرۈپ كېلىپ مەلىكىنىڭ ئالدىدا توختاپتۇ. ئات توقۇقلۇق بولۇپ، ئۈستىدە ساۋۇت، لەشكىري كىيىم، ئالتۇن كەمەر، نەيزە، سىپەر ۋە كەمەرگە ئۆتكۈزۈلگەن غىلاپتا بىر قىلىچ بار ئىكەن. مەلىكە كىيىملەرنى كىيىپ، ئاتقا مىنىپ، بىر قولىدا سىپەرنى، بىر قولىدا قىلىچنى كۆتۈرگەن پېتى ئاتنى دېۋىتىپ «چۇھ» دېگەنىكەن، ئات ئېگىز تاغدىن پەسكە قاراپ سەكرەپتۇ، لېكىن لەرزان ئۇچۇپ، يەرگە يېنىككىنە قونغان قۇشتەك ئىنتايىن سىلىق ھالدا ئوتلاققا چۈشۈپتۇ. مەلىكە ئاتنى چاپتۇرۇپ كۆل بويىغا بېرىپ موماينىڭ دېگىنىدەك قىلغانىكەن، كۆلنىڭ سۈيى قۇرۇق كۆلگە ئېقىپ سىڭىپ كېتىپتۇ. سۇلۇق كۆلدىكى



ئەجدىھا كۆرۈنۈپ قاپتۇ. بۇ ئۈچ باشلىق بەھەيۋەت مەخلۇق نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي، بىر سەكرەپ كۆلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، پىيالىدەك كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا قاراپ، ئۇدۇلىدا يۈز قەدەمچە نېرىدا ئات ئۈستىدە تۇرغان بىر ئادەمنى كۆرۈپ دەرھال دەم تارتىپتۇ. ئەجدىھانىڭ قارنىغا گويا قۇم كۆچكەندەك، شۇ ئەتراپتىكى قۇملار ئۇچۇپ كىرىپتۇ. ئەجدىھا قاردىسا، ھېلىقى ئادەم تۇرغان جايدا قاققان قوزۇقتەك مەزمۇت تۇرغۇدەك. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن ئەجدىھا قارنىغا تىقىلغان قۇملارنى بىر پۈرقۇغانىكەن، دەھشەتلىك بوران چىقىپ، ئاسماندىن قۇم ياغقاندەك ھەممە ياقنى قاپقارا قۇم توپانى بېسىپ كېتىپتۇ. مەلىكە ئاتنى چاپتۇرۇپ ئەجدىھانىڭ يان تەرىپىگە ئۆتۈپتۇ - دە، ئۇچقاندەك كېلىپ ئۇنىڭ بوران چىقىرىۋاتقان بېشىغا قىلىچ ساپتۇ. ئەجدىھانىڭ ئۈزۈلگەن بېشى ئاتقان تاشتەك ئۆزى چىقارغان بوران بىلەن ھاۋاغا ئۇچۇپ چىقىپ، بىرئازدىن كېيىن مەلەققىدە يەرگە چۈشۈپتۇ. ئەجدىھا شۇئان يەنە بىر بېشىنىڭ ئاغزىدىن يانار تاغدەك لاۋا ئېتىشقا باشلاپتۇ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بۇ چوڭ ئوتنىڭ تەپتىدىن قۇملار قىپقىزىل چوغقا ئايلىنىپتۇ. ئوت لاۋىلىرى شۇنداق ئېگىز كۆتۈرۈلۈپتۇكى، يەر بىلەن ئاسمان تۇتىشىپ، پۈتۈن جاھان ئوت ئىچىدە قالغاندەك بولۇپ كېتىپتۇ. لېكىن، «چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ» دېگەندەك، ئەجدىھانىڭ ئوت چىقىرىۋاتقان بېشىنىڭ ئاستى ئوتتىن خالىي ئىكەن. مەلىكە ئوت ئىچىدىن بۆسۈپ چىقىپ ئەجدىھانىڭ ئالدىغا كەپتۇ - دە، بىر قىلىچ ئۇرۇپ ئۇنىڭ بۇ بېشىنىمۇ يەرگە دومىلىتىۋېتىپتۇ. جاھىللىق بىلەن جان تالىشىۋاتقان ئەجدىھا تېخىمۇ ئەشەددىيلىشىپ، يەككە قالغان بېشىنى گويا خۇمداندىن قۇيۇندەك تۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان قاپقارا ئىستەك تولغاپ ئېگىز

كۆتۈرۈپ، ئاغزىدىن شارقىرىتىپ سۇ تۆكۈشكە باشلاپتۇ. سۇ شۇنداق ئۇلۇغ چىقىپتۇكى، قۇمغا سىڭىپ كېتەلمەي، بىردەمدە قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئارىسى كۆلگە، بارا - بارا دېڭىزغا ئايلانغىلى تۇرۇپتۇ. مەلىكە بۇ دولقۇنلارنى يېرىپ ئەجدىھانىڭ ئۈستىگە ئات بىلەن ئۆزۈپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئاخىرقى بېشىنىمۇ قىلىچتىن ئۆتكۈزۈپ ئۆزى چىقارغان سۇغا چۆكتۈرۈۋېتىپتۇ. شۇئان سۇلار قۇرۇپ، بۇرۇنقى قۇم دۆۋىلىرى ئەسلىگە كەپتۇ. مەلىكە ئاتتىن چۈشۈپ، ئەجدىھانى قىيمىلاشقا باشلاپتۇ. بىر چاغدا ۋال - ۋۇل قىلىپ ئالتۇن قوتا كۆرۈنۈپتۇ. مەلىكە قۇتىنى قولىغا ئېلىپ قارىسا، ئۇنىڭ قولۇپىغا بىر ئالتۇن ئاچقۇچ كىرگۈزۈكلۈك ئىكەن. مەلىكە ئاچقۇچنى تولغىشى بىلەن شىرىقىدە قىلىپ قۇتىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، ئۇنىڭدىكى كەسلەنچۈكتەك يوغان قىزىق بوغۇملۇق بىر چايان سەكرەپ چۈشۈپ، نەشتىرىنى دىك تۇتۇپ بىر تەرەپكە قاراپ قېچىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇخلاۋاتقان جادۇگەر ئويغىنىپ كېتىپتۇ، قارىسا، يۈرىكى ئورنىدىن قوزغىلىپ توختىماي تېپىرلاپ، ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولۇۋاتقۇدەك. ئۇ بىر بالا بولغانلىقىنى سېزىپ، ئەپسۇن ئوقۇماقچى بوپتىكەن، ئەپسۇنى يادىغا كەلمەپتۇ. ئۇ: «بۇ نېمە ئالامەت؟» دەپ ئىرغىپ تۇرۇپ چوڭ دەرۋازىدىن سىرتقا چىقسا، مەلىكە بىرنېمىنى قوغلاپ كېلىۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرۈپ جادۇگەرمۇ شۇ تەرەپكە يۈگۈرۈپتۇ. شۇ پەيتتە مەلىكە چايانغا يېتىشىۋاپتۇ - دە، ئۇنى تۇتقىلى قولىنى ئۇزىتىپتۇ، ئەمما غايىبتىن: «قولۇڭنى ئۇزاتما، قىلىچ بىلەن چاپ!» دېگەن سادا كەپتۇ. مەلىكە چايانغا قىلىچ ساپتۇ، چايانىڭ قۇيرۇقى ئۇزۇلۇپ چۈشۈپتۇ، لېكىن ئۇ كېسىلگەن جايىدا خۇددى قازاندا ئېتىلىۋاتقان پارسىلداقتەك سەكرىگىلى تۇرۇپتۇ. چايانىڭ باش قىسمى قې-

چىۋىرىپتۇ. شۇ چاغدا جادۇگەرمۇ يىتىپ كەپتۇ - دە، ئۆزى
ئالدىغا كىلىپ توختىغان چايانىنىڭ باش قىسمىنى ھاپىلا -
شاپىلا يەردىن ئىلىپ ئاغزىغا ساپتۇ. شۇ ئەسنادا مەلىكە ئول-
گۈرۈپ كىلىپ جادۇگەرنىڭ ئاغزىغا زەرب بىلەن قىلىچ ئۇ-
رۇپتۇ. جادۇگەرنىڭ ئاغزىنىڭ يۇقىرى تەرىپى قۇلىقىنىڭ تۇ-
ۋىدىن چورت ئۈزۈلۈپ يەرگە ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ، بىراق جادۇ-
گەر يىقىلماپتۇ، چايانمۇ كۆرۈنمەپتۇ. شۇ چاغدا يەنە غايىب-
تىن: «جادۇگەرنىڭ بوغدىيىكىنىڭ ئاستىغا قىلىچ ئۇر، چايان
ئۇنىڭ ئىچىگە ئۆتۈپ كەتسە ئىش چاتاق!» دىگەن سادا ئاڭ-
لىنىپتۇ. مەلىكە شۇنداق قىپتىكەن، جادۇگەرنىڭ جاۋغىيى
تەرەپتىن چىرقىرىغان سەت ئاۋاز چىقىپ، جادۇگەر گۈپ قى-
لىپ يەرگە يىقىلىپتۇ - دە، بىر - ئىككى تىپچەكلەپ جىم
بوپتۇ. مەلىكە قارىسا، توغرىسىغا كىسىلگەن چايانىنىڭ بىر
پارچىسى قىلىچنىڭ بىسىغا چاپلىشىپ تۇرغۇدەك.

ھاي - ھاي، بۇ چاغدا شۇنداق ئاجايىپ مۆجىزە بوپتۇ-
كى، قوم دۆۋىلىرى خۇددى بىرنىمە ئىتتىرىپ كەينىگە سۇ-
رۇپ كىتىۋاتقاندەك ئارقىسىغا يىنىپ يىراقلارغا كىتىپتۇ.
ئۇنىڭ ئورنىدا ھەشەمەتلىك ھويلا - سارايلار، رەت - رەت بى-
نالار، رەستە - بازارلار، دەل - دەرەخلەر، گۈل - گىياھلار
قەد كۆتۈرۈپ، مەلىكىنىڭ ئالدىدا ئادەملىرى مىغ - مىغ بىر
ئاۋات، گۈزەل شەھەر پەيدا بوپتۇ. مەلىكە ئۆزىگە نەۋقىران
يىگىتتەك ئەمدىلا خەت تارتقان بۇرۇت ياساپ، ئارغىماقنى مى-
نىپ، ھازىرلا جەڭدىن چىققان قىياپىتىدە ئوردىغا كەپتۇ. ئۇ
جادۇگەرنىڭ يەر ئاستى سارىيىدا كۆرگەن تۆۋرۈكلىرى مەر-
مەردىن ياسالغان، تام - تورۇسلىرى ئۈنچە - مەرۋايىت قويۇپ
نەقىشلەنگەن، قەندىللىرىدە شام ئورنىدا گۆھەر يىنىپ تۇرغان
سەلتەنەتلىك بۇ جاينى تونۇپتۇ. ئۇخلاپ ئويغانغاندەك بولغان

شەھەر خەلقى ۋە پادىشاھ باشلىق بۇ شەھەرنىڭ ئۇلۇغلىرى «يىگىت»تىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ئۈزلىرىنىڭ بۇ نىجاتكارىنى پادىشاھ قىلىپ تىكلىشىپتۇ. گۇلىستان شاھ ۋەزىر بوپتۇ. ئۇلار شۇ چاغدىكى يىلنامە ھېسابى بويىچە ئۈزلىرىنىڭ تىلسىم قىلىنىپ ئۈچ يۈز يىل ئۇخلىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقىپتۇ.

ئوردىنىڭ سىرتىدا بىر بۇلاق بار ئىكەن. ئۇنىڭ سۈيى شۇنداق سۈزۈك ھەم تەملىك ئىكەنكى، ئۇنىڭ ئالدىدا زۇمرەت بىلەن ھەۋزى كەۋسەر ھېچنېمە ئەمەس ئىكەن. بۇلاقتىن چىققان بىر ئېرىق سۇ گەرچە ئوردا ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتسىمۇ، پادىشاھ ھەر كۈنى ئۈچ ۋاخ ئاشۇ بۇلاقنىڭ كۆزىدىن قايناپ چىقىۋاتقان سۇدىن ئالدۇرۇپ ئىچىدىكەن. بىر كۈنى ئۈچ قىز ئۈچ ئالتۇن ئاپتۇۋىنى كۆتۈرۈپ سۇغا چىقىپتۇ. ئۇلار بۇلاق بېشىغا كېلىپ خۇشلۇقتىن شوخلۇققا ئۆتۈپ، بىر - بىرىگە سۇ چېچىشقىلى تۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا بۇلاق بېشىغا چېچى مۈرىسىگە چۈشكەن، ساقاللىرى چاڭگا بولۇپ كەتكەن بىر دىۋانە كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ھېچنېمىگە قارىماي بۇلاققا دۈم يېتىپ قانغۇچە سۇ ئىچىپتۇ، ئاندىن تۇرۇپ بىر قەدەم ئېلىشىغا، كۆزى ئۆزىگە ئەندىكىش بىلەن ئاھۇدەك تىكىلىپ قاراپ تۇرغان ئۈچ قىزغا چۈشۈپتۇ - دە، بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز «ئاھ»دەپلا يەرگە يىقىلىپتۇ. بۇنى كۆرگەن قىزلار قورققىنىدىن سۇ ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئوردىغا كىرىپ، كۆرگەنلىرىنى پادىشاھقا بايان قىلىشىپتۇ. پادىشاھ، ئۆز خاتاسىنى ئىشق - مۇھەببەت جاپاسى بىلەن يۈيغان ۋاپا سۇلتانىم كەلدىمۇ، نېمە، دەپ ئويلاپ، بۇلاق بېشىدا يىقىلىپ ياتقان كىشىنى ئېلىپ كىرىشنى پەرمان قىپتۇ. ئىككى نۆكەر ئۇ بىھوش بەندىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، تەخت ئالدىغا قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. دىۋانە ھوشىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. پادىشاھ ئۇ-

نىڭغا نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە سوئال قو-يۇپتۇ. دىۋانە:

— ئەي پادىشاھ، مەندە نېمە ئىشىڭ بار؟ خانلىق بولىقىڭ-دىن بىر يۇتۇم سۇ ئىچكىنىم ياكى بولىقىڭ بويىدا بىر نەپەس ئولتۇرغىنىم ئۇچۇن مەندىن ھەق ئالماقچىمۇسەن؟ مېنى نېمە ئۇچۇن ئورداڭغا سۆرەپ كىرىسەن؟ — دەپتۇ. پادىشاھ:

— ئى ئادەم، مەن پادىشاھ، سەن بوسۇغام ئالدىغا كەل-گەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە «ئاھ» ئۇرۇپ يىقىلغانىكەنسەن، سەندىن ئەھۋال سورىشىم، دەردىڭ بولسا، دەردىڭگە دەرمان بولۇشۇم كې-رەك، — دەپتۇ.

— مېنىڭ دەردىمگە ھېچكىم دەرمان بولالمايدۇ.

— سۆزۈمنى بۆلمە، — دەپتۇ پادىشاھ سەل دەرغەزەپ بولغاندەك قىياپەتتە قاتتىقراق ئاۋاز بىلەن، — سەن نېمە ئۇچۇن ئوردىمىز ھۆرلىرىگە قاراپلا «ئاھ» دەپ ھوشۇڭدىن كەتتىڭ؟

— ئاھىمنى سوراپ دەردىمنى ئۇلغايتما، — دەپتۇ دىۋانە يەنە شاھنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— خەلقنىڭ ئاھىنى سورىمىغان، ھالىغا يەتمىگەن، دەر-دىگە دەرمان بولمىغان پادىشاھنى پادىشاھ دېگىلى بولامدۇ؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

بۇ سۆز دىۋانىنىڭ پۇشايمان ئازابى بىلەن ئۆرتەنگەن، ئون تومۇزنىڭ تونۇردەك ھارارىتىدە كاۋاپ بولغان يۈرىكىنى ياشناتقان بولسا، ئون زىمىستاننىڭ مۇزدەك نەشتىرى ساڭ-جىلغان ۋۇجۇدىنى ئىللىتىپ، ئۆچۈشكە باشلىغان ئاخىرقى ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى يېلىنجىتىپتۇ. ئۇ:

— ئى شاھلارنىڭ شاھى، ساڭا جاۋابىم شۇكى، مەن ئوردا قىزلىرىنىڭ بىرەرىگە شەيدا بولمىدىم ھەم بولمايمەن،

ئاھ چېكىشىمنىڭ سەۋەبىنىمۇ ساڭا ئېيتالمايمەن، مەن بەخت ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋىتى بەربات بولغان بىر بەندىمەن.

— ئى دەردمەن، ئاھىڭنى ئېيتمىساڭ زورلىمايمەن، لېكىن بەخت ۋە ھۇزۇر ئىزدىسەڭ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قال.

— ياق، سېنىڭ تەختى ـ بەختىڭ ئۆزۈڭگە ھۇزۇر ـ ھالا ـ ۋەت بېرىدۇ، ئۇ ماڭا بەخت ياكى ھالاۋەت ئاتا قىلالمايدۇ. سېنىڭ سەلتەنەت چىنارلىرىڭ ئۆزۈڭگىلا سايە تاشلايدۇ، مېنىڭ بېشىمغا سايىۋەن بولالمايدۇ. مېنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىم — بەخت ئۈچۈن بىر ئۆمۈر رىيازەت چېكىش، رىيازەت ئىچىدىن بەختنى تېپىش. ماڭا بەخت ۋە ھۇزۇر بەخش ئېتىدىغان نەرسە مەن باسقان ھەربىر رىيازەت قەدىمىمدۇر.

دىۋانە بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا پادىشاھ چىدىيالماپتۇ، ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش ئەگىپتۇ. ئۇ ئەسلىدە «دىۋانە» ئوردىغا كەلتۈرۈلگەندىلا تونۇغانىكەن، لېكىن ئوردا ئەركانلى ـ رىنىڭ ئالدىدا سەزدۈرمىگەنىكەن. ئۇ ۋەزىرلىرىنىڭ ھەممى ـ سىگە قايتىشقا رۇخسەت بېرىپتۇ. بارگاھتا پادىشاھ بىلەن دىۋانە ئىككىسىلا قاپتۇ. شۇ چاغدا پادىشاھمۇ «ئاھ» دەپ تاشلاپتۇ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن لاپ قىلىپ بىر پارچە ئوت چىقىپ كەتكەندەك بوپتۇ.

— ئى پادىشاھ، سەن ماڭا ۋە مېنىڭ دەردىمگە «ئاھ» ئۇ ـ رۇۋاتامسەن ياكى ئۆز دەردىڭگىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ دىۋانە.

— مەنمۇ ساڭا ئوخشاش دەرد چېكىپ كېلىۋاتقان ئادەم، شۇڭا دەردمەننى كۆرسەم ئۇنىڭ دەردىگە قوشۇلۇپ «ئاھ» دەي ـ مەن. سەن مۇرادىمغا يېتەي دېسەڭ، ئەڭ ياخشىسى «ئاھ» چې ـ كىپ يىغلىشىڭدىكى سەۋەبنى مەندىن پىنھان تۇتما، — دەپ ـ تۇ پادىشاھ.

— ئى كەرەملىك شاھ، كۆزۈڭدىن شاپائەت نۇرلىرى

چاقىنسا، تىلىڭدىن مەرھەمەت يامغۇرىدەك مېھرىبانلىق ئۇندىلىرى تۆكۈلمەكتە. ئاھىمىنىڭ ۋەجىنى بىلمەك ئىزدىسەڭ، سەنمۇ مەندىن بىر ئىشنى پىنھان تۇتمىغايسەن.

— نېمە ئىشنى؟

— ئوردا قىزلىرىنىڭ بېشىغا ئارتقان ياغلىقلارنى قەيەردىن ئەكەلدۈرگىنىڭنى ئېيتىپ بەرگەيسەن.

— خوپ، بۇ ھەقتە كېيىن سۆزلىشەيلى، — دەپتۇ پادىشاھ. ئارقىدىنلا ئىككى ئالقىنىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپتىكەن، ئوردا چاپارمىنى ھازىر بوپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا، — بۇ كىشىنىڭ چاچ - ساقاللىرىنى ئالدۇرۇپ، يۇيۇندۇرۇپ، شاھانە كىيىندۇرۇپ، خاس خانىلاردىن بىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇڭلار، — دەپتۇ. پەرمان بەجا كەلتۈرۈلۈپتۇ. ھەممە ئۇيقۇغا كەتكەندە، پادىشاھ دىۋانە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھۇجرىغا كىرىپتۇ. بۇ چاغدا دىۋانە ئالدىغا قويۇلغان خىلمۇخىل ئېسىل تائاملارغىمۇ باقماي، يا ئۇخلىماي خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغانىكەن، پادىشاھ كىرىپلا تاش كىيىملىرىنى سېلىپ، چاپلىما بۇرۇتىنى سويۇۋېتىپتۇ. شاھزادە قارىسا، بايا ئۆزى بۇلاق بېشىدا كۆرگەن ئوردا قىزلىرىنىڭ رومىلىنىڭ چۆرىسىگە چۇشۇرۇلگەن سۈرەتنىڭ جانلىق گەۋدىسى، ئون يىل ئىلگىرى تورغاي بولۇپ ئۇچۇپ كەتكەن مەھبۇبى ئۆزىگە قاراپ، كۆزى ياشلانغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ تۇرغۇدەك. شاھزادە ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا، مەلىكە خۇشرۇي ئۆزىنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپتۇ، ئىككىيلەن تەڭلا بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ، ئۇلار ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن قايتا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، كېچىچە كەچۈرمىشلىرىنى بىر - بىرىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. مەلىكە يەنە شاھزادىنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ تېپىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن بىر رەسسامغا ئۆزىنىڭ ئەسلى ئاياللىق سۈرىتىنى سىزدۇرۇپ رومالغا بېسىپ، سو-

دىگەرلەر ئارقىلىق شەھەر - شەھەرگە تارقاتقانلىقىنى ھەمدە ئاشۇ كۈنى مايمۇن كۆڭلىكى كۆيدۈرۈلگەندە چىققان دەھشەت-لىك ئاۋازلار جادۇگەرگە بېرىلگەن خەۋەر ساداسى ئىكەنلىكى-نى، جادۇگەرنىڭ شۇ چاغدىلا ئوردىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى، ئەمما: «مەلىكە كۆيۈپ كۈل بولدى، مەلىكىنى ساقىمۇ يوق، ماقىمۇ يوق قىلىۋەتتىم» دەپ بىلىپ، ئۆز ماكانىغا قايتىپ كېلىپ «خاتىرجەم» بولغانلىقىنىمۇ ھېكايە قىلىپ بېرىپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ شاھزادىنى ئوردىغا بىللە ئېلىپ كىرىپ، تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ، ئەمرۇلجاھانغا ئۆز يېنىدىن ئو-رۇن بېرىپتۇ. ۋەزىر باشلىق دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ ھەممىسى تونۇگۈنكى دىۋاننىڭ بۇگۇن شۇنچە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئەجەبلىنىشىپ تۇرغاندا، پادىشاھ ئالتۇن ئو-قىلىق شاھلىق كىيىمىنى سېلىپ، يۈزىنى بىر سىلىغانـ-كەن، بۇرۇتى قولىغا چىقىپتۇ. بېشىدىن تاجىنى ئالغانىكەن، بوستاندەك قويۇق، قۇندۇزدەك جۇلالاپ تۇرغان تۇم قارا ئۆزۈن چاچلىرى لەپىلدەپ چۇشۇپ ئارقىسىنى بىر ئاپتۇ. ئوردا ئەھ-لى ئۆز پادىشاھىنىڭ ئەسلىدە بىر ئايال ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىپتۇ، پادىشاھنىڭ خاسلا قىز خىزمەتكارلارنى ئىشلەتكەنلىكى، ئۆيلىنىشكە ئۇنىماي كەلگەنلىكىدىكى سەۋەب-لەر يېشىلىپ، گۇمانلار كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ دۆلەت ئەربابلىرىغا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ بېرىپتۇ. ئۇلار مەلىكە بىلەن شاھزادىنى مۇبارەكلىشىپتۇ. خۇشرۇي شاھزادە بىلەن تېپىشقانلىقى شەرىپىگە دۆلەت زىياپىتى ئۆت-كۈزۈپتۇ ۋە شۇ زىياپەتتە شاھلىق تاجىنى «گۈلىستان باغى ئېرەم»نىڭ ئەسلىي پادىشاھى گۈلىستان شاھقا كىيگۈزۈپ، ئۇنى قايتا تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئۆزى شاھزادە ئەمرۇلجا-ھان بىلەن داغدۇغا، دەبدەبە بىلەن شاھزادىنىڭ شەھىرىگە

كەپتۇ. شادىيانە سارايلىرى ئىچىدە شاھزادە ئاتا - ئانىسى بىلەن، مەلىكە خۇشرۇي قېيناتا - قېينانىسى بىلەن خۇشال - خۇرام دىدارلىشىپتۇ.

پادىشاھ ۋە خانىش ئەمىرۇلجاھان بىلەن خۇشرۇينى ئە- جەم دىيارىغا ئۆزلىرى ئېلىپ بېرىپ، كاتتا توي ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ئازابلىق، ھىجرانلىق تۈنلەر تۈگەپ، ئۇلارنى بەخت- لىك، ھەمجەھەتلىك، خاسىيەتلىك كۈنلەر ئۆز قوينىغا ئاپتۇ.





ئەجەمدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پادىشاھ ئەمىرۇلجاھاننى ئۆز ئورنىغا پادىشاھ قىلىپ، دۆلەت تامغىسىنى ئۇنىڭغا تاپ- شۇرۇپتۇ. خۇشرۇي باش ۋەزىر بوپتۇ. ئەمىرۇلجاھان گۈلىستان شاھتەك مەملىكىتىنى گۈزەل- لەشتۇرۇش، خەلققە بەخت - سا- ئادەت يەتكۈزۈش يولىدا ئاخىرقى نەپىسىگىچە تەر تۆكۈپتۇ.

پادىشاھ ئەمىرۇلجاھان قو- لىغا سازنى ئالسىلا زوق - شوخ بىلەن:

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپالار چەكمىگەن ئاشىق
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

دەپ غەزەلخانلىق قىلىدىكەن.

# بىلمەس تاز

بۇنىڭدىن بىرەر مىڭ يىللار ئىلگىرى، ئىسلام دىنى ئەمدىلەتىن دۇنياغا كەلگەندە، بۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھنىڭ بالاغەتكە يەتكەن ئوغلى پادىشاھ بوپتۇ. بۇ يىگىت يۇرتنى ئادىل سوراپتۇ. كۈنلەر ئۆ-تۈپ بۇ پادىشاھ ئۆيلىنىپتۇ. ئۆيلىنىپ توققۇز ئاي توققۇز كۈن ئۆتكەندە، ئايالىنىڭ كۆزى يورۇپ، شۇنداق چىرايلىق بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بەختكە قارشى خان ئايىم تۇغۇتتا ئۆلۈپ كېتىپتۇ، بالا يېتىم قاپتۇ. شۇ بالا تۇغۇلغان چاغدا پادىشاھ-نىڭ ئىشىكى ئالدىدا شۇنداق بىر گۈزەل قۇلان تاي پەيدا بو-لۇپ قاپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭغا ھەيرانۇ ھەس قېلىپ: «مېنىڭ بالام بىر خىسلەتلىك بالا ئوخشايدۇ» دەپ، بالىنى يېنىدىن زادى ئايرىماپتۇ.

ئەمدى بۇ تايغا كەلسەك، تاي يا ئوت يېمەيدىكەن، يا سۇ ئىچمەيدىكەن، لېكىن ئۇنىڭ ئادەمگە ئوخشاش زۇۋانى بار ئى-كەن، ئادەملەر بىلەن سۆزلىشەلەيدىكەن. ئايلار ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ پادىشاھنىڭ ئوغلى چوڭ بوپتۇ. پادىشاھ ئۇنى مەكتەپ-كە بېرىپتۇ. بالا مەكتەپتە ئوقۇشقا باشلاپتۇ. ھېلىقى تاي بولسا، ھېچكىم كىرەلمەيدىغان ئىنتايىن ئېسىل ئېغىلدا سولاقلىق تۇرىدىكەن. پادىشاھ ھەرقانداق جايدىن كەلسە، ئەڭ

ئاۋۋال بالىسىنى كۆرۈپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپ، ئاندىن باشقىلار بىلەن سۆزلىشىدىكەن. كېيىن پادىشاھ يۇرت ـ جامائەتنىڭ مەسلىھەتى بىلەن، بالامۇ چوڭ بولۇپ قالدى دەپ، يەنە بىر ئايال بىلەن توي قىپتۇ. توي قىلغاندىن كېيىنمۇ پادىشاھ بىر يەردىن كەلسە، ئەڭ ئاۋۋال بالىسىنى كۆرۈپ سۆيۈپ قويۇپ، ئاندىن ئايالى بىلەن كۆرۈشىدىغان ئادىتىنى تاشلىماپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ يېڭى ئايالى ھەسەتخورلۇق قىلىپ: «بۇ پادىشاھ بالىسى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، مېنىڭ بىلەن ئانچە كارى يوق، بۇنداق بولىۋەرسە، كېيىن مەنمۇ تۇغسام، پادىشاھنىڭ بۇرۇنقى بالىسى پادىشاھ بولسا، مەن قانداق قىلىمەن؟» دەپ ئويلىنىپ، بۇ بالىنى يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ شىكارغا چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەمدى گەپنى پادىشاھنىڭ ئايالىدىن ئاڭلايلى:

بۇ ئايال بىر ھىيلىگەردىن مەسلىھەت سوراپ، بالا داۋالىنىق كىرىپ ـ چىقىدىغان ئىشىكنىڭ پالتۇكىغا[1] بىر ئورا كولاپ، ئۇنىڭ ئىچىگە نۇرغۇن تۆمۈر قوزۇقلارنى بېكىتىپتۇ، ئۈستىنى ئاجىز شال بىلەن يېپىپتۇ. بالا مەكتەپتىن كېلىپ پالتۇكتىن ئۆتۈشى بىلەن، ئەنە شۇ ئورىغا چۈشۈپ كېتىپ تۆمۈر قوزۇققا سانجىلىپ ئۆلىدىغان قىلىپ قويۇپتۇ.

ئەمدى گەپنى بالىدىن ئاڭلايلى:

بالا ھەر كۈنى تاي بىلەن بىرگە ئوينايدىكەن. قۇلان تايمۇ بالىدىن بۆلەك ھېچكىمنى ئۆز يېنىغا يولاتمايدىكەن. بالا مەكتەپتىن كېلىپلا ئەڭ ئاۋۋال قۇلان تاينى يوقلايدىكەن ـ دە، بىردەم ئۇنىڭ بىلەن ئويناپ ئاندىن ئۆيگە كىرىدىكەن. پا-

---

[1] پالتۇك ــ بوسۇغا.

دىشاھ شىكارغا چىقىپ كېتىپ، ئۆگەي ئانىسى ئۇنىڭغا ئورا قازغان كۈنىمۇ بالا مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا ئەڭ ئاۋۋال ئېغىلغا كىرىپ، قۇلان تاينى سىلاپ تۇرسا، قۇلان تاي بىر كۆلۈپ، بىر يىغلاپتۇ. بالا بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ:

— ئەي قۇلان تېيىم، بۈگۈن نېمە بولدۇڭ، نېمىشقا بىر كۆلۈپ، بىر يىغلايسەن؟ — دەپتۇ. بۇ چاغدا، قۇلان تاي:

— ئەي باتۇر ئوغۇل، مەن بۇرۇن سېنىڭ بىلەن ئويناپ - كۆلۈپ ئىنتايىن ياخشى ئۆتتۇم، مەن شۇ كۈنلىرىمنى ئويلاپ كۆلۈۋاتىمەن. ئەمما، بۈگۈن سەن ئۆلىدىغان بولدۇڭ، سەن ئۆلسەڭ، مەن قانداق قىلارمەن؟ ئەگەر سەن ئۆلسەڭ، مەنمۇ بۇ دۇنيادىن غايىب بولىمەن، شۇڭا يىغلاۋاتىمەن، — دەپتۇ. بالا:

— ئەي قۇلان تېيىم، مەن ھازىر ئۆلسەم بولمايدۇ، ئەگەر ئۆلۈش توغرا كەلسىمۇ، ئاتام كەلگەندە ئۆلسەم مەيلى. سەن مېنىڭ ئۆلۈش سەۋەبىمنى بىلىدىغان ئوخشايسەن، ئېيتىپ بەر، — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، سەن مېنىڭ يېنىمدىن چىقىپ ئۆيۈڭگە كىرگەندە پالتۇكقا دەسسىمەي، بىرلا سەكرەپ ئۆيۈڭگە كىرىپ كەت. چىققىنىڭدا، ئاناڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، پالتۇكتىن سەكرەپلا ئۆتۈپ كەت. ئاناڭ سېنىڭدىن: «بالام، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟» دەپ سورىسا، «ماڭا ئۇستاز شۇنداق قىلىڭ دېگەن» دەپ، مەكتەپكە بېرىپ ئۇستازغا: «ئۇستازىم، ئانام سىزدىن بالىغا پالتۇكتىن سەكرەپ ئۆتۈڭ دېگەنمۇ، دەپ سورىسا، مەن شۇنداق دېگەن، دەپ قويسىلا» دەپ ئېيتىپ قويساڭ ئىش تۈگەيدۇ، — دەپتۇ.

بالا قۇلان تاينىڭ تاپىلىغىنى بويىچە، ئۆيگە كىرگەندە پالتۇكتىن سەكرەپلا ئۆيگە كىرىپ تامىقىنى خاتىرجەم يەپتۇ. بالا مەكتەپكە ماڭاي دېگەندە، ھەسەتخور ئانا:

— بالام، ئاستا مېڭىڭ، يىقىلىپ كېتىسىز! — دېگەندە، بالا ئانىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، پالتوكتىن بىرلا سەكرەپ سىرتقا چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئانىسى:

— بالام، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دېسە، بالا:

— ئانا، بۇ ئۇستازىمنىڭ تاپشۇرۇقى، — دەپلا ئېغىلغا كىرىپ قۇلان تاي بىلەن خوشلىشىپ مەكتەپكە مېڭىپتۇ. بالىنىڭ ئۆيدىن ساق - سالامەت چىقىپ مەكتەپكە ماڭغانلىقىنى كۆرگەن قۇلان تاي ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. ھىيلىگەر ئانىنىڭ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشماپتۇ.



ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، پادىشاھمۇ شىكاردىن قايتىپ كەپتۇ. دەل شۇ كۈنى بۇ خوتۇن، ئۆتكەندىكى ھىيلەم ئەمەلگە ئاشمىدى، ئەمدى بۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرىمەن، دەپ، بالا مەكتەپتىن كەلگۈچە زەھەر ئارىلاشتۇرۇپ چاي دەملەپتۇ. بالا مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا ئادىتى بويىچە يەنە ئاۋۋال قۇلان تاينىڭ ئالدىغا كەپتۇ. بالا قۇلان تاينىڭ يېنىغا كىرسە، قۇلان تاي يەنە بىر كۆلۈپ، بىر يىغلاۋاتقۇدەك. بالا بۇنى كۆرۈپ، يەنە:

— ئەي قۇلان تېيىم، بۈگۈن يەنە نېمە بولدۇڭ،

بىر كۈلۈپ، بىر يىغلايسەنغۇ؟ — دەپتۇ.
بۇنى ئاڭلىغان قۇلان تاي:
— سەن ئۆتكەنكى خەتەردىن قۇتۇلۇپ خۇشال بولدۇڭ، مەنمۇ خۇشال بولدۇم. لېكىن، بۇگۈن چاي ئۈستىدە ئۆلىسەن، ئۇ چاغدا داداڭمۇ كېلىدۇ، سەن داداڭنىڭ ئالدىدا ئۆلىسەن، — دەپتۇ. بالا بۇنى ئاڭلاپ:
— ئەي ئەقىللىق قۇلان تېيىم، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەر، — دەپتۇ. بۇ چاغدا قۇلان تاي بالىغا:
— بۇگۈن ئاناڭ ساڭا زەھەر سېلىپ چاي دەملىدى، سېنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەكچى. بۇگۈن ئاتاڭمۇ يېتىپ كېلىدۇ. ئاناڭ ساڭا ئالدى بىلەن ئايرىم چەينەكتە، ئايرىم پىيالىدە چاي قۇيىدۇ، داداڭ بىلەن ئىككىسى ئايرىم چەينەكتە چاي ئىچىدۇ. سەن چاينى ئىچسەن ـ دە، داداڭنىڭ ئالدىدا ئۆلىسەن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بالا چۆچۈپ كېتىپ:
— بۇنىڭدىن قۇتۇلغىلى بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇ چاغدا قۇلان تاي بالىغا:
— بۇنىڭدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ. سەن چاي ئىچىشتىن ئىلگىرى: «ئەي ئانا، ئاۋۇ نېمە؟» دەپ تۈڭلۈكنى كۆرسىتىسەن. ئاناڭ بىلەن داداڭ دەرھال تۈڭلۈككە قارايدۇ، شۇ چاغدا دەرھال ئاناڭنىڭ چېيى بىلەن ئۆزۈڭنىڭ چېيىنى يەڭگۈشلەپ قويۇپ، ئۆزۈڭنىڭ چېيىنى خاتىرجەم ئىچىۋەر. شۇنىڭ بىلەن ئاناڭ ئۇقماي زەھەرلەنگەن چاينى ئىچىۋالىدۇ، سەن ساق قالىسەن، — دەپتۇ.
بالا قۇلان تاينى سىلاپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ئۆيگە كىرىپتۇ. بۇ چاغدا نۆكەرلەر پادىشاھنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىپتۇ. بالا دادىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشۈپتۇ. پادىشاھنىڭ ئايالىمۇ چاندۇرماي چىقىپ پادىشاھ بىلەن

كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ ۋە چاي ئەكەپتۇ، بالىغا ئايىم چەينەكتە چاي ئەكىلىپ:

— بالام، سىزگە ئايىم چەينەكتە چاي دەملىدىم، — دەپ، ئايىم پىيالىگە چاي قۇيۇپتۇ. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇرسەن بوپتۇ. ئايال پادىشاھ بىلەن ئۆزىگە ئايىم چەينەكتە چاي ئەكىلىپ، ئىككى پىيالىگە قۇيۇپ شىرەگە كېلىپ ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا، بالا شوخلۇق قىلىپ:

— ئانا، ئاۋۇ تۇڭلۇكتىكى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ بىلەن ئايالى دەرھال تۇڭلۇككە قاراپتۇ، شۇ چاغدا بالا چاققانلىق بىلەن چاندۇرماي ئانىسىنىڭ چېيى بىلەن ئۆزىنىڭ چېيىنى يەڭگۈشلىۋاپتۇ ۋە بەخىرامان چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ ھىيلىگەر خوتۇن چاينىڭ يەڭگۈشلەنگەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ چېيىنى تۆكۈۋېتىپ، چىنىنى چايقاپ قايتىدىن چاي قۇيۇپ ئىچىپتۇ. ئايالمۇ ئامان قاپتۇ، بالىمۇ ئامان قاپتۇ. بۇ ئىشلارنى پادىشاھ زادىلا سەزمەپتۇ.

ئارىدىن ئاز ۋاقىت ئۆتكەندە، پادىشاھ يەنە بىرقانچە كۈنلۈك شىكارغا مېڭىپتۇ. پادىشاھنىڭ شىكارغا چىقىپ كېتىشى ھامان، بۇ ئايالغا جۇي[1] كۆرسەتكەن بىر ھىيلىگەر دەللە يېتىپ كەپتۇ - دە، پادىشاھنىڭ ئايالىغا:

— ئەي خان ئايىم، سىلىنىڭ ئۆتكەنكى ئىككى قېتىملىق ئىشلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقى بالىدىكى گەپ ئەمەسكەن، بالىنىڭ ئېغىلدىكى قۇلان تېيىدىكى گەپكەن. ھېلىقى كۈنى كەچتە قاراپ تۇرسام، بالا ئېغىلغا كىرىشىگىلا، بۇ تاي بىر كۈلۈپ، بىر يىغلىدى. بالا ئۇنىڭدىن سەۋەبىنى سورىۋىدى، تاي ھەممە گەپنى بالىغا ئېيتىپ بەردى ۋە قۇتۇلۇشنىڭ

---

[1] جۇي — چارە، ھىيلە - مىكىر.

سەۋەبىنىمۇ بالىغا دەپ بەردى. شۇڭا، ئەگەر بالىنى ئۆلتۈرۈد-
ـەن دېسىلە، ئەڭ ئاۋۋال ئاشۇ قۇلان تاينى ئۆلتۈرسىلە، ئاند-
ـدىن بالىنى ئۆلتۈرەلەيدىلا، ــــ دېگەن ئەقىلنى كۆرسىتىپتۇ.
ئايال بۇ دەللە بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، يەنە بىر يېڭى
سۇيىقەستنى تۈزۈپتۇ. ئايال بىرقانچە تېۋىپقا تون، ئالتۇن -
كۈمۈش بېرىپ، ئۆزى ئاغرىپ قالغان بولۇپ، تېۋىپلارغا: «خان
ئايىمغا ئېغىلدىكى قۇلان تايىنىڭ يۈرىكى داۋا بولغۇدەك، بۇ-
نىڭدىن باشقا نەرسە داۋا بولالمىغۇدەك» دېگۈزۈپ، قۇلان تايىنى
شۇ باھانە بىلەن يوقاتماقچى بوپتۇ. ئارىدىن بىرقانچە كۈن
ئۆتۈپ، پادىشاھ شىكاردىن قايتىپ كەپتۇ. پادىشاھنىڭ ئۈنىنى
ئاڭلاپلا بۇ ھىيلىگەر ئايال: «ۋاي ئاللا، ۋاي تۇۋا» دەپ يۈرد-
ـكىنى مۇجۇپ، ئۇيان - بۇيان يۇمىلاپ، جارقىراپ يېتىۋاپتۇ.
شىكاردىن ئەمدىلا كەلگەن پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ دەرھال ئايالد-
ـنىڭ ھەرىمىگە كىرىپ قارىسا، ئايالى ھېچ بولالمىغان. پادىشاھ:
ــــ ۋاي خان ئايىم، نېمە بولدىڭىز؟ ــــ دەپ سوراپتۇ.
ــــ يۈرىكىم قاتتىق ئاغرىۋاتىدۇ، ئەمدى قانداق قىلار-
ـمەن؟ ! ــــ دەپ چاچلىرىنى چۇۋۇشقا، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە
تاشلاشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ دەرھال تېۋىپ چا-
قىرتىپتۇ. تېۋىپلار خان ئايىمنى كۆرۈپتۇ ۋە ئامال يوقلۇقىد-
ـنى ئېيتىپتۇ. ئايال ئۆزى:
ــــ پالانى - پوكۈنى تېۋىپلار كېلىپ كۆرۈپ باقسۇن ! ــــ
دەپتۇ. قورقۇپ كەتكەن پادىشاھ دەرھال ئايالى دېگەن تې-
ۋىپلارنى چاقىرتىپتۇ. تېۋىپلار كېلىپ، خان ئايىمنىڭ تومۇ-
رىنى تۇتۇپ:
ــــ ئاپلا، ئەي كېرەملىك پادىشاھىم، خان ئايىمدىن ئايرىلىپ
قالىدىغان ئوخشايدىلا، ــــ دەپتۇ. پادىشاھ چۆچۈپ كېتىپ:
ــــ بۇنىڭغا نېمە داۋا؟ مېنىڭ يۈرىكىم لازىم بولسىمۇ

دەڭلار، — دەپتۇ. ئۇلار كىتابلارنى ئاختۇرغان، قايتا - قايتا تومۇرىنى تۇتقان بولۇپ، ئاخىر:

— ئەي پادىشاھئالەم، خان ئايىمنىڭ بۇ كېسىلىگە يەر يۈزىدىكى نەرسىلەر داۋا بولالمىغۇدەك، ئاسماندىن غايىبانە چۈشكەن بىرەر ھايۋاننىڭ يۈرىكى داۋا بولغۇدەك. ئاڭلىساق، سىلىنىڭ ئېغىللىرىدا شۇنداق بىر قۇلان تاي بارئىمىش، خان ئايىمغا ئۇنىڭدىن باشقىسى بىكار، — دەپتۇ. پادىشاھ قوشۇلۇپتۇ، لېكىن تاڭ ئاتقۇچە كىرىپمۇ قاقماي، بۇ تاي بالام بىلەن تەڭ غايىبتىن پەيدا بولغان ھەم بالام بۇ تايغا ئىنتايىن ئامراق ئىدى، ئۇنىڭغا قانداق پىچاق سۇرەرمەن دەپ قاتتىق ئويلىنىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە بالىسى مەكتەپكە بارغۇچە، پادىشاھ مەكتەپكە بېرىپ:

— بۈگۈن مېنىڭ بالامنى قەتئىي تالاغا چىقارماڭلار، ئەگەر تالاغا چىقىرىپ قويساڭلار، سىلەرنىڭ كاللاڭلارنى ئالىمەن! — دەپ ئۇستازلىرىدىن ۋەدە ئاپتۇ.

بالا مەكتەپكە ماڭغۇچە يەنە بىر قېتىم قۇلان تېيىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن ئېغىلغا كىرىپتۇ. بۇ چاغدا تاي يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەي بالا، بۈگۈن مەن ئۆلىدىغان بولدۇم. مەن ئۆلگەن كۈننىڭ ئەتىسى سەنمۇ ئۆلىسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ گېلىمغا پىچاق سۈرگەن ھامان بۇ شەھەردىن چىقىپ كەتكىن، — دەپتۇ. بالا شۇ زامات:

— ئەي ئەقىللىق قۇلان تېيىم، مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، سېنى قەتئىي ئۆلتۈرگۈزمەيمەن. سەن مېنى نۇرغۇن خەتەرلەردىن قۇتۇلدۇردۇڭ، مېنىڭ ھايات قېلىشىم سېنىڭ بولغانلىقىڭدىن، — دەپتۇ. قۇلان تاي بالىغا:

— ئۇنداق بولسا، مۇنداق قىل: سەن مەكتەپكە كەتكەندە،

ئاتاڭ مېنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ، قاسساپلار مېنىڭ پۇت - قولۇمنى چۇشەيدۇ ۋە مېنى يەرگە يىقىتىدۇ، مېنى ئۆلتۈر-مەكچى بولىدۇ. مېنى ئىغىلدىن ئېلىپ چىققاندا بىرىنچى قېتىم كىشنەيمەن، پۇت - قولۇمنى بوغقاندا ئىككىنچى قې-تىم كىشنەيمەن، يەرگە يىقىتقاندا ئۈچىنچى قېتىم كىشنەي-مەن. پىچاقنى گېلىمغا تەڭلىگەندە سەن مېنىڭ يېنىمغا يې-تىپ كەلگىن ۋە: «ئاتا، توختاڭ !» دېگىن. ئاتاڭ سېنى كۆرۈپ مېنى ئۆلتۈرگۈزمەيدۇ. سەن ئاتاڭنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئول-تۇرۇپ: «ئەي كېرەملىك پادىشاھ ئاتا، مەن سىزنىڭ ئوغلى-ڭىز، تاي بولسا مېنىڭ ھەمراھىم. مەن ھازىرغىچە بىرۇخسەت بۇ تاينى بىر قېتىممۇ مىنىپ باقمىدىم، بۈگۈن مېنىڭ قۇلان تېيىم ئۆلۈش ئالدىدا تۇرىدۇ، شۇڭا مېنىڭ سىزدىن سورايدى-غان بىر ئىلتىماسىم بار» دېگىن. ئاتاڭ: «ھە بالام، دېگىن» دېگەندىن كېيىن: «سىز پادىشاھلىق توننى بەرسىڭىز، ئالتۇن ئېگەر بىلەن قۇلان تېيىمنى توقۇپ بەرسىڭىز. مەن پادى-شاھلىق توننى كىيىپ، قۇلان تاي بىلەن پۈتۈن شەھەرنى بىر ئايلىنىپ كەلسەم، ئاندىن كېيىن قۇلان تېيىمنى ئۆلتۈرۈپ ئانامغا يېگۈزسىڭىز، ئانام ساقىيىپ قالسۇن» دەيسەن. ئاتاڭ ساڭا چىدىماي ماقۇل دەيدۇ، قالغان ئىشنى ئۆزۈم ئەپلەيمەن، — دېگەن مەسلىھەتنى بېرىپتۇ. بالا:

— ماقۇل، — دەپ قۇلان تاي بىلەن خوشلىشىپ مەك-تەپكە كېتىپتۇ.

دەل ئاش ۋاقتى مەزگىلىدە، بالا مەدرىسىدە ئولتۇرسا، قۇلان تاي بىرىنچى قېتىم كىشنەپتۇ، بالا تەييار بولۇپ ئول-تۇرۇپتۇ. ئىككىنچى قېتىم كىشنىگەندە ئۇستازى سېزىپ قېلىپ، ئىشككە دەم سېلىپ قويۇپتۇ. ئۈچىنچى قېتىم كىشنىگەندە بالا تاقەتسىزلىنىپ، روجەكتىن چىقىپ ئۇچقاد-

دەك تايىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە:

— ئاتا، توختاڭ! — دەپتۇ. ئاتىسى بالىنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ پىچاقنى تاشلاپ:

— ئەي بالام، نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. بالا تىزلىنىپ:

— ئەي ئاتا، مەن بولسام سىزنىڭ ئوغلىڭىز، تاي بولسا مېنىڭ ھەمراھىم. مەن تۇغۇلغىلى ئون يەتتە يىل بولدى، تاي پەيدا بولغىلىمۇ ئون يەتتە يىل بولدى. مەن سىزدىن بىرۋەخ-سەت بۇ تاينى بىر قېتىممۇ مىنىپ باقمىدىم. بۈگۈن ئۆلتۈ-رەي دەۋاتىسىز، مېنىڭ سىزگە بىر ئىلتىماسىم بار، — دەپ-تۇ. پادىشاھ:

— ئوغلۇم، ئىلتىماسىڭنى ئېيت، — دەپتۇ. بالا شۇ زامات:

— ئەي كېرەملىك ئاتا! بۈگۈن سىز ماڭا پادىشاھلىق تونىنى بەرسىڭىز، قولان تېيىمنى ئالتۇن ئېگەر بىلەن توقۇپ بەرسىڭىز، مەن پادىشاھلىق تونىنى كىيىپ، قولان تاينى مى-نىپ، پۈتۈن شەھەرنى بىر ئايلىنىپ كەلسەم، ئاندىن تاينى ئۆل-تۈرۈپ، يۈرىكى بىلەن ئانامنى ساقايتىۋالسىڭىز بولماسمۇ؟ — دەپتۇ.

ئوغلىنىڭ رازى - رىزا بولۇپ دېگەن گېپىنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەرھال تايىنىڭ پۇتلىرىنى يېشىپ، ئالتۇن ئېگەرنى ئاچىقتۇرۇپ توقۇتۇپ، ئۆزىنىڭ پادىشاھلىق تونىنى يېشىپ بالىغا كىيدۈرۈپ، تايغا مىندۈرۈپ قويۇپتۇ. بالا تايغا مىنىپ شەھەرنى ئايلىنىپ سېپىلنىڭ ئارقىسىغا ئۆتكەندە، قولان تاي قانات چىقىرىپ بىر تۇلپارغا ئايلىنىپتۇ - دە، ئۇچۇپ ھاۋاغا چىقىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن جامائەت كېلىپ، پادىشاھقا:

— ئەي كېرەملىك شاھىم، بالىڭىز پادىشاھلىق تونىنى

كىيىپ، ئالتۇن ئېگەرلىك قۇلان تايغا مىنىپ شەھەر سېپىد-لىنىڭ كەينىگە ئۆتكەندە، قۇلان تاي قانات چىقىرىپ تۇلپارغا ئايلاندى، شۇنىڭ بىلەن بالىگىز ئۇچۇپ ئەرشكە چىقىپ كەت-تى، بالىگىزدىن قىلچە ئەندىشە قىلماڭ! — دېيىشىپتۇ. لې-كىن، پادىشاھ بىردىنبىر بالىسى ۋە قۇلان تايدىن ئايرىلغىنى ئۈچۈن مىڭ بىر ھەسرەت - نادامەت چېكىپتۇ. كېيىن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى قارا نىيەت ئايالىنىڭ ھىيلىسىدىن بول-غانلىقىنى بىلىپ قېلىپ، ئايالىنى قىرىق يېرىدىن جادۇدا توغراپ، گۆشىنى قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم قىلىپ بېرىپتۇ، لېكىن دەردى چىقماي، ھەسرەت - نادامەت چې-كىپ ئۆتىۋېرىپتۇ.



بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى ئىككى كەلىمە گەپنى شاھزادە بىلەن قۇلان تايدىن ئاڭلاپ با-قايلى:

قۇلان تاي بالىنى ئېلىپ كەچكىچە ئۇچۇپ-تۇ، بىر چاغدا بىر يەرگە چۈشۈپتۇ. يەرگە چۈش-كەندىن كېيىن، قۇلان تاي:

— ئەي شاھزادە، سېنى مەن ھازىر بىر قويچى تازنىڭ سىياقىغا

كىرگۈزىمەن. تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتسەڭ بىر باغ بار، ئۇ پادىشاھنىڭ بېغى. شۇ باغقا كىرىپ پۈتۈگنى سۇغا تىقىپ ئولتۇرسەن. بۇگۈن پادىشاھنىڭ باغنى سەيلە قىلىدىغان كۈنى. پادىشاھ باغقا كىرىپ: «ھەي بالا، سەن كىم؟» دېسە، «بىلمەيمەن» دېگىن. يەنە سورىسا، يەنە: «بىلمەيمەن» دېگىن. باشقا ھېچقانداق گەپ قىلما. مەن مۇشۇ يەردە قالىمەن. ساڭا بىر تال تۈكۈمنى بېرىمەن. ماڭا ھاجىتىڭ چۈشكەندە ئۇنى كۆيدۈرسەڭ، مەن ھازىر بولىمەن، — دەپتۇ ۋە شاھزادىنى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بىر قويچى تازنىڭ سىياقىغا كىرگۈزۈپتۇ.

شاھزادە تاغدىن ئارتىلىپ ئۆتسە، بىر باغ كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ باغقا كىرىپ پۇتىنى ئېرىقتىكى سۇغا چىلاپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا پادىشاھ باغقا كىرىپتۇ، قارىسا، بىر تاز پۇتىنى سۇغا چىلاپ ئولتۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ:

— ھەي بالا، سەن كىم؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە:

— بىلمەيمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ يەنە ياندۇرۇپ:

— ئېتىڭ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە يەنىلا:

— بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ يەنە:

— سەن نەدىن كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە يەنە پادىشاھقا:

— بىلمەيمەن، — دەپتۇ. بۇنىڭغا ھەيران قالغان پادىشاھ:

— سەن مۇشۇ باغنى باقامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە يەنە:

— بىلمەيمەن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ:

— ئۇنداق بولسا، بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ تاماق يەپ كەل، — دەپ بالىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيگە ئاپىرىپتۇ. ئۇنىڭغا داستىخان سالدۇرۇپ، تاماق بېرىپ گەپ سورىسا، يەنىلا «بىلمەيمەن»دىن

باشقا گەپ قىلماپتۇ. پادىشاھ، بۇ تاز بىلمەيمەندىن باشقىنى بىلمەيدىكەن، ئۇنى ئاشۇ باغنى باقتۇرۇپ قوياي، كۆرگەن - بىلگەنلىرىنىمۇ سىرتتا سۆزلەپ يۈرمىگۈدەك، دەپ باغنى بېقىشقا قويۇپ قويۇپتۇ. شاھزادە شۇنىڭ بىلەن باغ باققۇچى بولۇپ قاپتۇ. ئۇنى پادىشاھتىن تارتىپ مۇلازىملارغىچە «بىلمەس تاز» دەپ ئاتايدىكەن. ئۇ ھەر پەيشەنبە كۈنى ھېلىقى قولان تاي بار جايغا بېرىپ ئۇنىڭ تۈكىنى كۆيدۈرسە، تاي ھازىر بولىدىكەن. شاھزادە پادىشاھلىق تونىنى كىيىپ، ئالتۇن ئېگەرلىك تايغا مىنىپ ئوينايدىكەن. قايتىپ كەلگەندە يەنە تاز بالا سىياقىغا كىرىپ باغقا قارايدىكەن.

بۇ پادىشاھنىڭ ئۈچ قىزى بار ئىكەن. بۇ قىزلار بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئىكەن، لېكىن ئەڭ كىچىك قىزى ھەممىدىن ئەقىللىق، ھەممىدىن گۈزەل ئىكەن. ئۇ قىز راۋاقتا ئولتۇرۇپ ھەر كۈنى باغنى تاماشا قىلىدىكەن. قىز ھەر پەيشەنبە كۈنى بۇ تازنىڭ ئەتىگەندە باغدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى بايقاپ قاپتۇ. مەلىكە بۇ تازنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن، پەيشەنبە كۈنى كەلگەندە ئۇنىڭ كەينىدىن بىلدۈرمەي مېڭىپتۇ. قارىسا، تاز باغنىڭ دەرۋازىسىنى قۇلۇپلاپ قويۇپ، باغنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپتۇ. ئۇ يەردە تۇلپار تۇرغۇدەك. تاز پادىشاھلىق تونىنى كىيىپ، ئالتۇن ئېگەرلىك تۇلپارغا مىنىپ بىر كۈن ئويناپ، كەچ بولغاندا يەنە تاز سىياقىغا كىرىپ باغقا قايتىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن كەنجى مەلىكە، ۋاقتى - سائىتى كەلسە، مۇشۇنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلسام بولغۇدەك، دېگەن ئويغا كەپتۇ.

بىر كۈنى ئالمىلار تازا پىشىپ مەي بولغاندا، پادىشاھنىڭ قىزلىرى پادىشاھقا:

— دادا، مۇشۇنداق گۈزەل باغدا يالغۇز بىلمەس تاز مېۋە-

لەرنى يەپ ئويناپ
يۈرۈۋاتىدۇ. بىز
نېمە ئۈچۈن باغقا
كىرمەيمىز؟ —
دەپ تۇرۇۋاپتۇ.
بۇنى ئاڭلىغان پا-
دىشاه ئۇلارغا باغ-
قا كىرىشكە ئىجا-
زەت بېرىپتۇ.
قىزلار باغقا كى-
رىپ «بىلمەس
تاز» نى چاقىرىپ
ئالما ئۈزۈپ بې-
رىشنى تەلەپ
قىپتۇ. بىلمەس
تاز چوڭ قىزغا
بىر سېسىپ كەت-



كەن ئالمىنى، ئىككىنچى قىزغا يېرىمى سېسىغان ئالمىنى، ئەڭ كىچىك قىزغا بولسا، تازا پىشىپ مەي بولغان ئالمىنى ئۈزۈپ بېرىپتۇ. بۇ قىزلار بىلمەس تاز بەرگەن ئالمىلارنى كۆتۈرۈپ قىيا - چىيا قىلىشىپ، يىغلىشىپ پادىشاھنىڭ يېنىغا كىرىپ، بىلمەس تاز بەرگەن ئالمىلارنى شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇپتۇ. پادىشاه قارىسا، چوڭ قىزى بىر سېسىغان ئالمىنى، ئىككىنچى قىزى يېرىمى سېسىغان ئالمىنى، ئەڭ كىچىك قىزى تازا مەي باغلاپ سارغىيىپ پىشقان ئالمىنى ئەكىرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاه قىزلىرىنى چىقىرتىۋېتىپ، ئويلاپ قېلىپ، چوڭ قىزىمغا سېسىغان ئالمىنى بەرگىنى — بۇ قىزنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كې-

تىپ، سىپسىغان ئالمىدەك بولۇپ قاپتۇ، دېگىنىكەن، ئىككىنـ-
چىسىنى يېرىم ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپتۇ، دېگىنىكەن، ئۈچىنچى
قىزىمغا تازا پىشقان ئالمىنى بەرگىنى ــ بۇ قىزنىڭ دەل ۋاقتى
بولۇپ قاپتۇ، دەرھال ياتلىق قىل، دېگىنىكەن، دەپ، بۇ ئىشـ-
نىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دەرھال قىزلىرىـ-
نى قىچقىرىپ:

ــ ئەي قىزلىرىم، سىلەرنىڭ ياتلىق بولىدىغان
ۋاقتىڭلار بولۇپ قالدى. ئەته سىلەر راۋاققا چىقىپ، مۇشۇ
ئالمىلارنى قولۇڭلاردا تۇتۇپ تۇرۇڭلار، مەن پەرمان چۈشۈـ-
رۈپ، پۈتۈن ئەل ـ يۇرتۇمدىكى كىشىلەرنى راۋاقنىڭ ئاستىـ-
دىن ئۆتكۈزىمەن، سىلەر كىمنى خالىساڭلار، شۇنىڭغا قوـ-
لۇڭلاردىكى ئالمىلارنى ئېتىڭلار، مەن سىلەرنى شۇ كىشىگە
ياتلىق قىلىمەن، ــ دەپتۇ. قىزلار ماقۇل بوپتۇ. پادىشاھ
دەرھال پەرمان چۈشۈرۈپ، ئەتىدىن باشلاپ پۈتۈن ئەر كىشىـ-
لەرنىڭ ھەممىسىنىڭ راۋاقنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشىنى، قىزلىرى
كىمگە ئالما تاشلىسا، قىزلىرىنى شۇنىڭغا توي قىلىپ بېرىـ-
دىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. يۇرت ـ جامائەت بۇنى ئاڭلاپ، پادىـ-
شاھقا كۈيئوغۇل بولۇش ئۈچۈن چىرايلىق كىيىنىپ، ئەتىسى
ئەتىگەندىلا راۋاق ئالدىغا جەم بوپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزلىرىمۇ
يېتىپ كەپتۇ. كىشىلەر بىر ـ بىرلەپ راۋاق ئالدىدىن ئۆـ-
تۈشكە باشلاپتۇ. چوڭ مەلىكە بىر باي سودىگەرگە، ئىككىنچى
مەلىكە شۇ شەھەردىكى بىر بىكار تەلەپكە ئالما تاشلاپتۇ. ئەڭ
كىچىك مەلىكە بولسا، ھېچكىمگە تاشلىماپتۇ. كەچكىچە ھەمـ-
مە ئادەم ئۆتۈپ بوپتۇ، كىچىك مەلىكە يەنىلا ئالمىنى تاشلىـ-
ماپتۇ. بۇنى ئۇققان پادىشاھ، بۇ قىزىم نېمىشقا تاشلىمايدىـ-
غاندۇ، دەپ، نۆكەرلىرىدىن يەنە كىمنىڭ قالغانلىقىنى سوراپـ-
تۇ. نۆكەرلەر:

— باغقا قارايدىغان بىلمەس دېگەن تازدىن باشقا ھېچكىم قالمىدى، — دەپ مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ:

— ئۇمۇ ئادەم بولغاندىكىن، كېلىپ راۋاق ئالدىدىن ئۆتۈپ باقسۇن، — دەپ ئەمر قىپتۇ. نۆكەرلەر بىلمەس تازنى دەرھال چاقىرىپ كەپتۇ. بىلمەس تاز راۋاق ئالدىدىن شۇنداق ئۆتۈشىگە، كەنجى مەلىكە ئالمىنى ئۇنىڭغا تاشلاپتۇ. پادىشاھ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، يەتتە كۈن توي، يەتمىش كۈن مەشرەپ قىلىپ قىزلىرىنى ئۇزىتىپتۇ. ئىككى ئاچىسى سىڭلىسىنى تىللاپ:

— سەن يۈزى قېلىن، پۈتۈن يۇرتتا نى - نى يىگىتلەر تۇرسا، مۇشۇ تازغىمۇ تېگەمسەن؟! — دەپتۇ. كەنجى مەلىكە يىغلاپ:

— ئەي يىگىت، سەن نېمىشقا ئۆزۈڭنى ئاشكارا قىلمايسەن! مەن مۇشۇنداق ئاھانەتكە قالىمەنمۇ؟! — دەپ بىلمەس تازغا يالۋۇرۇپتۇ، لېكىن ئۇ قىزنىڭ قۇلىقىغا:

— ئەي مەلىكەم، ھازىر مېنىڭ ئۆزۈمنى ئاشكارا قىلىدىغان ۋاقتىم ئەمەس، ۋاقتى كەلگەندە ئىككى ئاچاڭ سېنىڭ قولۇڭغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كەنجى مەلىكىنىڭ كۆڭلى تىنىپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنى ئۆز ھۇجرىسىغا يولغا سېپتۇ. ئارىدىن بىرقانچە ۋاقىت ئۆتۈپتۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئۆز پېتىچە ئۆتمۇۋېرىپتۇ.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلايلى:

بۇ پادىشاھنىڭ يۇرتىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى تاغدا بىر ئەجدىھا بار بولۇپ، ھەر كۈنى بىر ئادەمنى يەيدىكەن. بۇرۇن پادىشاھ بۇ ئەجدىھا بىلەن ھەر كۈنى بىر ئادەمنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ بېرىشكە پۈتۈشكەنىكەن. بولمىسا، بۇ ئەجدىھا كېلىپ يۇرتنى ۋەيران قىلىدىكەن. بۇ قېتىم نۆۋەت پادىشاھنىڭ چوڭ قىزىغا كەپتۇ. پادىشاھ ئامالسىز چوڭ قىزىنى

ئاپىرىپ قويماقچى بوپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا، ئوردىدا يىغا - زار بولۇپ كېتىپتۇ. بىلمەس تاز مەلىكىدىن:

— ئەي مەلىكەم، بۇ نېمە يىغا؟ — دەپ سوراپتۇ. مەلىكە ئېرىگە:

— تاغدا بىر ئەجدىھا بار ئىدى، ھەر كۈنى بىر ئادەم يەيدۇ، بۈگۈن نۆۋەت چوڭ ئاچامغا كەپتۇ، شۇڭا ئۆيدىكىلەر يىغا - زار قىلىشىۋاتىدۇ. يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئوتتۇرانچى ئاچامغا، ئالتە كۈندىن كېيىن ماڭا نۆۋەت كېلىدۇ، سىز ئەمدى مەندىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولدىڭىز، — دەپتۇ يىغلاپ تۇرۇپ، — مەن سىزدىن ئۆتۈنەي، چوڭ ئاچامنى بىر ئامال قىلىپ قۇتۇلدۇرۇپ قالسىڭىز، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. لېكىن، بىلمەس تاز:

— ئەي مەلىكەم، مەن ئاددىي بىر ئادەم تۇرسام، يەنە كېلىپ ئەجدىھانىمۇ كۆرمىگەن تۇرسام، قانداق قىلىپ ئاچىڭىزنى قۇتۇلدۇرالايمەن؟ — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ مەلىكە يىغلاپ يېتىپ قاپتۇ. بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن، بىلمەس تاز:

— مەن باغقا سۇ ئىچىپ قويغانىدىم، بىر يوقلاپ كېلەي، — دەپ باغنىڭ ئارقىسىغا چىقىپ تاينىڭ تۈكىنى كۆيدۈرگەنىكەن، قۇلان تاي يېتىپ كەپتۇ. ئۇ دەررۇ كىيىمىنى يۆتكەپ، قېيىنېگىچىسى ئولتۇرغان يەرگە بېرىپتۇ ۋە:

— ئەي مەلىكەم، بۇ يەردە نېمىشقا يىغلاپ ئولتۇرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. مەلىكە قارىسا، يېنىدا شاھ سۈپەت بىر يىگىت تۇرغان. مەلىكە قورقۇپ كېتىپ:

— ئەي پادىشاھىئالەم، سىز بۇ يەردىن دەرھال كېتىڭ. سىز بىر پادىشاھ ئىكەنسىز، سىزگە قاراشلىق نۇرغۇن ئەل - يۇرت باردۇ، ئەجدىھا يېسە مېنى يېسۇن، سىز يەم بولماڭ! — دەپتۇ. بۇ چاغدا سىم - سىم يامغۇر ئارىلاش بوران چىقىشقا

باشلاپتۇ. بۇ ئەجدىھانىڭ شەپىسى ئىكەن. شاھزادە دەرھال مەلد-كىنى بىر دۆڭنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئەجدىھا-نىڭ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ. بىر چاغدا ئەجدىھا كېلىپ شاھزادىنى دەم تارتىپتۇ. شاھزادە بولسا قىلىچنى توغرىسىغا تۇتقان پېتى ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، كەينىدىن چىقىپتۇ ھەم ئايلىنىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىك تۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا ئەجدىھا زۇۋانغا كېلىپ:

— ئەي مەخلۇق، سەن ئادەممۇ ياكى دىۋىمۇ؟ مەن ھەر-قانداق نەرسىنى دەم تارتسام ئىچىمدە تىرىك قالمايتتى، سەن ئەجەب ئاغزىمدىن كىرىپ كەينىمدىن چىقىپسىنا؟! — دەپ نەرە تارتىپتۇ. شاھزادە تەمتىرىمەي:

— ھەي مەلئۇن! مەن ئۆلۈكنىڭ سۆزلىگىنىنى بۇ-گۇن كۆردۈم. سەن قېنى سىلكىنىپ باقمامسەن! — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ غەزەپلەنگەن ئەجدىھا شۇنداق بىر سىلكىنىپتى-كەن، بىر تەرىپى بىر تۇزلەڭلىككە چۈشۈپ تاغ بوپتۇ، يەنە بىر پارچىسى دەرياغا چۈشۈپ كۆۋرۈك بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن مە-



لىكە شاھزادىگە ئېسىلىۋاپتۇ ۋە:
— مەن سىزدەك باتۇرنى چوقۇم ئاتام بىلەن كۆرۈشتۈ-رىمەن، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە ئەجدىھانىڭ تېرد-سىدىن ئۈچ تال تاسما تىلىۋېلىپ بېلىگە يۆگەپ، مەلىكە بىد-لەن بىرگە ئوردىغا كەپتۇ. بۇ تېخى تاڭ ئاتمىغان چاغ ئىد-كەن، ئوردا ئەچىدە بولسا، قىزنىڭ ھازىسى بولۇۋاتقانىكەن. شاھزادە دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ:
— مەلىكەم، سىز كىرىپ تۇرۇڭ، مەن تايىنى باغلىۋېتىپ كېلەي، — دەپ، تايغا مىنىپ بىرلا ئۇچۇپ ھېلىقى تاغنىڭ كەينىگە چۈشۈپتۇ ۋە ئاۋۋالقى تاز سىياقىغا كىرىپ، ئايالىنىڭ يېنىغا كىرىپ چاندۇرماي ئۇخلاپتۇ.
ئەتىسى ئەتىگەندە بۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز - كۆزىنى يۇيغان چاغدا، مەلىكە ئېرىنىڭ قولىدا ئاچىسىنىڭ قولياغلىد-قىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئەسلىدە چوڭ مەلىكە شاھزادىگە قولىياغ-لىقىنى بەرگەنىكەن. مەلىكە شۇنىڭ بىلەن:
— ھەي بىلمەس تاز، سىزنىڭ قولىڭىزدا ئاچامنىڭ ياغ-لىقى تۇرىدىغۇ؟ سىز ئاخشام ئاچامنى قۇتقۇزغان ئوخشايسىز، شۇنداقمۇ؟ ئۆيدە يىغا - زارمۇ توختاپتۇ، — دەپتۇ. بىلمەس تاز:
— بۇ قانداقسىگە ئاچىڭىزنىڭ ياغلىقى بولسۇن، ئاچد-ڭىزدا بار ياغلىق مەندىمۇ بار. ئۇ يەرگە بارمىسام، ئەجدىھا بار جايىنىمۇ بىلمىسەم، — دەپتۇ. مەلىكە:
— مەن چوڭ ئۆيگە بېرىپ كېلەي، — دەپ ئوردىغا كىرسە، ئاچىسى بەخىرامان ئولتۇرغان. كەنجى مەلىكە خۇشال بولۇپ:
— ئەي ئاچا، سىزنى كىم قۇتقۇزۇپ قالدى؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاچىسى:
— مېنى بىر شاھزادە قۇتقۇزۇپ قالدى، — دەپتۇ سىڭ-لىسىنى تىللاپ، — سەن بىر تازنىڭ ئايالى، بۇنىڭدىن كېيىن

بۇ ئۆيگە ئاياغ باسقۇچى بولما، — دەپ قوغلاپتۇ. بۇ ئاھانەتكە چىدىمىغان مەلىكە، خەير بوپتۇ، سىنى ئاشۇ بىلمەس تاز قۇتـ-قۇزمىغان بولسا، ئاللىقاچان ئەجدىھانىڭ يېمى بولاتتىڭ، دەپ ئويلاپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ ۋە بىلمەس تازغا يىغلاپ تۇرۇپ:

— ھەي بىلمەس تاز، سەن مۇشۇنچىۋالا ئىشنى قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزۈڭنى ئاشكارىلىماي، مېنى نېمىشقا مۇنچىۋالا ئا-ھانەتكە قويىسەن؟ — دەپتۇ. بىلمەس تاز بولسا، ئايالىغا:

— ئەي گۈزەل مەلىكەم، نېمىگە بۇنچە ئالدىرايسىز ! پا-دىشاھنىڭ تېخى نۇرغۇن سىنىقى بار، شۇ سىناقلارنىڭ ھەممە-مىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزۈمنى ئاشكارىلىساممۇ كې-چىكمەيمىز، — دەپ ئايالىغا تەسەللى بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە سەۋر - تاقەت قىلىشقا باشلاپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھ ئوۋ گۆشى يېگۈسى كېلىپ قېلىپ، ئۈچ كۈيئوغلىنى قىچقىرىپ:

— ئەي باللىرىم، مېنىڭ ئوۋ گۆشى يېگۈم كېلىۋاتى-دۇ، ماڭا ئوۋ گۆشى ئەكېلىپ بەرسەڭلار، — دەپتۇ. ئۇلار: «خوپ، بولىدۇ» دەپ، ئۆز ئۆيلىرىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئىككى چوڭ كۈيئوغۇل ئىككى يارام ئاتقا مىنىپ مېڭىپتۇ. بىلمەس تاز بولسا، قۇلان ئارغىماقنى كەلتۈرۈپ شۇنىڭغا مىنىپتۇ، لېكىن بۇ ئارغىماق ھېلىقى ئىككىسىگە بىر كۆكباش توپاق بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ. شۇڭا، چوڭ باجىسى ئۇنى زاڭلىق قىلىپ:

— ھەي باجا، سەن بۇ كۆكباش توپىقىڭغا مىنىپ نېمە-مۇ ئاتالارسەن؟ — دەپتۇ. بىلمەس تاز شۇ ھامان:

— ھە، باجا، سىلەر ئاتساڭلار تاپقىنىڭلارنى بىرگە ئېلىپ كېلەرمىز ! ئۈچىمىز تۇغقان ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

— ھەممىمىز بىرگە ماڭساق ئوۋنى ياخشى قىلالمايمىز.

سەن ماۋۇ تەرەپكە ماڭ، بىز ماۋۇ تەرەپكە ماڭايلى، — دەپ، ئۇلار بىلمەس تازدىن ئايرىلىپتۇ. ئۇلار ئۇنىڭدىن ئايرىلغانغا خۇش بوپتۇ، بىلمەس تازمۇ ئۇلاردىن ئايرىلغانغا خۇش بوپتۇ. ئۇ تاغدىن ئارتىلىشى بىلەن، كۆكباش توپاق ئارغىماقنى ئايلىنىپتۇ، بىلمەس تاز بولسا شاھزادە سىياقىغا كەپتۇ. تاغدىن شۇنداق ئارتىلىشىغا ياۋا تۆگە ئۇچراپتۇ. شاھزادە ئوقيانى ئوقلاپ:

— بىر توپ تۆگە بىر پاي ئوقتا ئۆلگەيسەن، لېكىن ئىچ - قارنىڭ تاتلىق، گۆشۈڭ ئاچچىق بولغايسەن! — دەپلا ئوق ئۈزۈپتىكەن، بىر توپ تۆگە بىر پاي ئوقتا يىقىلىپتۇ. تۆگىلەرنى شۇ زامات بوغۇزلاپ، بىر تۆگىنىڭ جىگىرىنى كاۋاپ قىلىپ يەپ ئولتۇرغانىنىڭ ئۈستىگە ئىككى باجىسى كېلىپ قاپتۇ. قارىسا، بوغۇزلانغان نۇرغۇن تۆگە يەردە ياتقان، بۇنى كۆرۈپ باجىلىرى خۇشامەت قىلىپ:

— ئەي پادىشاھىم، سىز يالغۇز مۇشۇنچىۋالا تۆگىنى قانداقمۇ ئېلىپ كېتەرسىز؟ — دەپتۇ. شاھزادە ئۇلارغا:

— مەن زېرىكىپ ئوۋغا چىققانىدىم، بۇ تاغقا كەلسەم بۇ جانىۋارلار ئۇچرىدى، ئۇلارنى ئاتتىم. بۇنچىۋالا ئوۋ گۆشىنىڭ ماڭا ھاجىتى يوق، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان باجىلىرى:

— ۋاي پادىشاھىئالەم، بۇنى بىزگە سېتىپ بەرسىڭىز، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. شاھزادە:

— مەن بۇنى ساتمايمەن، ئەگەر ئالاي دېسەڭلار پۇل ئالمايمەن، لېكىن تېقىمىڭلارنى ئاچساڭلار تامغامنى بېسىپ قويسام بولىدى، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇشال بولۇپ تېقىملىرىنى ئېچىپ بېرىپتۇ، شاھزادە ئۇلارنىڭ تېقىمىغا: «ئۇلار بىلمەس پادىشاھنىڭ قۇلى» دېگەن تامغىنى بېسىپ قويۇپتۇ. ئىككى باجىسى خۇشاللىقىدا بۇ بىر توپ تۆگىنىڭ گۆشىدىن كۆتۈرەلىگىنىچە ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ.

شاھزادە تاز سىياقىدا ئۆيگە كىرسە، ئايالى ئۇنىڭدىن:
— سىز بىرەرنەرسە ئاتمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بىلمەس تاز:
— مەن ئاتقان نەرسىلەرنى ئىككى باجام ئەكېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ. ئەتىسى بىلمەس تاز ئايالىغا:
— چوڭ ئۆيگە بېرىپ باق، — دەپتۇ. مەلىكە چوڭ ئۆيگە بارسا، ئىككى ئاچىسى يەنە تەنە قىلىپ:
— بىزنىڭ ئەرلىرىمىزنىڭ ئېتىپ كەلگەن تۆگىلىرىنى كۆردۇڭمۇ؟ بىلمەس تاز نېمە ئېتىپ كەپتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ-دە، — ماۋۇ تۆگىلەرنىڭ كاللا - پاقالچاقلىرىنى ئاپىرىپ سېلىپ يەڭلار، — دەپ پۈتۈن تۆگىلەرنىڭ كاللا - پاقالچاق، ئىچ - قارنىنى كەنجى مەلىكىگە بېرىپتۇ. كەنجى مەلىكە ئۆيىگە كېلىپ:
— مېنى ئاچىلىرىم، كاللا - پاقالچاقنى ئال، دەپ مەسخىرە قىلدى، بىز مۇشۇنداق نەرسە يېگۈدەك بولۇپ قالدۇقمۇ؟ — دەپ ۋايساپتۇ، لېكىن بىلمەس تاز ھېچ ئىككىلەنمەي:
— كاللا - پاقالچاقنى بىزگە بەرگەن بولسا، ياخشى قىپتۇ، ئىككىمىز بېرىپ توشۇيلى، ئۇلار گۆشنى ھەرگىزمۇ يېيەلمەيدۇ، — دەپ، ئىككىسى كاللا - پاقالچاقلارنى توشۇپ ئەكېلىۋاپتۇ.
ئەتىسى ئىككى چوڭ كۈيئوغۇل پادىشاھنى گۆش سېلىپ مېھمان قىپتۇ. پادىشاھ خۇشال بولۇپ بۇ گۆشنى يېسە گۆش ئاچچىق بولۇپ، زادىلا يېيەلمەي، ئاخىر ئىككى كۈيئوغلىنى ئەيىبلىگىلى تۇرۇپتۇ. ئەتىسى بىلمەس تاز بىلەن كەنجى مەلىكە كاللا - پاقالچاقلارنى پاكىز يۇيۇپ، ئۇنىڭدىن نەچچە خىل شىرىن تائاملارنى ئېتىپ پادىشاھنى ۋە ئانىسىنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ. پادىشاھ:

— قېنى، بېرىپ باقايلى، ئۇلار قانچىلىك بىرنەرسە قىلغاندۇ؟ — دەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە كاللا - پاقالچاق يەپتۇ. پادىشاھنىڭ يېگەنسېرى يېگۈسى كېلىپ، ئاخىر:

— ئوغلۇم، بۇ تائاملار ئىنتايىن تەملىك بوپتۇ. كاللا - پاقالچاقلارنى سىلەرمۇ يەڭلار، بىزگىمۇ ئاپىرىپ بېرىپ تۇ-رۇڭلار، — دەپ رەھمەت ئېيتىپ كېتىپ قاپتۇ. بىلمەس تاز بىلەن ئايالى ھەر كۈنى بىر كاللا - پاقالچاقنى پىشۇرۇپ پا-دىشاھقا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ كىچىك كۈيئوغلىدىن ناھا-يىتى رازى بوپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مەلىكىنىڭ ئىككى ئاچىسى تېخىمۇ تاپا - تەنە قىلىپ، سىڭلىسىنى تىللىغىلى تۇرۇپتۇ. بۇ ئاھانەتكە چىدىمىغان كەنجى مەلىكە بىلمەس تازغا:

— سىز ئەمدى ئۆزىڭىزنى ئاشكارا قىلمىسىڭىز ئۆلۈۋا-لىمەن، بۇ دەردكە زادى چىدىمىدىم، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، سىز تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ھېلى كېلىد-مەن، — دەپ تاغنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، قولان تايغا:

— ئەي سۆيۈملۈك قولان تېيىم، ئايالىم ئىنتايىن ئازاب-



لىنىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇگۈن ئۇ ماڭا، سەن ئەمدى ئۆزۈڭنى ئاشكارىلىمىساڭ ئۆلۈۋالىمەن، دېدى، ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟ — دەپ قۇلان تايدىن مەسلىھەت سوراپتۇ. قۇلان تاي بىلمەس تازغا:

— ئۆزۈڭنى ئاشكارىلاشقا تېخى ۋاقىت بار ئىدى، ئامال بولمىسا مەيلى. سەن ئەتىگەنلىكتە پادىشاھلىق تونىنى كىيىپ، پادىشاھ تاھارەت ئېلىشقا چىققانغا ئۆلگۈرۈپ بارسەن. ئۇ سېنى كۆرۈپلا: «ۋاي پادىشاھىمئالەم، خۇش كېلىپلا» دەپ سېنى ئۆيگە باشلايدۇ. سەن پادىشاھقا «ئاتا» دېگەن سۆزدىن باشقا سۆزنى قىلما، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى بىلمەس تاز تايىنىڭ دېگىنى بويىچە سەھەردە پادىشاھلىق تونىنى كىيىپ، پادىشاھنىڭ يېنىغا: «ئەسسالام ئاتا» دەپ كىرىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ:

— كېلىڭ، پادىشاھىمئالەم، ئۆيگە كىرىڭ، — دەپتۇ. شاھزادە:

— ئاتا، ئاۋۋال ئۆزلىرى كىرسىلە، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ھەيران بولۇپ:

— مەن قانداق سىزنىڭ ئاتىڭىز بولىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ. بىلمەس تاز شۇ ھامان تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— مەن سىزنىڭ كىچىك قىزىڭىزنىڭ ئېرى بىلمەس تاز بولىمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ ھەيران قېلىپ:

— مېنىڭ كىچىك كۈيئوغلۇم بىر تاز تۇرسا، سىز بىر پادىشاھ تۇرسىڭىز، قانداقسىگە مېنىڭ كۈيئوغلۇم بولىسىز؟ — دەپتۇ. شاھزادە دەرھال:

— ئاتا، سىز ئىشەنمىسىڭىز قىزىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال قىرىق يىگىتنى چاقىرىپ كېلىپ، شاھزادىنى ئۇنىڭ ئارىسىغا قوشۇپتۇ ۋە كىچىك قىزىنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— قىزىم، مۇشۇ قىرىق بىر يىگىتنىڭ ئارىسىدا قايسىسى سىزنىڭ ئېرىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. مەلىكە ئۇدۇل كېلىپ شاھزادىنى قولىدىن تۇتۇپ ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىپ:

— ئەي شاھ ئاتا! مېنىڭ ئېرىم بىلمەس تاز مۇشۇ، بۇ يەتمىش ئىككى ئىقلىمنىڭ پادىشاھى مىڭكۇ باتۇرنىڭ ئوغلى، — دەپتۇ. بۇ گەپتىن پادىشاھ قورقۇپ داڭقېتىپ قاپتۇ. ئەسلىي مىڭكۇ پادىشاھ بۇنداق پادىشاھلىقتىن نەچچە مىڭنى باشقۇرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ شاھزادىنى تۆرگە چىقىرىپ، كاتتا زىياپەت بىلەن كۈتۈشكە باشلاپتۇ. شۇ چاغدا شاھزادە ئۆزىنى ئاشكارىلاپ:

— ئەي ئاتا، سىز بىزنى شىكارغا ئەۋەتكەندە مەن بىر توپ تۆگە ئاتتىم، ئۇ تۆگىلەرنى ئىككى كۈيئوغلىڭىزغا بەردىم، ئۇلارنىڭ يوتىسىغا: «بىلمەس پادىشاھنىڭ قۇلى» دېگەن تامغىنى بېسىپ، ئۇلارنى قۇل قىلىپ ئۆز ئىلكىمگە ئۆتكۈزۈۋالغانىدىم، — دەپتۇ. پادىشاھ دەرھال ئىككى چوڭ كۈيئوغلىنى قىچقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئوڭ تېقىمىنى ئاچتۇرۇپ قارىسا، ھەقىقەتەن «بىلمەس پادىشاھنىڭ قۇلى» دېگەن تامغا تۇرغان. بۇ چاغدا پادىشاھنىڭ چوڭ قىزى:

— ئەي ئاتا، ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ، مېنى ۋە يۇرتنى قۇتقۇزغان يىگىت مۇشۇ. ئۇ بىزنىڭ كۈيئوغلىمىز بىلمەس تازكەن ئەمەسمۇ؟! — دەپتۇ ۋە نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سىڭلىسىغا قىلغان ئاھانەتلىرىنى ئويلاپ قاتتىق خىجالەت بوپتۇ.

شاھزادە مانا شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ يۇرتقا پادىشاھ بوپتۇ، ئىككى باجىسى بولسا پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن دەرۋازا ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرارمىش.

# شاھزادە بەھرام

ئەل ھېكايەت كىتابلىرىدا ئانداق رىۋايەت قىلىندۇلەركى، رۇم شەھىرى پادىشاھى ئادىلىنىڭ گۇلرىز ئاتلىق تولىمۇ گۈزەل بىر قىزى بار ئىدى.

مەلىكە گۇلرىز بويىغا يەتكەندە تەرەپ ـ تەرەپلەردىن ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولۇشنى ھەۋەس قىلغان شاھزادە ۋە بەگزادىلەرنىڭ ئەلچىلىرى شاھ ھۇزۇرىدا ئۈزۈلمىدى. بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان مەلىكە گۇلرىز پادىشاھ ۋەزىرى ئەبلاقىنى ئۆز مېھمانخانىسىغا ئالاھىدە چاقىرتتۇرۇپ مەقسىتىنى بايان قىلىپ دېدىكى:

— دادامدىن بىر كېڭەش سورايمەن، دادام مېنىڭ كېڭىشىمگە ئۇنىسا، بۇ ئىشتا خەتەر يەتمەيدۇ.

ۋەزىر پادىشاھ قېشىغا كىرىپ مەلىكىنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى. پادىشاھ دېدىكىم:

— ئەي ۋەزىر، سەن قىزىمغا دېگىن، قىزىمنىڭ نېمە گېپى بولسا، ماڭا دېسۇن.

ۋەزىر پادىشاھنىڭ سۆزىنى مەلىكىگە يەتكۈزدى. مەلىكە:

— ئەي ۋەزىر، دادامغا ئىلتىماسىم شۇكى، مېنى ياتلىق قىلماقچى بولسا، دادام شەھەرنىڭ چېتىگە بىر باغ بىنا قىلسۇن. باغنىڭ بىر تەرىپىگە كۆل قازدۇرسۇن، يەنە بىر تەرى-

پىگە بىر مەيدان راسلاپ، دەل ئوتتۇرىسىغا ئېگىزلىكى ئىك-كى يۈز غۇلاچ مۇنار تىكلىسۇن. مۇنارنىڭ تاملىرىنى ئالتۇن، كۈمۈش، ئالماس، لەئەل ـ ياقۇت، زۇمرەتتىن كۆز قويۇپ نە-قىش قىلسۇن. باغ ئىچىگە تۈرلۈك مېۋىلەردىن كۆچەت سال-دۇرسۇن، گۈل ـ گۈلزارلىق بولسۇن. ئۇ مۇنارنىڭ تۆپىسىگە بىر ئالتۇن ناغرا، بىر كۈمۈش چوكا قويسۇن. ماڭا ئاشىق بولغان يىگىتلەر مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ناغرىنى كۈمۈش چوكا بىلەن ئۇرسۇن. مەن بۇنى ئاڭلاپ بەش يۈز كېنىزىكىم بىلەن مەيدانغا هازىر بولۇپ تۆت مىسرا بېيىت ئوقۇيمەن. كەلگەن كىشى مەيلى گاداي بولسۇن، مەيلى پادىشاھ بولسۇن، مەن ئوقۇغان تۆت مىسرا بېيىتقا تۆت مىسرا بېيىت ئوقۇسا، مەنىسى مەنىسىگە كەلسە، ئۆزۈمنى ئاڭا قوبۇل قىلىمەن، بۇنداق قىلالمىسا، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىمەن. بۇ جاي-نىڭ ئېتىنى «باغى ئېرەم» قويسۇن، مېۋىسىنى ئالەم خەلقى يەپ تۇرسۇن، — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى.

ۋەزىر مەلىكىنىڭ تەلىپىنى پادىشاھقا ئېيتتى. پادىشاھ مەلىكىنىڭ تەلەپلىرىگە ماقۇل بولدى.

پادىشاھ يارلىق قىلىپ، نۇرغۇن ئادەم ئون كۈنلۈك ئو-زۇقى بىلەن ئىشلىگىلى كەلدى. دېگەن قەرەلدە ئىمارەت پۈت-تى، بىر تەرەپتە مەيدان راسلاندى، مەيداننىڭ دەل ئوتتۇرد-سىدا ئېگىزلىكى ئىككى يۈز غۇلاچ مۇنار تۇرغۇزۇلدى، بىر تەرەپكە كۆل قازدۇردى، باغقا تۈرلۈك ـ تۈمەن مېۋىلىك كۆ-چەت سالدۇردى.

باغى ئېرەم مەلىكە ئېيتقاندىنمۇ زىيادە بولدى. باغى ئې-رەم پۈتكەن بىر يىلنىڭ ئىچىدە كامالىغا يەتتى. مۇنارنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن ناغرا بىلەن كۈمۈش چوكىنى قويدى.

پادىشاھ جاكار قىلدۇردىكىم: «ئەييۇھەنناس، ئىشىتىڭلار

ئامىغا خاس ! ھەركىشىكىم مەلىكىگە ئاشىق بولسا، مەلىكەمـ
ـنىڭ تويلۇقىغا ھېچ نەرسە لازىم ئەمەس. مەلىكەمگە ئاشىق
يىگىتلەر ئۆزىنى ئوبدان چاغلاپ، بىلىنى مەھكەم باغلاپ،
سۆز ئېيتقىلى ئۆزىنى ياراغلاپ، شۇبۇ مۇنارنىڭ تۆپىسىگە
چىقىپ ناغرىنى ئۇرسۇن. مەلىكە ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ
مەيدانغا چىقىپ تۆت مىسرا بېيىت ئوقۇيدۇ. ھەركىشىكى،
مەلىكە ئوقۇغان تۆت مىسرا بېيىتقا تۆت مىسرا بېيىت ئېيـ
ـتىپ، مەنىسى مەنىسى بىلەن، ھەرپى ھەرپى بىلەن باراۋەر
كەلسە، ئۆزىنى ئاڭا قوبۇل قىلىدۇ، بولمىسا، بېشىنى تېنىدىن
جۇدا قىلىدۇ ! »

بۇنى بىر يىل ئىچىدە ھەممە ئىقلىمدىكى خالايىقلار ئاڭـ
ـلىدى، تامام ئالەم خەلقى مەلىكەمنى داڭلىدى.

ئەلقىسسە: بىر يىلنىڭ ئىچىدە پادىشاھ، گادايلاردىن بوـ
ـلۇپ تۆت يۈز سەكسەن ئالتە يىگىت مەلىكە بىلەن تەڭ كېـ
ـلەلمەي ھەممىسى بېشىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردى. مەلىكىنىڭ
ئەسلىي ئىسمى گۈلرىز ئىدى، ئادەملەرنى تولا ئۆلتۈرگەنلىكى
ئۈچۈن «مەلىكە خۇنرىز» ئاتالدى، ئادەم بېشىدا مۇنار قوپۇردى.

ئەلقىسسە: رۇم شەھرىدە قۇبىس ئاتلىق بىر قىرى سوـ
ـدىگەر بار ئىدى. بۇ سودىگەر مەلىكىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ ئۇـ
ـنىڭ ئالدىغا كەلدى.

شۇ ئەسنادا مەلىكىمۇ راۋاق ئۈستىدە كوچىغا نەزەر
تاشلاپ ئولتۇرغانىدى. قۇبىس مەلىكىنى كۆرۈپ بۇ بېيىتنى
ئوقۇدى:

ئەي مەلىكەم، مەن سېنىڭ ھىجرىڭدە ئۆلسەم نە بولۇر،
ئىشقى دەردىڭدە يۈرەكنى مىڭ پارە قىلسام نە بولۇر.
دىلبىرىم، ئالەمدە ھېچكىم سەن كەبى رەنا ئەمەس،

كىچە ـ كۈندۈز خىزمىتىڭدە، لەببەيدە تۇرسام نە بولۇر.
نەچچە چاغ ئىشقىڭدا كۆيدۇم، سىنى ھېچبىر كۆرمىدىم،
ئارزۇ ـ ئارمانىم بىلەن باغرىڭدا كۈلسەم نە بولۇر.

مەلىكە كۆڭلىدە، بۇ كىشى بېيىتنى خېلى ئوبدان ئو-قۇيدىغاندەك قىلىدۇ، لېكىن يىگىتلىك مەۋسۇمى كېتىپ، قېرىلىقنىڭ نۆۋىتى يېتىپ قالغان بوۋاي ئىكەن، دەپ ئويلى-دى ـ دە، غەزەپلىنىپ: «جاللات !» دەپ ۋارقىرىدى. جاللاتلار: «كىمنىڭ ئەجىلى تولدىكىن؟» دەپ يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ، مە-لىكىنىڭ ئالدىدا «خوش» دەپ تۇردى. ئاڭغىچە بوۋاي قورقۇپ جېنى چىققۇدەك بولۇپ، ئوقۇغان بېيىتىغا پۇشايمان قىلىپ، كوچىنىڭ خالىي يېرى بىلەن ئۆيىگە بېرىۋالدى. ئەمما، مە-لىكىنىڭ ئىشقىدا بىر ئوتى مىڭ بولدى، دەرد ـ پىراقىدا ھەيران ۋە سەرگەردان بولۇپ، بىر خىلۋەت جاينى ئىختىيار ئەيلەپ، يەتتە ئايغىچە ئۆمۈر كەچۈردى. كۈنلەردىن بىر كۈنى بوۋاي خىيال قىلىپ، مېنىڭ بۇ خىلۋەت جايدا يېتىپ يىغلى-غىنىمدىن نېمە پايدا ھاسىل بولۇر؟ ئەرلەرگە ھىممەت كې-رەك، مەزلۇملارغا زىننەت، ئەرنىڭ نىشانىسى ھىممەت، دەپ، بېلىگە ھىممەت كەمىرىنى باغلاپ چىقىپ ئالتۇن ناغرىنى كۆمۈش چوكا بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى.

مەلىكە ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. مەلىكىنىڭ گۈ-لەندەم دەپ بىر كېنىزىكى بار ئىدى، ھەركىم ناغرىنى ئۇرسا چىقىپ ئوبدان تەھقىقلەپ كىرىپ مەلىكىگە خەۋەر ئېيتاتتى. مەلىكە:

— ئەي گۈلەندەم، تالاغا چىقىپ قاراپ باققىن، قانداق ئەجىلى توشقان كىشى كەپتۇ؟ — دېدى. گۈلەندەم قارىغۇدەك بولسا، بىر قېرى بوۋاي ئىدى. يېنىپ كىرىپ:

— ئەي مەلىكەم، يىگىتلەرنى تولا ئۆلتۈرۈپ، خارلىققا سېلىپ، قارغىشقا ئۇچرىدىڭىزمۇ؟ ئۇ، قۇۋۋەتتىن خالىي قول- لىرى گۆرلۈكنىڭ خادىسىدەك، پۇتلىرى كېۋەزنىڭ شادىسىدەك بىر قېرى بولۇپ، ئۆلۈم خېتىنى بويىنىغا سېلىپ تۇرۇپتۇ، — دېدى. مەلىكە:

— ئۇنداق بولسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەيمەن، ئۇ- نى بىرنەرسە بېرىپ ياندۇرۇڭلار، — دېدى. گۈلەندەم چىقىپ:

— ئەي بوۋاي، بىر كۈنمۇ بولسا، جان غەنىيمەت. مە- لىكەم شۇنداق زالىم - خۇنخور، تۆت يۈز سەكسەن ئالتە يى- گىتنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى، ساڭا ھەرگىز رەھىم قىلمايدۇ، — دېدى. قۇبىس بىئىلاج بولۇپ:

— ئەمىسە، مېنىڭ كېسىلىمگە داۋا تېپىپ بەرگىن، مەن بۇ ئىشتىن كېچەي، — دېدى. گۈلەندەم:

— ئەي بوۋاي، سېنىڭ كېسىلىڭگە داۋا شۇكى، مەلى- كەمنىڭ سۈرىتىنى قەغەزگە سىزدۇرۇپ بېرەي، مەلىكەمنى كۆرگەندەك بولۇرسەن. ھەركىشى مەشۇقىنى ئۇيقىدا كۆرەل- مەي، چۈشىدە كۆرسىمۇ، كۆڭلى خۇش بولىدۇ، — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بوۋاينىڭ كۆڭلى خۇش بولۇپ، جېنى ئىچىگە پاتماي قالدى.

مەلىكە گۈلرىزنىڭ رەسسام، نەققاشلىرى تولا ئىدى. كې- نىزەك شۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىگە مەلىكىنىڭ سۈرىتىنى سىزدۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ بوۋاينىڭ قولىغا بەردى. قۇبىس بۇ سۈرەتنى توققۇز تەزىم قىلىپ ئېلىپ، مۇساپىرچىلىقنى ئىخ- تىيار ئەيلەپ، مەلىكە گۈلرىزدىن كېچىپ، رۇم شەھىرىدىن چىقىپ نۇرغۇن مەنزىل بېسىپ، ئاخىر خاقانى چىن دىيارىغا يېتىپ بىر تاغدا جاي تۇتتى.

ئەلقىسسە: خاقانى چىنىنىڭ بەھرام شاھ ئاتلىق بىر ئوغ-

لى بار ئىدى، شىكار سەيپرىگە بىسيار ئامراق ئىدى. ئۇ كۈن-
لەرنىڭ بىرىدە تاماشا ئۈچۈن ئاتىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ
شىكارغا چىقتى، ھېچ جاندارنى قولغا كەلتۈرەلمەي، بىر كې-
يىكنى قوغلاپ ئاخىر بىر تاغنىڭ ئېتىكىگە بېرىپ قالدى،
قارىسا، بىر بوۋاي تاغنىڭ ئېتىكىدە ماكان تۇتقانىدى. ئۇ
بوۋاي غەزەل ئوقۇپ قوينىدىن بىر سۈرەتنى چىقىرىپ قاراپ:
«ئاھ مەلىكەم» دەپ نالە - زار قىلىپ يىغلايتتى. بەھرام شاھ
بوۋايغا ئىچ ئاغرىتىپ قېشىغا كېلىپ، بوۋاينىڭ بېشىنى
سىلاپ ھال - ئەھۋال سورىدى. قۇبىس رۇم شەھىرىدىكى مە-
لىكە خۇنرىزغا ئاشىق بولغانلىقىنى بەھرام شاھقا ھېكايەت
قىلىپ بەردى. بەھرام شاھنىڭ كۆڭلى باشقىچە بولۇپ، مەلى-
كىنىڭ سۈرىتىنى كۆردى ۋە مەلىكىگە غايىبانە ئاشىق بول-
دى، دەرد - پىراق ئىچىگە تولۇپ، ئوردىسىغا كېلىپ ئاتىسى
قېشىغا بېرىپ تەزىم بەجا ئەيلىدى. ئاتىسى ئوغلىنىڭ ھالى-
تىنىڭ ئۆزگىچە، چىرايىنىڭ سارغايغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي ئوغلۇم، كىمدىن ئازار يېدىڭ؟ بۇگۈن قازىنىڭ
ئالدىدا قەسەم ئىچكەن كىشىدەك بوپسەن، دەردىڭنى ماڭا بايان
قىل، — دېدى. ئوغلى:

— ئەي ئاتا، مەن ھېچكىمدىن ئازار - كۈلپەت تارتقى-
نىم يوق، رۇم شەھىرىدىكى پادىشاھ ئادىلنىڭ قىزى مەلىكە
گۈلرىزگە غايىبانە ئاشىق بولدۇم. ماڭا رۇخسەت بەرسىڭىز،
رۇمغا بارسام، — دېدى. ئاتىسى:

— ئەي ئوغلۇم، ئۆزۈڭنى ئەجدىھانىڭ ماكانىغا ئۇرماي،
بىرنەچچە كۈن سەۋر قىلساڭ، — دېدى. ئوغلى ئاتىسى ئال-
دىدا نائىلاج ماقۇللۇق بىلدۈردى. ئەمما، بىرنەچچە كۈندىن كې-
يىن بەھرام شاھزادە بېشىغا كۈلاھ، ئۇچىسىغا جەندە كىيىپ
قەلەندەر سىياقىغا كىردى. ئاتىسي بالىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆ-

روپ، بىرنشقا نائىلاج رۇخسەت بەردى.

شاھزادە بەھرام رۇم يولىغا ئەزىم بولۇپ، مەنزىللەرنى بېسىپ يەتتە ئاي يول يۈرۈپ رۇم شەھىرىگە يېتىپ باردى. كېچىسى بىر جايىنى ماكان قىلىپ، ئەتىسى مەلىكە رۇمىنىڭ باغى ئىرەملىرىنى كۆرۈپ تاماشا قىلدى ۋە مەلىكە گۈلرىزگە ئاشىقلىق سەۋەبىدىن ئۆلگەن يىگىتلەرنىڭ بېشىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ كەلگىنىگە پۇشايمان ـ نادامەتلەر قىلدى، ھەربىر ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ تۇپراق بېشىغا پۈتۈلگەن: «بۇ پالان شاھزادىنىڭ بېشى، ئۆزىنى چاغلىماي ئاشىقلىق دەۋاسى قىلغانلىقىنىڭ جازاسى شۇ» دېگەن خەتلەرنى كۆرۈپ، يەتتە ئايلىق يەردىن ئەجىلىم ياقامنى سىقىپ ئەكەلگەنىكەن، خەير، بۇ ئىشتىن يانمىقىم مەردانىلىك ئەمەس، سۆزىدە تۇرمىغان كىشى ئادەم ئەمەس، مەلىكەمنىڭ يېنىدا ئۆلسەم، شېھىت ئاشىق بولۇرمەن، كېيىنكى خالايىق مېنى مەردانىلىكىدە ئۆلگەنىكەن دەر، دەپ، ئۆلۈمگە كۆڭلىدە رىزالىق بەردى ۋە بېلىنى مەھكەم باغلاپ، ئۆزىنىڭ ئۆلەرىنى چاغلاپ، مەلىكىنىڭ دەردىدە يۈرەك ـ باغرىنى داغلاپ، مۇنار زەررىنىنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ ئالتۇن ناغرىنى كۈمۈش چوكا بىلەن چالدى. مەلىكە تازا ئۇيقۇدا ئىدى، چۆچۈپ ئويغىنىپ:

— ئەي گۈلەندەم، چىقىپ مۇنارغا قارىغىن، يەنە قانداق ئەجىلى توشقان ئادەم كەپتۇ؟ — دېدى. گۈلەندەم چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر ياش يىگىت مۇنار ئۈستىدە تۇرغۇدەكمىش، يېنىپ كىرىپ:

— ئەي مەلىكەم، شاھزادە سۈپەت، ئەجەب نۇرانە، يۈزى يورۇملاق يىگىت ئىكەن، — دېدى. مەلىكە:

— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ چىقمىقىم لازىمدۇر، — دەپ ياسىنىپ، بەش يۈز ئوردا قىزىنى ئۆزىدەك ياساپ، شەمشادتەك

قىزىرىپ، تاۋۇس يەڭلىغ رەپتار جىلۋىلەر قىلىپ، قاشلىرىغا ئوسما قويۇپ، باشلىرىغا خاس پوسمىلار كىيىپ مەيدانغا چىقتى. ھەر تەرەپتىن خالايىق تاماشا كۆرگىلى كەلدى.

مەلىكە ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇردى، يېنىغا كۇمۇش كۇرسى قويدى، شۇ زامات شاھزادە بەھرامغا كىشى ئەۋەتىپ ئالدۇرۇپ كەلدى. شاھزادە بەھرام مەلىكىنى كۆرۈپ تەزىم بەجا ئەيلىدى، ئاندىن كېيىن مەلىكە شاتۇتىدەك شېرىن سۆزگە كىردى. مەلىكە سورىدىكىم:

— ئەي يىگىت، سىز قايسى دىياردىن كېلۇرسىز؟ قايسى باغنىڭ گۇلى ۋە قايسى چىمەننىڭ بۇلبۇلى؟ نام - نەسەبىڭىزنى بايان قىلىڭ.

شاھزادە بەھرام:

— ئەي مەلىكەم، نام - نەسەبىمنى سورىسىڭىز، خاقانى چىننىڭ ئوغلى بولىمەن. سىزنىڭ تەرىپىڭىز بارچە ئالەم خەلقىگە ئاڭلاندى، ھۆسن - جامالدا بەركامىللىقىڭىز تامام يۇرتلارغا داڭلاندى، يىگىتلەرگە رەھىم قىلماي تولا ئۆلتۇرگەننى ئىشىتىپ، تامام يىگىتلەرنىڭ يولى باغلاندى. مەن سىزگە غايىبانە ئاشىق بولۇپ، خانۇ مانىمدىن كېچىپ، يەتتە ئايلىق يوللارنى كېزىپ كەلدىم، — دېدى. مەلىكە گۇلرىز:

— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ شانۇ شەۋكىتىمگە، قەددى - قامىتىمگە تۆت مىسرا بېيىت ئوقۇپ، ماڭا ئاشىقلىقىڭىزنى مەلۇم قىلىڭ، — دېدى. شاھزادە بەھرام مەلىكە ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي سەنەم، لەئەل لېۋىڭ بىسيارى مەيگۇندۇر بۇگۇن،
ياش تۆكۇپ ئىشقىڭدا كۆز گۆھىرى گۇلگۇندۇر بۇگۇن.
كۆزلىرىڭنىڭ خەنجىرى باغرىمنى يەكسان ئەيلىدى،

جىسمى ـ زاتىڭنى كۆرۈپ دىل غەمگە سۇرگۈندۇر بۇگۇن.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي بويۇڭنىڭ تۈزلۈكى شۇنداقمۇ گۈلگۈندۇر بۇگۇن،
ھەممە ئالەم ئىشتىياقىمدا، جىگەرى خۇندۇر بۇگۇن.

بەھرام بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئارى ـ ئارى ئارزۇيۇڭ نەقشى نامىياندۇر بۇگۇن،
ۋەھشىتىڭدىن دەشت ـ سەھرايى قىزىل قاندۇر بۇگۇن.
رەھىم قىلماي كۆپ كىشىنى ئەيلىدىڭ قانغا غەرق،
بۇ سېنىڭ زۇلمىڭغا يۈز ھەجاج ھەيراندۇر بۇگۇن.

مەلىكە شاھزادە بەھرامنىڭ ئوقۇغان بېيىتىغا پىسەنت قىلماي، جاللاتنى چاقىرىپ ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. جاللاتلار يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. شاھزادە بەھرام قورقۇنچتىن بۇ ئالەمدىن ئاخىرەتكە بويۇن سوزۇپ، جاندىن ئۈمىد ئۈزدى. ئەمما، مەلىكە گۈلرىزنىڭ كىچىكلىكىدە بىر ئىنىكئانىسى بار ئىدى. ئىنىكئانىسى:

— ئەي قىزىم، كۆپ شاھزادىلەرنىڭ بىگۇناھ باشلىرىنى تېنىدىن جۇدا قىلدىڭىز، ئۇنىڭدىن نېمە پايدا ھاسىل بولدى؟ مەن بەرگەن سۇتۇمنىڭ ھەققىدە بۇ يىگىتنىڭ گۇناھىنى تىلەيمەن، — دېدى. مەلىكە شاھزادە بەھرامنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ قويۇپ بەردى.

شاھزادە بەھرام ئۆلۈمدىن قۇتۇلغىنىغا مىڭ شۈكۈرلەر قىلىپ، شەھەردىن چىقىپ بىر دەريا بويىغا باردى، غۇسلى تاھارەت ئېلىپ خۇداغا ئىبادەت قىلىشقا مەشغۇل بولۇپ، مۇناجات قىلىپ: «ئى بىمالال، بەركامال، بىچارىلەرنىڭ پادىشاھى، ھاجىتىمنى راۋا قىل، مۇشكۇلۇمنى ئاسان قىل» دەپ يىغلىدى.

شاھزادە بەھرامنىڭ تىلىكى ئىجابەت بولۇپ، خۇدا خىزىر ئەلەيھىسسالامغا: «ئەي خىزىر، سەن بېرىپ شاھزادە بەھرام-نى مەھبۇبىغا يەتكۈز» دېدى. خىزىر كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە شاھزادە بەھرام قېشىدا ھازىر بولۇپ:

— ئەي شاھزادە، ئورنۇڭدىن قوپقىن، مەن سېنى مەھبۇ-بىڭغا يەتكۈزگىلى كەلدىم، — دېدى. شاھزاد بەھرام خىزىرنى كۆرۈپ تەزىم قىلدى. ئاندىن:

— ھەزرەتلىرى كىم، مەن تونۇيالمىدىم؟ — دېدى. خى-زىر ئەلەيھىسسالام:

— مەن خىزىردۇرمەن، يۇرگىن، — دەپ، شاھزادە بەھرامنىڭ قولىدىن يېتىلەپ كېلىپ، رۇم شەھىرىدىكى باغى ئېرەمنىڭ كانارىسىدا توختىتىپ:

— سەن مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئەنجۇر يېگىن، — دەپ ئەنجۇر دەرىخىنىڭ تۈۋىدە قويۇپ، ئۆزى بىر بوۋاي سۈرىتىدە بولۇپ مۇنارغا چىقىپ، ئالتۇن ناغرىنى كۈمۈش چوكا بىلەن چېلىشقا باشلىدى. ناغرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان گۈلرىز:

— ئەي گۈلەندەم، چىقىپ قارىغىن، قايسى جاندىن تويغان ئادەم كەلگەندۇ؟ — دېدى. گۈلەندەم چىقىپ قارىسا، كۆزلىرى چېقىر، يۈزلىرى چوقۇر، ئاغزى مايماق، بېشى تاز بىر بوۋاي. گۈلەندەم ھەيران بولۇپ ئارقىسىغا يېنىپ، مەلىكىگە:

— ئەي مەلىكەم، سىز يىگىتلەرنى تولا ئۆلتۈرۈپ راستىنىلا ئۆلارنىڭ قارغىشىغا ئۇچراپسىز، ئەمدى سىزدىن ئامەت قېچىپتۇ. ئەجەل خېتىنى بويىنىغا سالغان، ئۆلۈمنى ئىزدەپ تاپالمىغان، قېرىلىقىدىن بەللىرى يادەك ئېگىلگەن، جاندىن زېرىككەن بىر بوۋاي سىز بىلەن ئويناشقىلى كەپتۇ. ئۇنى قىلىچ سېلىپ ئۆلتۈرگىلى ئادەمنىڭ نومۇسى كېلىدۇ، — دېدى. مەلىكە:

— ئۇنداق بولسا، ئۇ بوۋاينى ئۆلتۈرۈش ھاجەتسىز، مېنىڭ سۆزلەشمىكىم مۇناسىپ ئەمەس. بىرەر نەرسە بېرىپ ياندۇرۇڭلار، — دېدى. گۇلەندەم چىقىپ:

— ئەي بوۋا، ئۆز جېنىڭغا ئۆزۈڭ جاپا قىلىپ نېمە قىلارسەن؟ مەلىكەم چەندان ئاقىل، دانىشمەن. ئۇ ئىشىق- پىراقىدا كەلگەن يىگىتلەرگە رەھىم قىلمىدى. مەسلىھىتىم شۇكى، قېرىغان چېغىڭدا ئاشىقلىق دەۋاسى قىلماي، ئاخىرقى ئۆمرۈڭنى خاتىرجەم ئۆتكۈزگىن، — دېدى. خىزىر:

— ئەي دېدەك، كىرىپ مەلىكىنى قىچقىرىپ قويغىن. مەلىكىنى قولۇمغا كەلتۈرمىگۈچە قايتماسمەن، ئاشىقلىق دەۋاسىدىن يانماسمەن، مەلىكە بىلەن بىر يەردە بولمىغۇچە ئارزۇيۇمغا قانماسمەن. ئەي دېدەك، كىر، مەلىكە پاتىراق مېنىڭ ئالدىمغا چىقىپ كۆرۈشۈپ جاۋاب بەرسۇن. مەن ئا- شىقلىقىدىن تانىدىغان ئەخمەق ئادەملەردىن ئەمەس، — دەپ تۇرۇۋالدى.

گۇلەندەم بوۋاينىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ، مەلىكە قېشىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئۆزىنى توختىتالماي يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەي مەلىكەم، ئۇ بوۋاي: «مەلىكە رۇمنى ئالمىغۇچە كەتمەسمەن، ئۇنى مەن ئالمىسام، ئۇ يەنە ئاشىق يىگىتلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ، پاتىراق چىقىپ مېنىڭ بىلەن سۆز- لەشسۇن» دەيدۇ، — دېدى. مەلىكە گۇلرىز بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئاتەش نەپسى بېشىغا ئۆرلەپ، مەيدانغا چىقماقچى بولدى. بۇ چاغدا ۋەزىر:

— ئەي مەلىكەم، نى نەۋقىران يىگىتلەر سىزگە تەلك كېلەلمەي ئۆلدى. بۇ ئەقلىدىن ئازغان بوۋاينىڭ ئىشى بىر قىلىچ بىلەن تامام بولۇر، — دېدى. مەلىكىنىڭ كۆڭلى خېلى تەسكىن تاپتى. مەلىكە ئۆزىگە زىبۇزىننەت تاقاپ ياسىنىپ،





ئوردا قىزلىرىنى باشلاپ نازۇكەرشىملەر بىلەن مەيدانغا چىق- قىپ بوۋاي بىلەن كۆرۈشتى. بوۋاي مەلىكىگە تەزىم قىلدى. مەلىكە بوۋايدىن:

— قايسى قەبىلىدىن بولۇرسىز؟ نېمە ئۈچۈردىن كەلدىڭىز؟ نام ـ نەسەبىڭىزنى ماڭا بايان قىلىڭ، — دېدى. خىزىر:

— ئەرەب قەبىلىسىدىن، بۇ يىل بىر يۈز توقسان ئالتە ياشقا كىردىم، تېخى ئۆيلەنگىنىم يوق. سىزنىڭ تەرىپىڭىز تامام ئالەم خەلقىگە داڭلاندى، بىۋاپالىقىڭىز تامام يۇرتلارغا ئاڭلاندى، نۇرغۇن يىگىتلەرنىڭ ھاياتلىق يولى باغلاندى. مەن تەرىپىڭىزنى ئاڭلاپ ئىشق ـ مۇھەببىتىڭىزگە چىديالماي، خانۇمانىمدىن كېچىپ خىزمىتىڭىزگە كەلدىم. مېنىڭ ئېتىم ئەبۇلھەرنى ۋىسە قوبۇلمەن، ئىشلەتسە قۇل، ساتسا پۇلمەن، — دېدى. مەلىكە:

— ئۇنداق بولسا، مەن ئەرەبچە تۆت مىسرا بېيىت ئوقۇي- مەن، سىزمۇ شۇنىڭغا بېقىپ تۆت مىسرا بېيىت ئوقۇڭ، مەنىسى مەنىسىگە، ھەرپى ھەرپىگە باراۋەر كەلسۇن، شۇندىلا ئۆزۈمنى سىزگە قوبۇل قىلاي، بولالمىسىڭىز، بېشىڭىزنى تېنىڭىزدىن جۇدا قىلاي، — دېدى.

ئەلقىسسە: مەلىكە ئەرەبچە، پارسچە، كەشمىرچە، ھىندىچە بېيىت ئوقۇدى. بوۋاي ھەر قېتىم مەلىكىنى لال قىلدى.

مەلىكە بوۋايغا تەڭ كېلەلمەي خاپا بولدى ۋە بوۋاينى تۇركىي تىلغا ئاجىز كېلۇر، دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي ساددا بوۋاي، ئەيلەمەگىل ئەيش تەرەپ،
كېچىلىرى قىلغىن ئەمدى ھەقنى تەلەپ.
پارس تىلىنى مەگەر ئېزىپ ئىچىپسەن،
كېكەچ بولۇرسەن سۆزدە تۈركىي سەن.

مەلىكە گۈلرىز دائىم يۈزىگە نىقاب تارتىپ يۈرەر ئىدى، ھەركىم سۆزىدە چېچەنلىك قىلسا، يۈزىدىكى نىقابىنى ئاچاتتى. يىگىتلەر مەلىكىنىڭ جامالىنى كۆرگەن ھامان تىلى لال، ئەقلى مالال بولۇپ تىلىغا سۆز كەلمەس ئىدى. مەلىكە شۇ ئادىتىچە توساتتىن يۈزىدىن نىقابىنى كۆتۈردى، لېكىن بوۋاي پەرۋاسىز ھالدا تۈركىي تىلدا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي جانجىگەر، مېنىڭ جىگەر ـ جانىم يوق،
بىر خەنجەر ئۇرساڭ ھۆل بولغۇنچە قانىم يوق.
قېرىغان چاغدا مەن بويۇڭنى قۇچاقلاپ،
بىر بۆسە قىلىپ ئۆلسەم ئارمانىم يوق.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي پىرى ئەرەب، تاڭلا كېلىپ قان تىلەگىن،
قىلغان گۇناھىڭغا ئەتە پىرشان تىلەگىن.
گۆرگە ئاياغىڭ يېتىپتۇر ئەي قېرى چال،
تۆۋە قىلىپ ئەمدى ئىمان تىلەگىن.

بوۋاي بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي قىز، مېنى قىلما سۆھبىتىڭدىن مەھرۇم،
غەم تىغى بىلەن تىلىنمىسۇن بۇ كۆڭلۈم.

ساقالىم ئاقارغان بىلەن يىگىتمەن،
سۆي، بۆسە قىلاي قانسۇن كۆڭلۈم.

بوۋاي قىزنى بېيىتتا يىگىپ، ئاخىر ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى دېدى:

— مەن خىزىر ئەلەيھىسسالام بولىمەن. ماڭا خۇدايىتائالادىن ۋەھىي بولدى، سېنى شاھزادە بەھرامغا ئېلىپ بەرگىلى كەلدىم. شاھزادە بەھرامنى ئۆزۈڭگە قوبۇل قىلساڭ، گۇناھىڭدىن ئۆتىمەن، بولمىسا، جازالىنىسەن، — دېدى. مەلىكە:

— ھەزرىتىم، ئۆزلىرى نېمە دېسىلە ئىلتىپاتلىرى، — دەپ باش ئېگىپ تۇردى.

ئەلقىسسە: مەلىكە ئۆزىنى بەھرام شاھزادىگە قوبۇل قىلدى ۋە بارلىق شەھەر خەلقىنى تويغا چىللاپ، نەچچە كۈنگىچە ئاش بەردى. خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا نىكاھ قىلدى.

مەلىكە گۈلرىز بىلەن شاھزادە بەھرام تويدىن كېيىن بىر نەچچە زامان رۇم شەھرىنى تاماشا قىلدى. ۋاقىت ئۆزاپ، شاھزادە بەھرام ئاتا ـ ئانىسىنى سېغىنىپ ـ ياد ئېتىپ، ئۆز يۇرتى خاقانى چىنغا قايتىش ئۈچۈن پادىشاھتىن رۇخسەت تىلىدى. پادىشاھمۇ ئىجازەت بەردى ۋە قىزى مەلىكە گۈلرىزنى بىللە قوشۇپ قويدى. بۇلار ئۆز يۇرتىغا ياندى.

شاھزادە بەھرامنىڭ كېلىدىغان خەۋىرى خاقانى چىنغا ئاڭلاندى. خاقانى چىن ئەركان دۆلەتلىرى بىلەن ئالدىغا چىقتى. بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلار ئاتا ـ ئانىسى بىلەن دىدارلىشىپ، ئىززەت ـ ئىكراملار بىلەن ئوردىغا كىردى.

نەچچە زاماندىن كېيىن شاھزادە بەھرامنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئالەمدىن ئۆتتى. شاھزادە بەھرام ئاتىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولۇپ، ياخشى ئات كۆتۈرۈپ دۇنيادىن ئۆتتى.

# بەھرام ۋە ھەپتە مەنزەر

بىر زامانلاردا بەھرام ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەن بو-لۇپ، ئۇ پۇقرالارغا شۇنداق كۆڭۈل بۆلىدىكەنكى، ئۇنىڭدىن ھەممە كىشى خۇشال ئىكەن.

بەھرام ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، ئاقىل دانىشمەنلەرنى تەر-بىيىلەپ، ئەلنىڭ ئىشلىرىنى شۇلارغا تاپشۇرۇپتۇ، خەزىنە ئى-شىكلىرىنى ئېچىپ، غېرىب - مۇساپىرلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئاپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ پادىشاھلىقى بارغانسېرى قۇدرەت تېپىپتۇ، مەملىكەت ئاۋات، پۇقرا باياشات بوپتۇ. بەھرامنىڭ بۇ-يۈك نامى پۈتۈن ئالەمگە پۇر كېتىپتۇ.

ئەلقىسسە: بەھرامنىڭ مەلىكە دىلئارام دېگەن بىر ئايالى بار ئىكەن. مەلىكە دىلئارام شەمشەرۋازلىق، كاماندازلىق ۋە نەغمە - ناۋازلىقتا تەڭداشسىز ئىكەن، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن بىللە شىكار قىلىدىكەن، ئۇلارغا دۇچ كەلگەن ھەرقانداق نەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن، ئۇلار ئۇنى يا ئوق، يا كامان بىلەن چوقۇم قولغا كەلتۈرىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇلار شىكارغا چىقىپ دەشت - باياۋاندا يۈرگىن-نىدە، ئالدىغا ئىككى كېيىك ئۇچراپتۇ. كېيىكلەرنىڭ بىرى ئەركەك، يەنە بىرى چىشى ئىكەن.

— ھەزرەتلىرىگە ئىلتىماسىم، — دەپتۇ دىلئارام ئېرىگە

قاراپ، — ئاۋۇ كېيىكلەرگە ئوق ئاتسىلا، شەرت شۇكى، مەن دېگەن نەتىجە يۈز بەرسۇن.

— مەسىلەن، قانداق نەتىجە؟ — دەپ سوراپتۇ بەھرام.

— ئاتقان ئوقلىرى تەگكەندىن كېيىن، — دەپتۇ دىلئارام چۈشەندۈرۈپ، — ئەركەك كېيىك چىشى، چىشى كېيىك ئەركەك بولۇپ قالسۇن.

— بولىدۇ! — دەپتۇ بەھرام ئىشەنچلىك ھالدا.

بەھرام بىرىنچى ئوقنى ئەركەك كېيىككە ئاتقانىكەن، ئوق كېيىكنىڭ ئىككى مۈڭگۈزىنى ئۇچۇرۇپ چىقىپ كېتىپتۇ-دە، چىشى كېيىكتەك بولۇپ قاپتۇ. ئاندىن ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئوقنى ئاتقانىكەن، بۇ ئىككى ئوق چىشى كېيىننىڭ بېشىغا خۇددى مۈڭگۈزدەكلا قادىلىپ قاپتۇ-دە، چىشى كېيىك ئەركەك كېيىكتەك كۆرۈنۈپتۇ. بۇ ھالدىن مەغرۇرلانغان بەھرام كۈلۈمسىرەپ، سوئال نەزىرى بىلەن مەلىكىگە قاراپ سوراپتۇ:

— قانداق؟



— دۇنيادا بۇنداق مەرگەنلەر تولا، — دەپتۇ دىلئارام يېڭىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، — بەلكىم سىلىدىنمۇ ئۇستۇن ماھارەت ئىگىلىرى بولۇشى مۇمكىن. ھەزرەتلىرىنىڭ مەغرۇرلىنىشى بىھاجەت.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ

بەھرامنىڭ يۈرىكىدە غەزەپ ئوتى يالقۇنلاپتۇ، غەزەپتىن چىرايى تاتىرىپ، پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنى بەزگەكتەك تىترەپ كېتىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، مەندىن ئوبدىنىنى تېپىۋال ! — دەپتۇ ئۇ غەزەپ بىلەن ۋە مەلىكىنى ئاتتىن ئۇزۇپ ئېلىپ يەرگە ئۇرۇپتۇ، ئاتنى چاپتۇرغان پېتى ئارقىسىغىمۇ قارىماي باياۋاندىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەلقىسسە: دىلئارام ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، ئويلىماي قىلغان سۆزىگە پۇشايمان قىپتۇ، لېكىن: «كېيىنكى پۇشايمان — ئۆزىگە دۈشمەن» دېگەندەك، پۇشايمان پايدا بەرمەپتۇ. دىلئارام ھەسرەت ـ نادامەتتە ئورنىدىن تۇرۇپ ھەر تەرەپكە قاراپتۇ، ئۇنىڭغا ئۆز سايىسىدىن بۆلەك ھەمراھ يوق ئىكەن. ئاخىر ئۇ يىراقتا كۆرۈنگەن تاغ تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ماڭا ـ ماڭا پۇتلىرى قاپىرىپ ئىششىپ كېتىپتۇ، ئەمما ئۇ چىشىنى چىشلەپ، ئازابنى ئىچىگە يۇتۇپ مېڭىۋېرىپتۇ.

دىلئارام يۈرۈپتۇ، يۈرۈپتۇ، كۆپ مۇشەققەتلەرنى چېكىپتۇ. ئاقىۋەت يىراقتىن بىر يېشىللىقنى كۆرۈپتۇ. ئۇ گويا شىپا تاپقان بىتابتەك جانلىنىپ، قەدىمىنى تېزلىتىپ، شۇ باغقا قاراپ مېڭىپتۇ. كۆرۈنگەن يېشىللىق بىر دېھقاننىڭ ئېكىنزارلىقى ئىكەن. بۇ دېھقان كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى بىلىدىغان، دانىشمەن، ھۈنەر ـ سەنئەتتىمۇ قولى گۈل كىشى ئىكەن. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە پۈتۈن ئالەمنى ئايلىنىپ چىقىپ، ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، بىۋاپا دۇنيادىن بىزار بولۇپ، ئىستىقامەتنى ئىختىيار قىلىپ، باياۋاندا تېرىقچىلىق قىلىپ يۈرگەنىكەن.

دېھقان دەشت ـ باياۋاندىن چىقىپ كەلگەن ساھىبجامال پەرى سۈپەت دىلئارامنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— ئەي نازىنىن، قايسى باغنىڭ گۈلى، قايسى چىمەنىنىڭ بۇلبۇلىسىز؟ قايسى پەرىشتە، قايسى پەرىزاتنىڭ نەسلى بولىسىز؟ بۇ دەشت - باياۋاندا نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسىز؟

مەلىكە دىلئارام بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر - بىر بايان قىلىپ، ئاخىردا:

— ئەمدى ئۆزلىرىگە ئوغۇل ھەم قىز بولغىلى كەلدىم، — دەپتۇ.

— مەن سىزنى قىزىم دېسەم، نامراتلىق ۋە پېقىرلىقىمنى ئەيىبكە بۇيرۇمىغايسىز، — دەپتۇ دېھقان.

— ئەي ئاتا، — دەپتۇ دىلئارام دېھقانغا، — سىز ئاددىيلا دېھقان بولماستىن، كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى بىلىدىغان دانىشمەندەك قىلىسىز. مېنى قىزىم دېسىڭىز، يۈزمىڭ مەرتەم خۇشال بولىمەن، چۈنكى مەن بىر غېرىب - مۇساپىرمەن، سىزدىن ئوبدانىراق ئاتىنى قەيەردىن تاپىمەن؟

دېھقان كۈلۈپ قويۇپتۇ ۋە دىلئارامنى ئۆيىگە باشلاپتۇ. مەلىكە ئۆيىگە كىرىپلا چاققانلىق بىلەن خۇددى خىزمەتكاردەكلا ئىشقا كىرىشىپتۇ، قۇلىقىدىكى ئىككى ھالقىنى ئېلىپ دېھقان ئاتىسىغا سۇنۇپتۇ. دېھقان ئۇستا جاۋاھىرشۇناس ئىكەن. ئۇ ياقۇت كۆزلۈك ھالقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىنتايىن قىممەت باھالىق ياقۇت ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ، مەلىكىنىڭ سۆزى بويىچە ئۇنى سېتىپ، دىلئارامغا لايىق ۋە كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئاتا - بالا بولۇپ كۆڭۈللۈك تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

ئەلقىسسە: ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى بەھرامدىن ئاڭلاڭ:

غەزىپىگە پايلىماي خوتۇنى دىلئارامنى ئاتتىن يۇلۇپ ئېلىپ يەرگە ئېتىۋېتىپ ئوردىغا قايتىپ كەلگەن بەھرام ئالدىراقسانلىق قىلغىنىغا ناھايىتى كۆپ پۇشايمان قىلىپ، دىلئارامنى تاشلاپ

كەلگەن يەرگە كۆپ قېتىم ئادەم ئەۋەتىپتۇ، لېكىن بارغانلاردىن مەلىكە توغرۇلۇق ھېچبىر خەۋەر ئالالماپتۇ. دىلئارامنىڭ ھىجران پىراقى بەھرامنى كېچە - كۈندۈز ئازابلاپتۇ. ئۇ ھەسرەت ۋە پۇشايمان ياشلىرىنى راۋان قىلىپ، پادىشاھلىقىنى تاشلاپ، دەرۋىش بولۇپ كەتكىلى تاس قاپتۇ.

ئەلقىسسە: مەلىكە دىلئارام دېھقان ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە ياخشى تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئولتۇرسا - قوپسا، كۆڭۈل رىشتى باغلانغان ئېرىنى ئويلايدىكەن، ئۆزىنىڭ ئالدىراڭغۇلۇق قىلغىنىغا كۆپ پۇشايمان قىلىدىكەن. بەھرامنىڭ ئىشق - پىراقىدا ئۇنىڭ باغرى كۆيۈپ، رەڭگى - رۇخسارى كۈندىن - كۈنگە سارغىيىپ كېتىپتۇ.

— ئەي ئاتا، — دەپتۇ ئۇ بىر كۈنى دېھقانغا، — ھەر كۈنى پادىشاھ بىلەن شىكارغا چىقاتتىم. بۈگۈن كۆڭلۈم سەل خامۇش تۇرىدۇ، رۇخسەت بەرسىڭىز، شىكارغا چىقىپ كەلسەم.

دېھقان دىلئارامغا رۇخسەت بېرىپتۇ. دىلئارام خۇشال بولۇپ تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ، شىكارغا راۋان بوپتۇ. ئۇ سەيلە قىلىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ شۇنداق شىكار قىپتۇكى، كېيىك - جەرەنلەرنى، ئارقار - بۇغىلارنى گاھى ئوق، گاھى كامان بىلەن ئوۋلاپتۇ، ساز چېلىپ، ئاشىقانە ناخشا توۋلاپ، شۇنداق ناۋا قىپتۇكى، بۇنى ئاڭلىغان ھايۋانلار بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ.... دىلئارامنىڭ داڭقى خەلقئالەمگە پۇر كېتىپتۇ، ھەممە يەرگە: «دەشت - باياۋاندا تىرىكچىلىك قىلىدىغان بىر دېھقاننىڭ قىزى بارئىمىش، ئۇ قىز شۇنداق شىكار قىلارمىشكى، ئۆلۈك كېيىكلەرنى تىرىلدۈرەرمىش، تىرىكلىرىنى بىھوش قىلىپ يىقىتارمىش...» دېگەن خەۋەر تارقىلىپتۇ. بۇ خەۋەر شاھ بەھرامنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپ بېرىپتۇ.

ئۇ بىر كۈنى بۇ قىزنى زىيارەت قىلىشنى خالاپ، ۋەزىر -

ۋوزرالىرىنى باشلاپ، ئىبىل ئاتلارغا مىنىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار دېھقاننىڭ ئۆيىگە يېتىپ بېرىپ كۆرۈپتۇلەركى، ھېلىقى داڭدار قىز دىلئارام ئىكەن.

— ئەي قىز، — دەپتۇ بەھرام، — نەغمە - ناۋا بىلەن جان - جانىۋارلارنى ئالداپ بىھوش قىلىپ ئوۋ ئوۋلاشنى ئەقىل - پاراسەت، ماھارەت دەپ بىلىپ، تەھسىن - ئاپىرىن ئېيتىشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق، چۈنكى دۇنيادا مۇنداق ئىشلار كۆپ، ھەتتا سەندىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدىغان شىكارچى، چەۋەنداز خوتۇن - قىزلارمۇ بولۇشى مۇمكىن.

— ئەي پادىشاھ بەھرام، — دەپتۇ قىز، — سەن دىلئارامنىڭ سۆزىگە سەۋر قىلماي، ئۇنىڭغا ھېسابسىز زۇلۇم قىلدىڭ....

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بەھرام چىداپ تۇرالماپتۇ. ئۇ پۇشايمىنىنى سۆزلەپ، خىجىللىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. دىلئارامىمۇ ئۆز خىجىللىقىنى ئىزھار قىپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىدىن ئەھۋال سوراپ، ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپتۇ. بەھرام دېھقاننىڭ دىلئارامغا سەممىي ئاتىدارچىلىق قىلغانلىقىغا كۆپتىن - كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا ھېسابسىز نەرسىلەرنى ھەدىيە قىپتۇ ۋە دىلئارامنى ئېلىپ ئوردىغا قايتىپتۇ.

ئەلقىسسە: بەھرام دىلئارامنىڭ ۋىسالىغا يەتكەندىن كېيىن ئەيش - ئىشرەت ۋە ئويۇن - تاماشىغا بېرىلىپ كېتىپ، مەملىكەت خىزمىتىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. ئۇ شىكارغا شۇنداق بېرىلىپ كېتىپتۇكى، ئوردىغا ئايدا بىرەر قېتىم قايتىپ كېلىدىكەن. بۇ ھالدىن ئەل - جامائەت، دانىشمەن، ئوردا كاتتىلىرى ناھايىتى بىئارام بوپتۇ، لېكىن پادىشاھنى بۇ ئىشلاردىن توسۇشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالماپتۇ، شۇڭا مەملىكەت كۈنسېرى خاراب بولۇشقا باشلاپتۇ.

پادىشاھ بەھرامنىڭ نوھمان ئىسىملىك بىر ۋەزىرى بولۇپ،

ناھايىتى سەزگۈر، دانا كىشى ئىكەن. ئۇ بەھرام بىلەن تەڭتۇش بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەممىدىن ئامراق ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھ بۇ ۋەزىرنىڭ ھەر قانداق مەسلىھەتى بولسا، قوبۇل قىلىپ، شۇ بويىچە ئىش قىلىدىكەن.

بىر كۈنى ئوردا كاتتىلىرى نىھماننىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەي نىھمان، — دەپتۇ ھال ئېيتىپ، — مەملىكەت ھالاكەت گىردابىغا كېلىپ قالدى. سەن پادىشاھقا بىر مەسلىھەت بەرگىن، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىپ، يولىنى تاپسۇن، سەلتەنەت تەختىدە مۇقىم ئولتۇرۇپ، مەملىكەت ئىشلىرىنى ئوبدان يولغا سالسۇن.

ۋەزىر نىھمان ئۇلارغا ھېسداشلىق بىلدۈرۈپتۇ.

— ئەي دوستلار، — دەپتۇ ئۇ كۆڭلىدىكى تەدبىرىنى ئىزھار قىلىپ، — مەن پادىشاھ بەھرام بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىمەن. سىلەر يەتتە نەپەر نەققاش كەلتۈرۈڭلار، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ھۈنەردە كامالىغا يەتكەن، يەتتە قەۋەت ئاسمانىنىڭ كۆرۈنۈشىنى نەقىش قىلالايدىغان بولسۇن. قالغان ئىشنى ئۆزۈمگە قويۇڭلار.

ئوردا كاتتىلىرى ۋەزىر نىھماننىڭ سۆزىگە بىنائەن ئالەمگە مەشھۇر يەتتە نەپەر نەققاشنى تېپىپ كەپتۇ. ۋەزىر نىھمان ئۇلارغا يەتتە قەۋەت ئاسمانىنىڭ كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن يەتتە مەنزەر بىنا قىلىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئەلقىسسە: ئۇستىلار خۇش ھاۋالىق بىر يەرنى تاللاپ يەتتە مەنزەر ياساپتۇ، ھەربىر مەنزەرنىڭ ئۈستىنى گۈمبەز شەكىللىك چىقىرىپ، ھەربىر مەنزەرگە بىر قەۋەت ئاسماننىڭ ئۆز ئەينىنى نەقىشلەپتۇ، بىرىنچى مەنزەرنى مۇشكتىن، ئىككىنچى مەنزەرنى زەپىراندىن، ئۈچىنچى مەنزەرنى رەيھاندىن، تۆتىنچى مەنزەرنى بىنەپشىدىن، بەشىنچى مەنزەرنى نارجىندىن، ئالتىنچى مەنزەرنى

لاجۇەردىن، يەتتىنچى مەنزەرنى كاپۇردىن ياساپتۇ. بۇ مەنزەرلەر شۇنداق گۈزەل ۋە سەلتەنەتلىك ئىكەنكى، ھاياتلىقتا ھېچ كىشى كۆرمىگەن ۋە ئاڭلىمىغان بولغاي....

ۋەزىر نىھمان يەتتە مەنزەر پۈتكەندىن كېيىن يەتتە ئىقلىم پادىشاھلىرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، بىردىن يەتتە نەپەر زىبا قىز ئە-كەلدۈرۈپتۇ. بۇ قىزلارنىڭ ھەربىرىنى بىردىن مەنزەرگە ئو-رۇنلاشتۇرۇپتۇ، ھەربىر قىز چۈشكەن مەنزەر قانداق رەڭدە بولسا، ئۇ قىزغىمۇ شۇنداق رەڭلىك كىيىم كىيدۈرۈپتۇ.

— ئەي پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ خەۋەرچىلەر بەھرامغا، — ۋەزىرىڭىز نىھمان يەتتە مەنزەر بىنا قىلدى. ئۇنداق ئىمارەت دۇنيانىڭ باشقا ھەرقانداق يېرىدە يوقتۇر.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، پادىشاھ بەھرامنىڭ مەنزەرلەرنى زىيا-رەت قىلىش ھەۋىسى قوزغىلىپتۇ.

بىر شەنبە كۈنى پادىشاھ بەھرام مەنزەرۇ مۇشككە كەپتۇ. مەلىكە ھىندۇ بەھرامنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. پادىشاھ مەلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە، شېرىن سۆزىگە شەيدا بوپتۇ، ئاندىن كۆڭۈللۈك بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. ساقىيلار ئالتۇن - كۈ-مۈشتىن ياسالغان جاملارغا لەئەل رەڭ شارابنى لىقمۇلىق تولدۇ-رۇپ، ئارقىمۇئارقا سۇنۇپتۇ. خۇش ئاۋاز سازەندىلەر بۇلبۇلدەك ناۋا ئەيلەپ، ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، كەچ بوپتۇ.



نەزم:

دېدى بەھرام: ئەي پەرى پەيكەر،
چىشلىرىڭ ئۈنچە، لەۋلىرىڭ شېكەر.
غۇنچىدەك ئاغزىڭ ئاچ، ھېكايەت قىل،
ئۆتكەن كۈندىن ماڭا رىۋايەت قىل.
قىلدى تەزىم ئاي يۈزلۈك زىبا،
دېدى: ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ،
جاھانباز شەھرىيار ئولغىل،
تەخت ـ بەخت ئۆزرە تاجدار بولغىل.

مەلىكە سۆز لىباسىنى يېپىپ، مۇنداق ھېكايە باشلىدىلەر: ئۆتكەن زاماندا شەرانددىپ شەھرىدە بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ دانىشمەن، پەيلاسوپ بولۇپ، مەشرىقتىن مەغرىبكىچە ھەممە يەر ئۇنىڭ پەرمانىدا ئىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ چوڭ ئوغلىنى چاقىرىپ:

— چوڭ بولغاندا قانداق ئادەم بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي ئاتا، — دەپتۇ ئوغۇل، — ۋۇجۇدۇمدا قۇۋۋەت بولسىلا، ھەزرەتلىرى باسقان يولغا قەدەم قويغايمەن، ئۆزلىرى بىلەن تەڭ نەپەس ئېلىپ، ئاخىر سەلتەنەت تەختىگە چىققايمەن.

پادىشاھ ئوغلىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ تەھسىن ئېيتىپتۇ ۋە خۇداغا شۈكۈر قىپتۇ، ئاندىن ئىككىنچى ئوغلىنى چاقىرىپتۇ، سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئۆتكەن ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ زېرەك ئوغۇل ئەقىل بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئەي ئۇلۇغۋار ئاتا، — دەپتۇ ئۇ، — ھەرنە بۇيرۇساڭ، بېلىمنى چىڭ باغلىدىم، لېكىن سېنىڭ ئالدىڭدا تاج ھەققىدە ئېغىز ئېچىش، پادىشاھلىقنى قوبۇل قىلىش ئەدەپسىزلىكتۇر. سەن تەختىڭدە ئامان ـ ئېسەن ئولتۇرغىنىڭدا، تەختىڭگە قەدەم

قويۇشقا ھەددىمىز يوق، ئەمما ۋاقتى كەلگەندە قوبۇل قىلغايمىز.

پادىشاھ بۇ ئوغلىدىنمۇ خۇشال بوپتۇ. ئاندىن كەنجى ئوغلىنى چاقىرىپتۇ. ئۇمۇ ئاكىلىرىدەك جاۋاب بېرىپتۇ.

پادىشاھ پەرزەنتلىرىدىن خۇشنۇد بوپتۇ، ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراستىگە تەھسىن - ئاپىرىنلار ئېيتىپتۇ، ئەمما ئۇلارنى مۇساپىر قىلىش ئارقىلىق ئەل - ۋەتەن قەدرىنى بىلدۇرمەكچى، مېھنەت ئوتىدا پىشۇرماقچى بوپتۇ.

شاھزادىلەر يول تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. گاھى ئاۋات يەرلەرنى، گاھى باياۋانلارنى كېزىپتۇ. بىر كۈنى يولدا ئۇلارغا بىر زەڭگى ئۇچراپتۇ - دە:

— ئەي يىگىتلەر، تۆگە كۆردۈڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تۆگىنىڭ بىر كۆزى قارىغۇمىدى؟ — دەپتۇ شاھزادىلەرنىڭ بىرى.

— بىر چىشى سۇنۇقمىدى؟ — دەپتۇ يەنە بىرى.

— بىر پۇتى ئاقساقمىدى؟ — دەپتۇ ئۈچىنچىسى.

بۇ بەلگىلەر راست ئىكەن. تۆگىچى، تۆگىنى ھەقىقەتەن مۇشۇلار كۆرۈپتۇ، دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ.

تۆگىچى شاھزادىلەر كۆرسەتكەن يول بىلەن تۆگىنى ئىزدەپ كېتىپتۇ. شاھزادىلەرمۇ يولىغا راۋان بولۇپ، خېلى يول يۈرۈپ بىر مەھەللىگە يېتىپ كەپتۇ. يول بويىدا بىر تۈپ چوڭ دەرەخ بار ئىكەن، شاھزادىلەر دەرەخنىڭ تۈۋىگە يېقىن بېرىپتۇ، دەرەخ تۈۋىدىكى بۇلاقتىن سۇ ئىچىپ، ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئەلقىسسە: ھېلىقى تۆگىچى بىرنەچچە چاقىرىم يول يۈرۈپتۇ، لېكىن تۆگىسىنى تاپالماپتۇ - دە، ئالدىراپ كەينىگە قايتىپتۇ، كېلىپ قارىسا، يىگىتلەر ئۇخلاۋاتقۇدەك. تۆگىچى يىگىتلەرنى ئويغىتىپتۇ.

— ئەي يىگىتلەر، تۆگە قېنى؟ — دەپتۇ ئۇ ۋارقىراپ، —

دەرھال تۆگىنى تېپىڭلار!
چوڭ شاھزادە سوراپتۇ:
— تۆگىنىڭ بىر يېنىدا ياغ، يەنە بىر يېنىدا ھەسەل بارمىدى؟
— ئۇستىدە خوتۇن كىشى بارمىدى؟ — دەپ قوشۇمچە قىپتۇ ئىككىنچى شاھزادە.
— ئۇ خوتۇن كىشى ئېغىرئاياغمىدى؟ بىر كالتە قۇيرۇق ئىتمۇ بارمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ ئۈچىنچى شاھزادە.
— شۇنداق، — دەپتۇ تۆگىچى تەستىقلاپ، — مېنىڭ تۆگەمنىڭ دەل ئۆزى شۇ!
— بىز ئۇ تۆگىنى كۆرمىدۇق، — دەپتۇ شاھزادىلەر.
تۆگىچى، تۆگىنى بۇ ئۈچى يوقاتقان ئوخشايدۇ، دەپ گۇمانلىنىپ، يىگىتلەرنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا سۆرەپتۇ. يىگىتلەرمۇ بېرىپتۇ. پادىشاھ تۆگىچىنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلاپ بولۇپ، يىگىتلەرگە قاراپ:
— تۆگىنى بېرىۋېتىڭلار! — دەپتۇ.
— بىز مۇساپىر، — دەپتۇ شاھزادىلەر، — بىر يىلدىن بېرى ئالەمنى ئايلىنىپ يۈرۈپتىمىز، بۇ شەھەرگە تېخى يېقىندا كەلدۇق، كېتىۋاتساق، بۇ زەڭگى ئۇچرىدى، بىزدىن تۆگىنى سورىدى. بىز تۆگىنى كۆرگىنىمىز يوق.
— سىلەر ئېيتقان بەلگىلەرنىڭ ھەممىسى راست ئىكەن. تۆگىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۇنى قانداق بىلدىڭلار؟ — دەپتۇ پادىشاھ.
— يولنىڭ ئىككى تەرىپى بوك دەرەخزارلىق ئىكەن، ئەمما تۆگە يولنىڭ بىر تەرىپىدىكى دەرەخنىڭ غازىڭىنى يەپ مېڭىپتۇ. شۇنىڭغا قاراپ تۆگىنى بىر كۆزى قارىغۇ بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدۇق، — دەپتۇ بىرىنچى شاھزادە.

— بىر پۇتىنى سۆرەپ مېڭىپتۇ، ئاقساق ئىكەنلىكىنى شۇ-نىڭدىن بىلدۇق، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.

— شاخنىڭ بەزىلىرى يېيىلىپ، بەزىلىرى قاپتۇ، چىشىنىڭ سۇنۇقلۇقىنى شۇنىڭدىن بىلدۇق، — دەپتۇ ئۈچىنچىسى.

— ئۈستىدىكى يۈكنى قانداق بىلدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— تۆگە ماڭغان يولنىڭ بىر تەرىپىگە چۈمۈلە، — دەپتۇ چوڭ شاھزادە جاۋاب بېرىپ، — ئىككىنچى تەرىپىگە كۆمۈتا ئولىشىپتۇ، شۇنىڭغا قاراپ بىر تەرىپىدە ياغ، يەنە بىر تەرىپىدە ھەسەل بارلىقىنى پەملىدۇق.

— تۆگە چۆكۈپتۇ. شۇ يەردە مەزلۇم كىشىنىڭ ئىزى بار ئىكەن. شۇنىڭدىن تۆگىگە مىنگەن ئايال كىشى ئىكەن، دەپ بىلدۇق، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.

— ئۇ خوتۇن تۆگىدىن چۈشۈپ شۇ يەردىلا ئولتۇرۇپتۇ، ئورنىدىن يەرنى تايىنىپ قوپۇپتۇ. بۇنىڭدىن ئۇ ئايالنىڭ ئېغىر-ئاياغ ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. ئىتنىڭ ئىزى ۋە قۇيرۇقىنىڭ يەر-گە تولۇق تەگمىگىنىگە قاراپ، ئىتنىڭمۇ بارلىقىنى، لېكىن كالتە قۇيرۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۇق، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ پاراسەت-ئىدراكىغا ئاپىرىن ئېيتىپتۇ، ئۇلارغا كۆپ مال-دۇنيا ئىنئام قىپتۇ ۋە ھەرەمگە يېقىن يەردىن ھۇجرا تەيىنلەپ بېرىپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ شاھزادىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ كۆڭۈل ئاچقاندىن كېيىن چىقىپ كېتىپ، خىزمەتچىسىدىن شاھزادى-لەرگە بىر جام شاراب، بىر تەخسە كاۋاپ، بىر لېگەن توقاچ چى-قىرىپتۇ، ئۆزى ئاستا كېلىپ ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزىنى تىڭشاپ-تۇ. ئۇلار شارابنى ئىچىپ، ناننى، كاۋاپنى يەپتۇ. شاھزادىلەرنىڭ بىرى دەپتۇ:

— بۇ شارابقا ئىشلىتىلگەن ئۈزۈم تېلىنى ئادەم قېنىدا سۇغارغانىكەن.

— بۇ قوي ئىتنى ئەمگەنىكەن، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.

— پادىشاھنىڭ ئاتىسى ناۋاي بولسا كېرەك، — دەپتۇ ئۈچىنچىسى.

پادىشاھ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، دەرھال باغۋەننى چاقىرتىپ سوراپتۇ:

— بۇ شارابنىڭ ئۈزۈمىنى قەيەردىن ئالغان؟

— خاتىرجەم بولسىلا، پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ باغۋەن، — بۇ شارابنى ئۆزىمىز ئۆستۈرگەن تالنىڭ ئۈزۈمىدە چىقارغان، كۆڭۈللىرىگە باشقا خىياللار كەلمىسۇن.

— قۇرۇق گېپىڭنى قوي ! — دەپتۇ پادىشاھ قولىغا شەمشەرنى ئېلىپ، — راستىنى ئېيت، ئەگەر يالغانغا يول قويساڭ، كاللاڭدىن ئايرىلىسەن. بۇ شارابنى چىقارغان ئۈزۈم تېلىنى نىمىدە سۇغارغان؟

— پادىشاھىئالەم، سەۋر قىلغايلا، — دەپتۇ باغۋەن دىر - دىر تىترەپ، — سوئاللىرىنى ئەمدى چۈشەندىم. بىر كۈنى بىر



ئوغرى ئۇزۇم ئوغرىلىغىلى كىرگەنىكەن، تۇتۇشۇپ قىلىپ قولاق تۇۋىگە بىر ئۇرسام تىن تارتمايلا جان بەردى. ھېچكىمگە بىلدۇرمەي تالنىڭ تۈۋىگە كۆمۈۋەتكەنىدىم.

پادىشاھ باغۋەننى چىقىرىۋېتىپ، قويچىنى چاقىرىپتۇ.

— راستىنى ئېيت، — دەپتۇ پادىشاھ غەزەپ بىلەن، — بۇ قېتىم ئۆلتۈرۈلگەن قوينى نېمىگە ئېيتتىكەن؟

— ئەي پادىشاھىئالەم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قويچى، — ئەقىللىرىگە بارىكاللا، بۇ قوينى ئانىسى ئۆلۈپ قالغاچقا، ئىتنى ئېمىتىپ چوڭ قىلغانىدىم.

پادىشاھ قولىدا شەمشەر تۇتقان ھالدا ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— ئەي ئانا، راستىنى ئېيت، مېنىڭ ئاتام كىم؟

— جېنىم بالام، — دەپتۇ ئانا ھەيران بولۇپ، — بېشىم ئاقارغاندا مۇنداق سوئالنى سورىغىنىڭ نېمىسى؟ غەرىزىڭ نېمە؟ ئاتاڭ پادىشاھ ئىدى.

— ئەي ئانا، — دەپتۇ پادىشاھ، — مېنى ئالدىماي راستىنى ئېيتقىن، بولمىسا، كاللاڭنى ئالىمەن!

ئوغلىنىڭ قەھرىدىن قورققان ئانا نائىلاج ئەسلىي ئەھۋالنى ئىزھار قىپتۇ:

— ئوغلۇم، ئېيتسام ئېيتاي، سەۋر قىلىپ تىڭشىغىن. ئۆزۈڭ مەجبۇرلىدىڭ، ئاجىز ئاناڭغا نېمە ئىلاج؟ — دەپ سۆز باشلاپتۇ ئانا، — ئەتىياز كۈنلىرى ئىدى، كۆكاتلار ئەمدى باش كۆتۈرۈۋاتقان چاغ، ئاتاڭ شىكارغا كەتتى. ئۇ چاغدا شۇنداق چوكان ئىدىمكى، لاتاپەت بابىدا كامالەتكە يەتكەنىدىم، ھۆسن - جامالىمنىڭ زىبالىقى كۈندۈزنى خىجىل قىلاتتى. بىر كۈنى راۋاقتا ئولتۇراتتىم، گويا مەست تاۋۇستەك جىلۋە قىلىپ ئۆزۈمنى توختىتالمايتتىم. بىر ناۋاي يىگىت تەۋەككۈل نان كۆتۈرۈپ

ئۆتۈپ قالدى. ئۇمۇ تازا كېلىشكەن يىگىت ئىكەن. بىر كۆرۈپلا يۈرىكىم ئۇنىڭغا مايىل بولدى. ناۋاي يىگىتمۇ سەزدى بولغاي، يەر ئاستىدىن يېقىملىق كۈلۈپ قويدى. ئاخىر سۆزلىشىپ قالدۇق. ئۇ ماڭا ئۇزاقتىن بېرى ئاشىق ئىكەن. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئەيش - ئىشرەت قىلدۇق. سەن شۇ چاغدا تۆرەلگەن.

پادىشاھ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئانىسىنىڭ قېشىدىن قايتىپ چىقىپتۇ. ئاخىر پادىشاھ يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

— ئەي دانا يىگىتلەر، — دەپتۇ پادىشاھ، — ھەر سۆزنىكى سىلەردىن ئاڭلىدىم. سۈرۈشتۈرسەم، ھەممىسى راست بولۇپ چىقتى. بۇنى سىلەر قانداق بىلدىڭلار؟

— شاراب دېگەن شادلىق ھاسىل قىلاتتى. سىز كىرگۈزگەن شاراب غەم پەيدا قىلدى، — دەپتۇ يىگىتلەرنىڭ بىرىنچىسى، — شۇ سەۋەبتىن، بۇ شارابنى ياسىغان ئۈزۈمنىڭ تېلىنى ئادەم قېنىدا سۇغارغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

ئىككىنچى يىگىت ئېيتىپتۇ:

— كاۋاپنى يەپلا كۆڭلۈمدە بىر تۈرلۈك تەشۋىش پەيدا بولۇپ، ئاغزىمدىن شالى ياندى. كاۋاپتىن ئىتنىڭ پۇرىقى كەلدى. شۇڭا، بۇ قوينىڭ ئىتنى ئەمگەنلىكىنى پەملىدىم، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.

— مەن ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، چېھرىلىرىگە قارىدىم، ھېچبىر تاجدارلىق نىشانىسىنى كۆرمىدىم، سۆزلىرىدە ناندىن باشقا ھېكايىنى ئاڭلىمىدىم. شۇڭا، بۇ پادىشاھ ناۋاينىڭ بالىسى بولسا كېرەك، دەپ ھۆكۈم قىلدىم، — دەپتۇ ئۈچىنچىسى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ پادىشاھ ھەيران قاپتۇ.

— ئەي يىگىتلەر، — دەپتۇ پادىشاھ، — بىگۇناھ باش كەسمەك ئادىللىق ئەمەس. بۇ سىرلىرىمىزدىن سىلەرنىڭ خەۋەر

تېپىشقانلار بىئەدەپلىك، شۇنىڭ ئۈچۈن بېشىڭلارنى كەسمەكچى ئىدىم، ئەمما ئەقىل ـ پاراسىتىڭلار، زېرەكلىكىڭلارنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىدىن قېنىڭلاردىن كەچتىم.

پادىشاھ يىگىتلەرنىڭ دانالىقىغا تەھسىن ئېيتىپ، يۈز دىنار دىن پۇل بېرىپ، ئۆز دىيارىغا ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. شاھزادىلەر ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئۆز يۇرتىغا كەپتۇ. ئەتىسى شاھ پەرزەنتلىرى بىلەن ساق ـ سالامەت، خۇشال ـ خۇرام كۆرۈشۈپتۇ ۋە ھەربىر ئوغلىنى بىر شەھەرگە پادىشاھ قىپتۇ....

ئەلقىسسە: مەلىكە ھىندۇ ھېكايىسىنى تاماملاپ ئۇخلاپ قاپتۇ. شاھ بەھراممۇ مەستلىكتە شېرىن ئۇيقۇغا ئەسىر بوپتۇ.

يەكشەنبە كۈنى ئىكەن. شاھ بەھرام ئۇيقۇدىن بىدار بولۇپ، مەنزەرۇ زەپىرانغا قەدەم قويۇپتۇ. مەلىكە نەمرۇز گۈلدەك ئېچىلىپ، كۈندەك نۇرلىنىپ شاھ بەھرامنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ ۋە پادىشاھنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن مەنزەرۇ زەپىرانغا باشلاپ كىرىپتۇ. ئۇلار لەئەل رەڭ شارابلارنى ئالتۇن جاملارغا لىقمۇلىق تولدۇرۇپ ئىچىشىپتۇ، سازەندىلەر سازلىرىنى سايرىتىپتۇ، رەنا قىزلار مەست تاۋۇستەك جىلۋە قىلىپ ئۇسسۇل ئوينىشىپتۇ، ناخشا ـ سازلارنىڭ ساداسى گۈمبەزنى تىترىتىپتۇ. ئاخىر تۈن ئالەمدە قانات يېيىپتۇ. مەي تەسىرىدىن مەجلىس ئەھلىنىڭ ئەقىل ـ ھوشى قېچىپتۇ، ئۇيقۇ لەشكەرلىرى كۆزلەرگە ھۇجۇم قىپتۇ.

ئەلقىسسە: بەھرامنىڭ كۆزلىرى مەي ۋە ئۇيقۇ مەستلىكى بىلەن خۇمارلىشىپتۇ. مەلىكە ھېكايە باشلاپتۇ:

شەھرى خۇراساندا ھەسەن ئىسىملىك بىر زەرگەر بولۇپ، ئۇنىڭ ماھارىتى تامامى ئالەمگە پۇر كېتىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇستا ھەسەن ھەممە ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ، يۈز پاتمان مىستا بىر پىل ياساپتۇ. تۆت پۇتى بېكىتىلىشى ھامان

پىل ھەرىكەتكە كېلىپ، ھەر تەرەپكە مېڭىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ خالايىق ھەيران قاپتۇ. ئۇستا ھەسەن پىلنى پادىشاھقا ھەدىيە قىپتۇ. پىلنى كۆرۈپ پادىشاھمۇ ھەيران قاپتۇ.

— بارىكاللا، ئۇستا ھەسەن، — دەپتۇ پادىشاھ ھەۋىسى قوزغىلىپ، — بۇ ئىشىڭمۇ يارايدۇ. ئەمدى ئالتۇندا بىر پىل ياسىغىن.

پادىشاھ ئۇستا ھەسەنگە خەزىنىدىن مىڭ پاتمان قىزىل ئالتۇن ئالدۇرۇپ بېرىپتۇ. ئۇستا ھەسەن ئالتۇننى ئېلىپ ئۆيىگە كېلىپ، بىر ئايدا ئالتۇن پىلنى پۈتتۈرۈپتۇ. بۇ ئالتۇن پىل گۈزەل ھەم ھەيۋەتلىك ئىكەن.

پادىشاھ ئالتۇن پىلنى كۆرۈپ خۇشال بولغىنىدىن، ئۇستا ھەسەننىڭ ھەققىگە مىڭ پاتمان ئالتۇن بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ پىلغا مىنىپ تاماشا قىلىدىكەن.

ئەلقىسسە: ئۇستا ھەسەننىڭ ماھارىتى ۋە شۆھرىتىنى كۆرگەن باشقا زەرگەرلەر ھەسەت قىلىپ، بىر يەرگە يىغىلىپتۇ،



پىنھاندا مەسلىھەت قىلىپ، سۇيىقەست پىلانلىشىپتۇ. ئۇلار: «بۇ پىل مىڭ پاتمان كەلمەيدۇ، ھالبۇكى پىلنى جىڭلاشقا بولمايدۇ. بىز پادىشاھقا، ھەسەننى ئوغرى دەپ چاقساق، ئۇنىڭ ھاياتى شۇنىڭ بىلەن تامام بولغۇسى» دېيىشىپتۇ.

بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى ناھايىتى مەككار زەرگەر ئىكەن. ئۇ:

— بۇنىڭ ئامالىنى مەن قىلاي، — دەپتۇ. بۇ سۆز باشقىلارغا ماقۇل كەپتۇ. مەككار ئۆيىگە قايتىپ، خوتۇنىغا:

— سەن ئاياللار ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى سوۋغات قىلىپ بېرىپ، زەرگەر ھەسەننىڭ خوتۇنى بىلەن دوست بولغىن ۋە مەلۇم كۈنلەردىن كېيىن پىلنىڭ ۋەزنىنى سورىغىن، — دەپتۇ.

بۇ خوتۇن ئېرى ئېيتقاندەك، ئۇستا ھەسەننىڭ خوتۇنىغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلىپ ۋە ئۆيىگە بېرىپ ئۆز ئېرى ئۇستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئۇستا ھەسەننى ماختاپ، سوۋغات ھەدىيە قىلىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن دوستلۇق ئورنىتىپتۇ. بىرنەچچە مۇددەتتىن كېيىن:

— ئەي دوستۇم، ئاڭلىسام، ئېرىڭ پادىشاھقا پىل ياساپ بېرىپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن شۆھرىتى كۆللى جاھانغا تارقاپتۇ. مەن بۇ پىلنىڭ ئېغىرلىقى قانچىلىكتۇ، ئۇنى قانداق ئۆلچىگىلى بولار، دەپ ھەيران قالدىم، — دەپتۇ ھەسەننىڭ ئايالىغا.

— ۋاي دوستۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھەسەننىڭ خوتۇنى، — مەن ئۇ پىلنىڭ ئېغىرلىقىنىمۇ ھەم ئۇنى قانداق ئۆلچەشنىمۇ بىلمەيمەن، ئېرىم ئۆزىلا بىلىدۇ، مەن سوراپ ئاندىن ساڭا جاۋابىنى بېرەي.

كەچتە ئۇستا ھەسەن دۇكاندىن كەپتۇ، ئۆيدە تاماق يەپ ئولتۇرۇپ، خوتۇنى بىلەن پاراڭغا چۈشۈپتۇ. ئايال دوستىغا بەرگەن ئەھدىسىنى گويلاپ، ئېرىدىن پىلنىڭ ئېغىرلىقىنى سوراپتۇ.

— ئەي مەزلۇم، — دەپتۇ ئۇستا ھەسەن، — بۇنداق سۆزنى ئېغىزىڭدىنمۇ چىقارما، مۇنداق سوئالنى مەندىنمۇ سورىما. بۇ سىرنى ئاشكارا قىلىش ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئۆلتۈرگەنگە تەڭ.

— مەن ئەھدە قىلاي، — دەپتۇ خوتۇن دوستىنىڭ ئالدىدا ئوسال بولۇپ قېلىشنى ئويلاپ، — ھەرگىزمۇ ئاشكارا قىلمايمەن. مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق ئەقلىم بار، ھەرگىزمۇ باشقىلارغا دېمەيمەن!

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ھەسەن ئايالى قاتتىق تۇرۇۋالغانلىقتىن، — ۋەدەڭدە چىڭ تۇرغىن. ئەھدەڭدە تۇرمىساڭ، قازناقتا سولىنىپ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈچىلەردىن بولۇپ قالىسەن. مەن دېگەن سىرنى باشقىلارغا ھەرگىز ئېيتمىغىن. پىل تارازىغا پاتمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى كېمىگە سالسا بولىدۇ. كېمە سۇغا قانچىلىك چۆكسە شۇ جايغا بەلگە قىلىۋېلىپ، كېمىنى سۇغا شۇنچىلىك چۆكتۈرەلىگۈدەك ئالتۇننى سالسا، ئاندىن شۇ ئالتۇننى تارازىدا تارتسا بولىدۇ.

ئەتىسى مەككار زەرگەرنىڭ خوتۇنى يەنە كەپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— ھەي ئاداش، ھېلىقى ئىشنى سورىدىڭمۇ؟

— سورىدىم، — دەپتۇ ئۇستا ھەسەننىڭ خوتۇنى، — لېكىن باشقا كىشىلەرگە ئېيتماسلىقنى قاتتىق تاپىلىدى، شۇڭا ئاغزىمدىن چىقىرىشتىن قورقىمەن.

— ھەي ئاداش، — دەپتۇ مەككار زەرگەرنىڭ خوتۇنى ھىيلىگەرلىك بىلەن، — مەن باشقا ئادەم ئەمەس، بىز قىيامەتلىك ئاداش. مەن سېنى ئۆز بىلسەم، سەن شۇنداقمىدىڭ؟ ئۇنداق بولسا بوپتۇ، ئۆز كۆڭلۈمدە سېنى تېخى ئالەمگە تەڭ قىلماي يۈرۈپتىمەن.

مەككار زەرگەرنىڭ خوتۇنى ماي تارتىپ، قېيىدىغان قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ. ئۇستا ھەسەننىڭ خوتۇنى تەخسىلىقتا قاپتۇ ۋە:

— ئۇنداق بولسا، مەن ئېيتاي، لېكىن مېنىڭ ھەقىقىي دوستۇم بولساڭ، ئاغزىڭدىن چىقارمىغىن.

— ۋاي، خاتىرجەم بول، ئاداش، — دەپتۇ مەككار زەرگەرنىڭ خوتۇنى، — مەن ئۇنداق ئاغزى بوش ئاياللاردىن ئەمەس. «سېنىڭ بېشىڭغا كەلگەن قىلىچ مېنىڭ بوينۇمنى كەسسۇن» دەيدىغان مەرد ئايالمەن.

ئۇستا ھەسەننىڭ خوتۇنى ئېرىدىن ئاڭلىغانلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. مەككار زەرگەرنىڭ خوتۇنى زەن قويۇپ ئاڭلىۋاپتۇ، ئۆيگە قىن - قىنىغا پاتماي قايتىپ كېپتۇ - دە، ئاڭلىغانلىرىنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ئېرىنىڭ قۇلىقىغا قۇيۇپتۇ.

ئەتىسى مەككار زەرگەر پادىشاھنىڭ ئالدىغا چېپىپ بېرىپتۇ ۋە پىلنى كۆرۈپتۇ. پادىشاھ ماختىنىپ:

— ھاياتىڭدا مۇنداق ھۈنەرنى كۆرگەنمۇسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مۇنداق ھۈنەرنى ھېچكىم قىلالماس، لېكىن ئۇستا ھەسەن ئىنساپسىزلىق قىپتۇ، — دەپتۇ مەككار زەرگەر.

— قانداق دەيسەن؟

— سىز مىڭ پاتمان قىزىل ئالتۇن بەرگەنىكەنسىز، لېكىن بۇ پىل ھەرگىزمۇ مىڭ پاتمان كەلمەيدۇ.

— بۇنى ئۆلچىگىلى بولمايدۇ، قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ. مەككار زەرگەر كېمىگە سېلىپ ئۆلچەش مەسلىھىتىنى بېرىپتۇ.

پادىشاھ شۇنداق قىپتۇ. پىلنىڭ ئېغىرلىقى ھەقىقەتەن مىڭ پاتمان كەلمەپتۇ. پادىشاھ: «دەرھال ئۇستا ھەسەننى تۇتۇپ، مال - دۇنياسىنى تالان - تاراج قىلىڭلار، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈڭلار!» دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.

لېكىن، پادىشاھ ۋەزىرلىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئۇستا

ھەسەننى ئۆلتۈرمەي، قاتتىق جازالاپتۇ. پادىشاھنىڭ قاتتىق جازاسى مۇنداق ئىكەن: شەھەردىن بىرنەچچە كۈنلۈك يىراق يەردە ناھايىتى ئېگىز بىر مۇنار بار ئىكەن، پادىشاھ ئېغىر گۇناھ قىلغانلارنى شۇ مۇنارغا چىقىرىپ قاماپ قويىدىكەن، ئۇ كىشى شۇ يەردە ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق دەردىدە ھالاك بولىدىكەن. ئۇستا ھەسەننىمۇ شۇنداق قىپتۇ، مال - دۇنيالىرىنى خەزىنىگە ئاپتۇ.

بىر كۈنى ئۇستا ھەسەننىڭ خوتۇنى ئېرىنى كۆرگىلى بېرىپتۇ. ئۇستا ھەسەن خوتۇنىنى كۆرۈپ قاتتىق ئاۋازدا قىچقىرىپتۇ. خوتۇنىمۇ ھەسرەتلىك ياشلىرىنى راۋان قىلىپ، پۇشايمىنىنى بىلدۈرۈپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— ئەي ئۇستا، ھالىڭ قانداق؟ دانا، زېرەك ئىدىڭ، بۇ بالادىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى يوقمۇ؟

— ئەي كەم ئەقىل خوتۇن، — دەپتۇ ئۇستا ھەسەن ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇرۇپ، — بۇ بالاغا سەن سەۋەب بولدۇڭ، ئۆلۈشتىن باشقا چارە يوق !

ئۇستا ھەسەننىڭ خوتۇنى يىغلاپ، ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ ۋەيران بولغانلىقىنى دادلاپ كۆز ياشلىرىنى ئېقىتىپتۇ.

— ئەي كەم ئەقىل خوتۇن، — دەپتۇ ئۇستا ھەسەن ۋارقىراپ، — سەن قىلدىن ئىنچىكە ۋە ناھايىتى پىششىق يىپ ئېلىپ كەلگىن، يەنە ھەسەلمۇ ئالغاچ كەل.

ئايال شۇنداق قىپتۇ. ئۇستا ھەسەن ھەربىر تال يىپنىڭ ئۇچىغا ھەسەلدىن تەگكۈزۈپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ. مۇنارنىڭ ئۈستىدە چۈمۈلىنىڭ ئۇۋىسى بار ئىكەن. ئۇلار سەپ تۈزۈپ، ئۈزۈلمەي تۆۋەندىن ئۈزۈق توشۇيدىكەن. ئۇستا ھەسەن يىپنىڭ ھەسەل سۈركەلگەن ئۇچىنى چۈمۈلىلەرنىڭ يولىغا توغرىلاپ قويۇشنى ئېيتىپتۇ. چۈمۈلىلەر ئۇنى چىشلەپ يۇقىرىغا قاراپ مېڭىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بارلىق يىپنى ئۇستا ھەسەنگە يەتكۈ-

زۇپتۇ. بۇ يىپلارنى بىر قىلسا بىرنەچچە ئادەمنى باغلاپ كۆتۈرسىمۇ ئۈزۈلمىگۈدەك ئىكەن. ئۇستا ھەسەن ئۇنى ئېشىپ تانا قىپتۇ.

— ئەي خوتۇن، — دەپتۇ ئۇستا ھەسەن تانىنىڭ بىر ئۇچىنى پەسكە تاشلاپ، — بۇ تانىنى بېلىڭگە باغلىغىن. سېنى بەكمۇ سېغىندىم، بۇنىڭ ئۇستىدە قانغۇچە ئوينىشۇپلىپ، ئاندىن بىللە چۈشۈپ كېتىمىز.



ئەخمەق خوتۇن تانىنى بېلىگە باغلاپ، چىڭ ئېسىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇستا ھەسەن خوتۇنىنى مۇنار ئۈستىگە تارتىۋاپتۇ. ئەخمەق خوتۇن ئۆزىنى ئۇستىنىڭ باغرىغا تاشلاپتۇ. ئۇستا ھەسەن:

— خوتۇن، مەن پەسكە چۈشۈپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلاي، سەن تانىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇر. مەن تانىنى بېلىمگە باغلاپ پەسكە چۈشەي، — دەپتۇ.

ئۇستا ھەسەن پەسكە چۈشۈپتۇ ۋە بىر كۈچەپ تانىنى تارتىۋاپتۇ ـ دە:

— ئەي ئەقىلسىز، —

دەپتۇ ۋارقىراپ خوتۇنغا، — بۇ ئىشقا ئۆزۈڭ سەۋەب بولغان. ئۆزۈڭ تاپقان بالانى ئۆزۈڭگە تاپشۇردۇم.

ئۇستا ھەسەن شەھەرگە قاراپ راۋان بوپتۇ.

— ئەي ھەسەن، — دەپ توۋلاپتۇ خوتۇن مۇنار ئۈستىدە يىغلاپ تۇرۇپ، — سەن بىۋاپا، مەن مەزلۇم بىچارىگە مۇنداق قىلغىنىڭ نېمىسى؟

— ئەي ئەقىلسىز خوتۇن، — دەپتۇ ئۇستا ھەسەن ئارقىسىغا قاراپ، — كىمكى ۋەدىگە ۋاپا قىلمىسا، بىۋاپالىق شۇنىڭغا مەنسۇپتۇر. بۇ بالانى ئۆزۈڭ تاپقان، ئۆزۈڭگە تەئەللۇق نەرسىنى ئۆزۈڭگە قايتۇردۇم. سەندەك بىۋاپا، ئەقىلسىز خوتۇننىڭ ھايات قالغىنىدىن ئۆلگىنى ياخشىراق.

ئەلقىسسە: بىر كۈنى ئوتۇنغا كېتىۋاتقان بىر توپ ئوتۇنچى مۇنار ئۈستىدە يىغلاپ تۇرغان خوتۇننى كۆرۈپتۇ ۋە بۇ خوتۇندىن سوراپتۇ:

— ئەي مەزلۇم، مۇنار ئۈستىگە ئۇستا ھەسەننى چىقىرىپ قويغانىدى. سەن قانداق قىلىپ چىقىۋالدىڭ؟ ئۇستا ھەسەن قېنى؟

ئۇستا ھەسەننىڭ خوتۇنى ئەھۋالنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ، ياش تۆكۈپ يىغلاپتۇ. ئوتۇنچىلار ھەيران بوپتۇ ۋە بېرىپ پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. پادشاھ ھەسەننىڭ ھەقىقەتەن ئەقىللىق ۋە دانا ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. ئۆزىنى يوشۇرۇپ يۈرگەن ئۇستا ھەسەننى چاقىرىپ، ئەھۋالنى بايان قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇستا ھەسەن مەككار، ھەسەتخور زەرگەرلەرنىڭ سۈيىقەستىنى پاش قىلىپ، خوتۇنىنىڭ ئەقىلسىزلىق قىلىپ ئۇلارغا خىزمەت قىلغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەقىل ئىشلىتىپ، خوتۇننى مۇنار ئۈستىگە چىقىرىپ قويغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

پادىشاھ ۋە مەجلىس ئەھلى ئۇستا ھەسەننىڭ پاراستىگە ئا-پىرىن دېيىشىپتۇ.

مەلىكە نەمرۇز ئۆز ھېكايىسىنى تاماملاپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا ئەسىر بوپتۇ.

دۈشەنبە كۈنى نۇرلۇق قۇياش زۇلمەت دېرىزىسىدىن باش چىقىرىپ، زېمىننى مۇنەۋۋەر قىپتۇ. شاھ بەھرام مەنزەرۇ رەيھاننى كۆرگىلى كېلىپ يېشىل كىيىملىك مەلىكە بىلەن مەجلىس قۇرۇپتۇ، مەي ئىچىپ سەرخۇش بوپتۇ.

پادىشاھنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مەلىكە ھېكايىگە ئېغىز ئېچىپتۇ:

ھىندىستاندا خەلقپەرۋەر، ئادالەتلىك، مېھماندوست بىر پا-دىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ھەر ياقتىن كېلىدىغان مېھمانلارنى نە-زەردە تۇتۇپ، ئالىي بىر مېھمانخانا ياسىتىپتۇ، كەلگەن مېھمانلار-نى ئاشۇ يەرگە باشلاپ مېھمان قىلىپ، باشقا جايلارنىڭ ئابھاۋاسى-نى، ئاجايىپ - غارايىپ يېڭىلىقلىرىنى سورايدىكەن، يېڭى ھۈ-نەر - سەنئەت بولسا، ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ يەرگە بىر دانىشمەن مېھمان بولۇپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنى مېھمانخانىغا چۈشۈرۈپتۇ، ھەر خىل لەز-زەتلىك غىزا قىلدۇرۇپ كۈتۈپتۇ، ئادەت بويىچە كۆرۈپ ئۆتكەن ئۆزگە شەھەر - ۋىلايەتلەردىكى يېڭىلىقلارنى سوراپتۇ. مېھمان كۆپ نەرسىلەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئەي دانىشمەن، سەن ھەر خىل ھېكايەتنى قىلىسەن، مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن، ئەمما ئۆلۈككە جان كىرگۈزەل-مەيمەن، ئۆلۈككە جان كىرگۈزۈشنى ئاللاتائالا ئادەمنىڭ قولىغا بەرمەپتۇ، — دەپتۇ پادىشاھ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان مېھمان كىشى تەبەسسۇم قىپتۇ.

— كۆلۈشۈڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈشنى ھەقتائالا ئادەمنىڭ قولىغا بەرگەن، — دەپتۇ مېھمان.

— ئەگەر قولۇڭدىن كەلسە، ماڭا كۆرسەت، — دەپتۇ پادىشاھ.

مېھمان دەرھال بىر چۈشىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ جېنىنى چۈشىنگە بېرىپتۇ، ئۆزى شۇ ھامان ئۆلۈپتۇ. ئۆلۈك چۈشىن بولسا شۇ ھامانلا تىرىلىپ ئۇچۇپ، ئۆينىڭ ئىچىنى نەچچە ئايلىنىپ كېلىپ مېھمانغا قونۇپتۇ. مېھمان چۈشىنگە بەرگەن جېنىنى قايتۇرۇۋاپتۇ ۋە شۇئانلا تىرىلىپ ئورنىدىن قوپۇپ كۆلۈپ ئولتۇرۇپتۇ، چۈشىن ئۆلۈپتۇ. پادىشاھ بۇ كارامەتنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ.

— ئەي ئەزىز مېھمان، — دەپتۇ پادىشاھ ئىلتىجا قىلىپ، — بۇ كارامەت ھۈنەر ئىكەن، ماڭا ئۆگىتىپ قويغىن، ماڭا يادىكار بولۇپ قالسۇن.

مېھمان ھۈنىرىنى پادىشاھقا ئۆگىتىپ قويۇپتۇ ۋە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۇ شەھەردىن كەتمەكچى بوپتۇ. پادىشاھ كۆپ سوۋغا - ئىنئام بىلەن ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

ئاي - يىللار ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ، مەن بۇ نادىر ھۈنەرنى بىلىمەن، مۇبادا ماڭا ئەجەل كېلىپ ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، بۇ ھۈنەر زايا بولىدۇ. قانداق قىلىشىم كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ. پادىشاھنىڭ ناھايىتى كۆڭلى يېقىن داستۇر ئاتلىق بىر ۋەزىرى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇنى خىلۋەتكە چاقىرىپتۇ - دە:

— ئەي داستۇر، — دەپتۇ پادىشاھ سىرىنى ئايان قىلىپ، — مەن بىر ئاجايىپ ھۈنەر بىلىمەن، ساڭا ئۆگىتىپ قوياي.

— ئالىيلىرىغا تۈمەن مىڭ رەھمەت! — دەپتۇ ۋەزىر خۇرسەن بولۇپ. پادىشاھ «روھ يۆتكەش» ھۈنىرىنى ئۆگىتىپتۇ.

ئەلقىسسە: بىر كۈنى پادىشاھ داستۇر بىلەن شىكارغا چىقىپتۇ. ئۇلارغا بىر كېيىك ئۇچراپتۇ. ئۇلار كېيىكنى بىللە

قوغلاپتۇ، كېيىكنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ۋەزىرنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ.

— ئەي پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ ۋەزىر مەككارلىق بىلەن، — جانابلىرى ماڭا روھنى ئالماشتۇرۇشنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگەتتىلە، لېكىن چۈشەنچەم دېگەندەك بولمىدى. ھەزرەتلىرىگە مالال كەلمىسە، بۇ كېيىككە روھلىرىنى ئۆتكۈزۈپ باقسىلا، بۇ مەن ئۈچۈن بىر دەرس بولۇپ قالغاي.

— ماقۇل، كۆرۈپ تۇر، — دەپتۇ پادىشاھ ماختىنىپ، — كۆڭلۈڭدە گۇمان قالمىسۇن.

پادىشاھ ئۆز روھىنى كېيىككە ئۆتكۈزۈپتۇ. ۋەزىر ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، دەرھال ئۆز روھىنى پادىشاھنىڭ بەدىنىگە كىرگۈزۈۋاپتۇ. پادىشاھ كېيىك بولۇپ باياۋانغا چېپىپ كېتىپتۇ، ۋەزىر پادىشاھ بولۇپ ئوردىغا يېنىپ كەپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ خوتۇنلىرى بىلەن خالىغانچە ئەيش - ئىشرەت قىپتۇ.

پادىشاھنىڭ بىر خوتۇنى بار ئىكەن، ھەممە خوتۇنلىرىدىن ساھىبجامال، ئاقىل ۋە دانا ئىكەن. پادىشاھ ئۇنى ھەممە خوتۇنلىرىدىن ياخشى كۆرىدىكەن.

«پادىشاھ» بۇ خوتۇننىڭ قېشىغا كىرىپتۇ ۋە ئۇ نازىنىنغا قول ئۇزىتىپتۇ. ئاقىل خوتۇن بۇ كىشىنىڭ خۇي - پەيلىنىڭ پادىشاھنىڭ خۇي - پەيلىدىن ئۆزگىچىلىكىنى پەملەپ، ئۆزىنى قاچۇرۇپتۇ، بىر قولىغا زەھەر، بىر قولىغا خەنجەر ئاپتۇ.

— ئەي پادىشاھ، — دەپتۇ ئۇ، — ماڭا قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بەرگىن، دەخلى قىلمىغىن، سېنىڭ خۇلق - مىجەزىڭ پادىشاھقا ئوخشىمايدۇ. يا خەنجەر بىلەن سېنى ئۆلتۈرىمەن، يا زەھەر بىلەن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرىمەن، — دەپتۇ پادىشاھنىڭ ئايالى. «پادىشاھ» ئىلاجسىز سەۋر قىپتۇ.

ئەلقىسسە: ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى كېيىكتىن ئاڭلاڭ: پادىشاھ كېيىك بولۇپ باياۋاندا يۈرۈپتۇ، بىسيار نادامەت

قىپتۇ، ئەمما پايدا بەرمەپتۇ. ئاخىر بىر يېشىللىقتا چىقىپتۇ، قارىسا، بىر ئۆلۈك تۇتى ياتقۇدەك. ھوشۇمنىڭ بارىدا روھىمـ-نى تۇتىنىڭ بەدىنىگە ئالاي، دەپ ئويلاپتۇ. تۇتىنىڭ روھسىز جەسىتىگە ئۆز روھىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. تۇتى تىرىلىپ ئۇچۇپ ئاسمانغا پەرۋاز قىپتۇ، ئۇچۇپ بېرىپ بىر توپ تۇتىلار قې-شىغا بېرىپتۇ. تۇتىلارنىڭ ئارىسىدا بىردەم ئولتۇرۇپتۇ. بۇ تۇتىلار يېڭى كەلگەن تۇتىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى بىلىپ، ئۆزلىرىگە سەردار قىلىۋاپتۇ. پادىشاھ تۇتى باشقا تۇتىلارغا ھەر خىل تەدبىر - چارىلەرنى ئۆگىتىپتۇ.

بىر كۈنى تۇتىلار بىر دەرەخنىڭ شېخىدا ئولتۇرغانىكەن، بىر سەيياد كېلىپ تور قۇرۇپتۇ. تۇتىلار تورغا چۈشۈپ قاپتۇ، ھەرقايسىسى قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ ئالدىرىشىپتۇ.

— ئەي تۇتىلار، — دەپتۇ پادىشاھ تۇتى، — مۇنداق قىلىش بىلەن تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، ئەقىل - پاراسەت بى-لەن تەدبىر قىلىش لازىم.

— سەن بىزنىڭ سەردارىمىز، بىزگە بىر تەدبىر ئۆگەتكىن، — دەپتۇ باشقا تۇتىلار.

— ئاۋۋال ھەممىڭلار ئۆلۈك بولۇپ يېتىڭلار، — دەپتۇ پا-دىشاھ تۇتى، — ئاندىن كېيىنكى ئىشنى ماڭا قويۇۋېتىڭلار.

تۇتىلار شۇنداق قىپتۇ. سەيياد كېلىپ قارىسا، تۇتىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ قالغان، ئۇ ئۈمىدسىزلىنىپ دەرھال تۇتىلارنى توردىن ئېلىپ تاشلىۋېتىپتۇ. تۇتىلار ئۇچۇپ كېتىپتۇ، ئەمما پا-دىشاھ تۇتى ئۇچماپتۇ. سەيياد خۇشال بولۇپ تۇتۇۋاپتۇ.

— ئەي سەيياد، — دەپتۇ پادىشاھ تۇتى، — تۇتىلارنىڭ ئۇچۇپ كېتىشىدىن مالال بولمىغىن. مەن ھەممىسىدىن ئاقىل، ئوبدان تۇتى، ھەممە ئىشلاردىن سېنى خەۋەرلەندۇرۇپ تۇرىمەن. مېنى شەھەرگە ئېلىپ بارغىن، ئالغۇچىلار بولسا، باھايىمنى

مىڭ دىنار دېگىن، ئۇنىڭدىن كەمگە بەرمىگىن.
سەيياد بۇ تۇتىنىڭ سۆزىگە ھەيران قاپتۇ ۋە خۇشال بولۇپ شەھەرگە ئېلىپ كەپتۇ. بىر يەردە قويغانىكەن، تۇتى ئۆتكەن - كەچكەنلەردىن ھېكايە سۆزلەشكە باشلاپتۇ. كىشىلەر ھەيران بولۇپ يىغىلىپتۇ ۋە سەييادتىن تۇتىنىڭ باھاسىنى سوراپتۇ. سەييا: «مىڭ دىنار» دەپتۇ. شۇ ئەسنادا ھېلىقى ۋەزىردىن مۆھلەت تىلەپ سەيلىگە چىققان مەلىكە يېتىپ كەپتۇ. يىغىلغانلارنى كۆرۈپ، يىغىلىشنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. خالايىق ئىچىدىن بىرى سۆزلەۋاتقان تۇتىنى كۆرسىتىپ، ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپتۇ.
— باھاسى قانچە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.
— مىڭ دىنار.
مەلىكە مىڭ دىنار بېرىپ تۇتىنى سېتىۋاپتۇ ۋە ئاپىرىپ قېشىدا قويۇپتۇ. تۇتى ھەر تەرەپتىن ھېكايە - داستان سۆزلەيدىكەن.
بەس، بىر كۈنى مەلىكە خىلۋەتتە ئولتۇرغانىكەن، تۇتى سوراپتۇ:
— ئەي مەلىكە، مېنى تونۇمسەن؟
— تونۇيمەن، — دەپتۇ مەلىكە، — سەن بىر شاتۇتى.
— قېنى تونۇغىنىڭ؟ — دەپ يىغلاپتۇ تۇتى، — بىلگىنكى، مەن بۇرۇنقى پادىشاھمەن، سېنىڭ ئېرىڭمەن.
مەلىكە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۈن سېلىپ يىغلاپتۇ.
— ئەي پادىشاھ، بۇ قانداق ئەھۋال؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.
تۇتى ئۆتكەن ئەھۋالنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپتۇ. مەلىكە ھەيران قاپتۇ.
— ئەي پادىشاھ، ئەمدى قانداق قىلىسەن؟ — دەپتۇ مەلىكە.
— ئۇ ۋەزىر تولىمۇ ھىيلىگەر، — دەپتۇ تۇتى، — سەنمۇ ماھىرلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغىن، مۇلايىم تەزىم قىلىپ، ئۆزۈڭنى

مايىل قىلىپ كۆرسەتكىن، «سەن روھ كۆچۈرۈش ھۈنىرىڭنى بىر كۆرسىتىپ باققىن» دېگىن. قالغان ئىشنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن.

ئەلقىسسە: شۇ كۈنى «پادىشاھ» مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. مەلىكە خۇش تەبەسسۇم بىلەن ئالدىغا بېرىپ قارشى ئاپتۇ ۋە ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرۈپتۇ، بىردەم ئۇياق - بۇياقنىڭ سۆزلىرىنى قىلىپ «پادىشاھ»نىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپتۇ.

— ئەي شاھ، — دەپتۇ مەلىكە، — سىزنىڭ بىر كارامەت ھۈنىرىڭ بار ئىدى، ئەگەر شۇ ھۈنەرنى ماڭا كۆرسەتسەڭ، ئەركىمنى ساڭا تاپشۇرىمەن، نېمە دېسەڭ، ماقۇل دەيمەن. ئەگەر ئۇ ھۈنەرنى ئايان قىلالمىساڭ، ماڭا يېقىن كەلمە.

— سەن قانداقتۇر گۇماندا بولۇۋاتىسەن، جېنىم، — دەپتۇ ۋەزىر پوچىلىق قىلىپ، — سەن دېگەن ھۈنەر «روھ كۆچۈرۈش» ھۈنىرى، ئۇنى ساڭا ئەلۋەتتە كۆرسىتىپ بېرىدىمەن. بىر توخۇ پەيدا قىلغىن.

مەلىكە خىزمەتچىلەرگە بۇيرۇغانىكەن، توخۇ ئېلىپ كەپتۇ، توخۇنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ۋەزىر توخۇنىڭ بەدىنىگە ئۆز روھىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. ھوشيار تۇرغان شاتۇتى ئۆز روھىنى ئەسلىدىكى ئۆز تېنىگە ئۆتكۈزۈپتۇ - دە، توخۇنى ئۆلتۈرۈپ، كۆيدۈرۈپ كۈلىنى كۆككە سورۇۋېتىپتۇ.

پادىشاھ ئۆز ھۈنىرىنى قارا نىيەت ۋەزىرگە ئۆگەتكىنىگە پۇشايمان قىلىپ، ئاچچىق ساۋاق ئاپتۇ. مەلىكىنىڭ ۋاپادارلىقىنى بىلىپ، باشقا خوتۇنلىرىنى تالاق قىلىپ، پادىشاھلىق تەختىدە قارار تېپىپتۇ.

يېشىل كىيىملىك مەلىكە ھېكايىنى شۇ يەردە تاماملاپتۇ. شاھ بەھرام پاراغەت ئۇيقۇسىغا غەرق بوپتۇ.

سەيشەنبە كۈنى شاھ بەھرام مەنزىرۇ بىنەپشىگە راۋان بوپ-

تۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان رۇم پادىشاھىنىڭ قىزى سەرۇ ئازاد پادى-شاھنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. بەھرام بۇ گۈزەل مەلىكىگە تويماي-تويماي قاراپتۇ. ئۇلار مەجلىس قۇرۇپ شارابخورلۇق قىلىشىپتۇ، ئالتۇن پىيالىلەرگە لىقمۇلىق مەي تولدۇرۇلۇپ، نازۇكەرەشمى-لەر بىلەن سۇنۇلۇپتۇ. سۇبھىدىن تا شامغىچە سەرۇ ئازاد بىلەن بەھرام مەي تۇتۇشۇپتۇ. بەھرام مەي كەيپى بىلەن مەستخۇش بو-لۇپ، مەلىكىدىن ھېكايە ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ.

سەرۇ ئازاد ھېكايە باشلاپتۇ:

رۇم شەھىرىدە بىر سودىگەر بولۇپ، مال - دۇنياسىنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق ئىكەن. بۇ سودىگەرنىڭ بىر ئوغلى بو-لۇپ، ئۇ ھوشيار، زېرەك، دانا ئىكەن، ھەرقاچان بۇ ئالەمدىكى ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارنى كۆرۈشكە ھەۋەس قىلىدىكەن، زاماننىڭ يېڭى نەرسىلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ تۇرىدىكەن.

بۇ سودىگەر بىر مېھمانخانا بىنا قىپتۇ. بۇ مېھمانخانىنىڭ تاملىرىغا ئالتۇن - كۈمۈش يالىتىپ، رەڭمۇرەڭ زىننەت بېرىپ-



تۇ. ئۇ، ھەرقايسى شەھەردىن مۇساپىرلار كەلسە، مېھمانخانىسىدىغا تەكلىپ قىلىپ ئوبدان كۈتىدىكەن ۋە زامانىنىڭ يېڭىلىقلىرىدىنى، ئاجايىپ - غارايىپلىرىنى سورايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر مۇساپىر كەپتۇ. بۇ مېھمان جاھاننىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى كۆپ كۆرگەن كىشى ئىكەن. سودىگەر مەزكۇر مېھماننى ئوبدان مېھمان قىپتۇ، ئۇنىڭغا تۈرلۈك سوئاللارنى بېرىپتۇ.

— مەن ئۆزلىرىگە ئاجايىپ بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي، — دەپتۇ مۇساپىر، — بىر شەھەر بار، خەلقى ئىنتايىن گۈزەل، ئەمما ئۇ خەلقنىڭ نىسبى سۆزلەيدۇ، نىسبى سۆزلىمەيدۇ. بۇلارنىڭ خامۇشلۇقىنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەيدىغانلاردىن سوردىسام، ئۇلار ماڭا: «بۇ يەردە ھۆكۈمالار ئىلمىي تىلسىم بىلەن بىنا قىلغان بىر ھامام بار. كىمدەكىم ئۇ ھاممامغا كىرسە، بىر يىلدا چىقىدۇ، ئەمما ئۇلار خامۇش بولۇپ چىقىدۇ، كېچە - كۈندۈز بىھوش يۈرىدۇ...» دېيىشتى.

ئەلقىسسە: سودىگەرنىڭ ئوغلى بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپتۇ - دە، شۇ ھاممامنى كۆرۈشنى ھەۋەس قىپتۇ، ئاتا - ئانىسى ھەرقانچە توسۇپ نەسىھەت قىلسىمۇ ئۇنىماپتۇ، ئاخىر نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ۋە خىزمەتچىلەرنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ، ھېلىقى مۇساپىرنىمۇ ھەمراھ قىلىۋاپتۇ. ئۇلار شەھەرمۇ شەھەر يۈرۈپ، بىر يىلدا ھېلىقى شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. سودىگەرنىڭ ئوغلى ھاممامغا كىرمەكچى بولۇپ، ھەمراھلىرىغا:

— مېنى بىر يىل ساقلاڭلار، تىرىك چىقسام، خوپ، ئەگەر تىرىك چىقمىسام، بۇ مال، خىزمەتچىلىرىمنى سالامەت ئېلىپ كېتىڭلار، — دەپتۇ ۋە ھەمراھلىرى بىلەن خوشلىشىپ ھاممامغا كىرىپ كېتىپتۇ.

ئەلقىسسە: سودىگەرنىڭ ئوغلى ھاممامغا كىرىپ بىرنەچچە

قەدەم ماڭغانىكەن، بىر گۈمبەز كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئىچىدە ھېسابسىز ھۇجرا بار ئىكەن، بۇ ھۇجرىلارنىڭ ھەممىسى قاراڭغۇ ئىكەن. بۇنى كۆرگەن يىگىت ھەيران بوپتۇ ۋە قورقۇپتۇ، بەدىنىنى تىترەك بېسىپتۇ، كىرگىنىگە يۈزمىڭ پۇشايمان قىپتۇ، ئەمما ھېچ پايدىسى بولماپتۇ. ئاندىن بىر ئىشىك كۆرۈنۈپتۇ. ئۇنىڭدىن كىرسە، يەنە يۈزمىڭ ئىشىك تۇرغۇدەك. ئۇ بىر ھەپتە ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق بىلەن ئۆزىنى خۇداغا تاپشۇرۇپ، نالە ـ زارلىق ئىچىدە يىغلاپ يۈرۈپتۇ. ئاقىۋەت يەنە بىر ئىشىك كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ ئىشىكتىن كىرسە، بىر چارباغ نامايان بوپتۇ، بۇ باغدىكى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى ئاسمانغا بوي سوزغان بولۇپ، شاخ ـ شاختا ھەر خىل شېرىن مېۋىلەر پىشىپ كەتكەن، تەرەپ ـ تەرەپتە ھەر خىل گۈللەر ئېچىلغان، ئېرىقلىرىدا سۇلار شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغانىكەن.

بىر كېچىسى بۇ يىگىت ھەر خىل مېۋىلەردىن يەپتۇ ۋە ھەر تەرەپنى سەيلە ـ تاماشا قىپتۇ، بىرنەچچە چاقىرىم يول يۈرۈپتۇ. بىر ساراي كۆرۈنۈپتۇ. ئۇنىڭدا مىڭ ھۇجرا، ھەر ھۇجرىنىڭ ئالدىدا بىردىن شاھانە سۇپا بار ئىكەن. يىگىت بۇ يەرلەرنىمۇ ئايلىنىپ تاماشا قىپتۇ. كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ. يىگىت پەرىشان بولۇپ، سارايىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇپتۇ. چار باغ تەرەپتىن بىر قۇياش مەسەللىك رەنا ئىككى يۈز ساھىبجامال قىز بىلەن پەيدا بوپتۇ ۋە سارايغا كىرىپ كەپتۇ. ئۇ رەنا ئالتۇن تەختتە، قىزلار تەخت ئەتراپىدا سەپ تۈزۈپ ئولتۇرۇپتۇ. رەنا بىر قىزغا قاراپ:

— بۇ يەردە بىر غېرىب ئادەم يېتىپتۇ، ئېلىپ كەلگىن، — دەپتۇ.

ھېلىقى قىز يىگىتنىڭ قېشىغا كېلىپ، مەلىكىنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

مەلىكە مۇساپىرنىڭمۇ ئولتۇرۇشقا قاتنىششىنى بۇيرۇپ-تۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىغا ھاياجان يامراپتۇ. ئۇ دەرھال مەلىكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ مەلىكە، — غېرىب - مۇسا-پىر ئوخشايسەن، كەل، تەختتە ئولتۇرغىن.

مەلىكە يىگىتنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تەختكە ئېلىپ چىقىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئۇلار بىرنەچچە پىيالە مەينى بىللە ئىچىپتۇ. يىگىت مەست بوپتۇ، مەلىكىگە كۆڭلى چۈشۈپ قول سوزۇپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ مەلىكە خىجىل بولۇپ، — كېنىزەكلەر مېنىڭ ھەمراھلىرىم، ئۇلار ئالدىدا نومۇس قىل-لىمەن. بۇلارنىڭ قايسىسىنى خالىساڭ، تاللاپ ئىشرەت قىل، ھازىر ماڭا قول ئۇزاتما، پۇرسىتىنى كەلتۈرۈپ مېنىڭ بە-دىنىمۇ ئىشرەت قىلىسەن.

مەلىكە بىر قىزغا ئىشارەت قىپتۇ. ئۇ قىز چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، لەۋلىرىدە تەبەسسۇم غۇنچىسىنى ئې-چىلدۇرۇپ، يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىپتۇ ۋە قولى-دىن تۇتۇپ بىر پىنھان ھۇجرىغا باشلاپ كىرىپتۇ. ئۇلار ئىشرەت قىلىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇيقۇدىن ئويغاق بولۇپ قارىسا، كۈن چىقىپتۇ، ئەمما نازىنىن - رەنالارنىڭ ھېچقايسىسى كۆ-رۈنمەپتۇ، ھەر تەرەپكە قاراپتۇ، نە قىز، نە ئىز يوق، يىگىت ھەيران بوپتۇ.

يەنە كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇلۇق قانات يېيىپتۇ. رەنالار يەنە پەيدا بوپتۇ. شۇ تەرىقىدە بىر ھەپتە ئۆتۈپتۇ. يىگىت سەككى-زىنچى كۈنى مەلىكە بىلەن ئىشرەت قىپتۇ.

— ئەي يىگىت، مېنىڭ بەدىنىمنى كۆرمىگىن، — دەپتۇ مەلىكە. يىگىت ئۇخلاپ ئويغىنىپ، مەلىكىنىڭ بەدىنىگە قاراپ

سالغانىكەن، مەلىكە بىر كاچات سايتۇ. يىگىت بىھوش بوپتۇ، يەنە ھوشىغا كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بىر باياۋاندا تۇرغۇدەك، بۇ باياۋاننىڭ ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ جېنى چىققىلى ئاز قاپتۇ، پەرياد ـ پىغانلار قىپتۇ، ھېچ چارە تاپالماپتۇ، ئاخىر بېشى قايـ- غان تەرەپكە قاراپ راۋان بوپتۇ.

ئەلقىسسە: يىگىت چۆلمۇچۆل، باياۋانمۇباياۋان ئاچ ھەم ئۇسسۇز يۈرۈپتۇ. ئاقىۋەت بىر كەنتكە چىقىپتۇ ۋە بىر مو- ماينىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئۇ موماي يىگىتتىن ھال ـ ئەھۋال سوراپ تائام بېرىپتۇ. يىگىت كۆرگەنلىرىنى ۋە بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ موماي، — ماڭا بىرقانچە كۈن خىزمەت قىلغىن. بىر ساھىبجامال قىزىم بار، ساڭا بېرەي.

موماي قىزىنى كۆرسىتىپتۇ. يىگىت بىر قاراشتىلا قىز- غا شەيدا بوپتۇ. ئاخىر موماي قىزىنى بېرىپتۇ، ئەمما بۆلەك ئۆي بەرمەپتۇ. ئۇ يىگىت ھەرقاچان ۋىسال تەقەززاسىدا ئۆتۈپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ قىز مەسلىھەت كۆرسىتىپ، — مېنى پىنھان بىر يەرگە ئېلىپ بار، شۇ يەردە ئۆز ئارزۇيـ- مىزچە ئەيش ـ ئىشرەت قىلايلى!

يىگىت شۇ نىيەتتە، مومايغا:

— ئەي ئانا، قىزىڭغا رۇخسەت قىلغىن. ئىككىمىز بۇ ئەتراپتا سەيلە ـ تاماشا قىلىپ كەلسەك، — دەپتۇ.

موماي قىزىغا چىدىماي يىغلاپتۇ، ئاخىر نائىلاج رۇخسەت قىپتۇ. قىز خۇشال بوپتۇ ۋە يىگىتكە بۇيرۇپتۇ:

— ئېشەكنى توقۇپ، ئوزۇقلارنى يۈكلىگىن. ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىنى ھەرگىز تۇتمىغىن.

يىگىت ئېشەكنى ئېلىپ كېلىپ توقۇم سايتۇ. قۇشقۇنىنى سالغاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن قۇيرۇقىنى تۇتۇپ سايتۇ. ئېشەك

بىرنى تېپىپتۇ، يىگىتنىڭ كۆزىگە بارچە ئالەم قاراڭغۇلاشقاندەك بولۇپ، بوران چىقىشقا باشلاپتۇ. يىگىت بىھوش بولۇپ يىقىلىپ-تۇ. بىر چاغدا ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچقان يىگىت ئۆزىنى بىر تاغ ئۈستىدە كۆرۈپتۇ، قارىسا، موماي، قىز، ئېشەكنىڭ ھېچبىرى يوقمىش.

ئەلقىسسە: تاغ ئۈستىدە ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق ئىكەن. يىگىت نالە - زار قىلىپ، ئۆلۈمدىن باشقىغا چارە تاپالماپتۇ، بىر ياقىقا قارىسا، بىر يېشىل بوستان كۆرۈنۈپتۇ، ئۇ يەرگە بارسا، بىر بوۋاي ئولتۇرغۇدەك.

— ئەي سەرگەردان يىگىت، قەيەردىن كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي، — بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرسەن؟

يىگىت بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ. بوۋاي ھېلىقى موماي ئۇچرىغان يەرنىڭ پە-رىلەر ماكانى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ شۇلارغا تەۋە مەخلۇقلار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— ھاياتلىقتىن نېسىۋەڭ بار ئىكەن، — دەپتۇ بوۋاي، — خۇدا ساڭا رەھىم قىپتۇ، شۇڭا سالامەت قاپسەن. جان تېنىڭدە بولسىلا، گىياھ ۋە مېۋىگە قانائەت قىلالىساڭ، ئاخىر سەنمۇ مېنىڭدەك قېرىيسەن. ئەگەر ھەر ياقلارغا بېرىشنى ھەۋەس قىلساڭ، ئادەمخور قۇشلار سېنى پارە - پارە قىلىدۇ.

يىگىت بوۋاينىڭ قېشىدا بىرنەچچە مەزگىل تۇرۇپتۇ. بىر كۈنى يىراقلارغا بېرىپ تاماشا قىپتۇ. بىر چاغدا بىر ئادەم-خور قۇش كېلىپ ئۇنىڭغا چاڭگال ساپتۇ - دە، ئۇنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا پەرۋاز قىپتۇ. تاغلاردىن ئېشىپ بىر غارنىڭ ئاغزىغا كېلىپ قونۇپتۇ. يەنە بىر قۇش بۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ يېتىپ كەپتۇ ۋە ئىككى قۇش يىگىتنى تالىشىپ سوقۇشۇپ كېتىپتۇ. يىگىت پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆزىنى غارنىڭ ئىچىگە ئاپ-

كىيىنىپ، قولىدا بىر جۈپ قىزىلگۈل تۇتقان بىر نازىنىن ئۇ-نىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ ۋە قولىدىكى گۈلنى يىگىتكە تۇتۇپتۇ، يى-گىتنى بىر خىلۋەت سارايغا باشلاپ كىرىپتۇ، ھامامغا باشلاپ كىرىپ، مۇشك ۋە گۈلاب بىلەن پاكىز يۇيۇپتۇ، ئاخىردا ئويۇن - تاماشىغا تۇتۇش قىپتۇ.

ئەتىسى ھەرەمخانا مۇلازىمى كېلىپ، يىگىتنى يەنە بىر ھەرەمگە باشلاپ بېرىپتۇ. ئۇ ھەرەمدىمۇ گۈل تۇتقان بىر قىز چىقىپ يىگىتنى كۈتۈۋاپتۇ، ھامامغا باشلاپ كىرىپ، يۇ-يۇندۇرۇپ، ئالىي كىيىملەرنى كىيدۈرۈپتۇ. شاراب ئىچىپ مەستخۇش بولغاندىن كېيىن، ئەيش - ئىشرەت قىلىشقا كىرى-شىپتۇ. شۇ تەرىقىدە ئالتە كۈن ئۆتۈپتۇ. نۆۋەت يەتتىنچى ھە-رەمگە كەلگەندە، مۇلازىم:



— ئەي يىگىت، ئالتە ھەرەمگە كىرىپ ئىشرەت قىلىدى-
ڭىز. يەتتىنچى ھەرەمدىن ھەزەر قىلىڭ، ئىلگىرىكى پادى-
شاھلار بۇ ھەرەمگە كىرگەندە كۆك لىباس كىيەتتى، — دەپتۇ.

يىگىت بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىماپتۇ، سارايغا — نازىنىن
قېشىغا كىرىپتۇ. بۇ يىگىتكىمۇ كۆك كىيىم كىيگۈزۈشۈپتۇ.
شۇ زامات يىگىت ئۆزىنى سارايىنىڭ تېشىدا كۆرۈپتۇ.

يىگىت بىر يىلغىچە بەزىدە راھەت كۆرۈپ، بەزىدە مۇ-
شەققەت تارتىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىغا ساق - سالامەت
يېتىپ كېلىپ، بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر -
بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئەلقىسسە: سەرۇ ئازاد ئەپسانىلىرىنى تۈگىتىپ، بەھرام
بىلەن تۆشەك ئارامگاھىدا قارار تېپىپتۇ.

چارشەنبە كۈنى قۇياش زۇلمەت دېرىزىسىدىن باش چىقى-
رىپ، ئالەم روشەن بوپتۇ. بەھرام مەنزەرۇ نارجىنىغا راۋان
بوپتۇ. كەيلان شاھىنىڭ قىزى خۇرشىد چېھرە كىيىملىرىنى
كىيىپ، مىڭ تۈرلۈك نازۇ كەرەشمە بىلەن بەھرامنىڭ ئالدىغا
چىقىپ كۈتۈۋاپتۇ.

شاھ بەھرام كۆرۈپتۇكى، بۇ مەلىكە تولىمۇ گۈزەل ئى-
كەن، بوستان چاچلىرى يەلپۈنۈپ ھەر تەرەپكە چېچىلىپ تۇ-
رىدىكەن، ھەرقانداق كىشىنى زىبالىق ئەپسۇنى بىلەن دىۋانە
قىلىدىكەن، چىشلىرى ئۈنچىدەك، ئاغزى غۇنچىدەك بولۇپ،
ئۈنىڭدىن چىققان شېرىن سۆزلەر دىللارغا ھۇزۇر بېغىشلاپ
مەست قىلىدىكەن.

بۇ زىبانى كۆرۈپ بەھرامنىڭ ئەقلى بۇزۇلۇپتۇ، خاس خىز-
مەتچىلىرى كېلىپ، تەخت ئالدىدا سۆھبەت ھازىرلىقىنى قىپ-
تۇ. ساقىيلار پىيالىلەرنى شاراب بىلەن تولدۇرۇپ ئۆزىتىشقا
باشلاپتۇ، خۇش ئاۋاز سازەندە - ناخشىچىلار بۇلبۇلدەك ناۋا قى-

لىشىپتۇ. بۇ مەجلىس كەيپىياتىنى باغى ئېرەمنىڭ ھۆر ـ پەرى-لىرى كۆرسە، ھەسەت قىلىپ، ھەسرەت چىشلىرىدا بارماقلىرى-نى چىشلىگەن بولاتتى. شاراب بىلەن كۆڭۈللىرى ئېچىلىپ مەستخۇش بولغان مەجلىس ئەھلى ئۆز مەنزىللىرىگە قايتىپتۇ. بەھرام بىلەن خۇرشىد چېھرە پاراغەت تۆشىكى ئۈستىدە دۆلەت تەكىيىسىگە يۆلىنىپتۇ.

ئەلقىسسە: خۇرشىد چېھرە مەجلەس ئارا ئىسىملىك كې-نىزىكىنى چاقىرىپتۇ. بەھرام ئۇنىڭغا قىزىق بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. مەجلەس ئارا ئۆزىنى تۈزەپ ئول-تۇرۇپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ:

بۇرۇنقى زاماندا شام شەھىرىدە بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، دەپىنە دۇنيالىرى بىھېساب بولۇپ، ھېچ نەرسىدىن تەڭلىكى يوق ئىكەن. ئۇ خەير ـ ساخاۋەتتە ھاتەمدىن قېلىشمايدىكەن، ئەمما بىرمۇ پەرزەنتى يوق ئىكەن، پەرزەنت ئارزۇسىدا ئۆلى-مالارغا ئالتۇن ـ كۈمۈش، قوي، تۆگە ئىنئام قىلىپ، ئۇلار-نىڭ دۇئاسىنى ئاپتۇ، ئۆزىمۇ ياشلىرىنى باھار يامغۇرىدەك راۋان قىلىپ، خۇدايىتائالاغا مۇناجات قىپتۇ. ئالالاتائالا ئۇنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلىپ بىر ئوغۇل ئاتا قىپتۇ. بۇ ئوغۇل-نىڭ چېھرىدىن دۆلەت ۋە شىجائەتنىڭ نۇرى كۈندەك نۇرلىنىپ تۇرىدىكەن. پادىشاھ ئوغلىغا روشەن راي دەپ ئات قويۇپتۇ.

ئوغۇل يەتتە ياشقا كىرگەندە مەكتەپكە بېرىپتۇ، تامامى ئىلىمدىن بەھرە ئېلىپ، ئەقىل كۆزى ئېچىلىپتۇ. ئوغۇل ئون تۆت ياشقا كىرىپتۇ، لەشكىري ئىلىمدىن تەلىم ئاپتۇ، چەۋەنداز-لىق، شەمشەرۋازلىق قاتارلىق ھۇنەرلەردە كامالەتكە يېتىپتۇ.

روشەن راي بىر كۈنى شىكاردىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، تو-قايلىقتا تۇرغان بىر كىشىنى كۆرۈپتۇ، بېرىپ ئىزدەپتۇ، لېكىن تاپالماپتۇ، ئۈچ كۈنگىچە ئىزدەپتۇ. ھېلىقى ئادەم يىراقتىن كۆ-



رۇنىدىكەن، يېقىن بارسا، يوقاپ كېتىدىكەن. روشەن راي ھەمراھلىرىغا بۇ كىشىنى قانداق قىلىپ بولسۇن تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. غۇلاملار ھەر ياقنى ئىزدەپ يۈرۈپ ھېلىقى كىشىنى تېپىپ كەپتۇ. روشەن راي كۆرۈپتۇكى، ئۇ چېچى تىزىغا چۈشكەن گۈزەل يىگىت ئىكەن.

— ئەي پادىشاھ يىگىت، — دەپتۇ ھېلىقى مۇساپىر يىگىت، — شۇنچە ئامال قىلىپمۇ سىلەردىن ئۆزۈمنى قاچۇرالماي ئەسىر بولدۇم. كىشىلەردىن قېچىشىمنىڭ سەۋەبى بار.

— ئەي يىگىت، سەن سىرىڭنى ھەممىنى ياراتقۇچى خۇدانىڭ ھەققىدە ماڭا ئېيتقىن، — دەپتۇ شاھزادە روشەن راي.

— ئەي روشەن راي، يەمەن دەرياسىدىن ئۈچ ئايلىق يولدا بىر تاغ بار، تاغنىڭ بېشىدا بىر كۆلچەك بار، كۆلچەكنىڭ لېۋىدە بىر تاش بار، ئۇ تاشقا خەت پۈتۈلگەن. ھەر قانداق مۇرادىڭ بولسا، شۇ يەردە ھاسىل بولغۇسى....

ئۇ شۇنداق دەپتۇ - دە، مەجنۇندەك زار - زار يىغلاپ، بېشىغا توپا چېچىپ، باياۋانغا يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. روشەن راي ھەيران بوپتۇ ۋە شۇ ھەيرانلىق ھەسرىتى بىلەن شىكاردىن قايتىپتۇ. گەپ - سۆزدىن، يېمەك - ئىچمەكتىن قاپتۇ.

خىزمەتكارلار شاھزادىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى شاھقا مەلۇم

قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ۋەزىرلىرىنى ئوغلىنىڭ ئالدىغا ئەھۋال بىلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ۋەزىرلەر كېلىپ خاموش ئولتۇرغان روشەن راينى كۆرۈپتۇ.

— ئەي شاھزادە، نېمە ئۈچۈن مالالسىز؟ — دېيىشىپتۇ ۋەزىرلەر، — بۇ ھالىڭىزنى پادىشاھ ئاڭلاپ بىئارام بولدى، بىزنى «ئوغلۇمنىڭ سىرىنى بىلىپ كېلىڭلار، قانداق مۇرادى بولسا، ھەل قىلىپ بېرىمەن» دەپ ئەۋەتتى.

— كۆڭلۈمدە بىر ھەۋەس بار، — دەپتۇ شاھزادە، — شۇنىڭ سەۋەبىدىن مالال بولدۇم.

ئۇ شىكارغا چىققاندا يۈز بەرگەن ۋەقەنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. ۋەزىرلەر بۇ سەرگۈزەشتىنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ.

ئەھۋالدىن خەۋەرلەنگەن پادىشاھ دەرھال مەجلىس چاقىرىپ، روشەن رايغا كىشى ئەۋەتىپتۇ. روشەن راي كېلىپ بىر چەتتە خاموش ھالدا ئولتۇرۇپتۇ.

— ئەي يۈرەك پارەم، — دەپتۇ پادىشاھ يىغلاپ، — نېمە بولدۇڭ؟ سەندىكى قانداق دەرد؟ ھەرقانداق ۋەقە بولسا، خۇدانىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ماڭا بايان قىلغىن، قولۇمدىن كەلسىلا بىر ئامال قىلغايمەن.

روشەن راي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ سۆزگە ئېغىز ئېچىپتۇ:

— ئەي ئاتا، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن، دۆلىتىڭ زىيادە بولسۇن، قۇدرىتىڭ كامال تاپسۇن. يەمەن دەرياسىنىڭ بويىدا سەيلە قىلىشنى ھەۋەس قىلىپ قالدىم، ئۇ يەرگە بارماي كۆڭلۈم ئەمىن تاپمايدۇ. بۇ ھەقتە قىلىنغان ھەرقانداق نەسىھەت خۇددى قۇيۇننىڭ پۇتىنى باغلايمەن دېگەندەك، بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك بولىدۇ، خالاس.

پادىشاھ نائىلاج رۇخسەت بېرىپتۇ، بىھېساب لەشكەر تەي-يارلاپ، ئوغلىنى يەتتە كۈنلۈك يەرگىچە ئۇزىتىپ بېرىپ، ئاللا-تائالاغا تاپشۇرۇپ، ماتەمدار كىشىدەك يىغلاپ كەينىگە يېنىپتۇ.

روشەن راي كېچە - كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ، ئاقىۋەت يەمەن دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە كېمە راسلاپ، لەشكەرلىرى بىلەن بىللە دەرياغا كىرىپتۇ، دەريادا بىرنەچچە كۈن يۈرۈپتۇ. ئالەمنى بىردىنلا قاراڭغۇلۇق بېسىپ، قاتتىق بوران چىقىپتۇ. كېمىلەر ئۆرۈلۈپ، سانسىز لەشكەر ھالاك بولۇپ كېتىپتۇ. روشەن راي مۇدەببەر دېگەن بىر خىزمەتچىد-سى بىلەن ئامان قاپتۇ. روشەن راي بىر ئامال قىلىپ بىر تاختىغا ئولتۇرۇۋاپتۇ، بۇ ئىشقا قەددەم قويغىنىغا پۇشايمان قىپتۇ، توۋا قىلىپ يىغلاپ خۇداغا مۇناجات قىپتۇ. تاختاينى شامال ئىتتىرىپ دەريا لېۋىگە چىقىرىپتۇ. ئۇ گاھى ھوشيار، گاھى بىھوش بولۇپ دەريا لېۋىدە تۇرۇپتۇ، ئاندىن باياۋانلارنى كېزىپتۇ، خەتمە ئوقۇپ غېرىبلار روھىغا بېغىشلاپتۇ. شۇ ھا-لەتتە ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندە بىر تاغ كۆرۈنۈپتۇ. روشەن راي نۇرغۇن مېھنەت ۋە مۇشەققەتلەر بىلەن ئۇ يەرگە بېرىپتۇ.

ئەلقىسسە: روشەن راي تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ. دېگەن-دەك ئۇ يەردە بىر كۆلچەك، كۆلچەكنىڭ لېۋىدە خەت پۈتۈلگەن بىر تاش بار ئىكەن. تاشقا: «ھەركىم بۇ كۆلچەككە چۆمۈپ چىقىپ راست سۆزلىسە، سالامەت بولغاي، ئەگەر يالغان ئېيتسا، قارنى يېرىلىپ ئۆلگەي، يالغان سۆزلەش، غەيۋەت قىلىش تەرك ئېتىلگەي» دېگەن خەت پۈتۈلگەنىكەن.

مۇدەببەر يالغانچى ۋە غەيۋەتخور ئىكەن. ئۇلار يالغان ئېيت-ماسلىققا ئەھدە قىلىشىپتۇ.

روشەن راي كۆلچەكتىن چىقىپ قارىسا، كۆل بويىدا مۇدەب-بەر يوق، بىر بوۋاي ئولتۇرغۇدەك. روشەن راي سالام قىپتۇ.

بوۋاي جاۋاب سالام قايتۇرۇپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— ئەي يىگىت، بۇ باياۋاندا نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟

روشەن راي سەرگۈزەشتىسىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئەي شاھزادە، — دەپتۇ بوۋاي، — بۇ سىردىن ۋاقىپ بولماي تۇرۇپ، بۇ يولغا قەدەم ئالمىساڭ، ياخشى بولاتتى، ئەمدى پايدىسى يوق.

بوۋاي بىرمۇنچە نەسىھەتلەرنى قىپتۇ ۋە ئاخىردا مۇنداق دەپتۇ:

— ئۆز دىيارىڭغا بالادىن قۇتۇلۇپ بارارسەن. سەن بۇ يەردىن چىقىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن بىر توپ كىشىگە قوشۇ- لىسەن. خەير - خوش!

روشەن راي بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ. دې- گەندەك، ئۈچ كۈندىن كېيىن بىر توپ كىشى ئۇچراپتۇ. ئۇلار شاھزادىنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ، شاھزادىگە تويغۇدەك تاماق بې- رىپتۇ. ئۇلار شاھزادىنى قاراقچىلارنىڭ خەۋەرچىسىمىكىن، دەپ گۇمانلىنىپتۇ، شاھزادىگە كىيىم - كېچەك بېرىپتۇ.



شاھزادە نەچچە كۈندىن بېرى ئاچ - يالىڭاچ يۈرگەن ۋە ئۇخلىمىغانلىكەن، شۇڭا يېتىپلا ئۇخلاپ قاپتۇ. ھېلىقى كىشىلەر شاھزادىنى ئويغاتماي، بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىپتۇ.

سۈبھى سۈزۈلگەندە شاھزادە ئويغىنىپ قارىسا، قېشىدا ھېچ ئادەم يوق، پەقەت ئازراق يېمەكلىك تۇرغۇدەك. روشەن راي ھەيران بولۇپ، پايانسىز باياۋاندا يەنە يولغا راۋان بوپتۇ. كەچ كىرىپتۇ. كېتىپ بارسا، بىر تەرەپتە ئوت كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ يولىنى ئۆزگەرتىپ، ئوت كۆرۈنگەن ياققا قاراپ مېڭىپتۇ. ئوت بار يەرگە بارسا، ئىككى زەڭگى ئولتۇرغۇدەك، شاھزادە ئۇلارغا سالام قىپتۇ.

— ئەي يىگىت، يالغۇز كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ زەڭگىلەر.

— ھەئە، يالغۇزمەن، — دەپتۇ روشەن راي.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئىككى زەڭگى روشەن راينى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. ئۇلار ئۇرۇشا - ئۇرۇشا ئاخىر ئىككىلىسى ھالاك بوپتۇ. روشەن راي بۇ زەڭگىلەردىن قۇتۇلغىنىغا خۇرسەن بولۇپ، خۇداغا شۈكۈر قىلىپ، ئۇ يەردىن دەرھال قېچىپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭغا ئىككى چىشى دىۋە ئۇچراپتۇ. دىۋىلەرنىڭ سەت ھەم ھەيۋەتلىك قىياپىتىنى كۆرگەن شاھزادە قورقۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. دىۋىلەرمۇ ئۇنى تالىشىپتۇ.



— بۇ مېنىڭ ئېرىم، — دەپتۇ بىرىنچىسى.

— ياق، بۇ مېنىڭ ئېرىم، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.

دىۋىلەر پۇتۇشالماي ئۇرۇ-

شۇپ قاپتۇ. ئۇرۇشا ـ ئۇرۇشا ھالسىزلىنىپ، ئىككىلىسى ئۆ-لۈپتۇ.

شاھزادە ھوشىغا كېلىپ دىۋىلەرنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، ئىككى شىر پەيدا بولۇپ شاھزادىگە خىرىس قىپتۇ. شاھزادە ئۆزىنى چەتكە ئاپتۇ. شىرلار ھېلىقى ئۆلۈكلەرنى يېگىلى تۇرۇپتۇ. شاھزادە ۋاقىت-نى غەنىيمەت بىلىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

ئەلقىسسە: شاھزادە يۇرە ـ يۇرە تاپانلىرى قاپىرىپ كې-تىپتۇ. ئاخىر بىر ئورمانغا يېتىپتۇ. ئۇ يەردە غاردەك ئاغزى-دىن ئوت يۇركۈپ بىر ئەجدىھا تۇرغۇدەك. ئەجدىھانىڭ ئاغزى-دىن چىققان ئوت پارچىسى ئورماننى يۇتۇنلەي كۆيدۇرۇۋېتىپ-تۇ، ئاخىر ئەجدىھا ئۆزىمۇ ئوتتا كۆيۈپ ھالاك بوپتۇ. شاھزا-دە بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلغىنىغا شۈكۈر ئېيتىپ، ھارغىنىغا قارى-ماي كېچە ـ كۈندۈز سەرگەردان بولۇپ يۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى كېچىدە شاھزادىگە خورازنىڭ چىللىغىنى ئاڭ-لىنىپتۇ، خۇشال بولغىنىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ خورازنىڭ ئاۋازى چىققان تەرەپكە مېڭىپتۇ. تاڭ ئېتىپتۇ. شاھزادىگە بىر شەھەر كۆرۈنۈپتۇ. شەھەرنىڭ سېپىللىرى ۋە دەرۋازىلىرى كۈمۈشتىن ئىكەن. شاھزادە نەزم ئوقۇپ شەھەرگە قەدەم قو-يۇپتۇ.

شاھزادە شەھەرگە كىرىپلا بىر قىزنى ئۇچرىتىپتۇ ۋە قىزنىڭ قېشىغا كېلىپ سالام بېرىپتۇ. قىز:

— ھەرقانداق مۇساپىر بۇ يەرگە كەلسە، غەمدىن قۇتۇلىدۇ، — دەپتۇ ۋە يىگىتنى باشلاپ مەلىكىنىڭ قېشىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ.

— ھەرقانداق مۇساپىر بۇ شەھەرگە كەلسە، — دەپتۇ ئۇ قىز كېتىۋېتىپ، — مەن ئۇنى مەلىكىگە تونۇشتۇرۇپ قويىمەن.

قىز شاھزادىنى بىر سارايغا باشلاپ كىرىپتۇ، خۇش پۇراق

سۇدا يۇيۇندۇرۇپ، ئۈستىگە شاھانە كىيىم، بېشىغا تاج كىيدۈ-رۈپتۇ، ئاندىن بىر باغقا باشلاپ كىرىپتۇ. بۇ شۇنداق باغ ئىكەن-كى، ھەر تەرەپتە ھەر خىل مېۋىلەر پىشىپ، تۈرلۈك خۇش پۇراق گۈللەر ئېچىلىپ تۇرىدىكەن. ئاستى ئالتۇندىن، گىياھلىرى زە-پەراندىن بولۇپ، سۇلىرى سۈتتىن ئاق، ھەسەلدىن تاتلىق ئىـ-كەن، تاشلىرى ئۈنچە ـ مارجاندىن ئىكەن.

باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر راۋاق بار ئىكەن. قىز يىگىتنى شۇ ياققا باشلاپتۇ. راۋاقتا مەلىكە ئولتۇرغانىكەن. روشەن راي مەلىكىگە سالام قىپتۇ. مەلىكە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن شاھزا-دىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ. ئاندىن خىزمەتكارلىرى ھەر خىل لە-زىز تائاملارنى كەلتۈرۈپتۇ. تاماقتىن كېيىن، مەلىكە سوراپتۇ:

— ئەي يىگىت، قەيەردىن كەلدىڭىز؟ كىمنىڭ نەسلى بولىسىز؟

— شام پادىشاھىنىڭ ئوغلى ئىدىم، — دەپ جاۋاب بې-رىپتۇ روشەن راي ۋە بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى قويماي سۆزلەپ بېرىپتۇ.

مەلىكە مەجلىس ھازىرلىقىنى قىپتۇ. مەجلىسكە كەلگەن-لەرنىڭ ھەممىسى ياش قىزلار ئىكەن، بىرمۇ مويسىپىت يوق ئىكەن.

مەرىكىدە نازۇنېمەتلەر دېگەندىن ئارتۇقچە بوپتۇ، شارابلارغا تولدۇرۇلغان پىيالىلەر ئايلىنىپ تۇرۇپتۇ. شاھزادە مەي كەيپىدىن ئۆزىنى تۇتالماي، قىزلار تەرەپكە مايىل بولۇپ قاپتۇ.

ئەلقىسسە: مەلىكە شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى پەملەپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ ئۇ روشەن رايغا قاراپ، — قايسى قىزنى خالىساڭ، شۇنىڭ بىلەن قانغۇچە كۆڭۈل ئاچقىن.

مەلىكە بىر قىزغا ئىشارەت قىپتۇ. ئۇ قىز كېلىپ شاھزادىنى ئۆز ھۇجرىسىغا باشلاپ كىرىپتۇ. شاھزادە ئۇ يەردە تاڭ ئاتقۇچە كۆڭۈل ئېچىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن بىلىنمەيلا ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ.

بىر كۈنى مەي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ شاھزادىنىڭ كۆڭلى مەلىكىنى تارتىپ قاپتۇ، ئۇ شۇ ئارزۇدا مەلىكىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. مەلىكە بۇنى سېزىپ:

— ئەي يىگىت، نېمە ئۈچۈن ئالدىراڭغۇلۇق قىلىسەن؟ سەۋر قىل، سەۋر — خۇشاللىقنىڭ ئاچقۇچى. ئاخىرقى ھېسابتا مەنمۇ سېنىڭ خىزمىتىڭدە بولۇرمەن، — دەپتۇ. لېكىن، شاھزادە مەلىكىنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالماي بىتاقەت بولۇپ، تىلىكىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ مەلىكە شەرت قويۇپ، — كۆلگە چۈشۈپ پاكىز يۇيۇنغىن.

شاھزادە كىيىملىرىنى سېلىپ كۆلگە چۈشۈپتۇ - دە، چۆمۈلۈپتۇ، كېيىن سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ كۆزىنى ئاچسا، ئۆزى يالغۇز تۇرغۇدەك. ئۇ ھوشىدىن كېتىپتۇ.

ئەلقىسسە: ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى مۇدەببەردىن ئاڭلاڭ:

شاھزادە كۆلچەكتىن چىقىپ بولغۇچە، مۇدەببەر ئالدىراپ يولغا چىقىپتۇ - دە، دەريا بويىغا بېرىپ ئۆزىنى دەرياغا ئېتىپ، كېمىدە ئۈلگەنلەرنىڭ مال - مۈلكىنى يىغىۋېلىشقا كىرىشكەنىكەن. دەريا سەيلىسىگە چىققان يەمەن پادىشاھى ئۇنى كۆرۈپ سوراپتۇ:

— نېمە ئادەم سەن؟

— مەن شام پادىشاھىنىڭ ئوغلى ئىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مۇدەببەر، — دەريا سەيلىسىگە چىققانىدىم، لەشكەرلىر-

ـرىم دەرياغا غەرق بولدى، ئۆزۈم بىر قۇلۇم بىلەن قالدىم. ئۇ قۇلۇم ئارقامدىن كېلىدۇ....

ئۇ شۇنداق دېيىشىگىلا، قورسىقى يېرىلىپ ئۆلۈپتۇ. يەـ مەن پادىشاھى بۇ ئىشقا ھەيران بوپتۇ.

روشەن راي ھوشىغا كېلىپ ئالدىراپ دەرياغا چۈشكەنـدەـ كەن، دەريا سەيلىسىگە چىققان يەمەن پادىشاھى بىلەن ئۇچرىـ شىپ قاپتۇ. قارىسا، مۇدەببەر ئۇ يەردە ئۆلۈك ياتقۇدەك.

يەمەن پادىشاھى روشەن راينىڭ ئەھۋالىنى سوراپتۇ. شاھزادە بولغان ۋەقەلەرنى باشتىن ـ ئاياغ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— تاغ بېشىدا كۆلچەك بار ئىكەن، — دەپتۇ ئۇ، — ئۇنىڭ لېۋىدە بىر تاش بار ئىكەن، ئۇ تاشقا بۇ كۆلچەككە چۆمۈلۈپ چىقىپ يالغان گەپ قىلغۇچىنىڭ قورسىقى يېرىلىپ ئۆلىدىغانلىقى، راستچىل ئادەمنىڭ بۇ كۆلچەككە چۈشسە، مۇرادىغا يېتىدىغانلىقى ھەققىدە خەت يېزىلغانىكەن. مۇدەببەر بۇ كۆلچەككە چۆمۈلۈپ چىقىپ يالغان سۆزلىمەسلىككە ئەھدە قىلغان، ئۇ يالغان سۆزلىگەن بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئۆلۈپتۇ.

— ئەي شاھزادە، — دەپتۇ يەمەن پادىشاھى، — بىزنىڭ ئوردىغا بېرىڭ، بىر قىزىم بار، سىزگە نىكاھلاپ قوياي.

شاھزادە پادىشاھ بىلەن بىللە ئوردىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ چوڭ توي قىلىپ قىزىنى شاھزادىگە بېرىپتۇ. شاھزادە خانىـ سىغا كىرىپ قارىسا، بۇ قىز ھېلىقى مەلىكىنىڭ ئۆزى ئىـ كەن. ئۇلار تونۇشۇپتۇ ۋە دىل ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇپتۇ. كېچە ـ كۈندۈز ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك ھايات كەچۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى روشەن راي ئاتا ـ ئانىسىنى سېغىنىپ، پادىشاھـ تىن رۇخسەت سوراپتۇ. پادىشاھ كۈيئوغلىنىڭ ئىلتىماسىغا قوـ شۇلۇپتۇ، قىزىنى ۋە يەنە بىرقانچە كىشىنى قوشۇپ ئۇزىتىپتۇ.

روشەن راي قېيناتىسى بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بوپ-

تۇ. بىرنەچچە كۈندە شامغا يېتىپ بېرىپ، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن جەم بوپتۇ.

مەجلەس ئارا ھېكايىسىنى شۇ يەرگە يەتكۈزۈپتۇ. شاھ بەھرام بىلەن مەلىكە خۇرشىد راھەت ـ پاراغەت تەكىيىسىگە باش قويۇپ ئۇيقۇغا ئەسىر بوپتۇ.

كۈن ئالەمنى ئۆز نۇرى بىلەن مۇنەۋۋەر قىپتۇ. بەھرام قىزىل كىيىم كىيىپ مەنزەرۇ لاجۇەرگە قەدەم قويۇپتۇ. ئالتىنچى ئىقلىم پادىشاھىنىڭ قىزى گۈلجەتىن بەھرامنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى ئىززەت ـ ئىكراملار بىلەن قارشى ئاپتۇ.

بەھرام مەلىكىنىڭ ھەمراھلىقىدا سارايغا كىرىپ، ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇپ، ياقۇت پىيالىدە مەيخورلۇققا تۇتۇش قىپتۇ. مەستخۇش بولۇپ، ئالتىنچى ئىقلىمدىن كەلگەن بىر مۇساپىرنى چاقىرتىپ ھېكايە ئېيتىشقا تەكلىپ قىپتۇ.

— ئەي پادىشاھىئالەم، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ مۇساپىر، — ئۆتكەن زاماندا جۇنە دېگەن بىر پادىشاھ بولغانىكەن، خەزىنىسى بىھېساب بولۇپ، ئادالەت بىلەن ئىش كۆرۈش، خەير ـ ئېھسان ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئىشلىرى ئىكەن، ھەر كىشى زەررە چاغلىق تۆھپە ئېلىپ كەلسە، كۆپ نەرسىلەرنى ئىنئام قىلىدىكەن. ھەرقانداق ھاجەتمەن ئۇنىڭ دەرگاھىدىن نائۇمىد قايتمايدىكەن.

بىر كۈنى بىر ھاجەتمەن پادىشاھقا بىر سېۋەت ئامۇت ئېلىپ كەپتۇ.

— بىردەم توختاپ تۇرسۇن، — دەپتۇ پادىشاھ، — مەن ھېلى ئۇنىڭغا كۆپ ئېھسانلار قىلغايمەن.

پادىشاھ شۇنداق دەپتۇيۇ، لېكىن ھاجەتمەننى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپتۇ. بۇ ئىش ئۈچ كۈندىن كېيىن ئېسىگە كەپتۇ ـ دە، ئۇ كىشىنى چاقىرىشنى، تەلەپ قىلغىنىنى بېرىدىغانلىقىنى

ئېيتىپتۇ. خىزمەتچىلەر ئۇ كىشىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىپتۇ.

— ئەي ھاجەتمەن، نېمە تىلەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— بىر ھەرە بىلەن بىر كەكە تىلەيمەن، — دەپتۇ ھاجەتمەن. پادىشاھ بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

— قەيەردە ئامۇت دەرىخى بولسا، كەكە بىلەن شاخلىرىنى كەسكەيمەن، — دەپتۇ ھاجەتمەن، — ھەرىدەپ تېنىنى نابۇت قىلغايمەن.

پادىشاھ ھاجەتمەننىڭ غەرىزىنى چۈشىنىپتۇ ۋە خەزىنىدىچىگە بۇيرۇپتۇ:

— بۇ كىشىنى خەزىنىگە باشلاپ كىرگىن، ئالتۇن - جاۋاھىراتلاردىن كۆتۈرەلىشىچە ئالسۇن.

خەزىنىچى ھاجەتمەننى خەزىنىگە باشلاپ كىرىپتۇ. ئۇ نەرسە - كېرەكلەردىن خالىغىنىچە ئاپتۇ ۋە يەنە پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. پادىشاھ كۆرۈپ:

— ئاز ئاپتۇ، يەنە ئالسۇن، — دەپتۇ. خەزىنىچى يەنە خەزىنىگە باشلاپ كىرىپتۇ، ھاجەتمەن كۆڭلى خالىغانچە ئاپتۇ.

يەنە بىر كۈنى پادىشاھ سوقا سۆھبەتتە ئولتۇرسا، بىر مۇساپىر بىر ئەينەكنى ھەدىيە قىلىپ كىرىپتۇ. بۇ ئەينەكنىڭ مۇنداق خاسىيىتى بار ئىكەن: ھەركىمنىڭ يۈزىگە تۇتسا، ئەگەر راست سۆزلىسە، يۈزى ئاق كۆرۈنىدىكەن، يالغان سۆزلىسە، يۈزى قارا كۆرۈنىدىكەن.

پادىشاھ خىزمەتچىلىرىنى چاقىرتىپ ئەينەكنى سىناپ كۆرگەنىكەن، ئەينەكنىڭ خاسىيىتى تولۇق نامايان بوپتۇ. پادىشاھ مۇساپىرغا كۆپ ئىنئام - ئېھسانلارنى بېرىپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— ئەي مۇساپىر، سەن ھەممە شەھەرنى ئارىلاپ تاماشا قىپسەن. ئەلۋەتتە، ياخشى - ياماننى سىناپ كۆرگەنسەن. جاھان

يۈزىدە مەندەك سىخىي پادىشاھنى كۆردۈڭمۇ ۋە ياكى ئاڭلىدىڭمۇ؟

بۇ سوئالنى ئاڭلىغان مۇساپىر ناھايىتى غەمكىن ۋە مالال بوپتۇ. «كۆردۈم» دىسە، پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدۇ، «كۆرمىدىم» دىسە، يالغانچى بولىدۇ. مۇساپىر ئۇزاق ئويلاپتۇ، ئاندىن كېيىن:

— سىزدەك ساخاۋەتلىك پادىشاھنى كۆرگىنىم يوق، — دەپتۇ.

پادىشاھ ھېلىقى ئەينەكنى مۇساپىرنىڭ يۈزىگە تۇتقاندىكەن، يۈزى قارا كۆرۈنۈپتۇ. مۇساپىر خىجىل بولغىنىدىن يەرگە قاراپتۇ.

— ئەي مۇساپىر، — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ، — بۇ خىجىللىق ساڭا قەيەردىن كەلدى؟ راستىنى ئېيتقىن.

— ئەي پادىشاھ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مۇساپىر، — سىزدىنمۇ ساخاۋەتلىك كىشىنى كۆرگەنىدىم.

پادىشاھ ئەينەكنى مۇساپىرنىڭ يۈزىگە تۇتۇپتۇ، يۈزى ئاق كۆرۈنۈپتۇ.

— سەن كۆرگەن قانداق ساخاۋەتلىك كىشى ئىكەن؟ بايان قىل، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئەي پادىشاھئالەم، بىر شەھەر بار، بۇ شەھەردە موھ-



تاجلىق يوق. ئاشۇ شەھەردە مەسئۇد دېگەن بىر ياش يىگىت بار. ئۇنىڭ ھۆسنى كامالىغا يەتكەن، مال - مۈلكى ھەددىدىن زىيادە، ئەقىل - پاراسەتتە يېگانە. ئۇ ناھايىتى سېخىي بولۇپ، دائىم مەجلىسلەر قىلىپ، سۆھبەت قۇرىدىكەن. ئۇ سۆھبەت قىلغاندا خالايىق بېشىدىن گۈل چاچىدىكەن، ھەركىم ئۇنىڭ ئەقلىگە ھەيران قالىدىكەن.

پادىشاھ جۇنە ئۇ ياشنى زىيارەت قىلىپ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، مېھمان بولۇپ كەلمەكچى بوپتۇ ۋە ھەممە خىزمەتچىلىرىنى ئازاد قىپتۇ.

پادىشاھنىڭ بىر ئېتى بولۇپ، ئۇنىڭ سۈرئىتىگە ئۇچار قۇشلارمۇ يېتەلمەيدىكەن. پادىشاھ ئېتىغا مىنىپ ھەپتىلىك يولنى بىر كۈندە بېسىپ، ھېلىقى شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا، باغدا مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشقان، رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلغان، تەرەپ - تەرەپتىن خۇش پۇراقلار تارقىلىپ تۇرغان. باغنىڭ گۈزەللىكى ھېلىقى مۇساپىر تەرىپلىگەندىن نەچچە ھەسسە زىيادە ئىكەن.

پادىشاھ جۇنە مەسئۇدنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تېپىپتۇ ۋە ئېتىدىن چۈشۈپ، ئورددەك ھەيۋەتلىك قەسىرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرغان خىزمەتكارلارغا سالام بېرىپتۇ. خىزمەتچىلەر پادىشاھنى بىر مۇساپىر بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، مېھمانخانىغا باشلاپ كىرىپتۇ.

مەسئۇدنىڭ قەسىرىنىڭ يېنىدا بىر ھامام بولۇپ، ئۇ يەرگە چىن مەملىكىتىنىڭ تاۋارلىرى بىلەن رۇم ئەتلەسلىرى ۋە پەرەڭ مەخمەللىرىدە ياسالغان تۆشەكلەر قەۋەت - قەۋەت سېلىنغانىكەن. پادىشاھ تەكلىپ بىلەن ھامامغا كىرىپ يۇيۇنۇپتۇ. پادىشاھ كۆرۈپتۇكى، ھامامدا تاش ئورنىغا ئالتۇن ئىشلىتىلگەنىكەن، ھالقىلىرى كۈمۈشتىن، لۆڭگىلىرى مۈشكى - ئەنبەردىن،

يىپلىرى تىللادىن ئىكەن، پەرىزاتقا ئوخشاش نازىنىنلار خىزمەت قىلىدىكەن.

پادىشاھ يۈيۈنۈپ بولغاندىن كېيىن، تەكلىپ بىلەن مەسئۇدنىڭ سارىيىغا چىقىپتۇ. نازىنىن قىزلار ئالتۇن پىيالىلەرگە گۈل رەڭ شارابنى تولدۇرۇپ قويۇپ، خۇش تەبەسسۇم بىلەن سۇنۇپ تۇرۇپتۇ. مەجلىس ئەھلىنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا قىزىل كىيىم كىيىشكەنىكەن.

قايتا - قايتا سۇنۇلغان شاراب مەجلىس ئەھلىنى مەستخۇش قىپتۇ. مەي كەيپى بىلەن جانلانغان پادىشاھ ئىختىيارسىز ئېغىز ئېچىپتۇ:

— ئەي مەسئۇد، مەن جاھان شەھەرلىرىنى سەيلە قىلدىم، سەندەك ئاقىل، مەرد، سېخىي كىشىنى كۆرمىدىم. بۇنداق دۆلەت ساڭا قەيەردىن كەلدى؟

— بۇ دۆلەت پەرۋەردىگارنىڭ ئاتاسىدۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەسئۇد، — بىزنىڭ ناھايىتى ئادىل، خەلقپەرۋەر بىر پادىشاھىمىز بار. ئۇنىڭ ئادالەت ۋە مېھىر - شەپقىتى ھەممەيلەننى خاتىرجەم، بەختلىك قىلدى. قەيەردە ئادالەت نۇرى پارلىسا، كىشىلەر باي، بىھاجەت، بەختىيار بولىدىكەن.

مەسئۇدنىڭ بۇ سۆزىدىن پادىشاھ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ.

مەسئۇدنىڭ بىرنەچچە سودىگىرى بار ئىدى. ئۇلاردىن بىرى ئېلىپ بارغان مال - مۈلكىنى سېتىپ، بىرگە ئون پايدا كۆرگەنىدى. مەسئۇد شۇ پايدىنىڭ ھەممىسىنى پادىشاھقا بېرىپتۇ.

كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە يەنە بەزمە قىلىنىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئۈستىدىن ئاق قاچىلاردا ئالتۇن چېچىلىپتۇ. خۇشاللىقىدىن بارلىق مەجلىس ئەھلى گۈلدەك ئېچىلىپتۇ.

مەسئۇد بىر ياققا قاراپ ئىشارەت قىلغانىكەن، بىر گۈلئۇزار نازىنىن قولىدا ئالتۇن جام تۇتقان ھالدا چىقىپ تەزىم

قىلىپ، قولىدىكى شارابنى پادىشاھقا سۇنۇپتۇ. ئۇ جامنى ئېلىپ شارابنى ئىچىپتۇ.

— ئەي مېھمان، — دەپتۇ مەسئۇد، — بۇ جامنى مەجلىس ئەھلىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە تۇتۇپ ھەرقانچە ئىچكەن بىلەن جامدىكى مەي تۈگىمەيدۇ، مەجلىس ئەھلىنىڭ سول تەرىپىگە تۇتۇپ ئىككىلا كىشى ئىچسە، تۈگەپ قالىدۇ. بۇنى ھۆكۈمالار ئىلمىي ھېكمەت بىلەن ياسىغان.

— ئۇنداق بولسا، مەن بىر سىناپ كۆرەي، — دەپتۇ پادىشاھ. ئۇ لىقمۇ لىق شاراب تولدۇرۇلغان جامنى قولىغا ئاپتۇ. ئەھۋال خۇددى مەسئۇدنىڭ دېگىنىدەك بوپتۇ.

پادىشاھ خېلى ئۇزۇن كۈنلەر مېھمان بوپتۇ. ئاخىر بىر كۈنى:

— ئەي مەسئۇد، — دەپتۇ پادىشاھ، — مېھماندارچىلىق ھەرقانچە بولسا، شۇنچىلىك بولار. مەن سېنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن. ئەمدى ماڭا رۇخسەت بەرسەڭ.

مەسئۇد يەنە بىرقانچە مەزگىل مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ، لېكىن پادىشاھ قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتىپ، قايتىشقا ئىجازەت ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ. مەسئۇد پادىشاھقا ھەدىيە قىلىنغان نەرسىلەرنى ئات - تۆگىلەرگە يۈكلەپ ئارقىسىدىن يولغا سېپتۇ.

ئەلقىسسە: مەسئۇد ياشايدىغان شەھەرنىڭ بىر پادىشاھى بار بولۇپ، ئۇ زالىملىقتا مەشھۇر ئىكەن. پادىشاھ جۇنە مەسئۇدنىڭكىدە مېھمان بولۇش جەريانىدا بۇ پادىشاھنىڭ زالىملىقىنى كۆرگەن ھەم دادخاھلارنىڭ شىكايەتلىرىنى كۆپ ئاڭلىغانىكەن. پادىشاھ جۇنە بۇ پادىشاھلىقنىڭ ئۈستىدىكى پادىشاھ ئىكەن. ئۇ ئۆز دىيارىغا يېنىپ كېلىپلا ھېلىقى شەھەرگە مەسئۇدنى پادىشاھ قىلىپ بەلگىلەپ، ھېلىقى زالىم پادىشاھنى پادىشاھلىقتىن

قالدۇرۇپتۇ.

زالىم پادىشاھ بەختىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئويلاپ، بىر سىرداش ۋەزىرىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن خىلۋەتتە مەسلىھەت قىلىشىپتۇ.

— ئەي پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ ۋەزىر يول كۆرسىتىپ، — بۇنىڭغا مەسئۇد سەۋەب بولدى. بىر ھىيلە بىلەن مەسئۇدنى يوقاتقايمىز، بۇ شەھەر بالدۇرقىدەكلا سىزنىڭ ئالقىنىڭىزدا بولغاي.

— مەسئۇدنى قانداق يوقىتىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— بۇنىڭ چارىسى ئۇنچىۋالا قىيىن ئەمەس، — دەپتۇ ۋەزىر ئىشەنچلىك سۆزلەپ، — سىز مەسئۇدنى ئۆز ئۆيىڭىزگە تەكلىپ قىلىپ چاقىرتىسىز. دوستلۇق مۇناسىۋىتىدە بولۇپ، مېھمان قىلىپ بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىسىز، قالغان ئىشنى ئۆزۈم پۈتكۈزىمەن.

ۋەزىرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن زالىم پادىشاھ مەسئۇدنى مېھمانغا تەكلىپ قىپتۇ، ئىنتايىن ئالىي بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىپتۇ، كېچىسى مەي ئىچىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. مەسئۇدنىڭ خىزمەتكارلىرى مەي ئىچىۋېرىپ ئۇخلاپ قاپتۇ، مەسئۇدمۇ مەست بولۇپ يىقىلىپتۇ. ۋەزىر مەسئۇدنىڭ پۇت - قوللىرىنى باغلاپ، كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ بىر قۇدۇققا تاشلاپتۇ.

ئەتىسى مەسئۇدنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىنلىرى ئۇنى ئىزدەپ تاپالماي، ياقىلىرىنى يىرتىپ زار - زار يىغلاپتۇ. زالىم پادىشاھ ھېچ نەرسىنى بىلمىگەن بولۇۋاپتۇ، بەلكى ھەممىدىن بەكرەك غەمكىن قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ، مەسئۇدنى بىر ئىلاج قىلىپ تېزرەك تېپىشقا ئالدىرىغاندەك قىپتۇ، ئاخىر مەسئۇدنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوستلىرى ۋە خىزمەتچىلىرىنى تەسەللى بېرىپ قايتۇرۇپتۇ.

ئەلقىسسە: يەنە بىر كېچىسى مەسئۇد ھوشىغا كەپتۇ ۋە كۆ-زىگە ھەممە ئالەم قاپقاراڭغۇ كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ ھەسرەت چېكىپتۇ، جېنىدىن ئۈمىد ئۈزۈپتۇ.

ئەلقىسسە: ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى ۋەزىرنىڭ قىزىدىن ئاڭلايلى:

ۋەزىرنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن. ھۆسن - جامالدا مەملىكەت بويىچە ساھىبجامال بولۇپ، مەسئۇدقا غايىبانە كۆيۈپ يۈرگەندە-كەن، لېكىن بۇ سىرنى ھېچ كىشىگە ئېيتالمىغانىكەن.

مەسئۇد تاشلانغان قۇدۇق ۋەزىرنىڭ بېغىدا بولۇپ، ئۇ ئاشىق قىز بىر گۇناھكارنىڭ قۇدۇققا تاشلانغانلىقىنى ئاڭلىـ-غان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كىملىكىنى ئېنىق بىلمەيدىكەن. ۋەزىر-نىڭ قىزى دادىسىنىڭ پادىشاھ ئالدىغا كەتكەن ۋاقتىنى غە-نىيمەت بىلىپ، گۇناھكارنى قويۇۋېتىش ئۈچۈن كەپتۇ. قارىـ-سا، قاراۋۇل مەستلىكتە ئۇخلاپ قالغانىكەن. قىز قۇدۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ گۇناھكارنى تارتىۋاپتۇ.

— سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ قىز.

— مەسئۇدمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت.

بۇ گۇناھكارنىڭ مەسئۇد بولۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈر-مىگەن قىز ناھايىتى ھاياجانلىنىپتۇ، ئىشق ئوتى لاۋۇلداپ، بىھوش بولۇپ يىقىلغىلى تاس قاپتۇ. ئۇ دادىسىنىڭ ناھايىتى رەھىمسىز، زالىملىقىنى بىلىدىكەن، شۇڭا دەرھال ئەقلىنى ئىشـ-قا سېلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋاپتۇ. ئىككى يىقىن كېنىزىكىنى چاقىـ-رىپ، مەسئۇدنى كۆتۈرۈپ خاس ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ.

ۋەزىر پادىشاھ بىلەن قىلغان مەسلىھەتكە ئاساسەن، مەس-ئۇدنى ئۆلتۈرمەك بولۇپ قۇدۇق بېشىغا كەپتۇ، قارىسا، مەس-ئۇد يوق، قاراۋۇللار ئۇخلاۋاتقۇدەك. ئۇ بۇ خەۋەرنى دەرھاللا پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ بىلەن ۋەزىر مەسئۇدنى بىرنەچچە

كۆن ئىزدىگەن بولسىمۇ، ھېچ يەردىن دېرىكىنى ئالالماپتۇ.

ئەلقىسسە: ۋەزىرنىڭ ئاشىق قىزى مەسئۇدنى بىرنەچچە كۈن ئوبدان داۋالاپتۇ. مەسئۇد سەللىمازا بولغاندىن كېيىن، ئىككىسى ئىككى ئاتقا مىنىپ كېچىسى قېچىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى پادىشاھنىڭ ئادەملىرى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن تاكى دەريا بويىغا قەدەر قوغلاپ بېرىپتۇ، لېكىن قارىسىنىمۇ كۆرەلمەپتۇ.

ئۇلار ئاتلىرىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ دەريادىن ئۆتۈپ، يەنە ئون كېچە - كۈندۈز يول مېڭىپ پادىشاھ جۇنەننىڭ ئوردىسى ئورۇنلاشقان مەشھۇر چوڭ شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. مەسئۇد پادىشاھنىڭ چارباغىغا كىرىپ، خىزمەتچىلەر قاتارىدا ئىشلەشكە باشلاپتۇ.

ئەلقىسسە: مەسئۇدنىڭ ئىزسىز يوقالغانلىق خەۋىرى پادىشاھ جۇنەگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ كۆپ ھەسرەت چېكىپ يىغلاپتۇ.

مەسئۇدنىڭ ئۆز ئەھۋالىنى پادىشاھقا دېگۈسى كەپتۇ، لېكىن خىجىل بولۇپ دېيەلمەي، قولىنى چىشلەپتۇ. ئەگەر ئۆزۈم بېرىپ ھال ئېيتسام، ئۆتكەندە قىلغان مېھماندارچىلىقىم ھېسابىغا بىرنەرسە تەمە قىلغان بولىمەن، دەپ ئويلاپتۇ. مەسئۇدنىڭ جۇنەگە ئىنئام قىلغان بىرنەچچە خىزمەتچىسى چارباغ دەرۋازىلىرىدا تۇرىدىكەن. ئۇلار مەسئۇدنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە مەسئۇدنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاپتۇ. تاشقىرىغا سالقىنداشقا چىققان پادىشاھ بۇلارنىڭ ئاھۇ نالىسىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇ كېلىپ مەسئۇدنى كۆرۈپ ئالەم قاراڭغۇلاشقاندەك بولۇپ، ھوشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ. پادىشاھ مەسئۇدقا ئۆزىنى تاشلاپتۇ. ھەر ئىككىيلەننىڭ ياشلىرى سەلدەك ئېقىپتۇ.

پادىشاھ مەسئۇدنى ھاممامغا ئەۋەتىپ يۇيۇندۇرۇپ، شاھانە كىيىملەرنى كىيدۇرۇپتۇ، ۋەزىرنىڭ قىزىنىمۇ ئەكەلدۇرۇپ،

ھىلھىلە كىيىملەرنى كىيدۇرۇپتۇ، زىياپەتلەر بېرىپتۇ. ئۇلار بەزمە تۈزۈپ سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ مەسئۇدنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى سوراپتۇ. مەسئۇد بولغان ۋەقەنى باشتىن - ئاياغ سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ قايتا نامە تارقىتىپ مەسئۇدنى پادىشاھ قىلىپ، ھېلىقى زالىم پادىشاھ ۋە ۋەزىرنى ئەكەلدۈرۈپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىپتۇ....

ئەلقىسسە: ئالتىنچى ئىقلىم تەرەپتىن كەلگەن مۇساپىر ھېكايىسىنى تاماملاپ، بەھرام ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

— سەن كىمنىڭ ئەۋلادى بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بەھرام.

— مەسئۇدنىڭ نەسلىدىن بولىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مۇساپىر.

بەھرام يەتتىنچى كۈنى مەنزەرۇ كاپۇرغا قەدەم قويۇپتۇ. بۇ مەنزەردە يەتتىنچى ئىقلىم پادىشاھىنىڭ قىزى بار ئىكەن. ئۇلار شاراب ئىچكىلى تۇرۇپتۇ. بەھرام يەتتىنچى ئىقلىمدىن كەلگەن مۇساپىرنى ھېكايە سۆزلەشكە تەكلىپ قىپتۇ.

— ئەي پادىشاھىئالەم، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ ئۇ، — باغداد شەھىرىدە بىر پادىشاھ بار بولۇپ، ئۇ ناھايىتى دانا، پاراسەتلىك ئىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ ۋەزىرىنىڭ قىزىنى كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قاپتۇ، ئاندىن ۋەزىرنى چاقىرىپ دەپتۇ:

— ئەي ۋەزىر، ئاڭلىسام، بويىغا يەتكەن بىر قىزىڭ بار ئىكەن، ئۇنى ماڭا بەرگىن.

— بەرمەمدىغان، قىزىمنى ئۆزلىرىگە بەرمەي كىمگە بېرىمەن؟ — دەپتۇ ۋەزىر، — ئەمما ئۆزلىرىگە ئەرزىم شۇكى، قىزىمنى ئۆزۈمدەك بىر نامراتقا بەرسەم مۇناسىپراق بولار. مېنىڭ ئېتىمكىم ئۆزلىرىنىڭ قولىغا يەتمەس. مۇبادا قىزىم ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىگە يارىماي قالسا، ئەر ئالماس، يەنى

قىزىم باشقا كىشىگە تېگەلمەس.

پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خامۇش بوپتۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەنە ۋەزىرنى چاقىرىپتۇ.

— ئەي ۋەزىر، — دەپتۇ پادىشاھ، — بۇ دۇنيادا غەمسىز كىشى بارمىدۇ؟

— بۇ دۇنيادا غەمسىز كىشى يوقتۇر، — دەپتۇ ۋەزىر.

— ئەگەر غەمسىز كىشىنى تاپسام، سېنى ئۆلتۈرسەم مەيلىمۇ؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— مەيلى، — دەپتۇ ۋەزىر پادىشاھقا، — غەمسىز كىشىنى تاپسىلا، مېنى ئۆلتۈرسىلە.

ئۇلار گۇۋاھچى - شاھىتلار ئالدىدا ئەھدە قىپتۇ. پادىشاھ سودىگەرچىلىك جابدۇقلىرىنى راسلاپ، مال - مۈلۈكلىرىنى تۆگە - قېچىرلارغا يۈكلەپ، ئۈچ ئايلىق سەپەر ئىختىيار قىلىپ، ۋەزىرنى ئۆز ئورنىدا قويۇپ يولغا راۋان بوپتۇ، كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، شۇنچە ئىزدەپ - سوراپتۇ، غەمسىز كىشىنى ئۇچرىتالماپتۇ.

پادىشاھ كۈنلەرنىڭ بىرىدە چىن - ماچىنغا كەپتۇ. قارىسا، چىن پادىشاھىدا غەم ئالامەتلىرى زاھىر بولماپتۇ. پادىشاھ، ئەمدى غەمسىز كىشىنى تاپتىم بولغاي، دەپ ئويلاپتۇ. نۇرغۇن سوۋغا - سالام بىلەن خاقاننىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۇ يەردە بوپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاشنىلىقلىرى كۈنسېرى زىيادىلىشىپ، ئارىسىدا دوستلۇق ئورنىتىلىپتۇ.

بىر كۈنى باغداد پادىشاھى سوراپتۇ:

— ئەي خاقان، مەن باغداد پادىشاھى بولىمەن. مەن بىر ۋەزىرىم بىلەن ئەھدە قىلغان. جاھاندىن غەمسىز كىشىنى تاپسام، ۋەزىرنى ئۆلتۈرىدىغان بولدۇم. ئۇمۇ رازى بولدى. شۇ سەۋەبتىن، غەمسىز كىشىنى تېپىش ئۈچۈن، ئۇنى ئورنۇمدا پادىشاھ-

لىققا ئۇلتۇرغۇزۇپ قويۇپ، سودىگەر قىياپىتىدە سەپەرگە چىققا-
نىدىم. مانا ئۈچ يىل بوپتۇ، شەھەرمۇشەھەر، يېزىمۇيېزا كېزىپ
غەمسىز كىشىنى تاپالمىدىم. سىزنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال
بولدۇم. سىزنى غەمسىز كۆرۈپ، ئۇمىدىم جانلاندى، ئەمدى
مۇرادىمغا يەتكەيمەن.

چىن خاقانى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئاھ ئۇرۇپ يىغلىۋېتىپتۇ.

— ئەي باغداد پادىشاھى، — دەپتۇ ئۇ، — بىلگىنكى، دۇن-
يادىن ھەرگىزمۇ غەمسىز كىشىنى تاپالمايسەن. مەندىمۇ غەم يې-
تەرلىك بار. غەمدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى بولمىغاچقا، ئۆزۈمنى
خۇشال تۇتىمەن.

— سىزنىڭ غېمىڭىز قانداق غەم؟ — دەپ سوراپتۇ باغداد پا-
دىشاھى.

— ئورنۇڭدىن قوپقىن، — دەپتۇ خاقانى چىن. ئۇ باغداد
پادىشاھىنى بىر سارايغا باشلاپ كىرىپتۇ. ئۇ يەردە بىر پەردە
تارتىقلىق تۇرغۇدەك. خاقان پەردىنى كۆتۈرۈپتۇ. باغداد پادىشاھى



قارىغۇدەك بولسا، قىياپى-
تى ئىنتايىن سەت، شۇم
چىراي بىر زەڭگى ئولتۇ-
رۇپتۇ، ئۇنىڭ رەڭگىرويى-
نىڭ سەتلىكىدىن كىشى
تىكىلىپ قارىيالمايدىكەن.
ئۇنىڭ قەددى گويا مۇنار-
دەك ئېگىز، قوللىرى چى-
ناردەك ئۇزۇن، ئاغزى
غاردەك، بېشى گۈمبەزدەك
ئىكەن. بوينىدا غوللە زەن-
جىر، قولىدا كويزا، پۇتىدا

ئىشكەل، ئەمما يېنىدا بىر گۈزەل نازىنىن بار ئىكەن. ئۇ گۈزەل بولسا، زەڭگىگە يالۋۇراتتى، زەڭگى بولسا، چىرايمۇ ئاچماي قو- پاللىق قىلاتتى، ھەتتا نازىنىننىڭ زىبا يۈزىگە قاتىمال ۋە يوغان قوللىرى بىلەن ئۇراتتى، شۇنداقتىمۇ مەلىكە گويا زەڭگىدىن ئاي- رىلسا، ھاياتىدىن جۇدا بولىدىغاندەك، تېخىمۇ بەكرەك يېلىنىپ- يالۋۇرۇپ، ناز قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا تىرىشاتتى.

— ئەي باغداد پادىشاھى، كۆردۈڭمۇ؟ — دەپتۇ خاقانى چىن.

— ئەي خاقان، بۇ قانداق ۋەقە؟ — دەپ سوراپتۇ باغداد پادىشاھى ھەيران بولۇپ.

— بۇ قىز، — دەپتۇ خاقان سۆزلەپ، — ھاممامنىڭ قىزى ئىدى. دەسلەپتە ئۇ ماڭا ئاشىق، مەن ئۇنىڭغا مەشۇق ئىدىم. مەن ئۇنى ئالىدىغان بولۇپ ئەلچى كىرگۈزدۈم. ئۇنىڭ ئاتىسى قىزنىڭ ھەققى ئۈچۈن يۈز مىڭ قىزىل ئالتۇن تەلەپ قىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا ئاجىز كەلدىم. بۇ قىزنىڭ ماڭا مەيلى بار ئىدى، شۇڭا:

— ئەي يىگىت، — دېدى ئۇ ماڭا، — ھەر كۈنى كې- چىسى ساراي كەينىگە كەلگىن، ھەر قېتىمدا مىڭ قىزىل ئالتۇن قاچىلانغان بىر ھەميان بېرەي، ئۇنى يىغىۋەرگىن. ئا- تام تەلەپ قىلغان مىقدارغا يەتكەندە مېنى ئالغىن. مەن مۇرادىم- غا يېتىپ بەختلىك بولۇۋالاي.

بۇ سۆزگە خۇشال بولدۇم. ھەر ئاخشىمى ساراي كەينىگە بېرىپ ساقلىدىم. ئەل جىمىققاندا بىر ھەميان ئالتۇن ئاچىقىپ بەردى. بىر كۈنى كۆڭلەكچان بارغانىدىم، ھەر ئېھتىمالغا قارشى خەنجىرىمنى ئېلىۋالغانىدىم. قىزنى ساقلا - ساقلا، خىيال ئىلا- كىدە خەنجەرنى زەكىرىمنىڭ ئۈستىدە تۇتۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. قىز بىر ھەميان ئالتۇننى تاشلاپتۇ. ھەميان خەنجەرگە تېگىپ، خەنجەر زەكىرىمنى كېسىۋەتتى. مەن كۆپ داۋالىنىپ ساقايدىم،

لېكىن ئايال كىشىنىڭ تەلپىنى رازى قىلغۇچىلىكىم يوقالغا-
نىدى. قىز بۇ ئىشنى ئاڭلاپ مەندىن ئالاھىدە ھال سورىدى. مەن
راستىنى ئېيتتىم.

— يالغان ئېيتىسەن، — دېدى قىز سۆزۈمگە ئىشەنمەي، —
بۇ سۆزۈڭگە ھەرگىزمۇ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.

— ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەرگىزمۇ يالغىنى يوق، — دېدىم مەن
چۈشەندۈرۈپ، — بۇ بالا ماڭا يەتتى، خۇدايىم باشقا بەندىسىگە
بەرمىسۇن.

قىز سۆزلىرىمگە ئىشەنگەندىن كېيىن:

— ئەي نامەرد ! پادىشاھلىقنى تاشلاپ، بۇ شەھەردىن
چىقىپ كەت. ئەمدى ھېچ مەقسەت ھەل بولمايدۇ، — دېدى.

ئۇ شۇنداق دەپ يۈز ئۆرۈدى، قانچە يالۋۇرساممۇ ئۇنىما-
ماي، ماڭا قوپاللىق قىلدى.

— ئەي نازىنىن، — دېدىم ئاخىر، — مېنى خەلق ئا-
رىسىدا رەسۋا قىلما. مەخپىيەتلىكىمنى ساقلىساڭ، پادىشاھ-
لىق، پۈتۈن مال - مۈلۈك سېنىڭ بولسۇن، ھەرنە قىلساڭ
قىل. مەن ساڭا چاكار بولاي.

— ئەي ئەقىلسىز، — دېدى ئۇ ۋارقىراپ، — سەن-
دىن مۇرادىم ھاسىل بولمىسا، پادىشاھلىق، مال - مۈلۈكنى نې-
مە قىلىمەن؟ !

— ئۇنداق بولسا، لەشكىرىم ئىچىدىن بىرنى تاللىغىن،
ئەمما سىرىم سىرتقا چىقمىسۇن.

ئۇ سۆزۈمگە ماقۇل بولدى ۋە چوڭ - كىچىك ئەرلەرنىڭ
بىر - بىرلەپ ئالدىدىن ئۆتۈشىنى، شۇلاردىن بىرىنى تاللىۋال-
دىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىلاجسىز قوبۇل قىلدىم.

بۇ قىز بۇ يەردە ئولتۇردى، تامام خەلق جەم بولدى. بارلىق يى-
گىتلەر ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. ئۇ ئاخىردا ھېلىقى زەڭگىنى تال-

لىدى. نەچچە يىلدىن بېرى شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرىدۇ....

— مانا مۇشۇنداق دەرد ـ ئەلەم كۆڭلۈم ئاسمىنىدا ماكان تۇتقان، — دەپتۇ خاقان كۆزلىرىدىن ياشلىرىنى راۋان قىلىپ، — بۇنىڭدىن ئارتۇق غەممۇ بولامدۇ؟ !

— ئەي خاقان، — دەپتۇ باغداد پادشاھى، — مەن دۇنيانى كېزىپ يۈرۈپ نۇرغۇن غەملەرنى كۆردۈم، لېكىن مۇنداق غەمنى كۆرمىگەنىدىم.

ئەلقىسسە: ئۇ خاقان بىلەن خوشلىشىپ باغدادقا يېنىپ كەپتۇ ۋە ۋەزىرنى چاقىرتىپتۇ.

— ئەي ۋەزىر، — دەپتۇ ئۇ، — ئەمدى قىزىڭنى ماڭا بەرگىن، بولمىسا، ساڭا زىيان سالىمەن.

ۋەزىر قورقۇپ قىزىنى بېرىپتۇ.

پادشاھ خەزىنىگە كىرىپ بىر ساندۇق ئېلىپ چىقىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا قۇلۇپ سېلىپ، مۆھرىنى بېسىپ پېچەتلەپ مەلىكىگە بېرىپتۇ.

— ئەي مەلىكە، — دەپتۇ ئۇ، — مەن ئون ئىككى يىللىق شىكارغا بارىمەن. مەن قايتىپ كەلمىگۈچە ساندۇقنىڭ قۇلۇپىنى ئاچمىغىن، بۇ پېچەتنى بۇزمىغىن، لېكىن ئىچىنى ئالتۇنغا تولدۇرغىن. مېنىڭ پۇشتۇمدىن ئون ئىككى ياشلىق بىر ئوغۇل پەيدا قىلىپ قويغىن. مەن سەپەردىن كەلگەندە، ئۇ پەرزەنت ئاشىقانە غەزەل ئوقۇپ كېلىپ قۇچىقىمدا ئولتۇرغاي ۋە «دادا» دەپ مېھرىبانلىق قىلغاي. بۇ ئاتنى ئۆزۈم مىنىپ كېتىمەن. يەنە بىر ئات پەيدا قىلدۇرغىن، ئۇ ئات مەن تونۇيالمىغۇدەك بولسۇن. ئەگەر بۇ شەرتلەرنى بەجا كەلتۈرمىسەڭ يىلتىزىڭنى قۇرۇتقايمەن.

ئەلقىسسە: ۋەزىرنىڭ قىزى بۇ ۋەھىمىدىن قورقۇپ، بىر كونى ئاتىسىنى چاقىرىپ ھەممە ئەھۋالنى بىر ـ بىرلەپ بايان

قىپتۇ.



— ئەي ئاتا، — دەپتۇ ئۇ، — مەن بىر ئىش قىلايكى، تا قىيامەتكىچە دەپتەرگە پۈتۈلگەي. ماڭا قىرىق قىز پەيدا قىلىپ بەرگىن، ھەممىسى ئون تۆت ياشلىق بولسۇن، كىچە - كۈندۈز مەندىن ئايرىلمىسۇن.

ۋەزىر قىزىنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداپ بېرىپتۇ. قىزلارنىڭ ھەممىسى نىقاب تارتىپتۇ. قىز ئۆزىگە شاھزادە بەدەخشان دەپ ئات قويۇپتۇ. ئۇلار قوراللىنىپ، ئاتلارغا مىنىپ پادىشاھنىڭ كەينىدىن راۋان بوپتۇ.

ئەلقىسسە: بىر كۈنى پادىشاھ شىكار قىلىۋاتقاندا، سۈتتەك ئاق بىر كېيىك سەكرەپ ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ: «بۇ كېيىك كىمنىڭ ئالدىدىن قېچىپ كەتسە، شۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىمەن» دەپتۇ. كېيىك پادىشاھنىڭ بېشىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. كېيىك قاچە - قاچە مەلىكە چۈشكەن يەرگە يېتىپ كەپتۇ. مەلىكە شىكار قىلىپ يۈرگەنىكەن. كېيىك مەلىكىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. مەلىكە كېيىكنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ ئاتقانىكەن، كېيىك يىقىلىپتۇ. مەلىكە ئېتىدىن چۈشۈپ كېيىكنى بوغۇزلاپ، غانجۇغىلىماقچى بولۇپ تۇرغاندا پادىشاھ يېتىپ كەپتۇ ۋە:

— ئەي يىگىت، بىر كىشى قىلغان ئوۋنى يەنە بىر كىشى ئالسا، بۇ قانداق گەپ؟ — دەپتۇ.

«شاھزادە» پادىشاھقا تەزىم قىلىپ ناز قىپتۇ. پادىشاھنىڭ

كۆكرەك ساندۇقىغا ئىشق ئوتى كىلىپ تېگىپتۇ. «شاھزادە» كىيىكنى غانجۇغىغا باغلاپ، پادىشاھنىڭ قېشىدىن غايىب بوپتۇ.
بىر سائەتتىن كېيىن، پادىشاھ بىر خىزمەتكاردىن سوراپتۇ:
— بۇ شاھزادە قايسى ۋىلايەتتىن؟
— بۇ شاھزادە بەدەخشانلىق، — دەپتۇ خىزمەتچى تونۇش-تۇرۇپ، — بۇ شاھزادە ئاتىسىدىن يامانلاپ كەلگەنىكەن، بەلكى ئۆزلىرىگە دوست بولۇپ قالار.
بۇ سۆزنى ئاڭلاپ پادىشاھ خۇشال بوپتۇ.
— ئۇنداق بولسا، تېزرەك ئاشىنا قىلغىل، — دەپتۇ پا-دىشاھ ئالدىراپ، — مەن سېنى رازى قىلغايمەن.
مەلىكىنىڭ خىزمەتكارى كېلىپ مەلىكىگە خەۋەر قىپتۇ. مەلىكە خۇشال بوپتۇ. مەلىكە مىنگەن ئات ناھايىتى ياخشى ئات ئىكەن، ئۇنى پادىشاھقا ئىنئام قىپتۇ. پادىشاھ «شاھزا-دە»گە ئىززەت - ئىكراملار قىلىپ، ئالتۇن، دۇر، جاۋا-ھىراتلار ھەدىيە قىپتۇ. ئۇلار شاراب ئىچىپ ئولتۇرۇشقاندا، پادىشاھ شاھمات ئويناشقا تەكلىپ قىپتۇ. «شاھزادە»: «ئالدى بىلەن باغلىشايلى، ئاندىن ئوينايلى» دەپتۇ. پادىشاھ قوشۇلۇپتۇ. مەلىكە شاھماتقا ناھايىتى ئۇستا ئىكەن.
— قانداق باغلىشىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.
— قولىڭىزدىكى ئۈزۈكلەردىن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ «شاھزادە».
پادىشاھ ماقۇل بوپتۇ، ئويناپ ئۇتتۇرۇپ قويۇپتۇ. شاھزادە ئۈزۈكنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۆزى چۈشكەن جايغا قايتىپتۇ. بۇ ئۈ-زۈك ئەسلى پادىشاھنىڭ مۆھرى ئىكەن. مەلىكە ساندۇقنى ئې-چىپ ئىچىگە ئالتۇن تولدۇرۇپتۇ، يەنە قۇلۇپ سېلىپ، مۆھۈرنى بېسىپتۇ - دە، ئۈزۈكنى پادىشاھقا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ.
«شاھزادە» ئەتىسى يەنە شاھمات ئويناپ، پادىشاھنىڭ ئېتىد-

نى ئۇتۇۋاپتۇ. ئاتنى ئېلىپ كېلىپ بىر بايتالغا قويۇپتۇ. يەنە بىر كۈنى يەنە شاھمات ئويناپتۇ. بۇ نۆۋەت «شاھزادە» بىر زىبا كېنىزەكنى تىكىپتۇ. بۇ قېتىم قەستەن ئۇتتۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئىنتايىن خۇرسەن بوپتۇ. «شاھزادە» پادىشاھنى تەكلىپ قىلىپ قايتىپتۇ ۋە ھېلىقى ئۇتۇۋالغان ئېتىنى ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ. پادىشاھ «شاھزادە»نىڭ ئاتنى ئەۋەتكىنىگە ناھايىتى خۇشال بوپتۇ.

مەلىكە ئۆزىنى دو تىككەن كېنىزەكتەك ياساپ، قىزلارغا: «مېنى پادىشاھ ئالدىغا ئېلىپ بېرىڭلار» دەپتۇ. كېنىزەك قىزلار شۇنداق قىپتۇ. پادىشاھنىڭ مۇرادى ھاسىل بولۇپ، ئۈچ كۈنگىچە تاشقىرىغا چىقماي، مەلىكىنىڭ قېشىدا تۇرۇپتۇ.

كېنىزەك قىزلار ئېيتىپتۇ:

— شاھزادە رۇخسەت تىلەيدۇ، ئۆز شەھىرىگە ئاتىسىنىڭ قېشىغا بارماقچى.

— شاھزادە بىزدىن خاپا بولۇپ قايتامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ، — نېمە ئۈچۈن قايتىدىكەن؟

— سىزدىن رەنجىپتۇ، — دەپتۇ قىزلار، — چۈنكى ئۇ سىزنى ئىككى قېتىم ئۇتۇپتۇ، لېكىن ئۇزۇك بىلەن ئاتنى ياندۇرۇپ بېرىپتۇ. سىز ئۇنى بىر قېتىم ئۇتۇپسىز، لېكىن ئۇتقاننى قايتۇرماپسىز.

— كېنىزەكنى زورلۇق بىلەن ئالمىدىم، — دەپتۇ پادىشاھ، — شاھمات ئويناپ ئۇتۇۋالدىم، يامانلىسا، يامانلىسۇن.

پادىشاھ خىزمەتچى قىزلارنىڭ سۆزىنى مەلىكىگە دەپتۇ:

— قىزلار سىزنى تىلەۋاتىدۇ، قانداق قىلىسىز؟

— سىز پادىشاھدۇرسىز، — دەپتۇ مەلىكە، — مەن بەندىنىڭ نېمە ئىختىيارىم بولسۇن!

پادىشاھ مەلىكىگە ناھايىتى ئامراق بولۇپ قالغانىكەن. ئۇ شاراب ئىچىپ مەستخۇش بوپتۇ. مەلىكە ساقىي بولۇشنى سوراپ-

تۇ، پادىشاھ رۇخسەت قىپتۇ. مەلىكە ساقىي بولۇپ پادىشاھقا ناز ـ كەرەشمىلەر بىلەن شاراب تۇتتۇپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئېغىر مەست بوپتۇ ۋە مەلىكىگە چاقچاق قىلىپ، قوپاللىق بىلەن ئېسىلغىلى تۇرۇپتۇ.

— ئەي پادىشاھ، — دەپتۇ مەلىكە جىددىي قىياپەتتە، — ماڭا قالايمىقان چاقچاق قىلىپ، سەت قىلىقلاردا بولما، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، بولمىسا، يۈزۈڭگە كاچات يەيسەن !

— ئەي نازىنىن، — دەپتۇ پادىشاھ يۈزىنى تەڭلەپ، — يۈزۈمگە خالىغانچە ئۇرغىن.

مەلىكە شۇنداق ئۇرۇپتۇكى، پادىشاھ يىقىلىپ يەر قۇـ چاقلاپتۇ. مەلىكە مەست ھالدا ئۇچقاندەك مېڭىپ يېنىپ كەپـ تۇ ۋە ئەرچە ياسىنىپتۇ.

ئەلقىسسە: پادىشاھ مەستلىكتىن قۇتۇلۇپتۇ، قارىسا، كېـ نىزەك يوق تۇرغۇدەك. ھەيران بولۇپ ئۇيان ـ بۇيانغا قاراپـ تۇ. پادىشاھ خىزمەتچىلىرىگە كېنىزەكنى ئىزدەشكە بۇيرۇپتۇ. خىزمەتكارلار كېنىزەكنى ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. پادىـ شاھ بۇ يوقىتىشتىن ناھايىتى مالال بولۇپ، يەنە شىكارغا بەل باغلاپتۇ.

ئەلقىسسە: مەلىكە شەھەرگە يېنىپ كەپتۇ. قورسىقىدا پادىـ شاھتىن ھامىلە پەيدا بولۇپ، توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەتتىن كېيىن ئايدەك بىر شاھزادىنى تۇغۇپتۇ. ئۇ يەتتە ياشقا كىرىپتۇ، مەكتەپكە بېرىپتۇ، ئون ياشقا كىرىپتۇ، خەت ـ ساۋاـ تى چىقىپتۇ. مەلىكىنىڭ بايتال ئېتىمۇ تۇغۇپتۇ. ئۇ ئايغىر پاـ دىشاھنىڭ ئارغىمىقىدىن يۈز ھەسسە ياخشى ئىكەن.

مەلىكە دادىسى بىلەن ناھايىتى خۇشال بولۇشۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئون ئىككى يىل ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ شىكار ـ دىن يېنىپتۇ ۋە مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ.

— ئەي قىز، — دەپتۇ پادىشاھ مەلىكىگە، — قېنى، شەرتـ-
لەرنى ئورۇندىدىڭمۇ؟

مەلىكە دەرھال ساندۇقنى ئېلىپ كېلىپ شاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. پادىشاھ كۆرۈپتۇكى، مۆھۈر بۇزۇلماپتۇ، ئەمما ئىچىگە ئالتۇن تولدۇرۇلۇپتۇ.

مەلىكە خىزمەتچىلىرىگە پادىشاھ مىنىپ كەلگەن ئارغىماقنىڭ ئېگىرىنى ياش ئارغىماققا توقۇپ، ياساپ قويۇۇشنى بۇيرۇپتۇ. پادىشاھ تاشقىرىغا چىقىپ باغلاقلىق ياش ئارغىماقنى ئۆز ئېتىم دەپ ئويلاپتۇ ۋە:

— ئارغىماق قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ. مەلىكە:

— مانا مۇشۇ، — دەپ توقۇقلۇق ئارغىماقنى كۆرسىتىپتۇ.

— ئەي مەلىكە، — دەپتۇ پادىشاھ كۈلۈپ، مەسخىرە قىلىپ، — بېشىڭ ئايلىنىپ قالدىمۇ؟ بۇ مەن مىنىپ كەلگەن ئات ئەمەسمۇ؟

مەلىكە خىزمەتچىلىرىگە پادىشاھ مىنىپ كەلگەن ئاتنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. پادىشاھنىڭ ئېتى كەلتۈرۈلۈپتۇ. ئىككى ئاتنى كۆرگەن كىشىلەر ھەيران قاپتۇ، چۈنكى بۇ ئاتلار بىر-بىرىگە بەكمۇ ئوخشايدىكەن.

— قايىل بولدۇم، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئاتنىمۇ تېپىپسەن، پەرزەنتنى قانداق قىلىسەن؟

پادىشاھنىڭ سۆزى تۈگىمەي بىلەنلا ئون ئىككى ياشلاردىكى بىر ئوغۇل سالام بېرىپ كىرىپ كەپتۇ، قولىدا كىتاب تۇتقان ھالدا ئاشىقانە غەزەل ئوقۇپ كېلىپ، پادىشاھنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ، پادىشاھنى «قەدىرلىك ئاتام» دەپ مېھرىبانلىق قىپتۇ.

پادىشاھ بۇ گۆدەكنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن غەزەپلىنىپتۇ.

— كىمنىڭ ئوغلى سەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ، — مەن

سىنىڭ ئاتاڭ ئەمەس.

— ئەي ئاتا، — دەپتۇ ئوغۇل كۈلۈپ - ئەركىلەپ، — ئۇنداق دىمە، مەن سىنىڭ پەرزەنتىڭدۇرمەن.

— مەن ئاناڭ بىلەن توي قىلغان بىلەن بىر ئۆيگە كىرمەيلا شىكارغا كەتكەن، قانداقچىسىغا سەن مىنىڭ بالام بولىسەن؟ — دەپتۇ پادىشاھ غەزىپى ئۆرلەپ، — سەن بۇزۇق ئاناڭنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ هارامزادىلىك قىلما!

مەلىكە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بىتاقەت بوپتۇ.

— ئەي پادىشاھ، — دەپتۇ مەلىكە، — ئۆزۈڭنى ئورۇنسىز ئۇپراتما، بۇ ئوغۇل شەكسىز سىنىڭ پەرزەنتىڭ. بۇنىڭ نىشانى هەم بار.

— نىشانى قايسى؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— بۇنىڭدىن ئون ئىككى يىل بۇرۇن شىكاردا بىر شاهزادىدىن ئۇتتۇۋالغان كىنىزەك ۋە ئۇ كىنىزەك ئۇرغان كاچات يادىڭدىمۇ؟ — دەپتۇ مەلىكە.

— يادىمدا، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئاشۇ كاچات ئۇرغان دەل مەن ئىدىم، — دەپتۇ مەلىكە هەممە ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ ئەسلىتىپ، — بۇ ئوغۇل شۇ چاغدا بويۇمدا قالغان.

پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، بۇ ئوغۇلنىڭ راستىنلا ئۆز پۇشتىدىن بولغان يۈرەك پارىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. مەلىكىنىڭ پەم - پاراستىگە قايىل بولۇپ، ۋەزىرنىڭ گۇناهىدىن ئۆتۈپتۇ ۋە قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ.

يەتتىنچى ئىقلىمدىن كەلگەن مۇساپىر هېكايىسىنى شۇ يەردە تاماملاپتۇ.

بەهرام شاھ مەلىكە دىلئارام بىلەن كېچە - كۈندۈز مەي ئىچىشىپ ئەيش - ئىشرەتتە ئۆتۈپتۇ. بەزىدە شىكارغا چىقىپ

ھەر خىل ھايۋانلارنى ئوۋلاپ كاۋاپ قىلىدىكەن.
بىر كۈنى ئۇ دىلئارامنىڭ ھەمراھلىقىدا بىھېساب لەشكەرلىرىنى ئېلىپ شىكارغا ئاتلىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ قاتارىدا كامانداز ۋە چەۋەنداۋلارنىڭ ھەممىسى بار ئىكەن. ئۇلار بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ. ئۇ يەردە نۇرغۇنلىغان كېيىكلەر بار ئىكەن.
پادىشاھ بەھرام: «ھەر كىم بولسا ئۆز ئورنىدا ئاگاھ تۇرسۇن، بۇ كېيىكلەر كىمنىڭ ئالدىدىن قېچىپ كەتسە، قاچقان ھايۋان ئورنىغا شۇ كىشىنىڭ قېنى ئاققۇزۇلىدۇ» دەپ ئەمر قىپتۇ.
لەشكەرلەر بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قورقۇپ، كېيىكلەرنى قورشاپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ باشلىق ھەر كىم ئۆزى خالىغانچە نىشانلاپ ئوق ئېتىپتۇ. يەر يۈزى كېيىكلەر قېنىدىن لالە رەڭ ئاپتۇ. ئۇلار كېيىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ، قانلىرىنى ئاققۇزۇپ، غەپلەت شارابىدىن مەست بولغانىكەن. بىردىنلا ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىلىپ، قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. ئەتراپ شۇنداق قاراڭغۇلىشىپ كېتىپتۇكى، كىشى كىشىنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ھەر كىم ئۆز ئەھۋالى بىلەن قاپتۇ. ئۇلار جان ۋەھىمىدە نالە قىلىپ يىغلاپ، ھەر ياققا ئات چاپتۇرۇپتۇ، لېكىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى تاپالماپتۇ.
شاھ بەھراممۇ ئۆز قايغۇسى بىلەن ئاۋارە ئىكەن، دىلئاراممۇ ھاياتلىق تەمەسى قىلىپ ھەر ياققا تەلمۈرىدىكەن، بىراق ھېچ ياقتىن ئۇلارغا ھاياتلىق پۇرىقى، قۇتۇلۇش شەپىسى كەلمەپتۇ.
ئاخىر بوران چىقىپ قەدەم يۆتكەشكىمۇ ئامال بولماپتۇ. ئاققان قان، گۈرۈلدىگەن بوران، كۆتۈرۈلگەن تۇپراق كىشىلەرگە ئەجەل سىگنالىنى ئاڭلىتىپ ۋەھىمە سالپتۇ. ئۇلار ئەجەل لەشكىرىنىڭ قولىدىن قۇتۇلالماپتۇ.

# سېرلىق چىراغ

بۇرۇنقى زاماندا بىر ياقا يۇرتتا قاپقارا بىر جادۇگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ بىر كىتابى بار ئىكەن. ئۇ كىتابقا دۇنيادا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر ۋە بۇنىڭدىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋاقتى ـ قەرەلى، ئورنى پۈتۈلگەنىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە جادۇگەر بىكارچىلىقتىن ئۆيىدە ئاسمانغا بېقىپ يالغۇز ئولتۇرۇپ، ھېلىقى كىتابى ئېسىگە كېلىپ قاپتۇ، كىتابنى ۋاراقلاپ ئوقۇپ بىر يەرگە كەلگەندە، مۇنداق بىر ئىش بايان قىلىنىپتۇ: «شەھرى بېسىردا ھەسەن تىككۈچى دېگەن بىر بالا بار. ھازىر ئۇ ئون بەش ـ ئون ئالتە ياشلارغا كىردى. ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى چۆللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قۇدۇق بار. ئۇنىڭ ئېغىزى مىڭ پاتمان كېلىدىغان بىر تۈگمەن تېشى بىلەن ئېتىكلىك. بۇ تاشنى جاھاندىكى ھەرقانداق ئادەمزات مىدىرلىتالمايدۇ. ئۇ تاشنى ھەسەن تىككۈچىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئوغلى ئابدۇللا مىدىرلىتالايدۇ ۋە قۇدۇق ئاغزىدىن كۆتۈرۈپ ئالالايدۇ. قۇدۇقنىڭ ئىچىگە ئابدۇللادىن باشقا ئادەم چۈشەلمەيدۇ، چۈشكەندىمۇ تىرىك چىقالمايدۇ. بۇ قۇدۇقتا بىر چىراغ بولۇپ، بۇ چىراغقا پۈتۈن جاھاندىكى جىن ـ ئالۋاستى، دۆ ـ پەرىلەرنىڭ جېنى بەندىلەكلىك. ئۇنى قولغا چۈشۈرگەن ئادەم دۇنيادا نېمە قىلىمەن دېسە، چىراغ ئارقىلىق پۈتۈن جىن ـ

ئالۋاستىلارنى، دۆ - پەرىلەرنى يىغىپ، مەقسەت - مۇرادىغا يې-
تىدۇ».

جادۇگەر بۇ باياننى ئوقۇپ بەكمۇ خۇشال بوپتۇ، چىراغنى
قولغا چۈشۈرۈپ دۇنياغا خوجا بولغۇسى كەپتۇ، دۇنيادىكى ئەڭ
چىرايلىق هۆر - پەرىلەرنى ئېلىپ، ئۆمرىنى ئەيش - ئىشرەت
بىلەن ئۆتكۈزۈشنى ئويلاپتۇ، تېخى هەسەن تىككۈچى ئەمدىلا ئون
ئالتە ياشقا كىرىپتۇ، قاچان توي قىلار؟ قاچان ئابدۇللا تۇغۇلار،
دەپ بېشى قېتىپتۇ. شەهرى بېسىرغا بېرىش ئۈچۈن ئۈچ يىل
ۋاقىت كېتىدىكەن. ئۈچ يىلغىچىلىك هەسەن تىككۈچىمۇ توي
قىلار، ئابدۇللا تۇغۇلار، يولغا چىقاي، دېگەن نىيەتكە كېلىپ سە-
پەرگە ئاتلىنىپتۇ. نۇرغۇن تاغ - دەريالارنى، دېڭىز - ئوكيانلارنى
كېسىپ ئۆتۈپ ئۈچ يىل بولغاندا شەهرى بېسىرغا كەپتۇ. سۈ-
رۈشتۈرۈپ يۈرۈپ هەسەن
تىككۈچىنى تېپىپتۇ. قا-
رىسا، ئۇ تېخى توي قىل-
مىغان، تەلپىكىنى چېكە-
سىگە كىيىپ، ئوڭ پېشى-
نى ئوڭ، سول پېشىنى
سول قىستۇرۇپ، ئاغىنى-
لىرى بىلەن بەخىرامان
ئويناپ - كۈلۈپ يۈرگۈ-
دەك. جادۇگەر بۇ ئەهۋالنى
كۆرۈپ، بۇ پات يېقىندا توي
قىلمايدىكەن، توي قىلىش
نىيىتىمۇ يوق ئىكەن، ئاب-
دۇللا تۇغۇلۇپ ئۈچ ياشقا
كىرگەندە ئاندىن كېلەي،



دەپ قايتىپ كېتىپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ، بۇ ئىشلار جادۇگەرنىڭ يا-دىدىن چىقىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىلمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە جادۇگەر كىتابنى ئېلىپ ئوقۇپ بىر يەرگە كەلگەندە، ھەسەن تىككۈچىنىڭ توي قىلغانلىقى، ئايالىنىڭ ھامىلدار بو-لۇپ، بالىسىنىڭ تۇغۇلغانلىقى، لېكىن دەل مۇشۇنداق خۇشاللىق پەيتتە ھەسەن تىككۈچىنىڭ ئۆلۈپ كېتىپ، يېڭى دۇنياغا كۆز ئاچقان ئوغلى ئابدۇللانىڭ يېتىم قالغانلىقى بايان قىلىنىپتۇ. بۇنىڭدىن خۇشاللانغان جادۇگەرنىڭ كۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ئەمدى مۇراد - مەقسىتىمگە يېتىدىغان بولدۇم، دەپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە شەھرى بېسىرغا يېتىپ كەپتۇ، ھەسەن تىككۈچىنىڭ ئۆيىنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىپتۇ. قارىسا، ئۈچ ياشقا كىرگەن ئابدۇللا ئاغىنىلىرى بىلەن ئۆستەڭ بويىدا ئېرىق ياساپ ئويناپ يۈرگۈدەك. ئابدۇللا تولىمۇ چىراي-لىق، ئەقىللىق ئىكەن. بىللە ئويناۋاتقان ئاداشلىرىغا ئىش تەق-سىملەپ، بىرىنى يۈز بېشى، بىرىنى مىراب، بىرىنى دېھقان قى-لىپ ئايرىپ، كىچىك ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە سۇ باشلاپ، يەر-لەرنى سۇغارغاننى دوراپ ئويناپ يۈرگۈدەك.

ھەسەن ئۇستامنىڭ كۆپ دۇنيا - ئوقىتى بولمىغىنى ئۈ-چۈن، قېپقالغان ئازغىنا دۇنيا - ئوقەت بىلەن ئانىسى ئابدۇللانى بېقىپ ئۈچ يىلنى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۆي ئىچىدە خەج - خىراجەت قىلغۇدەك بىساتى قالماپتۇ. ئابدۇللا ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ كى-يىم - كېچەكلىرى يىرتىلىپ جۇل - جۇل بولۇپ كېتىپتۇ، تويغۇدەك تاماقمۇ تېپىپ يېيەلمەيدىغان ھالەتتە قاپتۇ. جادۇگەر پۈتۈن شۇملۇقلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، بىر بېسىپ - ئىككى بې-سىپ ئابدۇللانىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ۋاي بالام، بىچارە بالام، ئۇكامنىڭ غېرىب ئوغلى. قانداق

قىلاي ئۇكام، بىچارە ئوغلۇڭنى تاشلاپ كەتتىڭمۇ؟ ! ۋاقىتتىن ئىلگىرى كېتىپ قاپسەن، — دەپ يىغا ـ زار قىلىپ، ئابدۇللانى قۇچىقىغا ئېلىپ، يۈز ـ كۆزلىرىدىكى توپىلارنى سۈرتۈپ، سۆيۈپ ـ يالاپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. يات ئادەمنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆر ـ گەن ئانا ھەيرانلىق ھېس قىلىپ، ئاددىيغىنا سالاملىشىپ ئۆيىگە باشلاپتۇ. جادۇگەر تۆرگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر دەملىك جىمجىت ـ لىقتىن كېيىن، جادۇگەر گەپ باشلاپتۇ:

— مەن باشقا بىر شەھەردىن كەلدىم، مەن ئۇكام ھەسەن توغۇلۇشتىن ئىلگىرى يۇرتتىن كېتىپ قالغان. ھازىر خوتۇن ـ بالىلىرىم، ئۆي ـ بىساتىم، مال ـ مۈلكۈم بار داڭدار ئائىـ ـ لىگە ئايلاندىم. ئەمدى ئۇكامنى تېپىپ ھالىدىن خەۋەر ئالاي دەپ كەلسەم، بۇ كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپتۇ. كېلىپلا بۇ ئەھۋالنى ئۇقتۇم، — دەپتۇ. ئابدۇللانىڭ ئانىسى بۇ يوچۇن مېھماننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ. رەھمەتتى ئېرىم ئاكام بار دېمىگەنغۇ؟ توساتتىن ئاكىسى پەيدا بولۇپ قالدى، بۇ قانداق گەپ، دەپ ئويلىنىپ قاپتۇ.

بىر كۈن، ئىككى كۈن، ھەتتا بىر ھەپتىمۇ ئۆتۈپتۇ. بۇ ئا ـ دەم ئۆيگە كىرىپ ـ چىقىپ بەخىرامان يۈرۈۋېرىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، جادۇگەر:

— مەن كەلگىلى بىرنەچچە كۈن بوپتۇ، ئەتە ـ ئۆگۈن يۇرتۇمـ ـ غا قايتمىسام بولمايدۇ، شۇڭا ئابدۇللانى بازارغا ئېلىپ چىقىپ كىـ ـ يىم ـ كېچەك ئېلىپ بەرسەم، — دەپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ھېچقانداق گۇمانلىق ئەھۋالنى سەزمىگەن ئانا رۇخسەت قىپتۇ. جا ـ دۇگەر ئابدۇللانى ئارقىسىغا سېلىپ، ئەتىگەندىلا بازارغا ئاچىقىپـ ـ تۇ. بازار ئارىلاپ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىۋېرىپتۇ، ئابدۇللا جا ـ دۇگەرنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىۋېرىپتۇ. كۈن چۈش بوپتۇ. ئابدۇللا ـ نىڭ قورساقلىرى ئېچىپ، بارا ـ بارا ئۈچەيلىرى تارتىشىپ كې ـ

تىپتۇ. چىرايلىق كىيىم ـ كېچەكلەر ئېسىدىن چىقىپ، قورساق تويغۇزۇشنىڭ غېمىگە چۈشۈپتۇ:

— ئاكا، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، تاماق ئېلىپ بەرگەن بولسىڭىز، — دەپتۇ.

— كىچىككىنە چىدا، ئوغلۇم، ئاۋۇ يەردە بىر ئاشخانا بار، شۇ يەرگە بېرىپ تاماق يەيلى، — دەپتۇ جادۇگەر. ئابدۇللا «ما ـ قۇل» دەپ ئارقىسىدىن مېڭىۋېرىپتۇ. كۆپ پىشىن بوپتۇ. شە ـ ھەرنىڭ چېتىگە چىقىپ جاڭگاللىققا كىرىپ قاپتۇ. قورساقنىڭ ئاچلىقىدا ئابدۇللانىڭ ماڭغۇدەك ماجالى قالماي:

— مەن ئەمدى ماڭالمايمەن، قورسىقىم ئېچىپ ھالىمدىن كەتتىم، — دەپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. جادۇگەر يىراقتىكى بىر دەرەخ ـ لىكنى كۆرسىتىپ:

— بالام، ئاۋۇ دەرەخلىكنى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپتۇ، — ئاشۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە بارساق ئاشخانىمۇ بار، دۇكانىمۇ بار. تاماق، كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بېرەي، — دەپ مېڭىپتۇ. ئابدۇللامۇ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. بىر چاغدا دەرەخلىككە بېرىپ قارىسا، نە ئاشخانا، نە دۇكان بولسۇن، بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدىن كىچىككىنە بۇلاق سۈيى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقانىكەن.

— ئوغلۇم، كەلدۇق. بۇلاق سۈيىدە قولۇڭنى يۇيۇپ غىزاغا تەييارلان، — دەپتۇ. قورساقنىڭ ئاچلىقىدا ھەممىنى ئۇنتۇغان ئابدۇللا بۇلاقنىڭ بېشىغا بېرىپ، يۈز ـ قوللىرىنى يۇيۇپ قوم ـ نىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا دەرھال ئالدىغا داستىخان سېلىنىپ بىر قاچا غىزا كەپتۇ، قورساقنىڭ ئاچلىقىدا غىزانىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنىمۇ سورۇشتۇرمەي قورساقنى تويغۇزۇپتۇ.

— ھەي ئوغلۇم، قورسىقىڭ تويغان بولسا، ئەمدى ماڭاي ـ لى، بارىدىغان يېرىمىزگە ئاز قالدى، — دەپتۇ جادۇگەر. بىر ـ ئىككى ئاش پىشىم ماڭغاندىن كېيىن چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا

بىر قۇدۇق تۇرغۇدەك. قۇدۇقنىڭ ئىچىدە ناھايىتى چوڭ بىر تۆگمەن تېشى تۇرغۇدەك.

— كەل، ئوغلۇم، بۇ تۆگمەن تېشىنى ئېلىۋەتكىن، — دەپتۇ جادۇگەر.

— ۋاي ئاكا، مەن كىچىك بالا تۇرسام، بۇنى قانداق ئېلىۋېتەلەيمەن؟ سىز چوڭ ئادەم بولغاندىكىن ئۆزىڭىز ئېلىۋېتىڭ، — دەپتۇ ئابدۇللا.

— ئوغلۇم، سەن كىچىك بالا بولغىنىڭ بىلەن ئوغۇل بالا، بۇنى كۆتۈرۈپ ئالالايسەن. قېنى، كۆتۈرۈپ ئېلىپ باققىن، ئالالمىساڭ مەن ئالاي، — دەپتۇ. ئابدۇللا ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، تاشنى ئايلىنىپ ئۇ يەرنى، بۇ يەرنى تۇتۇپ بېقىپ بىر كۈچەش بىلەنلا تاشنى دەس كۆتۈرۈپتۇ. قۇدۇق ئىچىگىنىڭ ئىچىملىغانلىقىنى كۆرۈپ ئالدىراپ كەتكەن جادۇگەر:

— تاشنى قۇدۇقنىڭ يېنىدا قويغىن، — دەپتۇ. ئابدۇللا تاشنى ئاستا قۇدۇقنىڭ يېنىدا قويۇپتۇ. قارىسا، قۇدۇق ناھايىتى چوڭقۇر، قاپقاراڭغۇ تۇرغۇدەك.

— ھە، ئوغلۇم، مەن سېنى مۇشۇ قۇدۇققا سالىمەن، — دەپتۇ. ئابدۇللا:

— ئاكا، مەن قاراڭغۇدىن بەك قورقىمەن، چۈشمەيمەن، — دەپتۇ.

— سەن يۈرەكلىك، باتۇر، قورقمايسەن. بېلىڭنى ئارغامچىدا باغلاپ قۇدۇققا سالىمەن. قۇدۇقنىڭ تېگىگە چۈشكەندىن كېيىن بىردەم تۇرساڭ، كۆزۈڭ كۆرىدۇ. شۇ چاغدا قۇدۇقنىڭ بىر تەرىپىدىن يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدەك بىر جايدىن يورۇق كۆرۈنىدۇ، شۇ يەرگە بارساڭ، بىر ئىشىك بار، ئىشىكنى ئاچساڭ، ناھايىتى يورۇق يەر ئاستى دۇنياسىغا چىقىسەن. ئىشىكنى ئېچىپ شۇنداق مېڭىشىڭغا، ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئىككى

يولۋاس ساڭا خىرىس قىلىپ، چىشلىرىنى چىقىرىپ ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ، سەن قورقمايسەن. مەندە بىر دانە ئۈزۈك بار، شۇنى بېرىمەن، ئۈزۈك قولۇڭدا بولسا، ساڭا ھېچ نەرسە زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ، خېيىمخەتەرگە ئۇچرىمايسەن. شۇنداق قىلىپ، ئارقاڭغا يانماي ئالدىڭغا مېڭىۋەرسەڭ، ئىككى يولۋاس ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ ئىككى پېشىڭنى شۇنداق چىشلەپلا ئۆلىدۇ. سەن بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ئىككىنچى دەرۋازىغا بارىسەن. دەرۋازىنى ئېچىپ كىرىشىڭگە دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئىككى ئەجدىھا ئاغزىدىن ئوت چاچرىتىپ، تىللىرىنى چىقىرىپ، سېنى يېيىش ئۈچۈن ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ، — دەپتۇ جادۇگەر.

— ۋاي ئاكا، مەن قاراڭغۇدىن قورقمايمەن، يولۋاستىنمۇ قورقمايمەن، ئەجدىھادىن بەك قورقىمەن، چۆشمەيمەن، — دەپتۇ ئابدۇللا.

— ھەي ئوغلۇم، سەن ئوغۇل بالا، قورقمايسەن، ئارقاڭغا يانماي ئالدىڭغا مېڭىۋەرسەڭ، ئىككى ئەجدىھا ئىككى پېشىڭنى شۇنداق چىشلەش بىلەنلا ئۆلىدۇ. سەن يەنە يولۇڭنى داۋاملاشتۇرۇپ مېڭىۋەرسەڭ، ئۈچىنچى دەرۋازىغا بارىسەن. دەرۋازىنى شۇنداق ئاچساڭ، ئالدىڭدا بىر ئايۋان كۆرۈنىدۇ. ئايۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر كۆرپىدە ئاناڭ ناھايىتى بىچارە قىياپەتتە، كۆزلىرى چاپاق، ياش ئاققان، يۈز - كۆزلىرى توپا، كىيىم - كېچەكلىرى يىرتىق ئولتۇرىدۇ. سېنى كۆرۈپلا: «ۋاي ئوغلۇم، نەگە باردىڭ؟ ئاكاڭ قېنى؟ ساڭا كىيىم - كېچەك قىلىپ بەرمىدىمۇ؟ كەل ئوغلۇم، قورسىقىڭ ئاچقاندۇ، تاماق ئېتىپ قويدۇم، يەۋالغىن» دەپ سەن تەرەپكە كېلىدۇ. سەن ئاناڭنىڭ ئالدىغا بارماي، ئارقاڭغا بىر قەدەم يېنىپ، دەرۋازىنى يېپىپ بولۇپ ئاندىن ئېچىپ كىرسەڭ، ئاناڭ غايىب بولىدۇ، — دەپتۇ جادۇگەر.

— ۋاي ئاكا، ئانام نەگە كېتىدۇ؟ مەن نېمىشقا قېشىغا بارمايمەن؟ — دەپتۇ ئابدۇللا ھەيران بولۇپ.

— ئوغلۇم، ئۇ سېنىڭ ئاناڭ ئەمەس، ئاناڭنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئالۋاستى، قېشىغا بارساڭ، يەپ كېتىدۇ. سەن ئىككىنچى قېتىم دەرۋازىنى ئېچىپ ئايۋاننىڭ تۆرىگە بارساڭ، نەچچە زاماندىن بېرى تاشلىنىپ كىرلىشىپ كەتكەن بىر كونا چىراغ بار، شۇنى ماڭا ئاچىقىپ بەرگىن. ئاندىن مەن سېنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قويىمەن، ئەڭ چىرايلىق كىيىم - كېچەكلەرنىمۇ ئېلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ جادۇگەر. ئابدۇللا ماقۇل بوپتۇ. جادۇگەر ئۇزۇن ئارغامچىدا ئابدۇللانىڭ بېلىنى باغلاپ قۇدۇققا ساپتۇ. قۇدۇقنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىكەن، ئابدۇللا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەپتۇ. بىردەم تۇرغاندىن كېيىن دېگەندەك قۇدۇقنىڭ بىر تەرىپىدە كىچىككىنە يورۇقلۇق كۆرۈنۈپتۇ. ئابدۇللا سىلاشتۇرۇپ باقسا، بىر ئىشىك تۇرغۇدەك. ئىشىكنى شۇنداق ئاچسا، بىر يەر ئاستى دۇنياسىغا چىقىپتۇ. ئىشىكتىن پۇتىنى ئېلىشىغا، ئىككى تەرەپتىن ئىككى يولۋاس چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ دەھشەتلىك ھۇجۇم قىلىپ كەپتۇ. ئابدۇللا يوچۇن ئاكىسىنىڭ دېگىنى بويىچە ئۈزۈكنى قولىغا سېلىپ ئالدىغا قاراپ مىڭغۇرىپتۇ. ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن يولۋاسلار چاپىنىنىڭ ئىككى پېشىنى شۇنداق چىشلەپلا يىقىلىپ ئۆلۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئابدۇللا ئۈزۈك قولۇمدا بولسا، ھېچقانداق خېيىمخەتەرگە ئۇچرىمايدىكەنمەن، دەپ ئۆزىگە ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، يولنى داۋاملاشتۇرۇپ ئىككىنچى دەرۋازىغا بېرىپتۇ. دەرۋازىنى شۇنداق ئېچىپ كىرىشىگە، دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئىككى ئەجدىھا تىللىرىنى چىقىرىپ، ئاغزىدىن نەچچە غۇلاچ ئوت چاچرىتىپ ھۇجۇم قىلىپ كەپتۇ. ئابدۇللانىڭ تېنى جۇغۇلداپ كېتىپتۇ، لېكىن ئالدىنقى تەجرىبىسىگە ئاساسەن

ئالدىغا قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ. ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ئەجدىھالار ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ ئىككى پېشىنى شۇنداق چىشلەش بىلەنلا ئۆلۈپتۇ. ئابدۇللا يولنى داۋاملاشتۇرۇپ ئۇچىنچى دەرۋازىغا بېرىپتۇ. دەرۋازىنى شۇنداق ئېچىپ قارىسا، چولڭ بىر ئايۋان، ئايۋاننىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر كۆرپە سېلىنغان، ئۇستىدە ئۆز ئانىسى ئولتۇرغۇدەك. ئانىسى ئابدۇللانى كۆرۈپلا:

— ۋاي ئوغلۇم، كەلگىن، ئەتىدىن نەگە باردىڭ؟ نەلەردە يۈردۈڭ؟ قورسىقىڭ ئاچقاندۇ، تاماق ئېتىپ قويدۇم، يەۋالغىن، ئاكاڭ قېنى؟ — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشىلىپتۇ. ئابدۇللامۇ ئانىسىنىڭ بىچارە قىياپىتىنى كۆرۈپ ئالدىغا بارغۇسى كەپتۇ، بىراق ھېلىقى «ئاكىسى»نىڭ گېپى ئېسىگە كېلىپ، بىردەم ئارقىسىغا يېنىپ دەرۋازىنى يېپىپ، قايتا ئېچىپ قارىسا، ئايۋاندا ھېچكىم يوق. ئايۋاننىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ قارىسا، توپا بېسىپ كەتكەن بىر چىراغ تۇرغۇدەك، ئۇنى خالتىغا ساپتۇ. كېتەي دەپ تۇرۇشىغا پۇتىغا بىرنەرسە تېگىپتۇ، قارىسا، توخۇ تۇخۇمىدەك يۇملاق، ھەر خىل نۇرلارنى چىقىرىدىغان بىرمۇنچە تاشلار تۇرغۇدەك. بۇ تاشلاردىن خالتىغا پاتقۇدەك سېلىۋالاي، ئۆيگە بارغاندا ئاداشلىرىم بىلەن ئوينارمەن، دەپ بىرنەچچىنى سېلىۋاپتۇ. قۇدۇققا كېلىپ توۋلاپتۇ. جادۇگەر قۇدۇق بېشىدا تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغانىكەن.

— ئوغلۇم، ئالدى بىلەن چىراغنى ئارغامچىغا چىگىپ قويغىن. چىراغنى تارتىۋېلىپ ئاندىن سېنى تارتىۋالاي، — دەپتۇ ئۇ. چىراغ خالتىنىڭ تېگىدە قالغانلىقى ئۈچۈن، چىراغنى ئالاي دېسە، تاشلارنىڭ چېچىلىپ كېتىپ قالاغۇدا تاپالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ:

— ئاكا، چىراغ خالتامنىڭ تېگىدە قالدى، ئۆيگە بارغاندىن كېيىن ئاداشلىرىم بىلەن ئويناش ئۈچۈن بىرنەچچە تاشنى سې-



لىۋالغانىدىم. قۇدۇقنىڭ ئىچى بەك قاراڭغۇ ئىكەن، تاشلىرىم چېچىلىپ كەتسە، تاپالماي قالارمەن، شۇڭا چىراغ بىلەن قوشۇپ تارتىۋېلىڭ، چىراغنى يورۇققا چىققاندىن كېيىن بەرسەم، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ ئابدۇللا. جادۇگەر ھەرقانچە يالۋۇرۇپمۇ، پوپوزا قىلىپمۇ چىراغنى ئارغامچىغا باغلىتالماپتۇ. ھە، بۇ ھارىمى بەك ئەقىللىق ئىكەن، چىراغنىڭ سىرىنى بىلىۋالغان ئوخشايدۇ، چىراغ بىلەن بىللە تارتىپ چىقارسام، يەر ئۈستىگە چىقىۋېلىپلا دىۋە - پەرىلەرنى يىغىپ مېنىڭ ئەدىپىمنى بېرىپ، چىراغقا ئۆزى ئىگە بولماقچى ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە قۇدۇقنىڭ تېگىدە قېلىپ ئۆلسۇن، دەپلا كېتىپتۇ. ئابدۇللا:

— ئاكا، قورقۇۋاتىمەن. مېنى تارتىۋېلىڭ، قۇدۇقتىن چىقىپلا چىراغنى بېرەي. ماڭا كىيىم - كېچەكمۇ ئېلىپ بەرمەڭ، ئانامنىڭ قېشىغا بېرىۋالاي، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ، يىغلاپتۇ، يىغلاۋېرىپ ياشلىرىنى سۈرتۈپ بولالماي ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى ئېسىدە يوق، بىر چاغدا

هوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچسا، قۇدۇقنىڭ ئىچى تېخىمۇ قاراڭ-غۇلىشىپ كېتىپتۇ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قۇدۇقنىڭ ئېغىزى تە-رەپكە شۇنداق قارىسا، بېشى قۇدۇقنىڭ ئېغىزىغا تاقىشىدىغان قاپقارا بىر نەرسە توختىماي ئابدۇللاغا تەزىم قىلىغۇدەك. بۇنى كۆرۈپ ئابدۇللا قورقۇپ يىغلاپ، ياشلىرىنى سۈرتۈپ قارىسا، بۇ مەخلۇق يەنىلا خۇشامەت قىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ تۇرغۇ-دەك. بارا ـ بارا ئابدۇللانىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشۈپ، قورقۇشى پەسىيىپتۇ. نېمە بولسا بولسۇن، گەپ سوراي، دېگەننى ئويلاپ:

— سەن كىم؟ نېمە قىلىسەن؟ نېمانچە توختىماي تەزىم قى-لىسەن؟ — دەپتۇ. بۇلۇتقا ئوخشاش قارا كۆلەڭگە:

— ۋاي ئابدۇللا غوجام، مەن دىۋىلەرنىڭ پادىشاھى، قانداق خىزمەتلىرى بار؟ ئىجرا قىلىشقا مەن تەييار، — دەپ يەنە تەزىم قىلىشقا باشلاپتۇ. ئابدۇللا ئويلاپ، بۇ بەك چوڭ مەخلۇقكەن، بېشى قۇدۇقنىڭ ئېغىزىغا تاقىشىدىكەن، مېنى قۇدۇقتىن چىقىرىپ قويغىن دەي، نېمە قىلاركىن، دېگەن خىيالغا كېلىپ:

— مېنى قۇدۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ قويغىن، — دەپتۇ. دىۋە «خوپ» دەپلا ھەش ـ پەش دېگۈچە ئابدۇللانى كۆ-تۈرۈپ قۇدۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ قويۇپتۇ. ئۆزى يەتمىش توققۇز غۇلاچ يىراقلىققا بېرىپ:

— ۋاي غوجام، يەنە قانداق خىزمەتلىرى باركىن؟ بەجا كەلتۈرۈشكە مەن تەييار، — دەپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئابدۇللا شۇنداق قارىسا، ئۇنىڭ بېشى بۇلۇتقا تاقىشىپ تۇرغاچقا، كۈن نۇرىنى توسۇپ، ئالەم قاراڭغۇلىشىپ كېتىپتۇ. بۇ دىۋىنىڭ ئەتراپىدا يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش دىۋىلەردىن بىرنەچچە مىڭى توختىماي تەزىم قىلىپ تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن ئابدۇللا تېز-رەك قۇتۇلۇشنى ئويلاپ:

— ئەمدى باشقا خىزمەت يوق، قايتىپ كېتىڭلار، — دەپتۇ.
— خىزمەتلىرى چىققاندا چاقىرتالا، سىلىگە رەھمەت، — دەپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ ئۇلار.
ئابدۇللا ئورنىدىن تۇرۇپ، خالتىسىنى يۈدۈپ، كەلگەن يولى بىلەن ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۆيىگە كەلسە، ئانىسى يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ.
— ئاكاڭ قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ ئانا ۋە ئىشىك ئالدىغا چىقىپ قاراپتۇ، ھېلىقى ئادەم ھېچ يەردە كۆرۈنمەپتۇ.
— ئانا، ئۇ ئادەمنى ئىزدىمەڭ، ئۇ يامان ئادەم ئىكەن، مېنى بىر چوڭقۇر قۇدۇققا تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالدى، — دەپتۇ ئابدۇللا.
ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ، ئابدۇللامۇ چوڭىيىشقا باشلاپتۇ، دادىسىدىن قالغان بىساتى بىلەن ئانا - بالا تۇرمۇشنى ئۆتكۈزۈپتۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە مال - دۇنياسى تۈگەپ، ساتقۇدەك ھېچ نەرسىسى قالماپتۇ. بىر كۈنى ئانىسى:
— ئوغلۇم، سەن بىر زامانلاردا ئەكەلگەن ھېلىقى تاشلار بارمۇ؟ بولسا، ئىككىنى سېتىپ بىر ۋاخ تاماق ئېلىپ يېسەك، — دېگەنىكەن، ئابدۇللا دەرھال ئۆيىگە كىرىپ ئىككى تال تاشنى ئانىسىغا ئاچىقىپ بېرىپتۇ. بىچارە ئايال ئىككى تال تاشنى يېڭىنىڭ ئىچىگە سېلىپ بازارغا بېرىپتۇ، كوچىلارنى ئارىلاپ، دۇكانلارنى چۆرگىلەپ يۈرۈپتۇ، لېكىن ئىككى تاشنى ساتىمەن دەپ چىقىرىشقا نومۇس قىلىپ، كېتىپ بېرىپ بىر دۇكاننىڭ ئالدىغا كەپقاپتۇ. بۇ بېسىر شەھىرى بويىچە ئەڭ چوڭ باينىڭ دۇكىنى ئىكەن. دۇكاندا ناھايىتى سالاپەتلىك بىر كىشى ئولتۇرغۇدەك، يولدىن ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تەزىم بەجا كەلتۈرگۈدەك. بۇ كىشىنىڭ باش تەرىپىگە ئالتۇندىن ياسالغان بىر قەپەس ئېسىقلىق تۇرغۇدەك. ئالتۇن قەپەسنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە يەردىن دەز كەتكەن، دەز كەتكەن جايلىرى قادالغان ھەم كىرلىشىپ كەت-

كەن ئىككى تال تاش تۇرغانىكەن. ئانا ئۇيان ئۆتۈپ، بۇيان ئۆتۈپ تاشلارغا قاراشقا باشلاپتۇ. بۇ تاشلارنىڭ بەزى جايلىرى ئۆزىنىڭ تېشىغا ئوخشايدىكەن، لېكىن ئۇنداق كۆركەم، چىرايلىق ئەمەس ئىكەن. بىردە قەپەستىكى تاشقا، بىردە يېڭىدىكى تاشقا قاراپ سىلىشتۇرۇۋاتقاندا، دۇكان خوجايىنى بۇ ئايالنى كۆرۈپ قېلىپ، بۇ ئوغرى ئوخشايدۇ، مېنىڭ گۆھەرلىرىمنى يېڭىگە شەرەت قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ:

— ھەي خوتۇن، سەن نېمە ئۈچۈن مېنىڭ بىباھا گۆھەرلىرىمنى يېڭىگە شەرەت قىلىسەن؟ ئوغرىلاپ قاچماقچىمۇ؟ تېز كەت، بولمىسا، گۆھەر ئوغرىلىغان ئوغرى دېگەن نام بىلەن زىنداندا ياتىسەن! — دەپتۇ. ئايال سودىگەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ناھايىتى قورقۇپ كېتىپتۇ، شۇنداقتىمۇ، مەن ئوغرى بولمىغاندىكىن زىندانغىمۇ تاشلىماس، دەپ ئويلاپ:

— ۋاي سودىگەر باي غوجام، سىلىنىڭ ئالتۇن قەپەستىكى نەچچە يەردىن دەز كەتكەن، كىرلىشىپ - مەينەتلىشىپ كەتكەن ئىككى تاشلىرى مېنىڭ ئىككى تال تېشىمغا ئوخشايدىكەن. بۇ تاشلارنى سېلىشتۇرۇپ باقتىم. كەمبەغەل بولغىنىم بىلەن پاك يۈرىكىم بار، مەندىن بىھۇدە گۇمانلانمىسىلا، — دەپتۇ. ئىككى تال تاشنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان سودىگەر:

— قېنى، تاشنى كۆرسىتىڭ، — دەپتۇ. ئايال تاشلارنى چىقارغانىكەن، سودىگەرنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كېتىپتۇ. دۇكانغا گۆھەرنىڭ ھەر خىل رەڭدىكى شولىلىرى چۈشۈپ، ۋال - ۋۇل قىلىپ كېتىپتۇ. بىردەمدىلا دۇكان ئەتراپىغا كىشىلەر توپلىشىپتۇ. بۇنى كۆرگەن سودىگەر چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، دۇكاننىڭ ئالدىغا چۈشۈپ توققۇز تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ:

— ۋاي خېنىم، قوپاللىق قىپتىمەن، خاپا بولمىسىلا، ئۆيىگە كىرىپ ئۆيدە سودىلاشساق، — دەپ يېلىنىشقا باشلاپتۇ.

ئۆمرىدە تونجى قېتىم «خېنىم» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان ئابدۇللا-نىڭ ئانىسى تەمتىرەپ كېتىپ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇر-غاندا، سودىگەر قولىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، نەچچە قات كۆرپىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ ۋە داستىخان سېلىپ ھەر خىل نازۇنېمەتلەرنى تولدۇرۇۋېتىپتۇ. داستىخان يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، سودىگەر گەپ باشلاپ:

— خېنىم، تاشلىرىنى ماڭا سېتىپ بەرسىلە، — دەپتۇ.

— ۋاي سودىگەر غوجام، سىلىگە لازىم بولسا بېرەي، — دەپلا قولىنى شۇنداق بىر شىلتىپتىكەن، يېڭىنىڭ ئىچىدىن چىققان تاشلار ئۆيدە دومىلاپ يۈرۈپ، ئۆينىڭ ئىچىنى چاقنىتىۋېتىپتۇ. سودىگەر ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئاران تەستە ئىككى تاشنى ئەكېلىپ ئالتۇن لېگەننىڭ ئۈستىگە قويۇپتۇ ۋە باھاسىنى سوراپتۇ. بۇ ئايالنىڭ بېشىغا غەم چۈشۈپ، مېنىڭ ھۆرمىتىمنى قىلىپ خېنىم دەپ ئاتىدى، داستىخانغا نازۇنېمەتلەرنى تىزىپ مېھمان قىلدى، باھا سورىغۇچە ئىككى تاشقا ئىككى تەڭگە بەر-سە، تۆت نان ئېلىپ بالام بىلەن بىر كۈن جاھاندارچىلىق قىلا-لاساق بولمامتى، دېگەن ئويلىنىش بىلەن ھېچ نەرسە دېگىلى ئۇ-نىماپتۇ، سودىگەر قانچە قىلسىمۇ، گەپ قىلغىلى ئۇنىماپتۇ. ئا-خىر سودىگەر باھا قويۇپ: «ئىككى مىڭ تىللا بەرسەم» دەپتۇ. ئا-يال ئىككى تەڭگىلىك نەرسىنى ئىككى مىڭ تىللا دەپ، مېنى ئاجىز كۆرۈپ زاڭلىق قىلدى، دېگەن ئويغا كېلىپ:

— ۋاي، سودىگەر غوجام، سىلى بۇ تاشنى ئالمايدىكەنلا. مې-نى زاڭلىق قىلمىسىلا، ئالار بولسىلا، ئۆز باھاسىغا ئالسىلا، بولمىسا، مېنى ئۆيدىن چىقىرىپ قويسىلا، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. سودىگەر ناھايىتى جىددىيلىشىپ كېتىپ، باھاسىنى تۆۋەن كۆرگەن ئوخشايدۇ، دەپ: «تۆت مىڭ تىللا بېرەي» دەپتۇ. ئايال تېخىمۇ خاپا بوپتۇ. ئاخىر سودىگەر ئون مىڭ تىللا باھا

قويۇپتۇ. باھانى ئۆرلىتىۋەرگەندىن كېيىن، ئايال تۇرۇپ، قېنى، ئالسىلا دەي، نېمە دەرىكىن، دەپ، «ئالسىلا» دەپتۇ. سودىگەر دەرھال تىللا قاچىلانغان ساندۇقلارنى ئەكېلىپ ئون مىڭ تىللانى ساناپ بېرىپتۇ.

ئايال تىللانى ياغلىقا چىگىپ، نان ۋە يەل - يېمىشلەرنى ئېلىپ ئۆيگە مېڭىپتۇ. ئارقامدىن كېلىپ تىللانى تارتىۋالارمىكىن دېگەن ئەندىشىدە باشقا يول بىلەن مېڭىپ ئۆيگە بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئانا - بالا ئىككىسى تۇرمۇشىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈپتۇ، پۇلى تۈگىسە، تاشلارنى سېتىپ خىراجەت قىپتۇ. بىراق، ئابدۇللا ھېچقانداق ئىشنىڭ بېشىنى تۇتماي، ھورۇن ئادەم بوپتۇ. ئابدۇللانىڭ يېشى ئون سەككىزگە كېلىپ، بالاغەتكە يېتىپتۇ، تاشلارنىمۇ سېتىپ يەپ تۈگىتىپتۇ، ئۆيدە ساتقۇلۇق قالماپتۇ، قورساقلىرى ئاچ، ئۇچەيلىرى تارتىشىپ ئولتۇرغاندا، ئانىسى:



— بالام، سەن بىر زامانلاردا ئەكەلگەن ھېلىقى چىراغ تەكچىدە تۇرىدۇ. تازىلاپ بەرگەن بولساڭ، ئىككى

تىللاغا ئالسا سېتىپ بىر ۋاخلىق تاماق ئېلىپ يېگەن بولساق، — دەپتۇ. ئابدۇللا ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقىمۇ ئېرىنىدىغان ھالغا كەلگەنىكەن. تولىمۇ ھورۇنلۇق بىلەن ئورنىدىن ئارانلا تۇرۇپ، كونا چىراغنى ئاچىقىپ سۇغا چىلاپ، ياغاچتا قىرىپ يۇيۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ جەرياندا ئابدۇللانىڭ قولىدىكى ھېلىقى ئۆزۈك كونا چىراغقا بىرنەچچە قېتىم قاتتىق تېگىپ كېتىپتۇ. بىر چاغدا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، بۇلۇتلار ئۇچۇشۇپ، قاتتىق يامغۇر يېغىپتۇ، ئاندىن قاتتىق بوران چىقىپتۇ. ئۇ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۆزگىرىشتىن ھەيران بولۇپ ئولتۇر- غاندا، ھاۋادا قارا بۇلۇت پەيدا بوپتۇ. ئۇلار بارا - بارا يېقىنلاپ يەرگە چۈشۈپ، بېشى ئاسمانغا تاقىشىدىغان دىۋىلەرگە ئايلى- نىپ، تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. دىۋىلەر پادىشاھى ئالدىغا چىقىپ، ئابدۇللاغا توققۇز تەزىم قىلىپ:



— ئى غوجام، نېمە خىزمەتلىرى بارئىكىن؟ بەجا كەلتۈرۈشكە تەييار- مەن، — دەپ بېشىنى ئې- گىپ تۇرۇپتۇ. بۇ قېتىم ئابدۇللا ئانچە قورقماپتۇ. ئابدۇللا ئويلىنىپ تۇرۇپ، مال - دۇنيا سوراي، دېگەن يەرگە كېلىپ:

— ماڭا ئاش - تا- ماق، كىيىم - كېچەك، مال - مۇلۇك كەلتۈ-

رۇڭلار، — دەپتۇ. دىۋە توققۇز تەزىم قىلىپ ئارقىسىغا ئۆرۈ-
لۈپلا، ئۆزىگە ئوخشاش دىۋىلەرگە قوللىرىنى شىلتىپ بىرنەر-
سىلەرنى دەپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئابدۇللانىڭ ئالدىغا
ئېسىل نازۇ نېمەت، كىيىم - كېچەك ۋە نۇرغۇن مال - مۈلۈك دۆ-
ۋىلىنىپتۇ. دىۋىلەر پادىشاھى ئابدۇللانىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— يەنە قانداق خىزمەتلىرى بارئىكىن؟ بەجا كەلتۈرۈشكە
تەييارمەن، — دەپ بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپتۇ.

— باشقا نەرسە لازىم ئەمەس، قايتىپ كېتىڭلار، —
دەپتۇ ئابدۇللا. دىۋىلەر مېڭىشىغا، ئابدۇللا، بۇرۇن قۇدۇقتىن
ئېلىپ چىققان نەرسىلەر بىلەن جان باقتىم، كېيىن يوقسۇز-
لۇقنىڭ دەردىنى تارتتىم. بۈگۈن مال - مۈلۈك ئەكېلىپ
بەردى. بۇلارنى سەرپ قىلىپ تۈگەتسەم، بۇ مەخلۇقلار كەلمەي
قالسا، قانداق قىلارمەن؟ شۇڭا كېلىدىغان ۋاقتىنى سو-
رىۋالاي، دېگەن يەرگە كېلىپ:

— توختاڭلار، مېنىڭ قېشىمغا كېلىڭلار، — دېگەنىكەن، دى-
ۋىلەر پادىشاھى ئابدۇللانىڭ ئالدىغا كېلىپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

— ئەمدى كەتسەڭلار، قاچان كېلىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ
ئابدۇللا. دىۋىلەر پادىشاھى جاۋاب بېرىپ:

— ئەي ئابدۇللا غوجام، قوللىرىدىكى ئۇ چىراغقا جاھاندى-
كى دىۋىلەرنىڭ جېنى بەند قىلىنغان. بىز ئۆزلىرىگە لازىم بول-
غاندا چىراغنى قاتتىق سىلكىسىلە، خىزمەتلىرىگە تەييار بولى-
مىز، — دەپتۇ.

— بولدى، قايتىپ كېتىڭلار، — دەپ ئۇلارنى قايتۇرۇۋې-
تىپتۇ ئابدۇللا.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئابدۇللا ئەڭ چوڭ بايغا ئايلىنىپتۇ، ئەل -
ئاغىنىلىرى كۆپىيىپتۇ، ئەل ئىچىدە ئىناۋىتى ئۆسۈپ، شۆھرەت
قازىنىپتۇ.

ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاغىنىلىرى بىلەن كوچىلارنى ئايلى-نىپ، سەيلە - تاماشا قىلىپ يۈرۈپ، قىرىق قەۋەتلىك ئىمارەت-نىڭ ئۈستىدە تۇرغان بىر قىزغا كۆزى چۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىقى بىقارار بوپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ چىرايلىرى سارغىيىپ، گې-لىدىن غىزا ئۆتمەيدىغان بوپتۇ. ئابدۇللانىڭ ئانىسى ئوغلىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ:

— نېمە بولدۇڭ؟ كۆڭلۈڭدىكىنى ماڭا دېگىن، مەن بىر ئىلاجىنى قىلاي، — دەپتۇ. ئابدۇللا بولغان ئىشنى ئانىسىغا دەپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ شۇ قىزنى ئالغۇسى بارلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئانىسى قورقۇنچانلىقتىن تىترەپ، ئايلىنىپ يىقىلىپتۇ. بىرھازا-دىن كېيىن كۆزىنى ئاچسا، ئوغلى بېشىدا ئولتۇرغۇدەك. ئانا ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن:

— ئوغلۇم، بۇ نىيىتىڭدىن ياندىن. ئۇ دېگەن شاھنىڭ قى-زى، مەن دېگەن بىر تۇل خوتۇن تۇرسام، بىز كەمبەغەل تۇر-ساق، پادىشاھ بىزگە قانداقمۇ قىزىنى بېرىپ سېنى كۈيئوغۇل قىلىۋالسۇن؟! مەن ساڭا ئۆز لايىقىمىزدا بىرىنى تېپىپ ئېلىپ بېرەي. بويىمىز يەتمىگەن شاپتۇلغا قول ئۇزاتمايلى، پادىشاھنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويۇپ، بېشىمىزدىن ئايرىلىپ قالمايلى، — دەپتۇ، لېكىن ئابدۇللا قايىل بولماپتۇ.

— ئەگەر ماڭا پادىشاھنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرمىسىڭىز، مەن يىراق يەرگە كېتىمەن ياكى ئۆزۈمنى قۇدۇققا تاشلاپ ئۆ-لۈۋالىمەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئانا نائىلاج ماقۇل بولۇپ، ئەلچى-لىككە بارماقچى بوپتۇ. بىراق، ئانىسىنىڭ ئەلچىلىككە كىيىپ بارغۇدەك نە كىيىم، نە ئارقىسىغا سېلىپ بارغۇدەك كېنى-زەكلىرى يوق ئىكەن. ئانىسىنىڭ بېشى راسا قېتىپ تۇر-غاندا، ئابدۇللا كىرىپ:

— تەييار بولدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تەييار بولدۇم، — دېيىشىگىلا، كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك ئۈنچە - مەرۋايىت، تاۋار - دۇردۇنلار بىلەن زىننەتلەنگەن قىرىق قىز ئابدۇللانىڭ ئانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئابدۇللانىڭ ئانىسىنى جابدۇپتۇ. ئانا قىرىق قىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېنىپ تۇرغان چىراغدەك نۇر چېچىپتۇ. ئانا قىرىق قىزنىڭ ھەمراھلىقىدا ھويلىغا چىقسا، ئوخشاش ياسانغان سەكسەن قىز گۆھەر بىلەن توشقۇزۇلغان سەكسەن جۈپ ئالتۇن جامنى تۇتۇپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ تۇرغۇدەك. ئانىنىڭ ئالدىدا يىگىرمە جۈپ، كەينىدە يىگىرمە جۈپ قىز مېڭىپتۇ. يىگىرمە جۈپ قىز ئابدۇللانىڭ ئانىسىنى ئارىغا ئېلىپ ئوردىغا كىرىپ كەپتۇ. ئۇلار پادىشاھنىڭ قىزىغا ئەلچىلىككە كەلگەنلىكىنى، بۇ خەۋەرنى پادىشاھقا يەتكۈزۈشنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى ئاتمىش جۈپ قىزنىڭ ھەمراھلىقىدا كەلگەن ئابدۇللانىڭ ئانىسىنى كۆرۈپ ئەس - ھوشلىرىنى يوقىتىپتۇ، گاھىبىرلىرى ئورنىدىنمۇ تۇرالماپتۇ. پادىشاھقا ئەھۋالنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ ئىنتايىن ئاچچىقى كەپتۇ، غەزەپلەنگەنلىكتىن بۇرۇتلىرى تىترەپ، ساقاللىرى تىك تۇرۇپتۇ.

— جاللات ! — دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ. كۆزلىرى قانغا تولغان قىرىق جاللات ھازىر بوپتۇ.

— تۇل خوتۇن تۇتۇپ كېلىنىپ، بالىسى بىلەن بىللە دارغا ئېسىلسۇن ! — دەپتۇ پادىشاھ. جاللاتلار «خوپ» دېيىشىپ مېڭىشىغىلا، پادىشاھنىڭ بىر ئوڭ قول ۋەزىرى بار ئىكەن، ئۇ ئەقىل - پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن، ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەن، ئۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— ئەي كېرەملىك شاھىم، يەڭگىللىك قىلمىساق، سەۋەبىسىز قان تۆكۈلمىسە، بۇ خوتۇننىڭ قىزلىرىغا ئەلچى بولۇپ

كېلىشىدە بىر سەۋەب باردەك قىلىدۇ. قولىدىن ئىش كەلمىسە، ئەلچى بولۇپ كېلىشكە پېتىنالمايتتى. شۇڭا، قىلالمايدىغان ئەڭ قىيىن ئىشتىن بىرنى شەرت قىلساق، شەرتنى ئادا قىلالمىسا، ئانا ـ بالا دارغا ئېسىلىپ قەتل قىلىنسا، پۈتۈن مال ـ مۈلكى خەزىنە ئىختىيارىغا ئېلىنسا، ــ دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. ۋەزىر-نىڭ مەسلىھىتى پادىشاھقا يېقىپتۇ.

ــ خوپ، ئۇنداق بولسا، قانداق شەرت قويىمىز؟ ــ دەپتۇ پادى-شاھ. ۋەزىر ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ بىر ئەقىل تېپىپتۇ ـ دە:

ــ شەھىرىمىز شۇنچە چوڭ، چەت مەملىكەتلەردىن كېلىپ ـ كېتىدىغان سودىگەر، ساياھەتچىلەر، يار ـ بۇرادەرلەرمۇ ناھايىتى كۆپ. ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يولىدا سازلىق بار، سېسىقچىلىقتىن ئادەمنى تولىمۇ يىرگەندۈرىدۇ. شۇ سازلىقنى تۈزلەپ، پاسكىنا سۇلارنى چىقىرىۋېتىپ، پاكىز توپا بىلەن توشقۇزۇپ، شۇ يەرگە ئالتۇن بىلەن قىرىق قەۋەتلىك ئىمارەت سالسۇن، پۈتۈن دۇنيا-نىڭ ئەڭ ئېسىل ھۈنەر ـ سەنئىتىنى ئىشلەتسۇن، ھەرقانداق مەملىكەتتىن ئادەم كەلسە كۆرۈپ ھەيران قالسۇن. يەنە بىر باغ ياسىسۇن، باغنىڭ تاملىرى پۈتۈنلەي ئالتۇندىن بولسۇن، باغنىڭ ئىچىگە شامالدىن باشقا ھېچ نەرسە كىرەلمىسۇن. باغنىڭ ئىچىد-گە دۇنيادىكى بارلىق ھايۋاناتتىن بىر جۈپتىن رېتى بويىچە ئو-رۇنلاشتۇرۇلسۇن، دۇنيادىكى بارلىق گۈل ـ گىياھ، شىرىن مې-ۋىلىك دەرەخلەر تىكىلىپ، ئۇلارنىڭ مېۋىلىرى مەي باغلاپ تۇرسۇن. بۇ شەرتنى ئادا قىلالىسا، مەلىكىنى بېرەيلى. ئادا قىلالمىسا، ئاندىن ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرسەك بولارمىكىن، شاھىم، ــ دەپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ. بۇ شەرت پادىشاھقا يې-قىپتۇ. پادىشاھ تۇل خوتۇنغا شەرتلەرنى ئېيتىپتۇ ۋە:

ــ دەرھال ئوغلۇڭغا شەرتىمنى يەتكۈز، ئون كۈن ئىچىدە شەرتىمنى ئادا قىلسۇن. شەرتىمنى ئادا قىلمىسا، ئوغلۇڭ بىلەن

قوشۇپ بېشىڭنى ئالىمەن ! ــ دەپتۇ، ئانا پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بېشىدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيغانـدەك ئەندىكىپتۇ ـ دە، ئۆيىگە كېلىپ:

ــ ۋاي ئوغلۇم، ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ ! مەن تۇل خوتۇن تۇرسام، سەن يالغۇز ئوغۇل تۇرساڭ، بىزنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشىمىز بولمىسا، ئەمدى ئانا ـ بالا ئىككىمىزنىڭ ئەجلى توشۇپتۇ. ئون كۈندىن كېيىن ئۆلىدىغان بولدۇق، ــ دەپ ئابدۇللاغا ئۆزىنى ئېيتىپتۇ. ئابدۇللا بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئانىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ:

ــ نېمىگە كۈلىسەن؟ «قاسساپ ياغ قايغۇسىدا، ئۆچكە جان قايغۇسىدا» دېگەندەك ئىش بولۇۋاتسا، ــ دەپتۇ ئانىسى.

ــ خاتىرجەم بولۇڭ، ئانا، بۇ شەرتنى مەن چوقۇم ئورۇندايمەن، ــ دەپ سىرتقا چىقسا، ئاتمىش جۈپ قىز تەزىم قىلىپ تۇرغۇدەك.

ــ سىلەر دەرھال قايتىپ كېتىپ، چاقىرتقاندا كېلىڭلار، ــ دەپ ئىجازەت بېرىپتۇ ئابدۇللا. شۇ كۈندىن باشلاپ ئابدۇللا ھېچ



ئىش بىلەن كارى بولماي ئۆز ئويۇنى بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. بىر كۈن، ئىككى كۈن، بەش كۈن، ئالتە كۈن ئۆتۈپتۇ، ئابدۇللا بەخىرامان يۇرۇۋېرىپتۇ، ئانىنىڭ كۆزى ياشتىن قۇرۇماپتۇ، يىغلاۋېرىپ قاپاقلىرى ئىششىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭغا ئابدۇللا پىسەنت قىلماپتۇ. سەككىزىنچى كۈن ئۆتۈپ، توققۇزىنچى كۈنىمۇ تاڭ ئېتىپتۇ.

— ئوغلۇم، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ئەتە تاڭ ئاتسا، ئىككىمىز ئۆلىمىز، — دەپتۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئانا، شەرتنى ئادا قىلىمەن، — دەپتۇ ئابدۇللا.

نامازشام بولغاندا ئابدۇللا چىراغ بىلەن ئۈزۈكنى ئېلىپ شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئىمارەت سالدىغان جايغا بېرىپ، ئۈزۈك سالغان قولىنى سىلكىگەنىكەن، دۇنيادىكى جىنلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپتۇ. چىراغنى پۇلاڭلاتقاندەكەن، بارلىق دېۋىلەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ تەزىم قىلىپ، خىزمەت كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئابدۇللا پادىشاھ قويغان شەرتلەرنى ئۇلارغا بايان قىلىپ، ئىمارەتنى تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى پۈتكۈزۈپ بولۇشنى تاپىلاپتۇ. جىن ۋە دېۋىلەرنىڭ پادىشاھلىرى ئىشنى تاپشۇرۇۋېلىپ، قول ئاستىدىكىلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئىش باشلىنىپتۇ. سېسىق پاتقاقلار ئالىقايىقلارغا تاشلىنىپ، ئەڭ مۇنبەت تۇپىلار بىلەن توشقۇزۇلۇپ، ئىمارەت ئورنى ۋە باغ ئورنى ئۆز لايىقىدا تەييارلىنىپتۇ. بىر كېچە پۈتۈن شەھەردە قاينام - تاشقىنلىق ھۆكۈم سۈرۈپتۇ. جىنلارنىڭ، دېۋىلەرنىڭ گۈلدۈرلەپ ئۇچۇشلىرى، تۆمۈرچىلەرنىڭ بازغان سوققان ئاۋازلىرى، كەتمەن - گۈرجەكلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇشلىرى توختىماپتۇ. شەھەر خەلقىمۇ بۇ گۈلدۈر - قاراس ئاۋازدىن زادىلا ئۇخلىيالماپتۇ. تاڭ ئاتارغا

يېقىن ئالتۇن ئىمارەت ۋە ئالتۇن باغ پۈتۈپتۇ، پادىشاھنىڭ دې-گىنىدىن ئون ھەسسە ئارتۇق ياسىلىپتۇ. ئىمارەت پۈتكەندىن كېيىن جىن ۋە دىۋىلەرنىڭ پادىشاھلىرى ئابدۇللانىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىمارەتنى ۋە باغنى كۆرۈپ بېقىشنى ئېيتىپتۇ. ئاب-دۇللا دىۋە - پەرىلەر بىلەن بىرلىكتە ئايلىنىپ ھەممىنى كۆ-رۈپتۇ. دىۋىلەر ئىمارەتنىڭ ئالدىدىكى لەمپىنىڭ قويمىسا بول-مايدىغان بىر تۈۋرۈكنى قەستەن قويمىغانىكەن، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ گەز، ئايلانمىسى ئۈچ غېرىچ كېلىدىغان بۇ ئالتۇن تۈۋرۈك-نى قويمىسا، لەمپە ئۇزۇن چىداشلىق بىرەلمەيدىكەن. دىۋىلەر پادىشاھى ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— ئەي ئابدۇللا غوجام، بۇ تۈۋرۈكنى قويمىساق، لەمپە ئۇ-زۇن چىدىمايدۇ، بۇنى ھامان قويىمىز، پەقەت پادىشاھنى سىناپ بېقىش ئۈچۈنلا قويمىدۇق، — دەپتۇ. ئاندىن باغنى ئايلىنىپ-تۇ، باغ ناھايىتى ئېسىل، كۆركەم ياسالغان. دۇنيادىكى بارلىق گۈل - گىياھلار رەتلىك بويىچە تىكىلىپ، ھەممىسى ئېچىلىپ خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان. ھايۋاناتنىڭ ھەممىسى جۈپ - جۈپتىن رەتلىك ھالدا ئالتۇن قەپەسلەرگە سولانغان. باغ پا-دىشاھ ئېيتقاندىن يۈز ھەسسە ئارتۇق كۆركەم ياسالغان، بىراق بىر جۈپ يولۋاس كەلتۈرۈلمىگەنىكەن.

— يولۋاسنى ئەكەلمەپسىلەر؟ — دەپتۇ ئابدۇللا.

— بۇنى پادىشاھقا قالدۇردۇق، سىناپ كۆرسەك، — دەپتۇ دىۋىلەر پادىشاھى.

پادىشاھ ئەتىگەن كۈن چىقىشى بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئوردىسىغا چىقسا، پۈتۈن ئەتراپ ئوت دېڭىزىغا ئايلانغاندەك قىز-زىرىپ كەتكەن. پادىشاھ قورقۇپ كېتىپ، ئوڭ قول، سول قول ۋەزىرلىرىنى، ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ-تۇ، «بۇ نېمە ئەھۋال؟» دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر:

— ئەي كېرەملىك شاھىم، ھېلىقى تۇل خوتۇننىڭ بالىسى ئالتۇندىن ياسىغان ئىمارەت ۋە باغنىڭ شولىسى ئىكەن، خاتىر-جەم بولسىلا، — دەپتۇ. پادىشاھنىڭ ئىمارەتنى ۋە باغنى كۆر-گۈسى كېلىپ تۇرالماي كېتىپتۇ، پۈتۈن ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كۆرۈش ئۈچۈن بېرىپتۇ. پادىشاھ ئالدى بىلەن قە-رىنق قەۋەتلىك ئىمارەتنى كۆرۈپتۇ، تولىمۇ كۆركەم، نەپىس ھۈ-نەر - سەنئەتلەر ئىشلىتىلىپ ياسالغان بۇ ئىمارەت پادىشاھقا ئىنتايىن يېقىپتۇ. بىراق، پادىشاھ لەمپىنىڭ بىر يېرىدە يې-تەرسىزلىك بارلىقىنى سېزىپتۇ، لېكىن زادىلا تاپالماپتۇ، بىر-نەچچە قېتىم ئايلىنىپتۇ، ئاخىر لەمپىگە قارىغىنىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ، بۇنى كۆرگەن ۋەزىر يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— ئەي كېرەملىك شاھىم، نېمىگە ئويلىنىپ قالدىلە-كىن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي ۋەزىر، لەمپىدە بىر كەمچىلىكنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم، بىراق زادىلا تاپالمىدىم، — دەپتۇ پادىشاھ. ۋەزىرمۇ زەن سېلىپ قاراپتۇ. ئاخىر ۋەزىر تېپىپتۇ:

— ئەي پادىشاھىئالەم، مانا بۇ جايغا بىر دانە تۇۋرۇك قو-يۇلماپتۇ، بۇ تۇۋرۇكنى قويمىساق، لەمپە ئۈزۈن قالماي يىقىلىپ چۈشىدۇ، — دەپتۇ. ئابدۇللا: «دەرھال تۇۋرۇكنى قويۇۋېتەي» دەپتۇ. ئابدۇللاغا قايىل بولغان پادىشاھ: «بولدى، مەن خەزىنىدى-كى ئالتۇنلار بىلەن بىر دانە ئالتۇن تۇۋرۇك سوقتۇرۇپ قويۇۋې-تەي» دەپ، پۈتۈن قول ئاستىدىكى ھۈنەرۋەنلەرنى يىغىپ خەزىنى-دىكى ئالتۇندىن تۇۋرۇك ياساشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. شۇ كۈنلا ئىش باشلىنىپتۇ. خەزىنىدىكى ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئاچى-قىپ ئىشلىتىپتۇ، خەزىنىدىكى ئالتۇنلارمۇ تۈگەپتۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىشقا بۇيرۇق چۈ-شۈرۈپتۇ. كۈنلەر، ھەپتىلەر ئۆتۈپتۇ، تۇۋرۇكنىڭ ئېگىزلىكى

بەلدىن ئاشماپتۇ. پادىشاھنىڭ ئىلكىدىكى جايلارنىڭ ئالتۇنلىرى-
نىڭ ھەممىسى تۈگەپتۇ. پادىشاھ ئۆزۈم ياساي دېگىنىگە پۇشاي-
مان قىپتۇ. بۇنى سەزگەن ئابدۇللا:

— ئەي پادىشاھىم، ئىجازەت بەرسىلە، تۇۋرۇكنى ئۆزۈم
قويسام، — دېگەنىكەن، غەمدە قالغان پادىشاھقا بۇ گەپ يېقىپتۇ -
دە، ئىجازەت بېرىپتۇ.

پادىشاھ باغقا كىرىپتۇ. باغدا رەتلىك ئېلىنغان ئېرىقلاردا سۈزۈك سۇلار شىرىلداپ ئېقىۋاتقان، مېۋىلەر پىشىپ مەي باغلىغان، گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ خۇش پۇراق چېچىۋاتقان، بۇلبۇللار سايراۋاتقان، دۇنيادىكى ھەممە ھايۋانلار بىر جۈپتىن رېتى بويىچە ئالتۇن قەپەسكە سولانغان، بىراق بىر جۈپ يولۋاسنىڭ ئالتۇن قەپىسى ياسالغانۇ، يولۋاس كەلتۈرۈلمىگەنىكەن. پادىشاھ يولۋاسنى ئۆزى ئەكېلمىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. شۇ كۈنى پالۋانلىرىغا زەخىملەندۈرمىگەن شەرت ئاستىدا بىر جۈپ يولۋاس تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئون ئاتلىق پالۋان بىر جۈپ يولۋاسنى تۇتۇپ كېلىشكە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار يولۋاس بار تاغقا بېرىپ سەككىزى يولۋاسقا يەم بوپتۇ، ئىككىسى جېنىنى ئېلىپ ئوردىغا ئاران دېگەندە قېچىپ كەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ غەزەپلىنىپ ئەللىك ئاتلىق ماڭدۇرۇپتۇ. ئۇلارمۇ يولۋاسنى تۇتالماي تەڭدىن تولىسى يولۋاسقا يەم بولۇپ كېتىپتۇ. ئارقىدىن يەنە يۈز ئاتلىق پالۋاننى ئەۋەتىپتۇ ۋە: «يولۋاسنى تۇتماي قايتىپ كېلىشمە» دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. بۇ يۈز پالۋانمۇ يولۋاسنى تۇتالماپتۇ. پادىشاھ قاتتىق غەم - قايغۇغا چۈشۈپتۇ. بۇنى سەزگەن ئابدۇللا ئوردىغا كېلىپ:

— ئەي شاھ ئاتا، بىر جۈپ يولۋاسنى مەن تۇتۇپ كېلەي، —
دېگەنىكەن، قېرى كالىغا يېچاق خۇشياقفاندەك، بۇ گەپ پادى-

شاھقا تولىمۇ خۇشىيىقىپتۇ ۋە ئىجازەت بېرىپتۇ. ئابدۇللا ئۆ-زى سالغان ئىمارەتكە بېرىپ چىراغنى شۇنداق پۇلاڭلاتقانىكەن، بىردەمدىلا ھاۋا گۇلدۇرلەپ، بۇلۇتلار ئۇچۇپ، قاتتىق يامغۇر يېغىپتۇ، ئارقىدىن قاتتىق بوران چىقىپ، جاھان قاراڭغۇلىشىپتۇ. پارچە - پارچە بۇلۇتلار يەرگە چۈشۈپ، بېشى ئاسمانغا تاقىشىدىغان دىۋىلەرگە ئايلىنىپ رەتلىك تىزىلىپ تۇرۇپتۇ. ئاردىن دىۋىلەر پادىشاھى چىقىپ ئابدۇللانىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن: «قانداق خىزمەتلىرى بارئىكىن؟» دەپ سوراپتۇ.

— دەرھال تۈۋرۈكنى قويۇۋېتىڭلار، بىر جۈپ يولۋاس تۇتۇپ كېلىپ، ئالتۇن قەپەسكە سولاڭلار، — دەپتۇ ئابدۇللا. دىۋىلەر كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بىر جۈپ يولۋاسنى تۇتۇپ كېلىپ قەپەسكە سولاپتۇ ھەم ئالتۇن تۈۋرۈكنى ياساپ ئورنىغا قويۇپتۇ. پادىشاھنىڭ ياساتتۇرغان ئالتۇن تۈۋرۈكىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ ئابدۇللانىڭ بۇ ئىشىغا قايىل بولۇپ، مەلىكىنى بەرمەكچى بوپتۇ. بىراق: «توي بولغان كۈنى ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلار بىلەن زىننەتلەنگەن قىرىق كېنىزەك ئانىڭىزنى ئارىغا ئېلىپ كەلسۇن» دەپ شەرت قويۇپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن توينى قىلماقچى بوپتۇ. ئاردىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ توي مەرىكىسىنى باشلاپتۇ. پادىشاھ ئۆز تەۋەسىدىكى پۈتۈن خەلقنى چاقىرىپتۇ، قوشنا دۆلەتلەردىكى پادىشاھلارنى، شاھزادە، مەلىكىلەرنى تەكلىپ قىپتۇ. ھەرقايسى ئەللەردىن كىشىلەر كېلىشكە باشلاپتۇ. توي مەرىكىسى تازا قىزىپ ئەۋجىگە چىققاندا، توي ئەھلى ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار، ئاجايىپ زىبۇزىننەتلەر بىلەن زىننەتلەنگەن كىيىملەرنى كىيگەن، سەكسەن جۈپ ئاي يۈزلۈك پەرى مۇھاپى-

ـزەت قىلىپ ئارىغا ئېلىپ كەلگەن بىر ساھىبجامالنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىپتۇ. توي ئەھلى داقا ـ دۇمباق، كاناي ـ سۇ- نايلارنى چېلىشىپ قارشى ئالغىلى چىقىپتۇ، قارىسا، ئابدۇللا- نىڭ ئانىسى ئىكەن. شۇنداق قىلىپ، قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي مەرىكىسى ئاياغلاشقاندا، ئابدۇللا بىلەن مەلىكىنى ئابدۇللا سالغان قىرىق قەۋەتلىك ئىمارەتكە ئەكىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ.

ئابدۇللا مەلىكە بىلەن تۇرمۇشىنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. ئابدۇللا بوش ۋاقتىنى شىكارغا چىقىش، ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىلەن ئويناش بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئەلقىسسە: كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى جادۇگەر كىتابنى ئوقۇپ بىر يەرگە كەلگەندە، ئابدۇللانىڭ ئەھۋالى بايان قىلىن- غان قۇرلارغا كۆزى چۈشۈپتۇ. بۇنى ئوقۇغان جادۇگەرنىڭ قويقا چاچلىرى تىك تۇرۇپتۇ، غەزىپى قايناپ تېشىپتۇ. «خەپ، ئەدىپىڭ- نى بەرمىسەم» دەپ يولغا راۋان بوپتۇ. بىرنەچچە يىللىق يولنى بىرنەچچە كۈندىلا بېسىپ ئابدۇللانىڭ شەھىرىگە كەپتۇ. قارىسا، ئابدۇللا ئۆز تەڭتۇشلىرى بىلەن ئويناپ يۈرگۈدەك، مەلىكە زېرىد- كىپ، كۈندە دېگۈدەك قىرىقىنچى قەۋەتكە چىقىپ شەھەرنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن جادۇگەرنىڭ كۆڭلىگە بىر ئە- قىل كەپتۇ ـ دە، شەھەرنىڭ بىر چېتىگە چىقىپ مىستىن بىر دانە چىراغ ياساپتۇ، ئاندىن دىۋانىنىڭ سۈرىتىگە كىرىۋېلىپ شەھەرگە كەپتۇ. دەل مەلىكە ئولتۇرغان يەرنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، قوينىدىن ھېلىقى مىستىن ياسالغان چىراغنى ئېلىپ ئېگىز كۆتۈرۈپ: «ئەي خالايىق، ئاڭلاڭلار، بۇ يېڭى چىراغنى كونا چىراغقا تېگىشىمەن، كىمنىڭ كونا چىرىغى بولسا تېگىشىۋالسۇن» دەپ جىنىنىڭ بارىچە ۋارقىراشقا باشلاپتۇ. ئابدۇللا ھېلىقى خاسىيەتلىك چىراغنى ئۆينىڭ بۇ-

لۇڭغا تاشلاپ قويغانىكەن. ئۇ چىراغ مەلىكىنىڭ ئىسىگە كېلىپ، كېنىزەكتىن بىرىگە: «كونا چىراغنى يېڭى چىراغقا تېگىشىپ ئەكىرىڭلار» دەپ بۇيرۇپتۇ. كېنىزەك چىقىپ چىراغنى تېگىشىپتۇ. جادۇگەر سىرلىق چىراغنى ئېلىپ شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر خىلۋەت جايغا چىقىپ پۇلاڭلاتقانىكەن، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ تەزىم قىلىپ: «نېمە خىزمەتلىرى بارئىكەن، غوجام؟» دەپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

— سىلەر دەرھال بۇ ئىمارەتنى ۋە باغۋاران، ھايۋانلارنى مەلىكە بىلەن قوشۇپ مېنىڭ يۇرتۇمغا ئاپىرىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ جادۇگەر. دۆلەتلەر ئىمارەتنى، باغنى كۆتۈرۈپ ئەكېتىپتۇ. يەنە بۇرۇنقى سېسىق سازلىقلا قاپتۇ. بۇ چاغدا ئابدۇللا شىكارغا چىقىپ كەتكەنىكەن. ئەتىسى ئەتىگەندە پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقسا، پارقىراپ تۇرغان نۇرلار كۆرۈنمەپتۇ، ھەيۋەتلىك ئالتۇن شەھەرمۇ كۆرۈنمەپتۇ. پادىشاھ دەرھال ئۆلۈك قول ۋەزىرنى چاقىرىپ سوراپتۇ. قورقۇپ تىترەپ كەتكەن ۋەزىر:

— ئەي پادىشاھىم، مەن ئابدۇللانى ئەسلىدە جادۇگەرمىكىن، دەپ ئويلىغانىدىم، ئۇ راست جادۇگەر ئىكەن. ئالتۇن ئىمارەت بىلەن مەلىكىنى ئېلىپ قېچىپتۇ. بۇ جادۇگەرنى دەرھال تۇتۇۋالايلى، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. پادىشاھ ئاتارمەن - چاپارمەنلەرنى ئابدۇللانى تۇتۇشقا بۇيرۇپتۇ. ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز ئابدۇللا خاتىرجەم ھالدا شىكاردىن قايتىپ كېلىۋاتسا، پادىشاھنىڭ ئادەملىرى ئۇنى تۇتۇپ باغلاپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ھازىر قىپتۇ. غەزەپلەنگەن پادىشاھ:

— بەتبەخت، ئالۋاستى، قىزىمنى قەيەرگە ئاپاردىڭ؟ دەرھال تاپقىن، — دەپتۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇللا ئىشنىڭ

تېگىگە يېتىپتۇ. بۇ ھېلىقى جادۇگەرنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ـ دە، دەرھال پادىشاھقا: «ماڭا بەش كۈنلۈك مۆھلەت بېرىلسە، تېپىپ كەلسەم» دەپتۇ. پادىشاھ ماقۇل بوپتۇ. ئابدۇللانىڭ قولىدا ھېلىقى ئۈزۈك بار ئىكەن، ئۆيگە بېرىپ ئۈزۈكنى قاتتىق سىلكىگەنىكەن، دۇنيادىكى جىنلارنىڭ ھەممىسى ئابدۇللانىڭ ئالدىغا كېلىپ: «نېمە خىزمەتلىرى بار ئىكەن؟» دەپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ. ئابدۇللا:

— ئالتۇن ئىمارەت بىلەن مەلىكىنى ۋە ھايۋانات بىلەن باغنى قەيەرگە ئاپىرىشتىڭ؟ دەرھال ئۆز ئورنىغا ئەكېلىپ قويۇش، — دەپتۇ. جىنلار يالۋۇرۇشۇپ:

— بۇ بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ. قوللىرىدىكى ئۈزۈككە بىزنىڭ جېنىمىز بەندىلەكلىك، بىز لازىم بولغاندا ئۈزۈكنى سىلكىسىلە، خىزمەتلىرىگە تەييار بولىمىز. سىلىنىڭ قوللىرىدىكى ھېلىقى كونا چىراغقا دۇنيادىكى بارلىق دىۋىلەرنىڭ جېنى بەندىلەكلىك. بۇ دىۋىلەرنىڭ ئىشى. بىزنىڭ دىۋىلەرگە كۈچىمىز يەتمەيدۇ، — دېيىشىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، مېنى كۆتۈرۈپ دەرھال شەھىرى بېسىرغا ئاپىرىڭلار، — دەپتۇ ئابدۇللا. جىنلار ئابدۇللانى كۆتۈرۈپ بىردەمدىلا شەھىرى بېسىرغا ئاپىرىپتۇ. ئابدۇللا شۇنداق قارىسا، پۈتۈن بېسىر شەھىرى ئوت كەتكەندەك نۇرلۇق تۇسكە كىرگەنىكەن. شەھەر سىرتىدىكى ئالتۇن ئىمارەتنىڭ قىرىقىنچى قەۋىتىدە مەلىكىنىڭ ئۆز شەھىرى تەرەپكە قاراپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئابدۇللا ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ ئىمارەتنىڭ ئىشىكىنى ئاچالماپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە كېلىپ ئىمارەتنى ئايلىنىپ يۈرسە، جادۇگەر جابدۇنۇپ شىكارغا مېڭىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئابدۇللا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئىمارەتنىڭ ئىچىگە كىرىپ، مەلىكىنىڭ قېشىغا چىقىپتۇ. مەلىكە ئابدۇللاغا ئۆزىنى ئېتىپ

ھوشىدىن كېتىپتۇ. كېيىن ھوشىغا كېلىپ:
— تېزرەك ئامال تېپىڭ، جادۇگەر مېنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىش ئۈچۈن قىلمىغان چارىلىرى قالمىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمىسام، ئۆلتۈرمەكچى بولدى، — دەپتۇ.
— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ئابدۇللا، — بۈگۈن كەچتە جادۇگەر كەلسە، ئالدىغا چىقىڭ، خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىڭ، «مەن سېنىڭ ئىرادەڭگە بويسۇندۇم، سېنىڭ دېگىنىڭ بويىچە ئىش كۆرىمەن. ئەمدى ئابدۇللا بۇ يەرگە كېلەلمەيدۇ، كەلسىمۇ ئۇنىڭغا زادى قارىمايمەن. نەچچە كۈندىن بېرى سېنىڭ گېپىڭگە ئۇنىماي كۆڭلۈڭنى رەنجىتتىم، مېنى ئەپۇ قىلغىن. بۈگۈن ساڭا مېنى ئەپۇ قىلىش يۈزىسىدىن تاماق ئېتىپ قويدۇم. ئالدى بىلەن تاماقنى يېگىن، ئاندىن سەن نېمە دېسەڭ، مەن شۇنى قىلىپ بېرەي» دەپ، ئامال قىلىپ ئۆزۈڭگە مەپتۇن قىلغىن، — دەپتۇ.
مەلىكە ئابدۇللانىڭ ئېيتقىنى بويىچە تەييارلىق قىلىپ، جادۇگەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. جادۇگەرنىڭ يىراقتىن كەلگەنلىكىنى كۆرگەن مەلىكە كېنىزەكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ جادۇگەرنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىقىپتۇ ۋە جادۇگەرنى تولىمۇ خۇشخۇي قارشى ئاپتۇ، ئېيتمىغان ياخشى سۆزلىرى قالماپتۇ. جادۇگەرمۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، راستتىن مەلىكە ئابدۇللادىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ماڭا مايىل بوپتۇ، دەپ ئويلاپتۇ. مەلىكە جادۇگەرنىڭ يۈز - كۆزلىرىدىكى توپا - چاڭلارنى سۈرتۈپ، يۈزىنى يۇيۇشقا سۇ ئەكېلىپ بېرىپتۇ، ئارقىدىنلا ئالدىغا داستىخان سېلىپ تاماقلارنى تارتىپتۇ. مەلىكە ئابدۇللانىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە، جادۇگەرنىڭ تامىقىغا ناھايىتى كۈچلۈك زەھەر سالغانىكەن، جادۇگەر تاماقنى ئېغىزىغا سېلىپلا زەھەر سېلىنغانلىقىنى بىلىپتۇ ۋە ئېغىزىغا سېلىنغان تاماقنى دەرھال تۈكۈرۈپ

تاشلاپتۇ. زەھەر بەك كۈچلۈك بولغىنى ئۈچۈن ئىچىدا قال-
غىنى كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ. جادۇگەر سىرلىق
چىراغنى زادىلا يېنىدىن ئايرىمىغانىكەن، ئۇ چىراغنى ئېلىش-
قا ئۇرۇنۇشىغا، ئابدۇللا يوشۇرۇنغان جايدىن چىقىپلا جادۇ-
گەردىن سىرلىق چىراغنى تارتىۋېلىپ پۇلاڭلاتقانىكەن، دەرھال
دىۋىلەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ خىزمەتكە تەييار بوپتۇ. ئاب-
دۇللا: «دەرھال جادۇگەرنى يوقىتىڭلار!» دەپتۇ. دىۋىلەر جا-
دۇگەرنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئاچىقىپ تىتما - تىتما قىلىپ
پارچىلاپ ئۆلتۈرۈپ قايتىپ كەپتۇ. ئابدۇللا:

— دەرھال ئىمارەت، باغ، ھايۋانلار بىلەن قوشۇپ بىزنى
ئەسلىدىكى ئورنىمىزغا ئاپىرىڭلار! — دەپتۇ. بارلىق دىۋىلەر
كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۇلارنى ئەسلىدىكى ئورنىغا ئاپىرىپ
ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.



پادىشاھ ئوردىغا چىقىپ، يەنە بۇرۇنقىغا ئوخشاش شەھەر-نىڭ قىپقىزىل ئالتۇن رەڭگە كىرىپ نۇرلىنىپ كەتكەنلىكى-نى كۆرۈپتۇ. ئابدۇللا ھەقىقىي ئەھۋالنى پادىشاھقا بايان قىل-غانىكەن، پادىشاھ قايتىدىن قىزىق كېچە - كۈندۈز توي - مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، ئابدۇللا بىلەن مەلىكىنى مۇراد - مەقسىتىگە يەتكۈزۈپ، ئۆزى سالغان ئىما-رەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۇلار تۇرمۇشنى بىر ئۆمۈر خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈپ، دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ.

# ئەزەمخان ۋە ئايتولون

بۇرۇنقى زاماندا ئەكبەرخان ۋە ئەسقەرخان ئىسىملىك ئاكا ـ ئۇكا خانلار ئۆتكەنىكەن. ئۇلار ئۆز كۈچى، بايلىقى ۋە شانۇ شەۋكىتى بىلەن ناھايىتى مەشھۇر ـ مەغرۇر ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەكبەرخاننىڭ سارىيىغا بىر ئاقساقال دەرۋىش كەپتۇ ـ دە، دەرۋازىنى قېقىپ سەدىقە سوراپتۇ. ئەكبەرخان تۆشىكىدە راھەتلىنىپ ياتقانىكەن. ئۇ چوڭقۇر «ئۇھ !» تارتىپ، خۇدادىن پەرزەنت تىلەپ دۇئالار قىلدىم، ھېسابسىز خەير ـ ساخاۋەت، سەدىقە بەردىم، لېكىن ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆرمىدىم. مەيلى، شۇنداق بولسىمۇ بۇ دەرۋىشكە يەنە بىر ئاز خەير ـ ساخاۋەت قىلاي، ئۈمىد بىلەن مېنىڭ ئىشىكىمنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، قۇرۇق يانمىسۇن، دەپ ئويلاپ ئۆيىدىن چىقىپتۇ ھەم دەرۋىشكە ئۆزىنىڭ مۇشۇ ۋاقىتقىچە پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنلىكىدىن زارلىنىپتۇ.

— ئەي ئۇلۇغ خاقانىم، سەۋر قىل، سەۋرنىڭ مېۋىسى ئالتۇن. خۇدا نېسىپ قىلسا، سەن چوقۇم پەرزەنت يۈزى كۆرىسەن ! — دەپتۇ دەرۋىش ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.

— مەن بۇنداق گەپلەرنى سەندەك دەرۋىشلەردىن ناھايىتى كۆپ ئاڭلىدىم، ئەمما ھازىرغىچە ھېچبىر مەنپەئەت كۆرمىدىم، — دەپتۇ ئەكبەرخان مۇڭلىنىپ.

— غەم يېمە، ئۇلۇغ خاقانىم. مەن ساڭا ئۈچ دانە ئالما بېرەي، مانا چوڭى بەك ياخشى پىشقان، ئۇنى ئۆزۈڭ يەپ، خانىش بىلەن بىللە بولغىن. قالغان ئىككىسىنى خالىساڭ يە، خالىمىساڭ يېقىن كىشىلىرىڭگە بەر. خۇدا ساڭا مۇشۇ ئالما سەۋەبى بىلەن بىر پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ. لېكىن، شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، بالا تۇغۇلغان كۈنى جان قىيىپ قان قىلىپ، غېرىب - غۇرۋا، تۇل خوتۇن، يېتىم - يېسىرلارغا نەزىر - چىراغ قىلىپ بېرىسەن. بۇنى ھەرگىز ئۇنتۇما ! — دەپتۇ.

ئەكبەرخان دەرۋىشنىڭ ئېيتقىنىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئالمىنىڭ چوڭىنى ئۆزى يەپتۇ، قالغان ئىككىسىنى ئۆزىنىڭ مەھرەملىرىدىن ئىككىسىگە ھەدىيە قىلىپ بېرىپتۇ. كېيىن ئەكبەرخان بۇ دەرۋىشكە مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ دۇئاسىنى ئاپتۇ. دەرۋىش سارايدىن چىقىپ، چىغىر يول بىلەن تاغقا چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ يول دەرۋىشنى تاغدىكى شەمشاد، چىنار، قېيىن، قوچۇر(قارىغاي)، ئارچا دەرەخلىرى بىلەن ئورالغان ھەيۋەتلىك قەسىرگە ئېلىپ كەپتۇ.

— ساڭا نېمە كېرەك، ئەي دەرۋىش؟ — دەپ سوراپتۇ دەرۋازىۋەن.

— مەن كىشىلەرگە ياخشىلىق تىلەيمەن، بۇ يەرگىمۇ شۇ نىيەتتە كەلدىم. ساراي ئىچىگە كىرسەم بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ دەرۋىش تەزىم قىلىپ دەرۋازىۋەندىن.

— مەيلى، كىرسەڭ كىرگىن، بىزنىڭ خاقانىمىز ئەسقەرخان بۇ كۈنلەردە بەك خاپا. ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويىدىغان بىرەر ئىشنى قىلىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىل، بولمىسا، كاللاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىدۇ، — دەپتۇ دەرۋازىۋەن دەرۋىشكە ئاگاھلاندۇرۇپ. دەرۋىش:

— خوپ، ئېھتىيات قىلىمەن، — دەپ ئىچكىرىگە كىر-

رىپتۇ ۋە خاننىڭ ئارام ئالىدىغان ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ، بېرىپ ئىشىكنى قاققانىكەن، ئۆيدىن بىر ياش ئايال خىزمەتچى چىقىپ ئۇنىڭغا بىر خالتا كۇمۇش تەڭگە بېرىپتۇ ھەم:

— «خۇدايىم ئەسقەرخانغا ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلسۇن!» دەپ دۇئا قىل، ئەي دەرۋىش! — دەپتۇ.

دەرۋىش قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئايال خىزمەتچىنىڭ سۆزلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۇنلۇك دۇئا قىپتۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئەسقەرخان دەرۋىشنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېپتۇ.

ئەسقەرخاننى كۆرگەن دەرۋىش ئۇنىڭغا قولىدىكى يېرىم ئالمىنى ئۇزىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي خاقانىم، مۇشۇ يېرىم ئالمىنى مالال كۆرمەي يېسەڭ پەرزەنت كۆرىسەن!

يېرىم ئالمىنى كۆرۈپ دەسلەپتە ئەسقەرخاننىڭ ئاچچىقى كەپتۇ، ئۇنى قولىغا ئېلىپ خانىسىغا كىرىپ بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپتۇ، بىرئازدىن كېيىن ئاچچىقىدىن يېنىپ، يېرىم ئالمىنى قولىغا ئاپتۇ-دە، خۇدادىن پەرزەنت تىلەپ ئاغزىغا سېپتۇ ۋە خانىش بىلەن بىللە يەپتۇ.

توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەت ئۆتكەندە ئەكبەرخان، ئەسقەرخاننىڭ سارايلىرىدىن خۇش خەۋەر تارقىلىپتۇ. ھەر ئىككىلا خاننىڭ ئاياللىرى ئامان-ئېسەن بوشىنىپتۇ. ئەسقەرخان قىز پەرزەنت كۆرۈپتۇ. مەسلىھەتلىشىپ، بۇ قىزنىڭ ئېتىنى «ئايتولۇن» قويۇپتۇ. ئەكبەرخان ئوغۇل پەرزەنت كۆرگىنى ئۈچۈن شۇنداق خۇشال ئىكەنكى، بۇنى تەرىپلەشكە تىل، سۈرەتلەشكە قەلەم ئاجىزلىق قىلىدىكەن. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، بۇ ئوغۇلغا «ئەزىمخان» دەپ ئىسىم قويۇپ، ئەل-يۇرتقا چاي بېرىپتۇ، توي قىلىپ ئوغلاق سېلىپ بېرىپتۇ.

ئاريدىن يىگىرمە يىل ئۆتۈپتۇ.... بۇ يىللاردا يۇرت ئىچى تىنچلىق، ئەل ئامان بولۇپ، چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولماپتۇ. خانزادىلەرمۇ ئوبدان تەربىيىلىنىپ قۇرامىغا يېتىپتۇ. باغلار ۋە تاغ باغرىدىكى دەرەخلەر، دالا گۈللىرى ھەر يىلقىدەك يەنە بىخ سۇرۇپ، نوتا چىقىرىپ كۆكىرىپتۇ، غۇنچىلار ئېچىلىپتۇ، بۇلبۇللار سايرىشىپتۇ، سۇزۇك ھاۋادا قۇدرەتلىك بۈركۈتلەر ئولجا ئىزدەپ يەنە پەرۋاز قىلىشىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مانا شۇ بۈركۈتلەرنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى يولدا كېتىۋاتقان ئۈچ ئاتلىق يىگىتنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، تېخىمۇ ئېگىز ئۆرلەپ ئاسمانىنىڭ قەرىگە چىقىپ كېتىپتۇ.

ئاتلىق يىگىتلەرمۇ شىددەت بىلەن ماڭغانىكەن، ئۇلارنىڭ بۇ مېڭىشىغا شامالمۇ تەڭ كېلەلمەيدىكەن. بۇلار شاھزادە ئەزەمخان ۋە ئۇنىڭ سادىق خىزمەتكارلىرىدىن ئەقىللىق، ئېغىر ـ بېسىق ھەمرا بىلەن كۈچلۈك، تەنتەك ۋە شوخ مىرزا ئىكەن. بۇلار بەزىدە مۇشۇنداق دالىدا چېپىشىپ يۈرۈپ ئوۋ قىلىشسا، بەزىدە لەشكىرىي مەشىق قىلىشىدىكەن. ئەزەمخاننىڭ بۇ ئىككى خىزمەتكارى بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل بۇرۇن ئەكبەرخان بەرگەن دەرۋىشنىڭ ھېلىقى كىچىك ئىككى ئالمىسىنى يېگەن خىزمەتكارلىرىنىڭ بالىسى ئىكەن. ئۇلار ئەزەمخان بىلەن بىر كۈن، بىر سائەتتە تۇغۇلۇپ، بىللە ئۆسكەنىكەن. ئەزەمخانىمۇ كۈچلۈك، چىرايلىق، ئاق كۆڭۈل يىگىت بولۇپ ئۆسۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر ھەمىشە ئۇنىڭغا زوق ـ ھەۋەس بىلەن قارايدىكەن، ئۇلار بالىلىرىغا:

— بىز ئەمدى بۇ دۇنيادىن پۈتىمىزنى ئۈزۈن سۇنۇپ، بىمالال كېتىدىغان بولدۇق، چۈنكى سىلەرمۇ بىزگە ئوخشاش ياخشى خانغا يېتىشتىڭلار! — دېيىشىدىكەن.

ئەزەمخان كۈندىن ـ كۈنگە تولۇپ، بوي تارتىپ ئۆ ـ

سىۋېرىپتۇ، ئۇنىڭ شۆھرىتى مەملىكەتنىڭ يېقىن - يىراق-لىرىغا تارقىلىپتۇ. لېكىن، ئۇ بولسا ئۆزى بىلەن تەڭ تۇغۇ-لۇپ، يېنىدىلا گۈلدەك ئۆسۈپ ئېچىلىۋاتقان گۈزەل ئايتولۇن-دىن بىخەۋەر ئىكەن.

«ھەممە نەرسە خۇدانىڭ خاھىشى بىلەن بولىدۇ» دېگەن گەپ بار. كۈنلەردىن بىر كۈنى قوشنا مەملىكەتتىكى بىر ياش خاننىڭ يۇرتىدىكى تويدا ئەزەمخان بىلەن ئايتولۇن تاسادىپىيلا ئۇچرىشىپ قاپتۇ.... ئەزەمخان گۈزەل مەلىكە ئايتولۇننى كۆرۈش بىلەنلا ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ، نازىنىننىڭ ئايدەك جامالى-دىن كۆزىنى زادىلا ئۈزەلمەپتۇ. نازىنىن قىز ئايتولۇنمۇ ئە-زەمخانغا كۆزى چۈشۈش بىلەن تەڭ لەۋلىرى تىترەپ، ئۆزىنى تۇتالماي قاپتۇ، تومۇرىدا بىر خىل ئىسسىق ئېقىم ئاققاندەك بولۇپ، يۈرىكى ئويناپ كېتىپتۇ، لېۋىدە يېقىملىق تەبەسسۇم پەيدا بولۇپ، چىرايى ئىختىيارسىز گۈلدەك ئېچىلىپ كېتىپتۇ.

ئۇلار قانداق ئۇچراشقان بولسا، شۇنداق بىر - بىرىد-نى قىيالماي ئايرىلىپتۇ. ئەزەمخان يىگىتلەر سورۇنىغا كۆ-ڭۈلسىز بىر كەيپىياتتا كىرىپتۇ. پۈتۈن كېچە داۋامىدا ئە-زەمخان داستىخاندىكى نازۇنېمەتكە زادىلا قول ئۇزاتماپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەزەمخان ئايتولۇننىڭ ئۆز ئۆيىگە قايتىش ۋاقتىنىڭ يېقىنلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى، ئەمدى ئۇ-نىڭ تولۇن ئايدەك نۇرلۇق جامالىدىن يەنە بەھرە ئالالمايدىغاد-لىقىنى ئويلاپ مەيۈسلىنىپتۇ.

مېھمانلار بىر - بىرلەپ تارقىلىشقا باشلاپتۇ. شۇ ۋاقىتد-تا ئەزەمخان ئايتولۇن بىلەن باغچىدىكى يالغۇز ئاياغ يولدا يە-نە بىر قېتىم ئۇچرىشىپ قاپتۇ ۋە پاراڭلىشىپتۇ. ئاسماندىكى نۇرلۇق يۇلتۇزلار بۇ چاغدا تېخىمۇ جۇلالىنىپ چاقناپ كې-تىپتۇ. بىر - بىرلىرىنىڭ يېقىملىق جامالىغا، ئويناپ تۇرغان

كۆزلىرىگە، تەبەسسۇم كۈلكىسى بىلەن تىترەپ تۇرغان لەۋ-لىرىگە قاراشقا پېتىنالماي، باغ ئىچىدىكى يولدا ياندىشىپ كېتىۋاتقان بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇقلا تولۇن ئاينىڭ ھەۋىسى كېلىپ ماراپ قاراپ قويىدىكەن، بەزىدە خىجىللىقتىن ئۆزىنى ئاق ماموقتەك بۇلۇت قوينىغا ئالىدىكەن....

ئايتولۇن بېشىنى سىلىپ كېتىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسى تەرىپىدىن باشقا بىر شاھزادىگە چاي ئىچكۈزۈپ قو-يۇلغانلىقىنى، تويىنىڭ تېز ئارىدا بولىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقا مەيلى يوقلۇقىنى ئەزەمخانغا ئۇقتۇرۇپ قويۇپتۇ.

ئەزەمخان ئايتولۇننى سارىيىنىڭ ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قو-يۇپ، ئارقىسىدىن خېلى ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇرۇپتۇ.... ئايتو-لۇنمۇ كىرىپ كېتىۋېتىپ، بۇرۇلۇپ ئەزەمخانغا قاراپ پىسىڭ-ئىدە كۈلۈپتۇ.

مانا شۇ كۈنكى ئايرىلىشتىن باشلاپ ئەزەمخان خامۇش ۋە پەرىشان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ھەمىشە دېگۈدەك سارىيىنىڭ پەنىجىرىسى ئالدىدا غەمگە پېتىپ ئولتۇرىدىكەن. بەزىدە ئىللىق شامال كېلىپ ئۇنىڭ قاپقارا بۇدۇر چاچلىرىنى يەلپۈتۈپ ئوي-نايدىكەن. ئۇنىڭ ئارقىسىدا خوجايىنىدىن بىرەر ئېغىز سۆز ئاڭلىيالماي تۇرغان ھەمرا بىلەن مىرزا خوجايىنىنىڭ ئەھۋا-لىغا بەكمۇ ئېچىنىدىكەن.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئەزەمخان راۋابىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ نازۇك تارلىرىنى تەڭشەپ، زەخمىكىنى ئاستا ئۇرۇپ، مۇڭ ئارىلاش بېيىت ئېيتىشقا باشلاپتۇ:

نازىنىن دىلدار،
ھىجرىڭدا مەن زار.
شاھى بەرناسەن،
ئەجەب زىباسەن.

سەندەك چىرايلىق،
يوق ماڭا لايىق.
ئەقلىمنى ئالدىڭ،
ئوتلارغا سالدىڭ.

ئۆسكەن يېرىمدىن،
تۇغقان ئېلىمدىن،
كېچەي بېغىمدىن،
جاي بەر يېنىڭدىن.

شېرىن سۆزۈڭنى،
تىلەپ ۋەسلىڭنى،
دىۋانە بولدۇم،
پەرۋانە بولدۇم.

نازىنىن دىلدار،
ھىجرىڭدا مەن زار.
نىگارىم سەنسەن،
ئارمانىم سەنسەن.

ئۇنىڭ بۇ قوشىقىنىڭ ئاھاڭى شۇ قەدەر غەمكىن ۋە مۇڭلۇق ئىكەنكى، ئاڭلىغانلارنىڭ يۈرىكى راۋابنىڭ تارىدەك تىترەپ، كۆزلىرىدىن ياش مونچاقتەك تاراملاپ ئېقىپتۇ. بىچارە ھەمرا بىلەن مىرزا ئىككىسى چوڭقۇر تىنىپ «ئۇھ» تارتىپ، ئۆز كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن خوجايىنىغا ياردەم بېرىشكە ئىنتىلىپتۇ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قوللىرىنى قىلىچلىرىنىڭ دەستىسىگە ئۇزىتىپتۇ.

ئەزىمخان زادىلا تاقەت قىلالماپتۇ. ئۇ سۆيگىنىنىڭ سارد-
يىغا بېرىشقا قارار قىپتۇ. بۇ ئۈچ ئاتلىق يىگىت كۈن پېتىپ
قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئايتولۇننىڭ باغچە سارىيىنىڭ ئېگىز مۇ-
نارىنى نىشانلاپ، شامالدەك تېز ئۇچۇپ كېتىشىپتۇ.

ئۇلار ئاخىر كۆزلىگەن يېرىگە يېتىپ كەپتۇ، تۈن قاراڭ-
غۇسىدا ئاتلىرىنى باغچە سارايىنىڭ ئېگىز مۇنارى يېنىدا توخ-
تىتىپتۇ، بىر - بىرلەپ ئاستاغىنا يەرگە چۈشۈپتۇ ۋە باغچە
ساراي مۇنارىنىڭ كۈنگۈرىسىگە ئارغامچا تاشلاپتۇ. مىرزانى
ئاتلارنى بېقىشقا قويۇپ، ئەزىمخان ھەمرا بىلەن باغچىغا چۈ-
شۈپتۇ. ئەزىمخان باغچىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى-
نى ئىككى تەرەپكە قايرىپ ئېھتىيات بىلەن يول ئېچىپ ئاس-
تا كېتىۋاتقانىكەن، ئايتولۇننىڭ باغدا ئۇخلاۋاتقان خىزمەتكا-
رىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئەزىمخان ئۇنى ئاستا ئويغىتىپتۇ ۋە:

— ئۈنۈڭنى چىقارما، دېمىڭنى ئىچىڭگە يۇت، بۇرادەر، —



دەپ ئۇنىڭغا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپتۇ. كېيىن:

— ئايتولۇننىڭ خاس ھۇجرىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئىشىكىنى كۆرسىتىپ قويغىن، — دەپتۇ.

ئەس - ھوشىنى يوقاتقان خىزمەتكار ئۇنىنى چىقىرالماپتۇ. ئەزەمخان ئۇنىڭغا يەنە بىرنەچچە تەڭگە كۈمۈش پۇل تاشلاپ بېرىپتۇ. خىزمەتكار پۇلنى دەرھال قولىغا ئېلىپ، بارمىقى بىلەن خىرە نۇر چۈشۈپ تۇرغان ئىككى روجەكنى كۆرسىتىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ خىزمىتى ئۈچۈن ئەزەمخان ئۇنىڭغا يەنە بىرنەچچە تەڭگە پۇل تاشلاپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم بولغان خىزمەتكار ئەزەمخان بىلەن ھەمرانى ئايتولۇنىڭ خاس ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىگە باشلاپ كېلىپ، ئاۋايلاپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ.

ئەزەمخان سۆيگىنى ياتقان ئۆيگە كىرىپتۇ. گۈل بەدەن ئايتولۇن مامۇقتەك يۇمشاق ئورۇن - كۆرپە سېلىنغان شاھ سۇپىدا تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقانىكەن. ئۇنىڭ باش تەرىپىدە ھەر خىل ئەتىرگۈللەر، قىزىلگۈللەر خۇش پۇراق چېچىپ ئېچىلىپ تۇرغانىكەن. ئايتولۇن بولسا ئۇنىڭغا كۆزىنى قىسىپ قارىغاندەك، يېنىك نەپەس ئېلىپ يېتىپتىكەن.

ئەزەمخان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپتۇ، قوللىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ سىلاپ تۇرۇپ، ئاستا بۇ ناخشىنى ئېيتىپتۇ:

ئاھ ئايتولۇن، گۈل چىرايىڭغا
قىزغىنىپ قارار كۆكتىن ئاي - يۇلتۇز.
مانا مەنمۇ كەلدىم يېنىڭغا،
قاشلىرى قەلەم، چاچلىرى قۇندۇز.

بىزنى ھازىر ھېچكىم كۆرمەيدۇ،
تىنچ خاناڭدا پەقەت ئىككىيلەن.
كۆزلىرىڭنى ئاچ، ئاھ ئايتولۇن،
بىر قىيا باق، سۆيگىنىم سۆيگەن.

ھازىرلا چۈشىدە كۆرگەن ئەزەمخاننى بىردىنلا كۆز ئالدىدا كۆرگەن ئايتولۇننىڭ خۇشاللىقى ئىچ - ئىچىگە سىغماي كېتىپتۇ. ئۇمۇ خۇددى شۇ ئاھاڭدا ئەزەمخاننىڭ غەزىلىگە جاۋاب قايتۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:

سۆيگىنىم، يارىم، بەختىيارىم كېلىپسەن،
سەنسىز ئۆتتا يانغىنىمنى بىلىپسەن.
گۈلنىڭ ھىدى كېلەر سەندىن شۇنچە خۇش،
ئېيت لاچىنىم، ئوڭۇممۇ بۇ ۋە يا چۈش؟ !

ئاسماننىڭ كۈنتۇغۇش تەرىپى سۇزۇلۇشقا باشلاپتۇ، يۇلتۇزلارنىڭ پارقىراق نۇرلىرى خىرەلىشىپتۇ، ئاي بولسا ئاشىق - مەشۇققا ئاخىرقى قېتىم تەبەسسۇم بىلەن تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

ئەزەمخان ئايتولۇننىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتكەندە، ئەتراپنى كۆزەت قىلىپ قالغان ھەمرا ئاستا ئىسقىرتىپتۇ. ئۇ ھازىر، تۇن تەڭدىن ئاغدى، ئانچە ئۇزۇنغا قالماي تاڭ يورۇيدۇ، كۆزەتچىلەر ئويغىنىپ قالسا، بىزگە بىرەر پالاكەت يۈزلىنىپ قالمىسۇن يەنە، دېگەن تەشۋىشتە ئىكەن.

بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇق ئۈچۈن بىر - بىرىدىن ئايرىلىش بەك قىيىن ئىكەن، بىراق بارغانسېرى تاڭ سۇزۇلۇشقا باشلاپتۇ. ئەزەمخان مەشۇقىنىڭ نازۇك قامىتىنى باغرىغا بېسىپ، ئۇنىڭغا ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش بىلەن ئاۋارە ئىكەن.

شۇ كېچە باشقىلار ئۇچۇن ھەر كۈندىكىدىن بەك ئۇزۇن تۇيۇلۇپتۇ، لېكىن ئەزىمخان بىلەن ئايتولۇن ئىككىسى بۇ كېچىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قاپتۇ.

ئەزىمخان تاڭنىڭ يورۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ كۆزىگە جىق ياش ئالغان پېتى سۆيگىنىنىڭ يېنىدىن قايتىپ چىقىپتۇ – دە، بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ھەمرا بىلەن مىرزانى ئارقىسىغا سېلىپ، كەلگەن يولى بىلەن تاغ تەرەپكە قاراپ شامالدەك غۇيۇلداپ كېتىپتۇ.

ئەزىمخان سارىيىغا قايتىپ كېلىپ، پۈتۈنلەي غەمگە پېتىپ، گاراڭ ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. مەشۇقسىز ھاياتلىق ئۇنىڭغا كېرەكسىز ۋە مەنىسىزدەك تۇيۇلۇپتۇ. ئۇ ئەتىگەندىن تا كەچكىچە كارىۋىتىدىن قوپماي ياتىدىكەن، ھەتتا يېقىن سىرداشى ۋە مۇڭدىشى بولغان راۋابىنىمۇ قولىغا ئالماپتۇ.

ئايرىلىش ئايتولۇنغىمۇ شۇنداق ئېغىر تۇيۇلۇپتۇ. ئۇ بىر ئامال قىلىپ، سۆيگىنى ئەزىمخانغا ئىنىكئانىسى ۋە باشقا تەربىيىچى، خىزمەتكارلىرى ئارقىلىق سېغىنىشلىق سالام، دەردلىك تۇيغۇلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى يەتكۈزىدىكەن ھەم ئۇنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئۇقۇپ تۇرىدىكەن.

ئەكبەرخان ئۆزىنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلىنىڭ كۆيۈك دەردى بىلەن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئىنىسى ئەسقەرخاننىڭ قىزى ئايتولۇننى باشقا ئەلگە ياتلىق قىلماقچى بولۇپ كېلىشكەنلىكىنى بىلگىنى ئۈچۈن، ئوغلىغا قاراپ ئېچىنىشلىق ھالدا بېشىنى چايقايدىكەن. ئۇ بەزى – بەزىدە ئىنىسىغا گېپىنىڭ ئۆتمەيدىغانلىقىدىن ھەسرەتلىنىدىكەن.

ئايتولۇننىڭ توي مۇراسىمى يېقىنلىشىپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرغان ئەزىمخان ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ ۋە:

— قەدىرلىك ئاتا، بۈگۈنكى كۈن مېنىڭ هاياتىمدا ئەڭ بەختسىز كۈنلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ. خەۋەر تېپىشىمچە، سۆيگىنىم ئايتولۇن باشقا يات بىر ئەلنىڭ شاهزادىسىگە ئۇزىتىلماقچى. مېنى نېمە قىلسىڭىز قىلىڭ، ئەمدى مەن ئۇنىڭسىز زادى ياشىيالمايمەن! ئون گۈلۈمنىڭ بىرىمۇ ئېچىلماي تۇرۇپلا توزۇيدىغاندەك قىلىدۇ! — دەپتۇ.

ئەزەمخاننىڭ ئاتىسى ئوغلىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ هاڭ ـ تاڭ بولۇپ گاڭگىراپ قاپتۇ، كېيىن چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ ـ تۇ، ئوغلىنىڭ تا ئەزەلدىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان هەممە ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە خىلاپ هالدىكى بۇ خىل گەپلىرى بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭغا غەلىتە تۇيۇلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاتىد ـ



لىق مېھرىنى قوزغاپتۇ. ئاتا مېھرىدە ئۇلۇغ قۇدرەت، چەك-سىز مېھرىبانلىق بار... ئۆز پەرزەنتىگە ئاتىلىق مېھرىنى بې-غىشلىغان سۆيۈملۈك ئاتا جانجىگەر، بىردىنبىر ئوغلى ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلمايدۇ! ئەكبەرخان ئىنىسى ئەسقەرخاننىڭ بۇ ئىشتا بىرەر مەسلىھەت سورىمىغانلىقىنى، قىزىنى چەت بىر ئەلنىڭ شاھزادىسىگە بېرىشكە ماقۇل بولۇپ، ئالدىراپ - تې-نەپ توينىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ تىت - تىت بولۇپ ھەسرەتلىنىپتۇ. ئاخىر قولىدىن ھەرقانداق ئىش كېلىدىغان دۆلەتمەن قېرىندىشى باتۇر خالدارخاننىڭكىگە ئوغ-لى ئەزەمخاننى ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇ خالدارخاننىڭ ئالدىغا سوۋغا - سالاملىرىنى ئېلىپ تەزىم بىلەن كىرىپتۇ ۋە:

— ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، مېنىڭ يۆلەنچۈكۈم، خالدارخان! بىر ئىشتا بېشىم قېتىپ، سېنىڭ ئالدىڭغا بوينۇمنى ئېگىپ كەلدىم. بۇ ئىشتا سەن ماڭا ئاتىدارچىلىق قىلىپ مەسلىھەت ۋە مەدەت بەرمىسەڭ، مەن ئىلاجسىز قالدىم. بىر ياققا قارى-سام بالا، يەنە بىر ياققا قارىسام ۋاپاسىز، ھاكاۋۇر، مەنمەنچى ئىنىم. مەن ساڭا كېچە - كۈندۈز دۇئا قىلاي، خۇدادىن ساڭا بەخت تىلەي، دۆلىتىم، تاجۇ تەختىم، سارىيىم سېنىڭكى بولسۇن، قىلىچىم سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭنىڭ بېشىدا ئوينى-سۇن، مېنىڭ بىردىنبىر ئوغلۇم ئەزەمخاننىڭ بېشىنى ئوڭلى-غىن. بۇ ئىش سېنىڭ قولۇڭدىن كېلىدۇ. سەن تەدبىرلىك، غەيرەتلىك، ئادىل ۋە توغرىسەن! — دەپ بېشىنى ئېگىپ قول باغلاپ ئالدىدا تۇرۇپتۇ. خالدارخان قېرىندىشىغا ۋە ئوغ-لىغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، تەختىدىن چۈ-شۈپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. كېيىن ئۆز يېنىدىن ئورۇن كۆرسىتىپ، ھەر ئىككىسىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئۇلار خالدارخاننىڭ كۆرسەتكەن ئىززەت - ھۆرمىتىگە مىن-

نەتدارلىق ئىزھار قىلىپ ئورۇنلىرىغا جايلىشىپتۇ. تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، خالدارخان ئەكبەرخانغا مەق ـ سىتىنى ئوچۇقراق سۆزلەشنى ئېيتىپ، ئوردىنى خالىي قىپ ـ تۇ. ئەكبەرخان ئوغلىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئىشق ـ مۇھەببەت سەۋداسىنى، ئىنىسىنىڭ بۇ ئىشتا ئۆزىنى كۆزگە ئىلماي نە ـ زەردىن چەتتە قالدۇرغانلىقىنى، قىزى ئايتولۇننىڭ يېقىندا بولىدىغان توييغىمۇ ئېيتمىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. خالدارخان ئەھۋالنى تەپسىلىي سورۇشتۇرۇپ ئاڭلىغاندىن كې ـ يىن بېشىنى سىلىپ ئۇزاق ئويلىنىپتۇ، ئاخىر ئەكبەرخانغا ياردەم بېرىشكە رازى بوپتۇ.

ئەتىسى خالدارخان ئۆزىنىڭ پۈتۈن لەشكەرلىرىنى يىد ـ غىپ، توينى كۆچۈرۈپ ماڭغان ياياۋخاننىڭ يولىنى توسۇپتۇ. قىزنى ئۆلاردىن ئاجرىتىۋېلىپ، ئەزەمخاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ.

ئەزەمخان ئايتولۇننى ئېتىغا مىندۈرۈپ، دادىسى بىلەن خوشلىشىپتۇ. قىز بىلەن ئۆزى خالدارخاننىڭ سارىيىغا كې ـ لىشىپتۇ. سارايدىكىلەر بۇ ئىككىيلەننى چىرايلىق بېزەلگەن خاس ھۇجرىغا چۈشۈرۈپ، نىكاھ ئوقۇتۇپ قويۇپتۇ.

قۇۋ، ئۇرۇشقاق ۋە جاھىل ياياۋخان ئايتولۇننىڭ قولدىن كەتكىنىگە چىدىماي، لەشكەر توپلاشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. كې ـ يىن ئۇ لەشكەر توپلاپ خالدارخاننىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ بارغىنى بىلەن جەڭدە ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ. ئۇ دەرھال ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ بېقىشنى، ئۇمۇ بولمىغاندا، توپلانغان قوشۇن بىلەن خالدارخاننىڭ ئۈس ـ تىگە باستۇرۇپ بېرىپ، ئايتولۇننىڭ ئۆلۈكىنى بولسىمۇ ئې ـ لىپ كېلىشنى جەزملەشتۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياياۋخان خالدارخاننىڭ ئالدىغا ناھايىتى نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش بى ـ

لەن يوشۇرۇن ئەلچى ئەۋەتىپتۇ.
مال - دۇنياغا ھېرىس كىشىلەر ئالتۇن - كۈمۈشنى كۆرگەندە ئېرىپ كېتىپ، ۋاپادارلىقنى ئاياغ ئاستى قىلىشى ھەممىگە مەلۇم. خالدارخانمۇ ئالتۇن - كۈمۈشنى كۆرۈپ ئەكبەرخان ۋە ئەزەمخانغا قىلغان ئىلتىپاتىدىن يېنىپ، ئايتو- لۇننى ئۇنىڭ ئەلچىلىرىگە بېرىپ قويۇپتۇ.
«ئۆزى يوقنىڭ يۈزى يوق» دېگەندەك، شۇ كۈنلەردە ئە- زەمخان ئۇ يەردە يوق ئىكەن، ئۇ دادىسى ۋە ئانىسىنىڭ قې- شىغا توي ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ تەييارلىقىنى مەسلىھەتلىشىشكە كەتكەنىكەن. ئۇ قايتىپ كېلىپ، سۆيگىنىد- دىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئۇقۇپتۇ. دادىسىنىڭ ئادىل ۋە خالىس، باتۇر دەپ نام چىقارغان قېرىنداشىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش ئالدىدا ئاچ كۆزلۈك قىلىپ ئاينىغان پەسكەشلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئەزەمخان ئېغىر غەمگە چۆكۈپتۇ.
ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرد - ئەلەمنى خالدارخاننىڭ ئوغلى خالمۇراتخانغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. خالمۇراتخاننىڭ ئەزەمخانغا ئىچى ئاغرىپتۇ، قېرىنداشىغا گۈزەل مەلىكە قىز ئايتولۇننى قايتۇرۇپ ئېلىپ بېرىش، ئىككىسىنى مۇراد - مەقسىتىگە يەتكۈزۈپ قويۇش مەقسىتىدە، دوست - يارلىرى ھەم باتۇرلار- دىن قوشۇن تۇپلاپتۇ.
خالدارخان ئوغلىنىڭ بۇ ئىشىدىن خەۋەر تاپقان چاغدا، ئوغلى قوشۇننى باشلاپ، ئەزەمخاننى ئېلىپ ياياۋخان تەرەپكە كەتكەنىكەن. ئۇ بۇ ئىشقا ھېچقانداق ئېتىراز بىلدۈرمەپتۇ.
ياياۋخانمۇ تەييارلىنىپ تۇرغانىكەن، دەرھال لەشكەرلىرد- نى ئېلىپ خالمۇراتقا قارشى چىقىپتۇ. ئىككى ئوتتۇرىدا قاذ- لىق جەڭ باشلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئىككى كۈنگىچە قاتتىق

ئېلىشىپتۇ، ئۆلۈكلەر سايىسىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كېتىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى تاڭ ئاتار ۋاقىتىدا، ئەزىمخان ساق قالغان بىر نەچچە نۆكىرى بىلەن خالمۇراتنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ تاغقا چىقىپ كېتىپتۇ. دۇنياپەرەس خالدارخاننىڭ ئاچ كۆزلۈكى ئوغلىنىڭ بېشىغا چىقىپتۇ.

ئەزىمخان ئايتولۇنىدىنمۇ، دوستى، قېرىندىشى خالمۇراتتىنمۇ ئايرىلىپ «ئۇھ» تارتىپ، گاھى تاغدا، گاھى ئەل ئارىسىدا يىغلاپ يۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ بۇ دەردىگە داۋا تېپىلماپتۇ. ئەزىمخاننىڭ چىرايى سارغىيىپ ھالىدىن كېتىپتۇ. ئۇ پەقەت بىرلا نەرسىنى — يىراقتىن بولسىمۇ سۆيگىنىنى بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىكەن، شۇ مەقسەتتە يوشۇرۇنچە ياياۋخاننىڭ ئېلىنى ئارىلاپ، باغلىرىنى ئايلىنىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇنىڭ سارىيىغا ئىككى جاھانكەزدى دەرۋىش كىرىپ كەپتۇ. ئۇلار يولدا بەك چارچىغانلىقتىن پۇتىنى ئارانلا يۆتكىمەيدىكەن، يۈز - كۆزلىرىنى توپا - چاڭ باسقان، كىيىملىرى جۇلدۇر - جۇلدۇر بولۇپ، ياماق چۈشمىگەن يېرى يوق ئىكەن.

ئەزىمخان بۇ جاھانكەزدى مۇساپىرلارنى ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋاپتۇ، ئۇسسۇزلۇق، ئاش - تاماق بېرىپتۇ، دەم ئېلىش ئۈچۈن مەخسۇس بىر ئۆيىنى بېرىپتۇ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشقا ئالاھىدە كىشى بەلگىلەپتۇ.

مۇساپىرلار ئەزىمخاننىڭ قىلغان بۇ ياخشى مۇئامىلىسى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قانداق يول بىلەن مىننەتدارلىق ئىزھار قىلىشنى بىلمەي قېلىشىپتۇ. لېكىن، ئۇلار ئەزىمخاننىڭ چىرايى سارغىيىپ، مۇڭ باسقانلىقىنى، ھالىنىڭ بەكلا پەرىشانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ. ئۇلار ئۆزئارا بۇ ھەقتە پىكىرلىشىپ، ئۇنىڭ خىزمەتچىسى مىرزادىن بۇ سىرنى سوراپ بىلىشكە

كېلىشىپتۇ. بىر كۈنى ئۇلاردىن بىرى مىرزانى گەپكە سېلىپ كېلىپ:

— سېنىڭ بۇ مېهماندوست خوجايىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق غەمكىن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇنىڭ غەمكىنلىكى ئايتولۇن دېگەن بىر ساهىبجامال قىزغا باغلىنىشلىق، — دەپ، ئوتتۇرىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ ئۆزى بىلىدىغانلىرىنى مىرزا ئۇلارغا تەپسىلىي بايان قىپتۇ ۋە ئاخىردا، — ئۇ شۇ سەۋەبلىك داۋاسىز دەردكە قالدى، — دەپ ئېغىر «ئۇھ» تارتىپتۇ.

— بۇ دەردكە داۋا تېپىلىدۇ! — دەپتۇ مۇساپىرلاردىن بىرى مىرزاغا كۆز قىسىپ، — بىزنى ياخشى كۈتۈۋالغىنى ئۈچۈن خوجايىنىڭنى بىز ئۆز سۆيگىنى بىلەن چوقۇم كۆرۈشتۈرىمىز!

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار مىرزا بىلەن ئەزەمخاننىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنى ئويقۇدىن ئويغىتىپتۇ. ئۇلار ئەزەمخاننىڭ ئۆيىدە ئىشىك- تۈڭلۈك، پەنجىرە - روجەكلەرنى ئېتىپ مەخپىي هالدا مەسلىهەتلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ نېمە توغرۇلۇق سۆزلەشكەنلىكىنى هېچكىم بىلەلمەپتۇ. كەچكە يېقىن ئوردىنىڭ قىبلە تەرىپىدىكى دەرۋازىدىن كىرگەن ئىككى دەرۋىش ئۈچ بولۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.



ئۇلارنىڭ ئۇچىنچىسى ئەزەمخان ئىكەن. شۇ ۋاقىتتا ئوردىنىڭ شۇ تەرەپتىكى دەرۋازىسى ئۇستىدىكى راۋاقتا ئەتراپقا نەزەر سېلىپ ئولتۇرغان ئەكبەرخانمۇ ئۆزىنىڭ ئوغلىنى تونۇيالماپتۇ. ئەزەمخاننىڭ چاچلىرى دەرۋىشلەرنىڭكىدەك ئۆسكەن، جۇل - جۇل كىيىملىرىنىڭ يىرتىقلىرىدىن بىر ئەت - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. ئۇ يىرىلغان پۇتلىرىنى ئاران يۆتكەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۇچەيلەن ياياۋخاننىڭ ئوردىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

ئۇلار بىرنەچچە كۈن مېڭىپ، ياياۋخاننىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇلار يېتىپ كەلگەندە گۈگۈم چۈشكەنىكەن. كۆزەتچىلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئەپتىگە قاراپ نېرى - بېرىنى سۈرۈشتۈرمەي ئوردىغا كىرگۈزۈۋېتىپتۇ. ئوردا ئەمەلدارى ئۇلاردىن بىر قۇر گەپ سوراپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جاھانكەزدى دەرۋىشلەردىن ئىكەنلىكىنى، دۇنيانىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتىدىن قول ئۈزگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ ۋە ياياۋخاننىڭ غېرىب - مۇساپىر، دەرۋىشلەرنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلايدىغانلىقىنى يىراقتىن ئاڭلاپ، بىر كۆرۈشۈپ ئۆتۈش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى، بۇ يەرگىمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ خانى ھەققىدە ياخشى تەرىپلەرنى ئاڭلىغان ئوردا ئەمەلدارى نېمە قىلىشىنى بىلمەي، بۇ ئۈچ دەرۋىشنى ياياۋخاننىڭ سارىيىنىڭ تېگىدىكى بىر ئۆيگە جايلاشتۇرۇپتۇ.

ئەتىسى ئۇلاردىن بىرى قومۇش سۇنىيىنى چاپتۇ، يەنە بىرى ئىككى قولىغا ئىككىدىن تۆت تاشنى ئېلىپ ئوينىتىپ چاپتۇ، ئەزەمخان بولسا راۋابنى چاپتۇ. ئوردا ئەھلى سارايئالدىدىكى مەيدانغا توپلىشىپتۇ، ئۇلارنىڭ سازلىرىنى تىڭشاپتۇ.

ياياۋخانمۇ بۇلارنىڭ ئويۇنلىرىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن

سارايىنىڭ راۋىقىغا چىقىپتۇ.

ئەزەمخان مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ راۋابنىڭ پەدىسىنى يۆتكەپتۇ. ئۇنىڭ قولى راۋابنىڭ پەدىسى بىلەن زەخمىكىدە ئوينىسا، كۆزى راۋاقلارنى كۆزىتىپتۇ، قەيەردىن، قايسى راۋاقتىن ۋە قايسى روجەكتىن ئايتولۇننىڭ شولىسى كۆرۈنىدىكىن، دەپ ھەممە تەرەپنى تەكشى كۆزىتىپتۇ. ئەزەمخاننىڭ تاقىتى تاق بولۇپ، سەۋر قاچىسى تاشقان چاغدا، بۇ ئىككىسىنىڭ كۆزى ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئايتولۇن پەنجىرىنى قىيا ئېچىپ ئۇنىڭ چېلىۋاتقان راۋابىغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغانىكەن. ئۇنىڭ چولپاندەك كۆزلىرىدىن قايغۇ ۋە خۇشاللىقنىڭ ياشلىرى كۆرۈنۈپتۇ. ئەزەمخان ئۆزىنى ناھايىتى تەستە ئوڭشىۋېلىپ، راۋابنى ئايتولۇننىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان پەدىلىرىگە مەرغۇللىتىپ چاپتۇ.

دەرۋىشلەرنىڭ بۇ ئويۇنى ياياۋخانغا يېقىپ قاپتۇ، ساراي ئەمەلدارىغا ئۇلارنى سارايدا ياخشى كۈتۈشنى تاپشۇرۇپتۇ. ساراي ئەمەلدارى ياياۋخاننىڭ خاھىشىغا قاراپ، ئۇلار سازدىن توختىغاندا باغقا باشلاپ ئەكىرىپتۇ ۋە:

— بۇ ياياۋخان بىلەن مەلىكىلىرىمىزنىڭ خاس سەيلىگاھى. ئۇلار خالىغان ۋاقىتلىرىدا بۇ باغنى ئايلىنىپ كۆڭۈللىرىنى ئاچىدۇ. سىلەرمۇ بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ خانىمىزغا كۆپرەك دۇئا قىلىڭلار! — دەپتۇ. بۇلارغا ئارام ئېلىشقا شۇ يەردىكى راۋاقتىن بىرنى بوشىتىپ بېرىپتۇ. ئوردا ئەمەلدارلىرى، خىزمەتچىلەر كېتىپ، ئۇلار يالغۇز ئۆزلىرىلا قاپتۇ. نەچچە كۈندىن بېرى يول ئازابى بىلەن چارچىغان بۇ دەرۋىشلەر بىردەم ئۆزئارا پاراڭلاشقاندىن كېيىن قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ، ئارام ئېلىشقا كىرىشىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي تۈن زۇلمەت پەردىسىنى ئەتراپقا يېيىپتۇ. ياياۋخانمۇ ئۇيقۇغا كې-

تىپتۇ. دەرۋىشلەر ئەزەمخاننى روھلاندۇرۇپ يولغا سالپتۇ. دەرۋىشلەر ئۇنىڭغا ئامەت تىلەپ، ئۇنى قورۇقداش ئۇچۇن ئىككىسى ئىككى تەرەپكە يول ئاپتۇ.

ئېھتىيات بىلەن ھەر تەرەپكە قۇلاق سېلىپ ماڭغان ئەزەمخان بىردىنلا بايىقى راۋاقنىڭ پەنجىرىسىدىن ئايتولۇننىڭ دەردلىك ھەم مۇڭلۇق، نازۇك ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇ بۇ قوشاقنى ئوقۇۋاتقانىكەن:

كېچە تۇتەك قاراڭغۇ،
كۆزۈمگە كەلمەس ئۇيقۇ.
ئۇخلار ھارغان پاسىبان،
قىينالماقتا خەستە جان.
سەن نەدىسەن ناتىۋان؟
مېنىڭ ھالىم پەرىشان.
بىر كۆرۈندۇڭ كۈندۈزى،
«گويا بەخت يۇلتۇزى
بېشىمغا قوندى» دېسەم،
كۆزدىن يىتكىلى نېكەم.
كەلگىن ئەزىز دىلدارىم،
تۈگەپ پۈتتى قارارىم.
تەلمۈرتمەي مېنى بۇنداق،
تۇتقىن قولۇمنى تېزراق.

ئەزەمخان تۇرغان ئورنىدىن قوزغىلىپتۇ. ئايتولۇننىڭ قوشاقلىرىغا قۇلاق سېلىپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئاۋازى پەسەيگەن چاغدا: «بايا ئاڭلانغان ھېلىقى نازۇك ئاھاڭلىق قوشاق مېنىڭ شېرىن خىيالىم ئوخشايدۇ» دەپتۇ. ئۇ شۇنداق ئىككىلىنىپ تۇرغان چاغدا، پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان گۈل غۇنچىلى-

رىنىڭ ئارىسىدىن ئۆزىگە قاراپ غۇلاچ يېيىپ كېلىۋاتقان ئايتولۇنغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق بىر ـ بىرى بىلەن قۇچاقلاشقان پېتى ھوشىدىن كېتىپ گۈللۈككە يىقىلىپتۇ.

ئۇلار ھوشىغا كېلىپ كۆزلىرىنى ئاچقاندا تاڭ يورۇپ قالغانىكەن. ئۇلار غەيرىيلەرنىڭ كۆزى ئۆزلىرىگە چۈشۈپ قېلىپ، پىتنە ـ پاساتنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۆز جايلىرىغا قايتىشىپتۇ.

ئەزەمخان ئۆز ئورنىغا قايتىپ كېلىپ راۋابىنى قولىغا ئاپتۇ ۋە شۇنداق جاراڭلىتىپ چاپتۇكى، ئۇنىڭ راۋابىنىڭ دەستىسىگە باغدىكى بۇلبۇللار ئىختىيارسىز ئۇچۇپ كېلىپ قونۇشۇپتۇ.

بېشىدىن جاھاننىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقى ئۆتكەن مۇنەججىم كىشىلەرنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار: «گۈلنىڭ تىكىنى بار، بەختنىڭمۇ غەپلىتى بار، ئۇ مەڭگۈلۈك ئەمەس» بۇ گەپ راست ئوخشايدۇ. ئەزەمخاننىڭ بەختى ئېچىلىپ، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، ئايتولۇن بىلەن ئۇچرىشىش ئىشىكىنى ئەمدى ئاچقاندا، ياياۋخان بۇ دەرۋىشلەردىن گۇمانلىنىشقا، ئادەم قويۇپ ئۇلارنىڭ ھەربىر قەدىمىنى نەزەر ئاستىغا ئېلىشقا باشلاپتۇ، ئاردىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارنى سارايدىن قوغلاپتۇ. ئايتولۇن بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ ئاخىرقى چارىسى بىلەن ئۇمىدلىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن يوقاپتۇ.

يايا‌ۋخان تەرىپىدىن «گۇمانلىق» دەپ قوغلانغان دەرۋىشلەر بىلەن ئەزەمخان ئۆزىنىڭ سارىيىغا كېلىپ غەم ـ قايغۇ، ھەسرەت، دەرد ـ ئەلەم بىلەن ئازابلىنىپ ئاغرىپ قاپتۇ.

ئىشقتىن ئىبارەت بۇ بىداۋا دەردكە تېۋىپلارنىڭ دورا ـ

دەرمانلىرى، ئەكبەرخاننىڭ چارە ـ تەدبىرلىرى كار قىلماپتۇ. ئاخىر ئۇنىڭ غۇنچىدەك ئېچىلىپ كېلىۋاتقان نۇرلۇق جامالى سولۇپتۇ ۋە بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ، ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ.

ئەزەمخاننىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى خەۋەر دەرۋىشلەر ئارقىلىق ناھايىتى تېزلا دادىسىغا تەۋە پۈتۈن ۋىلايەتلەرگە تارقىلىپتۇ. بۇ خەۋەر ئۇ يەرلەردىن ئاخىر ئايتولۇنغىمۇ يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ دەھشەتلىك شۇم خەۋەرگە ئاۋۋال ئۇ ئىشەنمەپتۇ، كېيىن ئېسىنى يوقىتىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. تېۋىپلار ئۇنىڭ پۇت ـ قول ۋە پېشانىلىرىگە شىپالىق مەلھەملەرنى سۈرۈپ بېقىپتۇ، گۈزەل يۈزىگە گۈل سۈيى چېچىپتۇ، دىمىغىغا ئارچا ئىسرىقىنىڭ تۈتۈنىنى پۈركۈتۈپتۇ. بۇلارنىڭمۇ ھېچقايسىسى كار قىلماي، ئايتولۇنمۇ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ...

شۇ كۈنلەردە ھەمرا بىلەن مىرزانىڭ چۈشىگە ئەزەمخان بىلەن ئايتولۇن كىرىپتۇ، قارىسا، ئۇلار ئىككىسى جەننەتتە بىر ـ بىرى بىلەن قول تۇتۇشۇپ، يېتىلىشىپ يۈرگۈدەك. ئۇلارمۇ بۇ ئىككىسىنى كۆرۈپ يېنىغا كەپتۇ ۋە:

— بىزنىڭ پاك ئىشق ـ مۇھەببىتىمىز ھەققىدە پانىي دۇنيادا ئويلىغانلىرىمىز باقىي دۇنيادا ۋۇجۇدقا چىقتى. ئۇ دۇنيادا بىزنىڭ ئارىمىزغا شۇمبۇيا بولۇپ ئۇنگەنلەرنىڭ جېنىغا ۋاي ! — دەپتۇ.

ۋەقەشۇناس كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، شۇ كۈنلەردە كىمدەكىم راۋاب چېلىشنى ئۆگىنىشكە بەل باغلىسا، ئەزەمخاننىڭ قەبرىسى بېشىدىكى شاتۇت دەرىخىنىڭ نوتىسىدىن زەخمەك ياساپ، راۋابنى قولىغا ئالسا، ئۇزاق ئۆتمەي خۇددى ئەزەمخاندەك ئۇنى سايرىتىپ چېلىشنى ئۆگىنىۋالالايدىكەن.

# ياۋۇز پادىشاھ بىلەن دانا ۋەزىر

زامانلارنىڭ زامانىسىدا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ياۋۇز-
لۇقتا ئۇنىڭ داڭقى يەتتە ئىقلىمغا تارقالغانىكەن. ئۇنىڭ ئوڭ
قول ۋەزىرى دانىشمەنلىكتە يەتتە ئىقلىمدا نامدار ئىكەن.
ھەرقايسى ئەللەرنىڭ پادىشاھلىرى ئۆزلىرى كېلىپ ياكى نۇر-
غۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، بۇ دانىش-
مەن ۋەزىرنىڭ دانا مەسلىھەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ تۇرىدىكەن.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ ياۋۇز پادىشاھ ئىنساپىغا
كېلىپ قالغانمۇ ياكى باشقا بىر ئوي - خىيالى بارمۇ، ئۇنىڭ-
سى بىزگە نامەلۇم، ھەرھالدا ئۆزىگە قاراشلىق يۇرتلارنى ئوڭ
قول ۋەزىرنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ بىر ئارىلىغۇسى
كەپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن پۇقراچە كىيىن-
نىپتۇ - دە، سەپەر قىپتۇ. ئۇلار يۇرت ئارىلاپ يۈرۈپ كەچ-
قۇرۇن بولغاندا بىر مەھەللىگە يېتىپ كەپتۇ، مەھەللىنىڭ
چېتىدىكى بىر ئۆيگە چۈشۈپتۇ. ئۇلار ئۆيدە بىر پىيالىدىن
چاي ئىچە - ئىچمەيلا ساھىبخانا خوتۇننىڭ تولغىقى تۇتۇپتۇ.
پادىشاھنىڭ تۇرۇپلا ياۋۇزلۇقى تۇتۇپ، بىرنېمە دېيىشكە تەم-
شەلگەندە، ۋەزىر ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى تارتىپ، سەۋر -
تاقەتلىك بولۇشنى ئۈمىد قىپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇلار بۇ ئۆيدىن
يۆتكەلمەكچى بوپتۇ. بەكمۇ كەچ بولۇپ كەتكەنلىكتىن، سا-

ھېبخانا مېھمانلارنى قويۇپ بەرمەپتۇ. تۇن نىسبىدە، يورۇق دۇنياغا بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆز ئېچىپتۇ. ئۇ پەرزەنتىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىغان دانىشمەن ۋەزىر ھەيرانلىق ئىچىدە قاتتىق كۈلۈپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ سەۋەبسىز كۈلمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ھەيران بولۇپ:

— ئەجەبا، قاتتىق كۈلۈپ كەتتىڭ، سەۋەبى نېمە؟ — دەپتۇ.

— بۇ بوۋاق چوڭ بولغاندا ئۇلۇغ پادىشاھىمىزنىڭ كۈيۈئوغلى بولغۇسى، مەلىكە بىر جۈپ ئوغۇلغا ئانا بولغۇسى. تەقدىرنىڭ ھېكمىتى شۇنداق ئىكەن. شۇنىڭغا ھەيران بولۇپ كۈلمەكتىمەن، — دەپتۇ ۋەزىر.

ۋەزىر دانىشمەن بولغاچقا، پادىشاھ ئۇنىڭ سۆزىگە قارشى چىقالماي تەشۋىش ئىچىدە قاپتۇ، ئۇ گادايغا قىزىمنى چوڭ قىلىپ بەرگۈچە، بۇ بوۋاقنى سېتىۋېلىپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتمەيمەنمۇ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئۆي ئىگىسىگە شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ساھىبخانا بۇرادەر، بىز سەپەر ئۈستىدىكى ئادەملەر ئىدۇق. بوۋاقنىڭ بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا دۇنياغا كۆز ئېچىشى ئەلۋەتتە بىزنىڭ سەپىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇقلۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مېنىڭ پەرزەنتىم يوق، شۇڭا ماڭا بوۋاقنى بەرسەڭلار، مەن سىلەرگە بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك ئالتۇن بېرەي، — دەپتۇ. ئۆي ئىگىلىرى مەسلىھەتلىشىپ شۇنداق دەپتۇ:

— سىلىنىڭ ئۈمىدلىرىنىمۇ يەردە قويمايلى، بىزمۇ ئاز ـ تولا ئالتۇن بىلەن دەرگاھىمىزنى ياخشىلايلى، بۇ بالا سىلىنىڭ قوللىرىدا يامان ئۆتمەس، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ بوۋاقنى نۇرغۇن ئالتۇن بەدىلىگە ئېلىۋاپتۇ ـ دە، مەزمۇت ساندۇققا سېلىپ دەرياغا ئېقىتىۋېتىپتۇ.

دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا بىر بېلىقچى ھەر كۈنى دەرياغا بىرلا قېتىم تور تاشلايدىكەن. بېلىقچى بۇ قېتىممۇ «بەختى ـ

پېشانەمدىن» دەپ، تورنى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىن ھالقىتىپ تاشلاپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا ساندۇق كېلىپ تورغا ئىلىنىپ قاپتۇ. بېلىقچى تورنى سۆرىگەندە، يوغان بىر ساندۇق بىللە چىقىپتۇ، ساندۇقنى ئېلىپ ئۆيىگە كەپتۇ. بېلىقچى خوتۇن - باللىرىنى بۇ «ئامەت»كە ھەقدار قىلىپ ئاغزىنى ئېچىپتۇ ۋە بىر بوۋاقنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتا چۆچۈپ كېتىپتۇ، بېلىقچى، توققۇز بالىنى باقالمايۋاتقاندا بۇ قوشۇلسا، ئون بالىنى قانداقمۇ باقارمەن، دەپ ئەندىشە قىپتۇ ۋە ساندۇقنى بوۋاق بىلەن دەرياغا تاشلىۋەتمەكچى بوپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇنىماپتۇ.

— بۇنى بىزگە تەقدىر ئېلىپ كەلدى. توققۇز بالىنىڭ رىزقىنى بەرگەن خۇدايىم بۇنىڭمۇ رىزقىنى بېرەر، — دەپتۇ ئايال. شۇنداق قىلىپ، خۇدايىم بەرگەن ئونىنچى بالىغا ئايال-



نىڭ ئاسلىق مېھرى چۈشۈپ قاپتۇ، ئۇنى توققۇز بالىنى باق-
قانغا ئوخشاش بېقىپتۇ.

يىللار كەينىدىن يىللار ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ دانىشمەن ۋەزى-
رى بىلەن سەيلىگە چىقىپتۇ. ئۇلار تاغلاردىن ئېشىپ، چۆل-
لەرنى كېزىپ، بىر چوڭ دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ. يىراقتىن
بىرنەچچە بالا يۇگۇرگەن پېتى ئاجايىپ كىيىنىۋالغان بۇ ئا-
دەملەرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇلارنى تاماشا قىپتۇ. شۇ چاغدا
ۋەزىر پادىشاھقا كۈيئوغۇل بولۇش پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ھې-
لىقى بوۋاقنىڭ چىراي، ئەقىل ـ پاراسەتتە كىشىنى ئۆزىگە
جەلپ قىلغۇدەك چوڭ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىق ئىچىد-
ە يەنە قاتتىق كۈلۈپتۇ.

ـــ ئەي دانا ۋەزىرىم، بۇ كۈلكەڭنىڭ مەنىسىنى بىلەلمى-
دىم، ـــ دەپتۇ پادىشاھ.



— مۇشۇ باللارنىڭ ئارىسىدىكى چىراي شەكلى قاملاش-قان، ئوماق ئوغۇل پادىشاھى ئالەمنىڭ كۈيئوغلى بولغۇسى، — دەپتۇ ۋەزىر.

— سەن گادايىنىڭ باللىرىنى ماڭا كۈيئوغۇللۇققا تاللاي-دىغانغا نېمە ھەددىڭ بار؟ مەن قىزىمنى مۇشۇنداق تېگى پەس بىر گادايغا بېرەرمەنمۇ؟! — دەپتۇ دەرغەزەپكە كەلگەن پادىشاھ.

— بۇ جاھان شۇنداق تەقدىر - قىسمەتلىك جاھان، تەق-دىرنىڭ ئىرادىسىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، — دەپتۇ ۋەزىر.

پادىشاھ تەقدىرنىڭ قىسمىتىنى ئاڭلاپ ئەندىشىگە چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ بېلىقچى بوۋاينى چاقىرىپ:

— بۇ ئوغۇل ئۆز بالاڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يوقسۇ، ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم، تەقدىر ماڭا بەخش ئەت-كەن ئونىنچى ئوغلۇم. ئۇ بىر خىسلەتلىك بالا، ئۇ مېنىڭ بالام بولغاندىن بېرى ئىشلىرىم ئوڭغا تارتىپ، يامان كۈنگە قالمىدىم. ئەسلىدە ئۇ مېنىڭ تورۇمغا چۈشكەن ساندۇق ئى-چىدىن چىققان، — دەپتۇ بېلىقچى.

پادىشاھ تەشۋىش ئىچىدە قاپتۇ، بالىنى كۆز ئالدىدىلا جاللاتلىرىغا ئۆلتۈرگۈزۈۋەتمەكچى بوپتۇ، بىراق پۇقرالارنىڭ، بىگۇناھ بالىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ياۋۇز، زالىم پادىشاھ، دەپ ئۆز-زىگە قارشى چىقىشىدىن ئەنسىرەپتۇ، شۇڭا بالىنى يەنە ھىيلە بىلەن يوقىتىش كويىغا چۈشۈپتۇ. دانىشمەن ۋەزىر پادىشاھ-نىڭ يامان نىيىتىنى پەملەپ، ئۇنى يوشۇرۇپ قالماقچى بوپ-تۇ. پادىشاھ بېلىقچىنى رازى قىلىپ، بالىنى ئوردىغا ئالدۇ-رۇپتۇ. ئۇلار ئوردىغا بارغاندىن كېيىن، پادىشاھ جاللاتنى چا-قىرتىپ، بۇ بالىنى ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. جاللات بالىنى ئې-لىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، دانىشمەن ۋەزىر يوشۇرۇنچە قوغلاپ يېتىپ، بالىنى جاللاتتىن تىلىۋاپتۇ، بالىنى پادىشاھقا

كۆرسەتمەي تەربىيىلەپتۇ.

ئاردىن يەنە بىرنەچچە يىل ئۆتۈپتۇ، بۇ بالا قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن ۋە ئەقىللىق، باتۇر، زېرەك يىگىت بولۇپ ئۆسۈپتۇ.

پادىشاھ ئۆز تەختى ـ بەختىنى مۇستەھكەملەش يولىدا جەڭ سەپىرىگە تەييارلىق قىپتۇ، بۇقېتىمقى جەڭگە ئۆزى سەركەردە بولۇپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ نۇرغۇن سەركەردە ۋە لەشكەر بىلەن قەلئە سىرتىغا چىققاندا، شىكاردىن قايتقان ھېلىقى بېلىقچىنىڭ بالىسىغا دۇچ كەپتۇ، ئۇنىڭ تېخىچىلا ھايات ئىكەنلىكىدىن ھەيران بوپتۇ. يىگىت يىراقتىنلا ئاتتىن چۈشۈپ، پادىشاھقا تەزىم قىلىپ سالام بېرىپتۇ. پادىشاھ، ئاددىي بىر پۇقرانى كۆيئوغۇل قىپتۇ، دېگەن شەرمەندىچىلىككە قېلىشتىن ۋايىم يەپ، بالىنى يەنە كۆزدىن يوقاتماقچى بوپتۇ. سەپەر ئۇستى ئۇنىڭغا بىئەپ بولغاچقا، يىگىتنىڭ قولىغا لاپاپ ئىچىگە سېلىنغان ئۆلۈم خېتىنى تۇتقۇزۇپتۇ ـ دە، ئۆزىگە ۋاكالىتەن يۇرتنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچى ئوڭ قول ۋەزىرىگە يەتكۈزۈشنى تاپىلاپتۇ. ئاق كۆڭۈل يىگىت لىپاپ ئىچىدىكى نېمە خەت ئىكەنلىكىدىن بىخەۋەر خۇشال ھالدا ئوردىغا قاراپ كېتىپتۇ. يىگىت ئېتىنى ئېغىلغا باغلاپ قويۇپ، تۈپتوغرا ئوردا تەرەپكە مېڭىپتۇ. ئۇ تاشقىرىقى قورۇدىن ئۆتۈپ، چارباغنى بىر سەيلە قىلىپ ئۆتكۈسى كەپتۇ ـ دە، بۇرۇلۇپلا باغقا كىرىپتۇ. باغنىڭ ھەممىلا تەرىپىدە خىلمۇخىل گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن، گۈل ۋە تاللار ئارىسىدا بۇلبۇللار چاقىلداپ سايراپ تۇرغان، سۈپسۈزۈك زۇمرەت سۇلار چىمەنلىكلەر ئارىلاپ شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان. باغنىڭ بۇ گۈزەل مەنزىرىسى، شىپالىق ھاۋاسى يىگىتنى ئۆزىگە مەپتۇن قىپتۇ. يىگىت ھەممىنى ئۇنتۇپ بىردەم چىمەنلىكتە پەيز ئالغۇسى

كەپتۇ ـ دە، چوڭ دەرەخ سايىسى ئاستىدىكى ياپيېشىل چىمەنلىككە بىر پەس ئېغىناپ يېتىپتۇ. شىكاردىن كېيىنكى ھارغىنلىق يىگىتنى ئاخىر ئۇخلىتىپ قويۇپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئارزۇلۇق يالغۇز قىزى كېنىزەكلىرى بىلەن بىللە سەيلە قىلىپ، يىگىت ئۇخلاپ قالغان چىمەنلىككە كېلىپ قاپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزى ئۇخلاۋاتقان يىگىتنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ گۈزەللەرنىڭ سۇلتانى ئىكەنلىكىگە ۋە پېشانىسىدىن نۇر يېغىپ تۇرغانلىقىغا قاراپ، ئۇنى پەرىزاتلار نەسلىدىن دەپ ئويلاپ، ئۇ يىگىتكە ئاشىق بوپتۇ ۋە ئاستا ئېڭىشىپ يىگىتنىڭ لېۋىگە سۆيۈۋاپتۇ. شۇ چاغدا قىز يىگىتنىڭ قولىدىكى خەتنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئېلىپ ئوقۇپ، ئاتىسىنىڭ يىگىتنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدىكى پەرمانى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. قىز دەرھال خەتنى ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا: «بۇ خەتنى ئېلىپ بارغان يىگىت مېنىڭ كۆيئوغلۇم بولسۇن، چوڭ توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، قىزىم شۇ يىگىتكە نىكاھ قىلىنسۇن» دېگەن خەتنى يېزىپ، شېرىن ئۇيقۇدىكى يىگىتنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ ـ دە، كېتىپتۇ.

يىگىت ئۇيقۇسى قانغاندىن كېيىن، ھېلىقى خەتنى ئەقىللىق ۋەزىرگە يەتكۈزۈپتۇ. ۋەزىر خەتنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدا نېمە يېزىلغان بولسا، ھەممىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

پادىشاھ ئۈچ يىلغىچە جەڭدىن قايتماپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزى شۇ ئارىلىقتا ئىككى ئوغۇلغا ئانا بوپتۇ. تۆتىنچى يىلى غالىب پادىشاھ جاھاننى تىنچىتىپ، ئوردىغا قايتىپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزى ئاتىسىنىڭ قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ.

ــــ شاھ ئاتام بەكمۇ رەھىمسىز، ــــ دەپتۇ پادىشاھنىڭ قىزى ئېرىگە، ــــ يۇرتتىن نېرىراق يەرلەرگە يوشۇرۇنساق.

— كەتمەيلى، — دەپتۇ يىگىت، — سەن شاھنىڭ بىر-دىنبىر ئارزۇلۇق قىزى. ئۇ ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسىدا يىتەلمىدى. ئىككىمىز ئىككى پەرزەنتىمىزنى كۆتۈرۈپ، ئالدىغا ئىززىتىنى قىلىپ چىقايلى، ئىنساپىغا كېلىپ قالار.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئىككى ئوغۇل پەرزەنتىنى كۆتۈرۈپ شاھ ئاتىسىنى كۆتۈۋاپتۇ. پادىشاھ ئىشىنىڭ تەكتىگە يېتىپتۇ-دە، نەۋرىلىرىگە قاراپمۇ قويماپتۇ، قىزىغا نەپرەتلىنىپتۇ. ئۇ تېخىچىلا نىيىتىدىن يانماي، كۈيئوغلىنى يوقاتماقچى بوپتۇ ۋە بىر ۋەزىرىگە شۇنداق دەپتۇ:

— ئەتە تاڭ يورۇشى بىلەن دەريا بويىغا بېرىپ، بىرىنچى بولۇپ بېلىقچىلاردىن بېلىق ئالغان كىشى دەرياغا تاشلانسۇن! ھەتتا ئۇنداقلار مېنىڭ قىياپىتىمگە كىرىۋالغان بولسىمۇ، رەھىم قىلىنماي بوينىغا يوغان تاش باغلاپ تاشلانسۇن!

ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئەمرىنى دەرھال بېلىقچىلارغا يەتكۈزۈپتۇ.

پادىشاھ كۈيئوغلىنى چاقىرتىپ شۇنداق دەپتۇ:

— تاڭ سۈزۈلگەندە، ھەممە كىشىدىن بۇرۇن دەريا بويىدىكى بېلىقچىلارنىڭ يېنىغا بارغىن، سەھەر سۈيىدىكى بېلىقتىن بىرنى تۇتۇپ بەرسۇن، ئۇ ماڭا دورا بولۇپ قالدى.

كۈيئوغۇل پادىشاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تاڭ قاراڭغۇسىدا ھۇجرىدىن چىقىپ چارباغلارنى ئارىلاپ مېڭىپتۇ. چارباغنىڭ بۇلبۇللىرى تاڭ يورۇشىغا مەستانە بولۇپ سايراپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋاپتۇ. كۈيئوغۇل بۇلبۇل نەغمىسىدىن ئىختىيارسىز توختاپ تۇرۇپ قاپتۇ ۋە ھەممىنى ئۇنتۇپتۇ.

بۇ قېتىم پادىشاھ ئۇنىڭ يەنىلا قۇتۇلۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزى ھەقدار بولماقچى بوپتۇ-دە، ھەممىدىن بۇرۇن دەريا بويىغا يېتىپ بېرىپتۇ. بېلىقچىلار تاڭ قاراڭغۇ-

سىدا ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، كىملىكىنى سۈرۈشتۈرمەي، تەييارلاپ قويغان تاشنى بويىنغا باغلاپ دەرياغا تاشلاپتۇ.

چارباغدا خۇدىنى يوقاتقان كۆيئوغۇل بىرھازادىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ، دەرياغا بېرىپتۇ، پادىشاھنىڭ پەرمانىنى بېلىقچىلارغا مەلۇم قىپتۇ. بېلىقچىلارمۇ پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىچە بىرىنچى بولۇپ كەلگەن كىشىنى دەرياغا تاشلىۋەتكەنلىكىنى، كۆيئوغلىنىڭ كېلىشى ئىككىنچى بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

كۆيئوغۇل ئوردىغا قايتىپتۇ. ئوردا ئىچى ئوپۇر - توپۇر بوپتۇ. پادىشاھنىڭ دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەنلىكىگە ھەممە ھەيران بوپتۇ. كۆيئوغۇل پادىشاھنىڭ كېچىدىكى ئەمر - پەرمانىنى دانا ۋەزىرگە يەتكۈزۈپتۇ ۋە بېلىقچىلارنىڭ پەرمان بويىچە بىر ئادەمنى دەرياغا تاشلىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. دانا ۋەزىر ئىشلارنىڭ جەريانىدىن پادىشاھنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى پەملەپتۇ.

دانا ۋەزىرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، پادىشاھنىڭ كۆيئوغلى تەختكە ئولتۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يۇرت قايتا گۈللىنىشكە باشلاپتۇ.

ISBN 978-7-228-09854-5
9 787228 098545 >
定价：18.00元